

# ئابدىشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرىدىن

# بىر قانچە پارچىلار

ئېلكىتاپ ئىشلىگۈچى: ئابرال
ئېلكىتاپ تارقاتقۇچى: ئابرال ئېلكىتاپ بلوگى
تارقىتىلغان ۋاقىت: 2010-يىلى 8-ئاي

مۇندەرىجە

1. ئېلكتاپ ئىشلىگۈچىدىن ........ 6
2. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ھەققىدە ........ 7
3. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرىنىڭ كاتولوگى ........ 11
(1)نەشىر قىلىنغان كىتابلىرى: ........ 11
(2)ئالىمنىڭ ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن كىتابلار: ........ 12
(3)ئالىمنىڭ ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرى: ........ 15
(4)ئالىمنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرى ........ 29
(5)نەشىر قىلىنمىغان كىتابلىرى: ........ 29
(6)ئېلان قىلىنمىغان باشقا ئەسەرلىرى: ........ 30
4. چىن ۋە ماچىنىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم دائىرىسى ........ 31
5. يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت ........ 40
1 ـ ھېكمەت ........ 43
2 ـ ھېكمەت ........ 46
3 ـ ھېكمەت ........ 49
4 ـ ھېكمەت ........ 56
5 ـ ھېكمەت ........ 59
6 ـ ھېكمەت ........ 64
7 ـ ھېكمەت ........ 67
8 ـ ھېكمەت ........ 72
9 ـ ھېكمەت ........ 74
6. يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشى ۋە « تۆگە قۇشى » روھى ........ 80

7. يىپەك يولىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئەڭگۈشتىرىنى قايتا تېپىۋېلىش .......... 83

1. كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن دۇنيا ۋە زامانىۋى ئەقىل ...................... 83

2. يىپەك يولى ۋە ئۇنىڭ قايتا جانلىنىشى ........................... 85

8. يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش .................................... 89

9. يىپەك يولىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى ............................... 116

مۇقەددىمە ......................................................... 116

مۇھاكىمە .......................................................... 117

خاتىمە ............................................................ 120

10. يىپەك يولىدىكى بىباھا بايلىق ................................... 122

11. قەدىمكى مەركىزى ئاسىيادا يېڭى تاش قوراللار دەۋرى ................... 131

12. ئۈچ خىل مىللەت ۋە مىللىيەتلىكتىكى ئۈچ خىل قىممەت .................. 138

13. مىللىي مائارىپ ۋە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ............................ 143

14. كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى ...................................... 147

مۇقەددىمە ......................................................... 147

ئۇلۇغ روھىيەت خەزىنىسى ........................................... 148

ئىككى مەدەنىيەت مۇۋازىنىتى ۋە ئىجتىمائىي بەخت ...................... 150

كىتاب دېڭىزى ۋە غەۋۋاسلىق ماھارىتى ................................ 151

كىتاب مەدەنىيىتى ۋە مىللەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتى ....................... 153

خاتىمە ............................................................ 154

15. ئوقۇتقۇچى توغرىسىدا ............................................ 155

16. رۇبائىياتتىن پارچىلار ........................................... 161

17. قەشقىرىم ....................................................... 172

18. «تاك بۆشۈكىدە» ........ 175
19. ۋەتەن ........ 176
20. سۆيگۈ ........ 177
21. قارلىق تاغ شەجەرىسى ........ 178
22. ئىبرەت ۋە ھېكمەت ........ 179
23. شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسۇل سەنئىتى نامىلىق كىتاپتىن پارچىلار ........ 180
24. سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى ........ 183
ئاپتوردىن ........ 183
بىرىنچى باب. كاككۇكنامە ........ 184
ئىككىنچى باب. مارجاننامە ........ 201
ئۈچىنچى باب .سۇمۇرغنامە ........ 212
تۆتىنچى باب .جاھاننامە ........ 233
25. تەبەسسۇم ........ 244
26. سۈكۈنات ........ 247
27. ئۆزلۈك ئەينىكى ........ 250
28. ئۆزلەت ـ ئۆزۈڭنى تونۇ ! ........ 252
29. « ۋەتەن » دېگەن نېمە ؟ ........ 254
30. «قۇلىقىڭنى تارت » توغرىسىدا ........ 257
31. تارىخ ھەققىدە ........ 260
32. قىپچاق ۋە ئۇيغۇر ـ ئوغۇز تىللىرى ھەققىدە ........ 261
33. ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى ........ 269

1 ........ 269
2 ........ 271
4 ........ 274
5 ........ 276
34. ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتى توغرىسىدا ........ 277
35. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا ........ 284
36. ئىككى مەدەنىيەت ۋە تارىخنىڭ دىئالېكتىكىسى ........ 288
37. گۆھەرگە دەسسەپ تۇرغان كور گاداي ........ 290
38. روھنى ساغلاملاشتۇرۇش – مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى ........ 293
39. ئەنئەنىۋى ئاڭ گۇگۇمىدىكى ئۇيقۇ ۋە زامانىۋى ئاڭ سەھىرىدىكى ئويغىنىش . 298
40. ياتلاشقان ئىنسان ۋە ياتلاشقان ئەقىل-پاراسەت ........ 302
41. ئۇيغۇرلاردا ئىجادىيەتنىڭ قىممىتى ۋە ئىجادكارنىڭ قىسمىتى مەسىلىسى .... 307

# ئېلكىتاپ ئىشلىگۈچىدىن

سىز توردىن چۈشۈرۈپ كۆرىۋاتقان بۇ « ئابدىشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن ئەسەرلىرىدىن تاللانما» نامىدىكى بۇ ئېلكىتاپ، ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى، داڭلىق ئەدىپ، تۆھپىكار مائارىپچى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىننىڭ بىر قانچە ئەسەرلىرىدىن تۈزۈلگەن ئېلكىتاپ بولۇپ،بۇ ئېلكىتاپ پەقەت كەڭ تورداشلارنىڭ پايدىلىنىشىغا قولاي بولۇش ئۈچۈن، ھەر قايسى ئۇيغۇر تور بەتلىرى ۋە بىلوگلىرىدىن تاللاپ كىرگۈزۈش ئاساسىدا، بىر قۇر رەتلەپ، ئېلكىتاپ قىلىپ چىقىلدى.بۇ جەرياندا مەن ئالىمنىڭ ئەسەرلىرىنى توپلىغان ھەر قايسى تور بەت ۋە بىلوگ باشقۇرغۇچىلىرىغا رەھمەت ئېيتىش بىلەن بىرگە ئۇلاردىن رۇخسەت ئالمايلا ئالىمنىڭ ئەسەرلىرىنى بۇ ئېلكىتاپقا كىرگۈزگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇلاردىن كەچۈرۈم سورايمەن.

بۇ ئېلكىتاپتىكى ئەسەرلەرنىڭ ئاپتۇرلۇق ھوقۇقى ۋە باشقا نەشىر ھوقۇقلىرى ھەم شۇنداقلا يەنە ئۇنىڭدىكى كۆز قاراشلار ئەسلى ئاپتۇرغا مەنسۇپ. بۇ ئېلكىتاپ پەقەتلا شەخسىنىڭ قىزىقىشى بويىچە تۈزۈلۈپ،پەقەتلا ھەۋەسكار دوسلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تورغا يوللاندى. بۇ ئېلكىتاپنى سودا ياكى باشقا ساھەدە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ئەگەر ئاپتۇرنىڭ ياكى نەشىر ھوقۇقىغا ئىگە ئورۇنلارنىڭ رۇخسىتىسىز سودا ياكى باشقا ساھەلەردە ئىشلىتىپ، بىرەر مەسىلە كۆرۈلسە بارلىق ئاقىۋەتكە ئىشلەتكۈچى ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ. ئابرال ئېلكىتاپ بىلوگى ھىچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ.

ئەگەر سىز بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئاپتۇرلۇق ھوقۇقى ياكى نەشىر ھوقۇقى قاتارلىق باشقا ھوقۇقلىرىغا دەخلى قىلدىڭىز دەپ قارىسىڭىز بىزگە ئېلخەت ياكى ئۈچۈر ئەۋەتىڭ. بىز سىزنىڭ ئەسىرىڭىزنى توردا تارقىتىشنى دەرھال توختىتىمىز.

ئېلخەت ئادرېسىمىز : abral@live.com ياكى abral@live.cn

ۋە ياكى بىۋاستە ئابرال ئېلكىتاپ بلوگىدا ياكى سۆز قالدۇرسىڭىزمۇ بولىدۇ.

بىزنىڭ ئادرېسىمىز :

**http://ilkitap.blogbus.com**

ھۆرمەت بىلەن : ئابرال ئېلكىتاپ بىلوگىدىن ئابرال

2010 ـ يىلى8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تارقىتىلدى

# ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ھەققىدە

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتى ساھەسىدىكى بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەم بەدئىي ئىجادىيەت ساھەسىدىكى چېلىقارلىق ئۇتۇقلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان مەشھۇر ئالىم. تالانتلىق ئەدىب. تۆھپىكار مائارىپچى. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد ئىمىن 1933 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئاتۇشنىڭ مەشھەدكە تۇتاش باغئېرىق كەنتىدىكى ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن دىنىي تەربىيىنى قىسقا مۇددەت ئالغاندىن كېيىن. 1950 ـ يىلىغىچە نەزەر ـ باغدىكى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپىدا 4يىل ئوقۇغان. 1950 ـ يىلى غەربى شىمال ياشلار بىرلەشمىسى ۋە ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشقان. يىغىندىن كېيىن شىئەن، بېيجىڭ، تيەنجىن قاتارلىق شەھەرلەردە ئېكسكۇرسىيىدە بولغان ۋە شۇ يىلنىڭ ئاخىرى ئۇرۇمچىدىكى سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ بىئو ـ خىمىيە فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. 1952 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ. مەكتەپنىڭ ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان. شۇ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان. مەكتەپتە بىر تەرەپتىن ئۆسۈملۈكلەر فىزئولوگىيىسى، ئۆسۈملۈكلەر پاتولوگىيىسى، ھاشاراتشۇناسلىق قاتارلىق دەرسلەرگە تەرجىمان ئوقۇتقۇچى بولغان. يەنە بىر تەرەپتىن فىزىكا، ماتېماتىكا، بىئولوگىيە، خىمىيە ۋە ئاگرونومىيە سىنىپلىرىغا ماركسىزم ئاساسلىرى پەلسەپە دەرسلىرىنى ئۆتكەن. 1953 ـ يىلى ئۇ شىئەندىكى غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماركسىزم ئاسپىرانتورىيىسىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلىپ بىر يىل بىلىم ئاشۇرغان. ئاسپىرانتورىيىنى پۈتتۈرۈپ ئانا مەكتىپىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ماركسىزم كافېدراسىدا پەلسەپە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ بىر نەچچە خىل دەرس ئۆتكەن ۋە بۇ دەرسلەرنىڭ دەرسلىكىنى تۈزۈپ چىققان. بۇ ئىقتىدارلىق ياش ئوقۇتقۇچى 1955 ـ يىلىدىن باشلاپ نەشر قىلىنغان شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى(ئۇيغۇرچە نەشرى) نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان. ئۇنىڭ تەتقىقات ھاياتى ئەنە شۇ يىللاردا رەسمىي باشلانغان. ئۇنىڭ ئىككى تىلدا يازغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى ناملىق ئىلمىي ماقالىسى 1956 ـ يىلى مەزكۇر ئىلمىي ژۇرنالنىڭ خەنزۇچە ھەم ئۇيغۇرچە ساندا ئېلان قىلىنغان. بۇ شىنجاڭ

ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا قۇتادغۇبىلىك ۋە تۈركىي تىللار دىۋانى تەتقىقاتى ساھەسىدىكى تۇنجى ئىلمىي تەتقىقات ئىدى. ئۇ مۇشۇ ماقالىسى سەۋەبىدىن 20يىل ئوڭچى قالپىقى كىيگەن.1959ـ يىلى ئۇ پارتىيىدىن خىزمىتىدىن ھەيدەپ چىقىرىلىپ. ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىغا ئەۋەتىلگەن.1961ـ ئۇ ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىدىن قويۇۋېتىلگەن. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن1966ـ يىلى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلانغانغا قەدەر تۆت يىل جەريانىدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا نازارەت ئاستىدا ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا ئۇ ئىلىمخۇمار ئالىم، جۇڭگونىڭ مەشھۇر كلاسسىك ئەسەرلىرى بولغان ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىرىنى، 24تارىخنى، ئەنگلىيە دراماتورگى شېكسىپىرنىڭ 36سەھنە ئەسىرىنى، ھىندىستاننىڭ رامانايا، ماخاپىراتا داستانلىرىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان 15توملۇق(32كىتاب) دۇنيا تارىخنى ئومۇمىي تاڭ نەزملىرىنى، بايرۇننىڭ دون جۇئان داستانىنى، ھومېرنىڭ ئىللادا ۋە ئودېسسا داستانلىرىنى، يۇنان ۋە رىمنىڭ ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىنى، قۇرئان كەرىم، ئىنجىل ۋە تەۋرات نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىلىرىنى، ئەپلاتۇن ، ئارىستوتېل ئەسەرلىرىنى، دانتىنىڭ تەڭرى كومېدىيىسى داستانىنى، گومورو ۋە تيەنخەننىڭ تارىخى درامىلىرىنى، ماركس ، ئىنگىلىس ئەسەرلىرىنى، نەۋائى، بابۇر، مەشرەپ شېئىرلىرىنى ئوقۇغان ۋە ئۆگەنگەن. ئۇ بۇ جەرياندا 30 نەچچە خاتىرە دەپتەرنى ئۆگىنىش خاتىرىسى بىلەن تولدۇرغان. ئۇ مۇشۇ يىللاردا قارلىق تاغ شەجەرىسى ناملىق داستان ۋە سۇمۇرغلار قوشىقى، قەدىمكى يىپەك يولى، خەن ئوردىسىدا باھار، مەلىكە خۇارۇڭ، تەڭرىتاغ ناخشىسى، دات باسماس قىلىچ، پىلە مەلىكىسى قاتارلىق يەتتە پارچە تارىخي دراما يېزىپ چىققان. جاۋاھىرۇل ھەقايىق دېگەن ماۋزۇدا قەدىمكى مەركىزى ئاسىيا (بۇ كىتاب 1995 ـ يىلىنىڭ بېشىدا4ـ قېتىم تۈزىتىلگەندە ئالىم قەدىمكى تۇران تارىخى دەپ ئاتىغان) نامىلىق كىتابىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى قولدىن چىقارغان. يەنە بارماق ۋەزنىلىك بىر تۈركۈم مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى يېزىپ چىققان. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە ئىزدىنىش ۋە ئىجاد قىلىش روھى كۈچلۈك بۇ ئالىم ئاق تېررورلۇق قاپلىغان ئاشۇ ئەنسىز يىللاردا پارچە ـ پارچە يازغان 500 پارچىدىن ئارتۇق رۇبائىيسىنى رەتلىگەن. سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى ( بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى تۇنجى نەسرلەر توپلىمى) نامىلىق لىرىك نەسرلەر توپلىمىنى تولۇق تاماملىغان. 1978ـ يىلى پارتىيە11ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن

كېيىن، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن سىياسىي جەھەتتە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ھەم خاتا ئوڭچى قىلىنغان دېگەن خۇلاسە بىلەن ئاقلانغان ۋە1980ـ يىلى ئۇ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا يۆتكىلىپ ئومۇمىي ئېستېتىكا دەرسىنى تەسىس قىلىپ ئۆتۈشكە كىرىشكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ كىتاب، ماقالە، رۇبائىي، شېئىر ـ غەزەللىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. 1986 ـ يىلى ئۇ ياپونىيىدە ئىلمىي زىيارەتتە بولۇپ ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يېتۈك قامۇسى ـ (قۇتادغۇبىلىك) دېگەن تېمىدا لېكسىيە سۆزلىگەن.1980ـ يىللاردا ئۇنىڭ200 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى، ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ھەققىدە، شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسۇل سەنئىتى، فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى، ئومۇمىي ئېستېتىكا، چوغلۇق، رۇبائىيات(1)، رۇبائىيات(2)، قارلىق تاغ شەجەرىسى قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ يەنە 1980 ـ يىللاردىن كېيىن ئېلان قىلىنغان: روھنى ساغلاملاشتۇرۇش مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى، ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار، ئارىفنامە، يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت، يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت قاتارلىق بىر قاتار ئېسىل ماقالىلىرى ۋە سىكتاي ـ ساك ـ ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىدىكى ئەنئەنىۋى ئىزچىللىق، ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدا مەي مەدەنىيىتى، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى غەربىي يۇرت ئۇسۇل سەنئىتىنىڭ تارىخىي ئۇچۇرى، ئەلىشىر نەۋائىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى، ئون ئىككى مۇقام ۋە نەۋائىخانلىق ئەنئەنىسى، نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قاتلىمى توغرىسىدا، ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىش ھەقىقىي تەتقىقاتچىنىڭ بۇرچى قاتارلىق كۆپلىگەن ئىجتىمائىي مۇلاھىزە ۋە تەتقىقات ماقالىلىرى ئىجتىمائىي ھاياتىمىزنى چۈشىنىشتە ۋە مەدەنىيەت تارىخىمىزنى تەتقىق قىلىشتا يېڭى يول ئېچىپ بەردى. ھەقىقەتەنمۇ بۇ مۇنەۋۋەر ئالىمنىڭ ئاشۇ يىللاردا يازغان ۋە تۈزەتكەن ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى، غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى، قۇتادغۇبىلىك خەزىنىسى، ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى، سەۋدالىق تەئەججۈپنامىسى قاتارلىق كاتتا ئەسەرلىرى ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بىر ـ بىرلەپ نەشر قىلىندى. بالاساغۇنىنىڭ ئورنى مەسىلىسى ھەققىدە، يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش، سوغدىلار ۋە ئۇنىڭ ئېتنىك ۋارىسلىرى توغرىسىدا، چىن ۋە ماچىننىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم دائىرىسى قاتارلىق نەچچە ئون پارچە ئىلمىي ماقالىسىمۇ گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. بۇ ئەسەرلەر ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتىغا يېپيېڭى تۆس قوشقان

ئىدى. ئەپسۇسكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر ئالىمى، تالانتلىق ئەدەبىي، تۆھپىكار باغۋەن، مول مېۋىلىك پروفېسسورى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ بىر تالاي يازمىلىرىنى، گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىنى خەلقىگە قالدۇرۇپ،1995 - يىلى2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى زىققە كېسىلى تۇيۇقسىز قوزغىلىشى سەۋەبى بىلەن 62 يېشىدا بۇ ئالەم بىلەن خەيرلەشتى.

# ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرىنىڭ كاتولوگى

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئېمىن ئەپەندىگە تا ھازىرغىچە خىلى كۆپ قىسىم كىشىلىرىمىز غەيرى نەزەر بىلەن قارايدۇ. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى يازغۇچىلىرىمىز ئىچىدە ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغۇدەك ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان ئەدىب ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن تاڭ، 2005 - يىلى يىل ئاخىرىدىن باشلاپ بۇ پەيلاسوپ يازغۇچىمىزنىڭ كىتابلىرىنى، ئەسەرلىرىنى ئىزدەپ يىغىپ كەلدىم. مېنىڭ بۇ ئالىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى يىغىشىمغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەرگىنى، ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىننىڭ «مەدەنىيەت دالاسىغا سەپەر» ناملىق كىتابىنىڭ ئاخىرىغا يېزىلغان «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرىنىڭ كاتالوگى» دېگەن ماقالىدۇر.

## (1)نەشىر قىلىنغان كىتابلىرى:

1 .«شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا-ئۇسۇل سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىلى نەشىر قىلغان .
2 .«ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە» مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1980 - يىلى نەشىر قىلغان .
3 .«رۇبائىيات»(1) ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1982 - يىلى نەشىر قىلغان .
4 .«ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىغا ئائىت مەسىلىلەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1982 - يىلى نەشىر قىلىنغان (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ بەش پارچە ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن)
5 .«چوغلۇق»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 - يىلى نەشىر قىلغان .
6 .«ئومۇمىي ئېستېتىكا»، شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى 1985 - يىلى نەشىر قىلىنغان .
7 .«فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 - يىلى نەشىر قىلىنغان .
8 .«قارلىق تاغ شەجەرىسى» شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1988 - يىلى نەشىر قىلغان .

9 .«رۇبائىيات» (2)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1989 ـ يىلى نەشر قىلغان .
10.«قاتلاملىق ئېستېتىكا»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1994 ـ يىلى نەشر قىلغان .
11 .«ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 ـ يىلى نەشر قىلغان .
12 .«ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 ـ يىلى نەشر قىلغان.
13 .«غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىلى نەشر قىلغان .
14 .«قۇتادغۇبىلىك خەزىنىسى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1999 ـ يىلى نەشر قىلغان .
15 .«سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى نەشر قىلغان .
16 .«ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ھېكمەتلىرى » (1) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى نەشر قىلغان .
17 .«يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى نەشر قىلغان .
18 .«ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىلى نەشر قىلغان .
19 .«قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»(تۇران تارىخى) ، شىنجاڭ نەشرىياتى 2002 ـ يىلى نەشر قىلىنغان .
20 .«ئائىلە»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2002 ـ يىلى نەشر قىلغان .

## (2)ئالىمنىڭ ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن كىتابلار :

1 .«جاھاننامە»(2) (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «گۈللۈك دوپپا توغرىسىدا » ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1988 ـ يىلى نەشر قىلىنغان .
2 .«مەھمۇد قەشقەرى» ( بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن )، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1985 ـ يىلى نەشر قىلىنغان .

3. «غەزەل ۋە مۇخەممەسلەر » (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ بەش پارچە غەزەل ، بىر پارچە مۇخەممەسى كىرگۈزۈلگەن ) مىللەتلەر نەشرىياتى 1983 ـ يىلى نەشىر قىلىنغان .
4 .«ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدا » ( بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ « يۈكسەك قەلبنىڭ شېئىرى ھەيكىلى» ناملىق ئوبزورى كىرگۈزۈلگەن ) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىلى نەشىر قىلىنغان .
5.«يېڭى رۇبائىيلار » ( بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ ئالتە پارچە رۇبائىيسى كىرگۈزۈلگەن ) مىللەتلەر نەشرىياتى 1988 ـ يىلى نەشىر قىلغان .
6.«قۇتادغۇ بىلىك ھەققىدە بايان»(1) (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ«قۇتادغۇبىلىكنىڭ ئىلمىي قىممىتى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن) قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى نەشىر قىلىنغان .
7.«قۇتادغۇ بىلىك ھەققىدە بايان»(2) (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ « ئوتتۇرا ئەسىر قانۇنشۇناسلىق تارىخىدىكى ئۇلۇغۋار نامايەندە» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن) قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى نەشىر قىلىنغان .
8.«ئاھ، يۇلتۇزلار» (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ بىر پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن)، مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 ـ يىلى نەشىر قىلغان .
9.«ياپراقتىكى نەقىشلەر» ( بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ تۆت پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن) قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1985ـ يىلى نەشىر قىلغان .
10 .«توي چاچقۇسى» ( بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ 17پارچە رۇبائىي ۋە غەزىلى كىرگۈزۈلگەن)شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985ـ يىلى نەشىر قىلغان .
11 .« 100شېئىر» ( بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ ئىككى پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن )،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991ـ يىلى نەشىر قىلغان .
12.«مۇھەببەت لىرىكىلىرى» ( بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ بىر پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن)شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991ـ يىلى نەشىر قىلغان .
13 .«قايغۇلۇق ئەسلىمىلەر» ( بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ«ئىزگۈ پەزىلەتنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئىپتىخارى»ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن)شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996ـ يىلى نەشىر قىلغان .
14.«قۇمۇل مۇقاملىرى ھەققىدە » ( بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ«ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ قەدىمكى گەۋدىسى ـ قۇمۇل مۇقاملىرى ھەققىدە » ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن ) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 ـ يىلى نەشىر قىلىنغان .
15 .«ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە » ( بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ

«ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەنبە ـ ئېقىملىرى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن ) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

16 .«ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى » (2) (ئالىم بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى قىسىم 2ـ پاراگراف ۋە 2ـ ، 4ـ ، 5ـ ، 10، ـ بابلىرىنى يازغان ) ، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993 ـ يىلى نەشر قىلغان .

17 .«ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتى» (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەنبە ـ ئېقىملىرى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن)، مىللەتلەر نەشرىياتى 1995 ـ يىلى نەشر قىلغان .

18 .«ئىبن سىنا ۋە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى » ( ئالىم بۇ كىتابنىڭ كىرىش سۆزىنى يېزىپ بەرگەن).شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

19 .«سىپلىشتۇرما ئەدەبىيات ئاساسلىرى » ( ئالىم بۇ كىتابقا بېغىشلىما ماقالىسى يېزىپ بەرگەن ) ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1997ـ يىلى نەشر قىلغان .

20.«ئاھ ، نۇرلۇق ئابىدىلەر » ( بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ بەش پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن ) ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1997ـ يىلى نەشر قىلغان .

21 .«ئابدۇكېرىم خوجا ئىجادىيىتى توغرىسىدا» (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ بىر پارچە شېئىرى ۋە«ئۇ شېئىرلىرى بىلەن خەلق قەلبىدە ياشايدۇ» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن)، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1999ـ يىلى نەشر قىلىنغان .

22 .«ئەدەبىيات » (بۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2ـ يىللىقنىڭ دەرسلىك كىتابى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئالىمنىڭ « كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن ) ، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1999ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

23 .«جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە تارىخى » ( بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى» ناملىق ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن ) ، ئەنخۇي خەلق نەشرىياتى 1992ـ يىلى نەشر قىلىنغان .

24 .«شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخى » ( ئالىم بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇر ،ئۆزبېك ، قىرغىز مىللەتلىرىنىڭ پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىغا ئائىت قىسمىنى يازغان) .

25.«يىپەك يولى مۇزىكا سەنئىتى » ( بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ«ئون ئىككى مۇقام ۋە تۆردى ئاخۇن» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن ) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980ـ يىلى نەشر قىلىنغان . (خەنزۇچە) .

26 .«شاھنامە» (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مىسلىسىز ئەزىمەت ـ ئەبۇلقاسىم فىردەۋس » ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن ) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىلى نەشر قىلغان.
27.«كۆڭزى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 2540 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇھاكىمە ماقالىلەر توپلىمى» ( بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «كۆڭفۇزى ۋە قوچۇ مەدەنىيىتى » ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن )، شاڭخەي سەنلەن كىتاب نەشرىياتى 1992 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.
28 .«بۈيۈك شائىر ئەلشىر ناۋائىي » ( بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «ئەلشىر نەۋائىينىڭ پەلسەپە قاراشلىرى ئۇستىدە ئىزدىنىش» ۋە «ئەلشىر نەۋائىينىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدا تۇتقان ئورنى » قاتارلىق ئىككى پارچە ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن )شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى نەشر قىلغان .
29 .«تارىم ۋە مەن » ( بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «تەبرىك ۋە ئۈمىد» ناملىق بىر پارچە ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن ) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى نەشر قىلغان .
30 .« تاللانغان رۇبائىيلار » (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ 10 پارچە رۇبائىيسى كىرگۈزۈلگەن ) قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1999 ـ يىلى نەشر قىلغان .
31 .« بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى » (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ«شېئىرىيەت ئېستېتىكىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن ) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى نەشر قىلىنغان .

## (3)ئالىمنىڭ ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرى:

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تا ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرى 200پارچىگە يېقىن بولۇپ ، بۇ ماقالىلەردىن «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» دە 168 پارچە ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى »دا 181 پارچە ، «كىتاب مۇنبىرى» ژۇرنىلىدا 170 پارچىنىڭ كاتالوگى ئېلان قىلىنغان ئىدى . مەن توپلىغان ماتېرىياللىرىم ئاساسىدا مۆكەممەل دەپ قارالغان ماقالىلەر كاتالوگىنى تۈزۈپ چىقتىم .
1 .«ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى» ( «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1956 ـ يىل ئۇيغۇرچە 3 ـ سان ، خەنزۇچە 4 ـ سان )

2 .«ئەدەبىيات - سەنئەتتە تىپ مەسىلىسى توغرىسىدىكى دەسلەپكى چۈشەنچىلىرىم » ( «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1956- يىلى ئۇيغۇرچە 4- سان) .
3 .«ئۇيغۇر پەلسەپە - ئىدىيە تارىخىغا دائىر تەتقىقات تېزىسلىرى »( <1> «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1980- يىللىق ئۇيغۇرچە 2- سان ؛ <2>«پەلسەپە تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1980- يىللىق خەنزۇچە 4- سان ) .
4 .«فارابىنىڭ مۇزىكا ئېستېتىكىسىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1980- يىللىق ئۇيغۇرچە 4- سان ) .
5 .«نان ۋە تونۇر» («مىللەتلەر رەسىملىك ژۇرنىلى» 1980- يىلى 3- سان ، خەنزۇچە نۇسخىسى)
6.«ئون ئىككى مۇقام ۋە تۇردى ئاخۇن» ( <1>«شىنجاڭ گېزىتى» 1980- يىلى 5- ئاينىڭ 30- كۈنىدىكى سانى ؛ <2> «شىنجاڭ سەنئىتى» 1980- يىللىق ئۇيغۇرچە 1- سان ؛ <3> «يىپەك يولى مۇزىكا سەنئىتى» 1980- يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان خەنزۇچە ماقالىلەر توپلىمى ، بۇ توپلامغا ئالىمنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن ؛ <4> « شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1980- يىللىق خەنزۇچە 4- سان )
7.«ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى - ئىبن سىنا» (ئىبن سىنا تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن )، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ئۇيغۇرچە 1980- يىللىق 3- سان .
8. «ئەرەب مەدەنىيىتى ۋە ياۋروپادا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا ئويغىنىشى» (<1> «كىتابلارغا باھا» ژۇرنىلى 1980 - يىللىق 4- سان؛ <2> «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1982- يىللىق 2- سان ) .
9.«يۈسۈپ خاس ھاجىپ - فارابى ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋارىسى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1982- يىللىق 2- سان ) .
10 .«مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت يولى» («تارىم» ژۇرنىلى 1981- يىللىق 4- سان)
11.«ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنىڭ تەتقىقات تېزىسلىرى» («بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1981- يىللىق 1- سانى » .
12.«فارابى پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ تارىخى قىممىتى» ( پەلسەپە تەتقىقاتى ژۇرنىلى 1981 يىللىق 1- سانى ) .

13 .«قەدىمى كۈسەننىڭ ئاتاقلىق بۇددا مۇتەپەككۇرى كومراجىۋا» («پەلسەپە تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1981 يىللىق 11 ـ سان)

14.«ئەل قانۇن فىت تىپ ۋە ئۇنىڭدىكى تەبىئەت پەلسەپىسى مەسىلىلىرى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1982 ـ يىللىق 2 ـ سان ) .

15 .«شىنجاڭنىڭ تەبىئىي مۇھىتىدا بوستانلىق بىلەن چۆللۈكنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1982 ـ يىللىق 1 ـ سان) .

16. «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى تۆت زات توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1982 ـ يىللىق 3 ـ سان )

17 .«گۈزەللىك تەربىيىسى ۋە ئۇنىڭ رولى» («شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى 1982 ـ يىللىق 10 ـ ، 11 ـ ، 12 ـ سانلىرى ) .

18.«ئامانىنساخان ۋە ئون ئىككى مۇقام» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى خەنزۇچە 1982 ـ يىللىق 2 ـ سان)

19. «ئەبۇ ناسىر فارابىنىڭ لوگىكىلىق تەلىماتلىرى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»خەنزۇچە 1982 ـ 4 ـ سان) .

20 .«رۇخسارى مۇقامى ۋە ئۇنىڭ ئىجادچىسى زىكرى ئەلپەتتاھ» («شىنجاڭ گېزىتى» 1982 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى سانى) .

21.«ئوتتۇرا ئەسىر قانۇنشۇناسلىق تارىخىدىكى ئۇلۇغۋار نامايانده» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1984 ـ يىللىق 1 ـ سان( .

22 .«ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتىنىڭ يېڭى زېمىننى ئاچايلى» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1984 ـ يىللىق خەنزۇچە 3 ـ سان ) .

23. «ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1984 ـ يىللىق خەنزۇچە 2 ـ سان ) .

24. «قۇتادغۇبىلىك ۋە مائارىپشۇناسلىق» («شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى 1984 ـ يىللىق 9 ـ ، 10 ـ سانلىرى ) .

25 .«ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ تارىخى تەسۋىرى» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1984 ـ يىللىق 3 ـ سان ) .

26 .«قەدىمكى كۈسەن كلاسسىك ئۇسۇلى» («شىنجاڭ گېزىتى» 1984 ـ يىلى 5 ـ ئايدىكى سانى ) .

27.«ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مەسىلىلىرى» («قۇمۇل ئەدەبىياتى» 1984 ـ يىللىق 3 ـ سان) .

28. «پەرھاد ـ شىرىن تراگېدىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى رىۋايەت شەكلى» («ئاقسۇ ئەدەبىياتى» 1984 ـ يىللىق 3 ـ سان ) .

29 .«قەدىمكى كلاسسىك ئۇسسۇلنىڭ يېڭى ھاياتقا ئېرىششى» («شىنجاڭ گېزىتى» 1984 ـ يىللىق 25 ـ ئۆكتەبىردىكى سانى ) .
30.«فارابى شېئىرلىرىدىن نەمۇنە» (تارىم ژۇرنىلى 1984 ـ يىللىق 5 ـ سان ) .
31 .«ئۇرۇمچىنىڭ ھەرخىل يەر ناملىرى» ( ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتى 1984 ـ يىلى 23 ـ مارتتىكى سانى)
32 .«ئەڭ قەدىمكى ئۇرۇمچى ۋە ئۆزە قاڭقىللار» ( ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتى 1984 ـ يىلى 16 ـ ئىيۇندىكى سانى) .
33 .«ئېستېتىكا قانداق پەن؟» ( ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى 1984 ـ يىلى ئومۇمىي 8 ـ سان)
34 .«يۈكسەك قەلبنىڭ شېئىرىي ھەيكىلى» ( كىتابلارغا باھا ـ شىنجاڭ كۈتۈپخانىچىلىقى ژۇرنىلى 1984 ـ يىلى 3 ـ سان)
35 .«تۇرپان ئۈزۈمى ۋە تۇرپان شارابى» ( شىنجاڭ گېزىتى 1985 ـ يىلى 20 ـ ئىيۇندىكى سانى)
36.«ئەلشىر نەۋائىي ۋە سەددى ئىسكەندەر » (<1> شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1985 ـ يىللىق 4 ـ سان . <2> ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتى 1985 ـ يىلى 2 ـ نويابىردىكى سانى)
37 .«پۈتمەس ـ تۈگىمەس بايلىق ۋە ئەبەدىي يادىكارلىق» ( تۈركىي تىللار دىۋانى نىڭ تولۇق نەشرى مۇناسىۋىتى بىلەن) تارىم ژۇرنىلى1985 ـ يىللىق12 ـ سان .
38 .«كۈسەن مەدەنىيىتى ۋە ئۇسۇل سەنئىتى»(1) شىنجاڭ سەنئىتى ژۇرنىلى خەنزۇچە 4 ـ سان)
39 .«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ ئىپتىخارى»( شىنجاڭ سەنئىتى ژۇرنىلى 1985 ـ يىللىق1 ـ سان)
40 .«ۋېنىتسىيىلىك ماركوپولو ۋە شەرق مەدەنىيىتى» ( تىيانشان ئېكرانى ژۇرنىلى 1985 ـ يىللىق 6 ـ سان)
41 .«پاكىستان رەڭلىك ھېكايە فىلىمى ـ پاكلىق »( شىنجاڭ گېزىتى 1985 ـ يىلى 23 ـ ئاۋغۇستتىكى سان)
42 .«قوغۇن ۋە ئۇنىڭ ماكانى» ( ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتى 1985 ـ يىلى 12 ـ مايدىكى سانى) .
43 .«ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قامۇسى ـ قۇتادغۇبىلىك » (1) قۇمۇل ئەدەبىياتى ژۇرنىلى 1986 ـ يىللىق 4 ـ سان؛ (2) «جەنۇبىي ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى» ياپونچە 11 ـ سان .
44 .«پەلسەپىنى ئىسلاھ قىلىش تەسەۋۋۇر تېزىسلىرى» (1) شىنجاڭ

ئۈنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1987 ـ يىللىق 3 ـ سان؛ (2) شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى خەنزۇچە 1987 ـ يىللىق 4 ـ سان .
45. «قۇتادغۇبىلىك ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى » (1) «يىپەك يولى ساياھەتچىلىكى»خەنزۇچە 1986 ـ يىللىق 2 ـ سان؛ (2) يىپەك يولى ساياھەتچىلىكى ئىنگلىزچە 1986 ـ يىللىق 4 ـ سان .
46. «مىللىي مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشىدىكى بىر مۇھىم قانۇنىيەت» (1) شىنجاڭ گېزىتى 1986 ـ يىلى 11 ـ ماي خەنزۇچە سانى : (2) شىنجاڭ گېزىتى 1986 ـ يىلى 17 ـ ماي ئۇيغۇرچە سانى)
47. «قۇتادغۇبىلىك نىڭ ئىلمىي قىممىتى» ( قەشقەر گېزىتى 1986 ـ يىلى 28 ـ ئۆكتەبىردىكى سانى)
48. «ئېمپېدوكىل بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۆت تادۇ قارىشىدىكى ئومۇملۇق ۋە ئالاھىدىلىك توغرىسىدا» ( قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1986 ـ يىللىق 1 ـ سان)
49. «خاراكتېر ۋە خاراكتېر گۈزەللىكى» ( ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى 1986 ـ يىلى 9 ـ 10 ـ 11 ـ فېۋرالدىكى سانلىرى)
50. «بىر شېئىر توغرىسىدا پاراڭ» ( شىنجاڭ گېزىتى 1986 ـ يىلى 14 ـ ئىيۇندىكى سانى)
51. «ئالۋاستى ۋە ئۇنىڭ يېخى قىياپىتى» ( ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى 1986 ـ يىلى 7 ـ ئىيۇندىكى سان)
52. «رۇبائىي ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى ، شەكلى ھەققىدە» ( قەشقەر ئەدەبىياتى 1986 ـ يىللىق 4 ـ سان)
53. «يۇقىرى ماھارەت ۋە ئېسىل سەنئەت ـ مۇقام ماي بوياق رەسىمى ھەققىدە» (ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى 1986 ـ يىللىق 12 ـ ماي سانى)
54. «گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇكنىڭ كومېدىك سىلىشتۇرمىسى» (تىيانشان ئېكرانى 1986 ـ يىلى 6 ـ سان)
55. «مىرزا ھەيدەر ۋە تارىخىي رەشىدى » ( شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى 1986 ـ يىللىق 3 ـ سان)
56. «ھەشەمەتخورلۇقنىڭ ئون چوڭ كاساپىتى» ( ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى 1986 ـ يىلى 10 ـ ئىيۇندىكى سانى)
57. «جاباغان ئېلىگە ساياھەت» ( ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى 1986 ـ يىلى 11 ، 12 ـ ئايلاردىكى سانى)
58. «گۈللۈك دوپپا»( تارىم ۋە نەزم ) شىنجاڭ سەنئىتى گېزىتى 1986 ـ يىلى .

59 .«ئون ئىككى مۇقام نىڭ تارىخىي قاتلىمى ۋە ئېستېتىك ئالاھىدىلىكى»(1) شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1987 ـ يىللىق 4 ـ سان؛ (2) شىنجاڭ سەنئىتى ژۇرنىلى 1987 ـ يىلى خەنزۇچە 1 ـ سان .
60 .«يىپەك يولىدىكى بىباھا گۆھەر ـ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ( شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1987 ـ يىللىق 1 ـ سان)
61 .«ئىجتىمائىي تەپەككۇر شەكلىگە ئائىت بىر قانچە مەسىلە» ( شىنجاڭ مائارىپى ژۇرنىلى 1987 ـ يىللىق 2 ـ ، 3 ـ سانلار)
62 .«ئەلشىر نەۋائىينىڭ پەلسەپە قاراشلىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش» ( شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1987 ـ يىللىق 2 ـ سان)
63.«ئۇيغۇر رەسساملىق سەنئىتى تارىخىدىكى يېڭى نامايانده » ( شىنجاڭ سەنئىتى ژۇرنىلى 1987 ـ يىللىق 6 ـ سان )
64 .«مۇھەممەد خارەزمى ۋە مۇھەببەتنامە » (1) بۇلاق مەجمۇئەسى 1987 ـ يىلى ئومۇمىي 18 ـ سان ؛ (2) «مىللىي يازغۇچىلار» ژۇرنىلى خەنزۇچە 1990 ـ يىلى 2 ـ سان.
65 .«ھاپىز شىرازى ـ شەرق شېئىرىيىتىدىكى ئىسيانكار ئۇستاز» ( بۇلاق مەجمۇئەسى ئومۇمىي 20 ـ سان)
66. «مەشرەپ ـ ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەر شائىر» ( بۇلاق مەجمۇئەسى ئومۇمىي 19 ـ سان) .
67 .«ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىگە ئوقۇلغان شىكايەتنامە» (« كوللىيات مەسنەۋى خاراباتى توغرىسىدا» ): بۇلاق مەجمۇئەسى ئومۇمىي 18 ـ سان .
68 .«بىر شېئىر ھەققىدە سۆز» (شىنجاڭ گېزىتى 1987 ـ يىلى 24 ـ يانۋاردىكى سانى )
69. «ئىككى شېئىر ھەققىدە پاراڭ» ( شىنجاڭ گېزىتى 1987 ـ يىلى 19 ـ سېنتەبىردىكى سانى)
70.«ئاقسۇ ئەدەبىياتى دىكى شېئىرىيەت ئۈنچىلىرىگە نەزەر» ( ئاقسۇ ئەدەبىياتى 1987 ـ يىللىق 3 ـ سان ) .
71.«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەبىئەت قاراشلىرى ھەققىدە مۇلاھىزىلەر» ( شىنجاڭ مائارىپى ژۇرنىلى 1988 ـ يىللىق 10 ـ ، 11 ـ سانلىرى )
72.«يىپەك يولى مۇزىكا مەدەنىيىتى دېگەن كىتابقا باھا» ( شىنجاڭ سەنئىتى ژۇرنىلى خەنزۇچە 1988 ـ يىللىق 5 ـ سان )
73.«ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلىنىزملىق مەدەنىيەت» ( قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1988 ـ يىللىق 5 ـ سان )

74. «فارابى پەلسەپە ئىدىيىسى تەتقىقاتىدىكى مەنتىقىلىك زىددىيەت» ( شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1988 ـ يىللىق 2 ـ سان) .
75.«خوجا باھاۋىدىن نەقشىبەندى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتى» ( شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1988 ـ يىللىق 3 ـ سان) .
76.«ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەھمەد يەسەۋى ۋە يەسەۋىيچىلىك» ( ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر 1988 ـ يىللىق 1 ـ سان) .
77 .«ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى پروگراممىسى»(تۆت توملۇق ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى ناملىق كىتاب ئۈچۈن تەييارلانغان):(1) قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمى ژۇرنىلى 1987 ـ يىللىق3 ـ 4، ـ سان:(2) قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمى ژۇرنىلى 1987 ـ يىللىق4 ـ 6، ـ سانلار .
78 .«ئەمىر خىسراۋ دېھلەۋى» ( بۇلاق مەجمۇئەسى 1988 ـ يىللىق 1 ـ سان )
79. «ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر نىزامى گەنجىۋى» ( بۇلاق مەجمۇئەسى 1988 ـ يىللىق 2 ـ سان ) .
80 .«ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ناسىر خىسراۋ» ( بۇلاق مەجمۇئەسى 1988 ـ يىللىق 3 ـ سان ) .
81.«شائىر خوجا جاھان ئەرشى ۋە ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى ھەققىدە» ( بۇلاق مەجمۇئەسى 1988 ـ يىللىق 4 ـ سان ) .
82.«سەئىد شىرازى» ( بۇلاق مەجمۇئەسى 1988 ـ يىللىق 4 ـ سان ) .
83 .«زەلىلى شېئىرىيىتىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي قىممىتى توغرىسىدا» (شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1988 ـ يىللىق 1 ـ سان ) .
84.«كىلاسسىك مەدەنىيەت ۋە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر» ( شىنجاڭ گېزىتى 1988 ـ يىلى 3 ـ دېكابىر سانى)
85 .«ما زۇچاڭ ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى» ( شىنجاڭ گېزىتى 1988 ـ يىلى 16 ـ ئىيۇندىكى سانى)
86.«ھەمرائى غەزەللىرىنىڭ ھەققى مۇئەللىپى توغرىسىدا» ( تارىم ژۇرنىلى 1988 ـ يىللىق 5 ـ سان)
87. «ياش تامچىسىدىن ئۇرغۇغان شېئىرلار» ( قەشقەر ئەدەبىياتى ژۇرنىلى 1988 ـ يىللىق 3 ـ سان) .
88 .«ئەنئەنىۋى ئاڭ ۋە زامانىۋى ئاڭ» ( شىنجاڭ گېزىتى 1988 ـ يىلى 12 ـ ئىيۇندىكى سانى)
89.«تارىخ ھەققىدە قايتا ئويلىنىش ـ مىللەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى»

( شىنجاڭ گېزىتى 1988 ـ يىلى 2 ـ ئۆكتەبىردىكى سانى )

90.«ياشلار ۋە ئىقتىدار قىممىتى» ( شىنجاڭ گېزىتى 1988 ـ يىلى 28 ـ ئىيۇلدىكى سانى) .

91.«ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل مىللىي ئويغىنىش» ( شىنجاڭ گېزىتى 1988 ـ يىلى 13 ـ نويابىردىكى سانى)

92 .«ئۇ شېئىرلىرى بىلەن بىللە خەلق قەلبىدە» ( شىنجاڭ گېزىتى 1988 ـ يىلى 12 ـ مارت سانى)

93.«ئەسسالام قەشقەر ، سالام ئانا ديار» ( قەشقەر گېزىتى 1988 ـ يىلى 9 ـ سېنتەبىر سانى)

94 .«قۇتادغۇبىلىك نىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرى ھەققىدە» (1) قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1989 ـ يىللىق 1 ـ سان (2) شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1990 ـ يىللىق خەنزۇچە 4 ـ سان .

95 .«يىپەك يولىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەنگۈشتىرىنى قايتا تېپىۋېلىش» ( شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1989 ـ يىللىق 4 ـ سان ) .

96.«مەدەنىيەت سىنكىرتېك قاتلام نەزەرىيىسى ھەققىدە بايان» ( شىنجاڭ سەنئىتى ژۇرنىلى 1989 ـ يىللىق 4 ـ سان)

97.«شېئىرىيەتمىزگە ئائىت بىر قانچە ئېستېتىكىلىق مەسىلە» ( تارىم ژۇرنىلى 1989 ـ يىللىق 1 ـ سان)

98 .«شەرقى تەڭرىتاغ ئېتەكىدە قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات» ( شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1989 ـ يىللىق 4 ـ سان ) .

99.«مەدەنىيەت تەرەققىياتى توغرىسىدىكى ئىلمىي قاراش ـ سىنكىرتېك قاتلام قارىشى توغرىسىدا» ( شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1989 ـ يىللىق 1 ـ سان)

100 .«مىللەتلەر تەرەققىيات تارىخى ئويلىنىشقا موھتاج » ( يېڭى كۆزەتكۈچى ژۇرنىلى 1989 ـ يىللىق 7 ـ سان)

101 .«ئېچىۋېتىلگەن ئاڭ ۋە شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ( جۇڭگو غەربىي قىسىم ئەدەبىياتى ژۇرنىلى خەنزۇچە 1989 ـ يىللىق 1 ـ سان ) .

102 .«مۇھىم بىر تارىخى تەجرىبە» ( شىنجاڭ گېزىتى 1989 ـ يىلى 8 ـ نويابىردىكى سانى) .

103«ئايالىلىق قەلبىنىڭ مېلودىيىسى» ( تارىم ژۇرنىلى ) .

104.«ھەشەمەتخورلۇق ۋە قۇرۇق شۆھرەت» ( شىنجاڭ گېزىتى 1989 ـ يىلى 25 ـ يانۋاردىكى سانى)

105 .«ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ يىپەك يولىدا كۆرسەتكەن خىزمىتى» ( شىنجاڭ گېزىتى 1989 ـ يىلى 27 ـ ئاپرېلدىكى سانى)

106.«يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئالىملىرى ۋە شائىرلىرىدىن نەمۇنە» (ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى 1989 ـ يىلى 1 ـ ئايدىكى سانى)

107 .«ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»( شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى1989 ـ يىللىق 6 ـ سان)

108.«مىللەتنىڭ بىرلىك ـ ھەمدەملىكى ۋە ئۇنىڭ يۈرتۋازلىققا يەملىكى» ( شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى 1989 ـ يىللىق 5 ـ سان ) .

109.«روھنى ساغلاملاشتۇرۇش مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» (1) ( شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى 1989 ـ يىللىق 4 ـ سان) ؛ (2) ( مىللىي يازغۇچىلار ژۇرنىلى 1990 ـ يىللىق 4 ـ سان) .

110.« 4 ـ ماي ھەرىكىتى ۋە لۇشۈن روھى» ( تارىم ژۇرنىلى 1989 ـ يىللىق 10 ـ سان) .

111.«نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخى قاتلىمى» (1) ( شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1990 ـ يىللىق 1 ـ سان ) ؛

112 .«ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى تەبىئەت ـ ئىلاھىيەت قاراشلىرى ھەققىدە» ( شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1990 ـ يىللىق 1 ـ سان) .

113 .«ئاسىنا مەلىكە ـ غەربىي يۇرت سەنئىتى» ( شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1990 ـ يىللىق 4 ـ سان ) .

114 .«يېتىلگەن سەنئەت ، سېھىرلىك ھېكمەت ۋە يالقۇنلۇق مۇھەببەت» ( غازى ئەمەت ماي بوياق رەسىملىرى توپلىمىغا باھا ) : شىنجاڭ سەنئىتى ژۇرنىلى1990 ـ يىللىق4 ـ 5 ـ سانلىرى .

115.«ئىزگۇ پەزىلەتنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئىپتىخارى»( قەشقەر ئەدەبىياتى 1990 ـ يىللىق1 ـ سان)

116 .«ھازىرقى زامان مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدىكى پاجىئەلىك زىددىيەت» ( شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى 1990 ـ يىللىق 3 ـ سان) .

117 .«مىللەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىشى ۋە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئۈچ بۇرجىكى» ( شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى 1990 ـ يىللىق 5 ـ سان ) .

118.«خەلقنى ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىش ـ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى» ( تارىم ژۇرنىلى 1990 ـ يىللىق 8 ـ

سان) .
119.«كۈڭفۇزى ۋە قۇجۇ مەدەنىيىتى» ( ۋېنخۇيباۋ خەنزۇچە 1990 ـ يىلى 27 ـ فېۋرالدىكى سانى )
120.«ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى ھەققىدە قىسقىچە بايان» ( شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى 1990 ـ يىللىق 27 ـ فېۋرالدىكى سانى)
121 .«ئۇزۇم سەيلىسى ھارپىسىدا» (1) شىنجاڭ گېزىتى ئۇيغۇرچە 1990 ـ يىل 18 ـ ئاۋغۇست ؛ (2) خەنزۇچە 2 ـ سېنتەبىردىكى سانى) .
122.«مىللىي ئۇسۇلنىڭ سىرى ۋە سېھرىي كۈچى» ( شىنجاڭ سەنئىتى ژۇرنىلى 1990 ـ يىللىق 5 ـ سان)
123.«ناخشا ـ ئۇسۇل ماكانىنىڭ يېڭى جىلۋىسى»( شىنجاڭ سەنئىتى ژۇرنىلى 1990 ـ يىللىق 4 ـ سان)
124 .«شەرق سەنئىتىدىكى بىباھا گۆھەر ـ ئون ئىككى مۇقام نىڭ تولۇق رەتلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن» ( شىنجاڭ گېزىتى 1990 ـ يىللىق 15 ـ سېنتەبىردىكى سانى ) .
125 .«ئىلھامبەخش ئىلھام قەترىلەر» ( تۇرپان ژۇرنىلى 1990 ـ يىللىق 3 ـ سان) .
126 .«تەبرىك ۋە ئۈمىد» ( تارىم ژۇرنىلى 1990 ـ يىللىق 10 ـ سان) .
127.«ئەلشىر نەۋائىينىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدا تۇتقان ئورنى» ( شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى 1991 ـ يىللىق 4 ـ سان)
128 . «كەلگۈسى مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ» ( شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى 1991 ـ يىللىق 4 ـ سان) .
129 . «مەدەنىيەت ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىزم » ( شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1991 ـ يىللىق 3 ـ سان ) .
130 .«ئەزىز دىيار ، شانلىق ئىپتىخار» ( قەشقەر ئەدەبىياتى ژۇرنىلى 1991 ـ يىللىق 3 ـ سان) .
131 . «قۇمۇل ئەدەبىياتى ژۇرنىلىنىڭ 100 سانى» ( قۇمۇل ئەدەبىياتى ژۇرنىلى1991 ـ يىللىق 3 ـ سان)
132.«ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تۆت چوڭ ئالاھىدىلىكى» ( قەشقەر گېزىتى 1992 ـ يىللىق 14 ـ ئاۋغۇستتىكى سانى)
133 .«سىكتاي ـ ساك ـ ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىدىكى ئەنئەنىۋي ئىزچىللىق» ( شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1992 ـ يىللىق 2 ـ سان)
134 . «ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىش ھەققىي تەتقىقاتچىنىڭ بۇرچى» ( شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1992 ـ يىللىق 4 ـ سان ) .

135 .«كۇسەن رەسساملىرىنىڭ ئېستېتىك ئېڭى» (1) شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى1992 ـ يىللىق 3 ـ سان ؛ (2) شىنجاڭ سەنئىتى ژۇرنىلى ـ يىللىق 5 ـ سان) .
136 . «ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى غەربىي يۇرت ئۇسۇل سەنئىتىنىڭ تارىخىي ئۇچۇرى» ( شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى 1992 ـ يىللىق 4 ـ سان ) .
137 . «ئون ئىككى مۇقام ۋە نەۋائىيخانلىق» ( شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى 1992 ـ يىللىق 5 ـ سان ) .
138 . «كلاسسىك ئەدەبىياتتا خوتەن تەسۋىرى» ( بۇلاق مەجمۇئەسى 1992 ـ يىللىق 4 ـ سان )
139 . «قارا جاڭگال نى ئوقۇغاندىن كېيىنكى تەسىرات» ( قەشقەر ئەدەبىياتى ژۇرنىلى 1992 ـ يىللىق 4 ـ سان )
140 .«كلاسسىك ئەدەبىياتتا مانى تەسۋىرى ۋە شىنجاڭدىن مانى دىنى رەسساملىرىنىڭ بايقىلىشى» ( شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى 1992 ـ يىللىق 4 ـ سان ) .
141 .«نەۋائىي مىسرالىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قىممىتى» (1) شىنجاڭ گېزىتى 1991 ـ يىللىق 5 ـ ئۆكتەبىردىكى سانى ؛ (2) قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1992 ـ يىللىق 4 ـ سان .
142 . «تىل قۇدرىتى ـ تىل پەزىلىتى بىلەن» ( تىل ۋە تەرجىمە ژۇرنىلى 1992 ـ يىللىق 4 ـ سان) .
143 . «شەرق ئەدەبىياتىدىكى غايەت زور بايلىق شاھنامە » ( شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1993 ـ يىللىق 3 ـ سان )
144 . «ئون ئىككى مۇقامدىكى 24 مەسىلە»( شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1993 ـ يىللىق1 ـ سان)
145 . «يىپەك يولىنىڭ ئىقتىسادى قىممىتى»( شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى 1993 ـ يىللىق 27 ـ مارت سانى)
146 .«يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» ( شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى 1993 ـ يىللىق 1 ـ سان)
147 .«ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەنبە ۋە ئېقىملىرى» : ( بۇ ماقالە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى نەشرى
148 . «يىپەك يولىدىكى يېڭى سەھىپە ۋە تۆگە قۇشى روھى» ( مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ژۇرنىلى 1993 ـ يىللىق 1 ـ سان ) .
149 . «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» ( شىنجاڭ مەدەنىيىتى

ژۇرنىلى 1993 ـ يىللىق 2 ـ سان )
150 . «مەنپەئەتدارلىق ئەخلاقى ۋە مەجبۇرىيەت ئەخلاقى» ( شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى 1993 ـ يىللىق 16 ـ فېۋرالدىكى سانى) .
151 .«كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» ( شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى 1993 ـ يىللىق 19 ـ يانۋار سانى)
152 .«لىرىك شېئىرىيەت ، مەپتۇنكار لەززەت» ( تەڭرىتاغ ژۇرنىلى 1993 ـ يىللىق 3 ـ سان ) .
153.«تۇپراقنىڭ مونولوگى» ( قەشقەر ئەدەبىياتى ژۇرنىلى 1993 يىللىق 5 ـ سان )
154.«كۇسەن مەدەنىيىتىنىڭ تارىخي قىممىتى» ( ئىشچىلار ۋاقتى گېزىتى 1993 ـ يىللىق 23 ـ ئۆكتەبىردىكى سانى)
155.«تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر» ( شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى 1993 ـ يىللىق 5 ـ ، 6 ـ سانلىرى)
156 .«زەينۇلئابىدىن مەۋلىۋى داموللا هاجى تەئرىپىدە» ( قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1993 ـ يىللىق 2 ـ سان )
157 .«تارىخ تەتقىقاتىدىكى تېڭى مېتود ـ ئۆچۈرلۈق تارىخ تەتقىقاتى ئۇسۇلى» (1) شىنجاڭ سەنئىتى ژۇرنىلى خەنزۇچە 1993 ـ يىللىق 2 ـ سان ؛
(2) شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1996 ـ يىللىق 2 ـ سان .
158.«ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى غەربىي يۇرت ئۇسۇل سەنئىتىنىڭ تارىخى ئۆچۈرى» (شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى 1994 ـ يىللىق 2 ـ سان ) .
159.|«ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدا مەي مەدەنىيىتى» ( شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1994 ـ يىللىق 1 ـ سان ) .
160 .«ئوتتۇرا ئاسىيا ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقىدىكى بىر قانچە مەسىلە» (شىنجاڭ سەنئىتى ژۇرنىلى 1994 ـ يىللىق 6 ـ سان (خەنزۇچە) .
161.«ئوقۇتقۇچى توغرىسىدا» ( شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى 1992 ـ يىللىق 17 ـ نويابىردىكى سانى ) .
162. «غەربىي يۇرت مائارىپ تارىخىدىن بىر ئۆچۈر» ( شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى 1993 ـ يىللىق ئاۋغۇستىكى سانى ) .
163.«مىللىي مائارىپ ۋە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر» ( شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى 1993 ـ يىللىق 29 ـ ئىيۇلدىكى سانى )
164.«ئوقۇغۇچى توغرىسىدا» ( شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى 1993 ـ يىلى

3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىكى سانى)
165.«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ غايىۋى جەمئىيەت مودېلى» ( شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1994 ـ يىللىق 2 ـ سان) .
166.«ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى مەشھۇر ئالىم ـ ئۇلۇغبەگ» ( ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى 1994 ـ يىللىق 27 ـ دېكابىردىكى سانى )
167 .«مەنسۇر ھەللاجىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەكس ساداسى» (تەڭرىتاغ ژۇرنىلى 1995 ـ يىللىق 3 ـ سان) .
168 .«يىپەك يولى تەتقىقاتىدىكى ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىق مەسىلىلىرى» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1995 ـ يىللىق 2 ـ سان ) .
169.«سوغدىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك ۋارىسلىرى توغرىسىدا» ( شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1995 ـ يىللىق 3 ـ سان )
170 .«غەربىي دىيار تىياتىر سەنئىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم» ( قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1995 ـ يىللىق 2 ـ سان ) .
171.«ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيىتى» ( بېيجىڭ: جۇڭگو سەنئەت تەتقىقات ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىقاتى ژۇرنىلى 1995 ـ يىللىق خەنزۇچە 5 ـ سان ) .
172.«ئەھمەد ئىبن مۇھەممەد ئەل ـ فەرغانە» ( شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1995 ـ يىللىق 3 ـ سان ) .
173.«ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمى دىن» ( قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1995 ـ يىللىق 3 ـ سان) .
174.«يىپەك يولى ۋە سىلىشتۇرما ئەدەبىيات» ( تارىم ژۇرنىلى 1995 ـ يىللىق 6 ـ سان)
175.«بالاساغۇنىنىڭ ئورنى مەسىلىسى ھەققىدە» ( شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1995 ـ يىللىق 4 ـ سان ) .
176.«يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش» ( شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى 1995 ـ يىللىق 5 ـ ، 6 ـ قوشما سان) .
177.«ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتى»( شىنجاڭ تەزكىرىسى ژۇرنىلى 1995 ـ يىللىق 3 ـ سان)
178 .«ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ قەدىمكى گەۋدىسى» ( شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى ژۇرنىلى 1995 ـ يىللىق 4 ـ سان )
179 .«مائارىپشۇناس ، مۇتەپەككۇر ـ شائىر خوجا نەزەر ھۈۋەيدا» ( قەشقەر ئەدەبىياتى ژۇرنىلى 1997 ـ يىللىق 2 ـ سان) .

180 .«چىن ۋە ماچىن ئىبارىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم دائىرىسى» ( شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى 1996 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈندىكى سانى) .
181 .«ۋاقىت ھەققىدە يېزىلغان ياخشى شېئىر» ( شىنجاڭ گېزىتى 1990 ـ يىللىق 5 ـ ماي سانى)
182 .«ياتلاشقان ئىنسان ۋە ياتلاشقان ئەقىل ـ پاراسەت» ( شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى 1995 ـ يىللىق 5 ـ سېنتەبىردىكى سانى) .
183 .«سۈكۈنات» ( شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى 1995 ـ يىللىق 29 ـ ئاۋغۇستتىكى سانى)
184 . «تەبەسسۇم» ( شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى 1995 ـ يىللىق 1 ـ ئاۋغۇستتىكى سانى) .
185 . «سەۋدالىق تەئەججۈپنامىسى» ( تەڭرىتاغ ژۇرنىلى 1986 ـ يىللىق تۆنجى سان ؛ 1987 ـ يىللىق 1 ـ ، 2 ـ سانلىرى) .
186 .«تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە تەپەككۇر قىممىتى» ( شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى 1996 ـ يىللىق 12 ـ نويابىردىكى سانى )
187 . «ئەنقا يۈرتىدىكى ئەنقا ـ پېشۋا » ( شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى 1996 ـ يىللىق 1 ـ سان)
188 . «كومراجىۋا» (كىنو سىنارىيىسى) ( شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى 1995 ـ يىللىق 1 ـ سان) .
189 . «تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر» ( شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى 1996 ـ يىللىق 4 ـ سان) .
190 . «روھىيەت ۋە مەدەنىيەت» ( تەڭرىتاغ ژۇرنىلى 1996 ـ يىللىق 6 ـ سان)
191.«ئۆمۈر تەلقىنلىرى» ( شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى 1997 ـ يىللىق 1 ـ سان)
192 .«دولان ـ قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ يىلتىزداشلىقى ھەققىدە ئىزدىنىش» ( شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1998 ـ يىللىق 1 ـ سان )
193.«بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئاياللار تەسۋىرىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى» ( شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى 1999 ـ يىللىق 1 ـ سان ) .
194 .«ئەنئەنىۋى ئاك گۈگۈمدىكى ئۆيقۇ ۋە زامانىۋى ئاك سەھەردىكى ئويغىنىش» ( شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى 2000 ـ يىلى 1 ـ سان)
195.«ئارىفنامە» ( شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى 2000 ـ يىلى 4 ـ ، 5 ـ قوشما سان)
196 .«ئۇيغۇر مۇقام مەدەنىيىتىنىڭ گېنېئالوگىيىلىك سىرى» ( شىنجاڭ

سەنئىتى ژۇرنىلى 2001 ـ يىلى 3 ـ سان )

## (4)ئالىمنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرى

1. «چوغلۇق قىز» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1981 ـ يىلى نەشر قىلىغان .
2.«توققۇز نەزم» مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 ـ يىلى نەشرى .
3.«ئېستېتىكىدىن لېكسىيىلەر»1987 ـ يىلى شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى باسمىسى .
4.«شېكسپېر سونىتلىرىدىن تاللانما« .
5.«فارابى شېئىرلىرىدىن نەمۇنە» تارىم 1984 ـ يىلى 5 ـ سان .
6.«شاھنامە»(باشقىلار بىلەن) : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىلى نەشرى .

## (5)نەشىر قىلىنمىغان كىتابلىرى:

1.«ھەمراھى غەزەللىرى»
2.«ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (ئىلمىي ئەسەر ، ئورىگىنال ھالەتتە ساقلانغان) .
3.«ئانالىتىك پوئېتىكا» (ئىلمىي ئەسەر، ئورىگىنال ھالەتتە ساقلانغان، تاماملانمىغان)
4 .«يىپەك يولىدىكى سەنئەت جەۋھەرلىرى» (ئىلمىي ئەسەر، ئورىگىنال ھالەتتە ساقلانغان)
5.«غەزەلىيات» ( غەزەللەر توپلىمى، ئورىگىنال ھالەتتە ساقلانغان)
6.«باھارىيات» ( غەزەللەر توپلىمى، ئورىگىنال ھالەتتە ساقلانغان) .
7 .«شېرىن ۋە سېرىن» ( شېئىرلار توپلىمى،ئورىگىنال ھالەتتە ساقلانغان)
8.«ئاق توز» ( شېئىرلار توپلىمى، ئورىگىنال ھالەتتە ساقلانغان)
9 .«شەبنەم ۋە ئۇچقۇن» (شېئىرلار توپلىمى، ئورىگىنال ھالەتتە ساقلانغان)
10.«ئىزگۈلۈك مەلىكىسى» (ئايالى رەنا مەخسۇتقا بېغىشلاپ يازغان ئۈچ قىسىملىق ئەسلىمە، ئورىگىنال ھالەتتە ساقلانغان ) .
11 .«مەن ۋە مېنىڭ خەلقىم» ( ئۆزى ھەققىدىكى ئەسلىمە، ئورىگىنال

ھالەتتە ساقلانغان)

## (6)ئېلان قىلىنمىغان باشقا ئەسەرلىرى:

1.«ھاياتىم ھەققىدە قايتا ئويلىنىش» (ماقالە) .
2.«سىكتايلارنىڭ مېتال تاۋلاش ھۈنەر سەنئىتى» (ماقالە)
3.«ئوتتۇرا ئاسىيا ئەنئەنىۋي ھايات قاراشلىرىغا باھا» (ماقالە)
4 .«تۈرك مەدەنىيىتى ھىندىستاندا» (ماقالە )
5.«كۈسەن مەلىكىسى» (كىنو سېنارىيىسى )
6.«مۇھەببەت يىغلايدۇ» (پوۋېست ، تاماملانمىغان)
7.«فارابى» (رومان ، تاماملانمىغان) .

ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىننىڭ «مەدەنىيەت دالاسىغا سەپەر» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى .
http://qam s.okyan.com/View.aspx?ID=8469
مەنبە ئوكيان تورى

# چىن ۋە ماچىننىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم دائىرىسى

چىن ۋە ماچىن ئىبارىسى ئۇيغۇر ـ تۈرك، ئەرەب ۋە پارس ئالىم ـ ئەدىبلىرىنىڭ تارىخ، جۇغراپىيە، تىلشۇناسلىق دەستۇرلىرىدا، ساياھەتنامىلىرىدە ۋە شېئىر داستانلىرىدا مىڭ يىللاردىن بېرى ئىزچىل يوسۇندا ئىستېمال قىلىنىپ كېلىۋاتقان، ھەممىگە تونۇش نام بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇ ئەسىرگە كەلگەندە ئىبارىنىڭ تارىختىكى جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم دائىرىسىنى چۈشىنىش ۋە ئىزاھلاشتا يول قويغىلى بولمايدىغان خاتالىق كۆرۈلۈۋاتىدۇ.

مەلۇمكى، چىن ۋە ماچىن ئىبارىسى ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق كىتابىدا، مۇتەپەككۇر ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا، مەشھۇر شائىر ئەلشىر نەۋائىينىڭ داستانلىرىدا، لۇتفى ۋە زەلىلى قاتارلىق شائىر_ئەدىبلەرنىڭ غەزەللىرىدە؛ نىزامى، فىردەۋسى، خىسراۋ دېھلىۋى، ھاجۇ گىلمان قاتارلىق پارس كلاسسىكلىرىنىڭ داستانلىرىدا؛ ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب سەيياھلىرى ۋە تارىخچىلىرىنىڭ كىتابلىرىدا؛ ئارىيان ۋە بۇددىزم دەستۇرلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلغان.

بىزنى چىن ۋە ماچىندىن ئىبارەت بۇ قوشكېزەك ئىبارىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم دائىرىسى ھەققىدە جىددىي مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا ئۈندەۋاتقان سەۋەب يېقىنقى ۋە بۈگۈنكى زاماندىكى بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭ ياكى چۈشەنچىسىنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن ياكى ئىلمىگە يات بولغان غەرەزىنىڭ نەتىجىسىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان ھەم كۈچەيپ ئومۇملاشتۇرۇشقا تىرىشىۋاتقان خاتا قاراشلىرىدۇر. ئېنىقنى ئېيتقاندا چىن ۋە ماچىن ئىبارىسى توغرىسىدا تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا مۇنداق ئىككى خىل قاراش ساقلانماقتا.

بىرىنچى خىل قاراش: چىن ۋە ماچىن چەتئەللىكلەرنىڭ «چاينا» (چىنا) دېگەن سۆزى بولۇپ، توغرىدىن توغرا پۈتۈن تەرجىمىسى «جۇڭگو» دېگەندىن ئىبارەت. بۇ ئاتالغۇ ئەسلىدە مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى چىنشىخۇاڭنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىدىن كېيىن قۇرۇلغان چىن سۇلالىسىنىڭ نامىنى ئۆزىگە مەنبە قىلىدۇ، دېگەن كۆز قاراش. بۇ قاراشتا «چاينا» ئاتالغۇسىنىڭ ھازىرقى تەرجىمىسى«جۇڭگو» دېگەن چۈشەنچە بىلەن چىن سۇلالىسى ۋە چىن، ماچىن ئاتالمىلىرىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش ئەھۋالى كۆرۈلگەن.

ئىككىنچى خىل قاراش: «چاينا» ئىبارىسى چىنشىخۇاڭ بىلەن ئەمەس، بەلكى چىڭ(مانجۇ) سۇلالىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ھەم ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە ۋە بۈيۈك برىتانىيىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەسىر دائىرىسىدىكى رايون ھىندى-چىنى ۋە جۇڭگو بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋەتلىرى ۋە كېلىشىملەر بىلەن باغلانغان ھالدا خەلقئارا ئىستېمالغا كىرىپ كەلدى دېگەن قاراش. ب. لەئۇفەر ئۆزىنىڭ «چاينا ئاتالغۇسى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش» ناملىق ماقالىسىدە تۇنجى قېتىم بۇ ئاتالغۇنى چىنشىخۇاڭ بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىزاھلاشقا ئېتىراز بىلدۈرگەن فرانسىيىلىك شەرقشۇناس پېللىئوت «چىنا ئىبارىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن ماقالىسىدىمۇ چىن، تاۋغاچ، ختاي ئىبارىلىرىنىڭ مەنبەلىرى ھەققىدە توختالغان.
مېنىڭچە ھازىرقى ئىنگلىز تەلەپپۇزىدىكى «چاينا» ئىبارىسى يېقىنقى زامان تارىخىدىكى جۇڭگونى ئىپادىلەيدىغان ئىبارە بولۇپ، ئۇ مانجۇلار قۇرغان چىڭ سۇلالىسىنىڭ نامى ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى جۇڭگو تارىخىدا ئۆتكەن ھەر قايسى دۆلەتلەر ياكى سۇلالىلەر ئۆزلىرىگە خاس ۋە بىر دەۋر ئىچىدە قوللىنىلغان نامى بولۇپ، پۈتۈن جۇڭگو ھەرگىزمۇ ئىزچىل يوسۇندا بىر سۇلالە نامىدا ئاتالغان ئەمەس!
بىز چىن (1)، جىن، چىن، جىن ۋە چىڭ ئاتالمىسىنى، چاينا ئىبارىسىنى، چىن ۋە ماچىن ئۇقۇملىرىنى تارىخىي يوسۇندا پەرقلەندۈرۈپ تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك. بىز ئالدى بىلەن «چىن» ۋە «ماچىن» ئاتالغۇسى ھەققىدىكى بىر قىسىم تارىخىي ھۆججەتلەر بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى. ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ ھىندى دەرياسىنىڭ باشلىنىش قىسمىدىكى بەش ئېقىن (پەنجئاب) ئىچىدە «چىناب» دېگەن دەريا بولۇپ، بۇ چىنىدىن ئېقىپ چىققان دەريا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ياپونىيىلىك تارىخچى يۈيجى لىيۇتى «غەربى يۇرتتا بۇددا دىنى» ناملىق كىتابىنىڭ 313-بېتىدە (خەنزۇچە نەشرى ) «پامىر تېغىنىڭ غەربىدە چىناب(چەناب) ۋە چىلام (جەلام) دېگەن ئىككى دەريا بولغان» دەپ يازغان. بۇ ئىككى دەريا لاۋۋي، بىئاس، ساتلەر دەريالىرى بىلەن قوشۇلۇپ بەش دەريا پەنجئاب ۋادىسىنى ھاسىل قىلغان. بۇ دەريالار ھىندى دەرياسىنى تەشكىل قىلىدۇ. س. لەرى نىڭ كۆرسىتىشىچە، ھىندىلار «چىن» دېگەن ئاتالغۇنى پامىر(قارلىقتاغ) ئەتراپىدىكى قەبىلىلەرگە قارىتىپ ئىشلەتكەن. پەڭ چىڭجۈن ئەپەندى «غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىز تارىخ جۇغراپىيىسىگە دائىر تەتقىقات ماقالىلىرى توپلىمى» ناملىق كىتابىنىڭ 99-بېتىدە«شەرقىي شىيالار بىلەن ھىندىلار ئارىسىدىكى زېمىن سانسكرىت تىلىدا «Chin» دەپ

ئاتىلىدۇ» دەپ يازغان.
ھىندىستاننىڭ «مانۇ قانۇنى»، «ماخاپخاراتا»، «قەدىمكى ھادىسىلەر» قاتارلىق قانۇنشۇناسلىق ۋە ئەدەبىيات دەستۇرلىرىدا «چىن» ئىبارىسى تىلغا ئېلىنغان. «قەدىمكى ھادىسىلەر» ناملىق رىۋايەت كىتابىدا «مانۇنىڭ توققۇز ئوغلى ۋە بىر قىزى بولۇپ، بۇ قىز ئاي ئىرۇنىڭ ئوغلى بۇدۇ بىلەن نىكاھلىق بولىدۇ. ئۇلاردىن بولغۇسى خان تۇغۇلىدۇ. مانۇنىڭ دېگەن ئوغلى مانۇنىڭ ياردىمىدە يېرىنىڭ بىر قىسمىنى ئىگىلەپ قەلئەسىنى سالىدۇ. بۇ ئاي خانلىقىنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ (ئا. ئوسىپوفنىڭ «10 ـ ئەسىرگىچە ھىندىستان تارىخىنىڭ ئوچېركى» خەنزۇچە نەشرى) دېيىلگەن.
ئەنگلىيىلىك ستەيىن ئۆزىنىڭ «سېرىندىيا» ناملىق كىتابىدا (بۇ كىتاب خەنزۇچىغا غەربىي يۇرت دەپ تەرجىمە قىلىنغان)، پەڭچەڭجۈن ئەپەندى«لولەن ۋە پىشامشان مەسىلىسى» ناملىق ماقالىسىدە لوپچىن ( نوپ ـ چىن) ئىبارىسىنى تىلغا ئالغان. ئۇلارنىڭ پەرىزىچە، لوپ ـ كونا لولان شەھىرىنىڭ لوپنۇر كۆلى ساھىلىدىكىنى، چىن سۆزى بولسا، شەھەر قەلئە مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆز قەدىمكى مىنوسنىسك ۋادىسىدىكى تۇران، تۇرانچىن ۋە قارا شەھەرنىڭ ئاراچىن دېگەن نامى بىلەن بىرلەشتۈرۈلسە، كىشىنى تېخىمۇ ئىزدىنىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ.
ستەيىن «قەدىمكى خوتەن» (1907 ـ يىلى) ناملىق كىتابىدا خوتەننى ماچىن دەپ تىلغا ئالىدۇ. (ھازىرمۇ خوتەندە«chini machini machin » شەھرى دەپ ئاتىلىدىغان خارابە بار) ماھاما ـ ماغا ئاتالغۇلىرى قەدىمكى ئارىيان ھەتتا ياۋچىلار تىلىدا چوڭ دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر راھىب تاڭ شۈئەنزاڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە قىلغان ساياھەت» ناملىق كىتابىدا «خوتەن پادىشاھلىرىنىڭ پېشۋاسى شەرقىي تۈرك شاھزادىسى بولۇپ، ئۇ ھىندىستانلىق پادىشاھ ئاسوكا بىلەن زاماندىش ئىدى» دەپ يازغان. خۇنىخنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى يادىكارلىقلار» ناملىق ئەسىرىنىڭ 12 ـ بېتىدە بۇ شەرقىي تۈرك شاھزادىسىنى «شەرقىي تۈرك ھېسابلانغان ئۇيغۇرلار ئىدى» دەپ ئىزاھلىغان.
ئارىيانلارنىڭ دىنىي دەستۇرى بولمىش مەشھۇر كىتاب «ئاۋېستا» دا «چىن» ئىبارىسى ئىپادىلەنگەنلىكى مەلۇم. ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» داستانىدا قەيت قىلىنىشىچە، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 11 ـ ئەسىرلەرگە ئائىت موسا پەيغەمبەرنىڭ يەھۇدىي دىنى دەستۇرى «تەۋرات» تا چىن «گوگ»، ماچىن «ماگوگ» ئىبارىسى بىلەن ئىپادىلەنگەندىن تاشقىرى،

چىن ـ ياپەسنىڭ نەۋرىسى دېيىلگەن. تارىخچى مىرخاند «رەۋزەتۇسسافا» ناملىق ئەسىرىدە، موللا مۇسا سايرامى«تارىخى ھەمىدى» ناملىق ئەسىرىدە تۈرك ياپەسنىڭ ئوغلى، نوھنىڭ نەۋرىسى، چىن ۋە ماچىن بولسا تۈركنىڭ ئوغۇللىرى دەپ بايان قىلىنغان. مەھمۇد قەشقىرىمۇ «تۈركلەر ئەسلىدە يىگىرمە قەبىلىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەڭرى ئەزىز كۆرگەن نوھ پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى ياپەس ۋە ياپەسنىڭ ئوغلى تۈرككە بېرىپ تاقىلىدۇ» («تۈركىي تىللار دىۋانى»1 ـ توم، 37 ـ بەت) دەپ كۆرسەتكەن.

پەڭ چەڭجۈن ئەپەندى «غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىز تارىخ جۇغراپىيىسىگە دائىر تەتقىقات ماقالىلىرى توپلىمى» ناملىق كىتابىدا قەشقەر ھەققىدە: قەشقەر خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى بىر دۆلەت ئىدى. چىن ئاتالغۇسىنىڭ مەيھۇمى مۇشۇ دۆلەتنى كۆرسەتسە كېرەك، ئۇنىڭ چېگرىسى كۇشان بىلەن تۇتاشقان بولۇشى مۇمكىن، مۇنداق دۆلەت پەقەت قەشقەر بولۇشى ئەقىلگە مۇۋاپىق، دەپ يازغان. لۇئى جىن ئەپەندى «بۇددىزم مەزھەپلىرىنىڭ مەنبەلىرى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە «كۇشان خاقانلىرىدىن بولغان كانىسكى چىنتەنلىك (؟؟) ئىدى» دېگەن يەكۈننى چىقارغان.

رىم ئىمپېرىيىسى زامانىدىكى ئەسەرلەردىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى رىم شائىرى گوراس(ھوراسە) نىڭ داستانىدا، مىلادىيە 2 ـ ئەسىردە ياشىغان رىم شائىرى پلىنونىڭ «تەبىئەت تارىخى» ناملىق ئەسىرى بىلەن پىتولومى (پتولومەس) نىڭ «جۇغراپىيە» ناملىق كىتابىدا چىن ئىلى ۋە يىپەك مەملىكىتى تىلغا ئېلىنغان. پەڭ چەڭجۈن: پەتولومىينىڭ يىپەك مەملىكىتى ھەققىدە ئېيتقانلىرى قەدىمكى تۇران (مەركىزى ئاسىيا) دىكى سۇلې(قەشقەر) بىلەن ئالاقىسىز دەپ قارىغىلى بولمايدۇ، دېگەن.(يۇقىرىقى كىتاب 99 ـ بەت). پەتولومىينىڭ ئەسىرىگە مەنبە بولغان مارىنوسنىڭ (مارۇنۇس) ساياھەت نامىسىدا چىن(چەنى) ۋە يىپەك مەملىكىتى(سەرەس) دېگەن ئىبارىلەر تولىمۇ روشەن تىلغا ئېلىنغان.

مىلادىيە 3 ـ ئەسىردە ياشىغان ئەبۇدەلىف ئىسىملىك ساياھەتچى ئۆزىنىڭ ساياھەتنامىسىدە «بۇخارادىن چىنگىچە» كەلگەنلىكىنى يازغان. سامانىيلار سۇلالىسى شاھى سۇلتان ناسىر بىننى ئەھمەد ۋاقتىدىكى ئابدۇللا ھېسسار بىننى ئەل مەھەلھىل ئۆزىنىڭ «ساياھەتنامە» سىدە چىنگە بارغانلىقىنى يازغان. مەلۇمكى، ئابدۇللا ھېسسار بىننى مەھەلھىلنى سامانىيلار شاھى سۇلتان ناسىرى بىننى ئەھمەد قەشقەردىكى قاراخانىيلار ھۆزۈرىغا 943 ـ يىلى نىكاھ ئەلچىلىرى قاتارىدا ئەۋەتكەن ئىدى.

مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق كىتابىدا چىن ۋە ماچىنغا

مۇناسىۋەتلىك بايانلارنى قىرىققا يېقىن ئورۇندا تىلغا ئالىدۇ ۋە ئىزاھلايدۇ. 1 ـ توم، 38 ـ بەتتە «مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى بولمىسۇن، رۇم ئۆلكىسىنىڭ يېنىدىن كۈنچىقىشقا قاراپ كەتكەن تەرتىپ بويىچە، شەرقتىكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تۇرار جايلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۈم» دەپ يېزىپ ئالتاي تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى يېنىسەي (ئاناساي) دەريا ۋادىسىدىكى قىرغىزلارنى «قىرغىزلار چىنغا يېقىن جايلاشقان» دەپ كۆرسەتكەن. ئاندىن تۈرك قەبىلىلىرى بولغان خىتاي، تاۋغاچ توغرىلىق«خىتاي ـ چىن دېمەكتۇر»، «تاۋغاچ ـ ماچىن دېمەكتۇر» دەپ كۆرسىتىدۇ. مەھمۇد قەشقىرى 1 ـ توم، 592 ـ بەتتە «تاۋغاچ» ئىبارىسىگە مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئىزاھات بەرگەن. (1) تاۋغاچ ـ ماچىن ئېلىنىڭ نامى،(2) تاۋغاچ تۈركلەرنىڭ بىر بۆلىكى،(3) تاۋغاچ ـ بۈيۈك ۋە قەدىمىي نەرسە دېگەن مەنىدە.

ئورخۇن ئابىدىلىرى بىلەن كۆك تۈرك خانلىقى زامانىدا توقباتلار تاۋغاچ. تاۋلار تاۋجازى، كىدانلار خىتاي دېيىلگەن بۇ مىللەتلەر شۇ دەۋردە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان مىللەتلەر ئىدى.

مەھمۇد قەشقىرى«چىن» نى ئۈچكە كۆرسەتكەن. يەنى يۇقىرى چىن ـ تاۋغاچ، ئوتتۇرا چىن ـ خىتاي، تۆۋەن چىن قەشقەر،(1 ـ توم، 592 ـ بەت).

مەھمۇد قەشقىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللەتلەرنى «ئاردا چوڭ سېپىل ۋە چىن يېنىدىكى تاغ ـ دېڭىزلار بولغىنى ئۈچۈن يەجۈج ۋە مەجۈجلەرنىڭ تىللىرىمۇ بىزگە مەلۇم ئەمەس» (1 ـ توم، 39 ـ بەت) دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن. كىتابىغا كىرگۈزگەن خەرىتىدىمۇ بۇنى پەرقلەندۈرگەن. «تات تاۋغاچ» ئىبارىسىنى «بۇ ئۇيغۇر ۋە چىنلىق دېگەن بولىدۇ» (2 ـ توم،409 ـ بەت) دەپ كۆرسەتكەن. «چىگىل، ياغما، توخسى، ئارغۇ، ئۇيغۇر قاتارلىق يۇقىرى چىنغا قەدەر جايلاشقان قەبىلىلەر» دېگەن بايانلارنى 2 ـ تومنىڭ 64 ـ ، 78 ـ ۋە 88 ـ بەتلىرىدە تەكرار ـ تەكرار تىلغا ئالغان. 1 ـ توم، 151 ـ بېتىدە «ئۇيغۇر بىر ئەلنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار. بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەيىن تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغان ئىكەن» دەپ يازغان بولسا، 3 ـ توم، 567 ـ بەتتە «تۈركمەن» ئىبارىسىگە ئىزاھ بەرگەندە «خاقان چىن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ، زۇلقەرنەيىن ئۇنىڭ كەينىگە چۈشىدۇ. ئۇيغۇرلارغا يېقىن بىر يەردە خاقان زۇلقەرنەيىنگە بىر قىسىم چارلىغۇچى قوشۇن ئەۋەتىدۇ. زۇلقەرنەيىنمۇ شۇنداق قوشۇن ئەۋەتىدۇ. توقۇنۇش نەتىجىسىدە زۇلقەرنەيىن ئەۋەتكەن قوشۇن مەغلۇپ بولىدۇ. بۇ توقۇنۇش دېگەن يەردە بولغانىكەن. بۇ

تاغ هازىرقى كۈندە دەپ ئاتىلىدۇ. زۇلقەرنەين ئەنە شۇ يەردە خاقان بىلەن سۈلھ تۈزىدۇ» دەپ يازغان. دېمەك مەھمۇد قەشقىرى بۇ ئىككى بايانىدا «ئۇيغۇر ئېلى» بىلەن «چىن» نى ياندىاشتۇرۇپ تىلغا ئالغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بىز يەنە ئۇنىڭ تۈرك يېزىقى توغرىسىدا توختالغاندا «قەدىمدىن بېرى قەشقەردىن يۇقىرى چىنغىچە بولغان ھەممە تۈرك يۇرتلىرىدا بارچە خاقانلار بىلەن سۇلتانلارنىڭ يارلىق ۋە خەت ئالاقىلىرى ئەنە شۇ يېزىقتا يېزىلىپ كەلگەن» (1 ـ توم، 11 ـ بەت) دەپ يازغانلىقىنى كۆرۈپ، «چىن» ئىبارىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇمى ھەققىدە تېخىمۇ ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولىمىز. چۈنكى «ھۇدۇدۇل ئالەم» ناملىق مەشھۇر كىتابتا تۇرپاننى «چىنجىكەنت» دەپ ئاتىغانلىقى ھەممىگە ئايان. مەھمۇد قەشقىرى «دىۋان» نىڭ 1 ـ توم، 517 ـ بەتتىكى «كەرەم» سۆزىنى ئىزاھلىغاندا «يۇقىرى ۋە تۆۋەن چىنلىقلار ئىلىدا» دەپ قوشۇپ قويغانلىقىنى كۆرۈمىز . مەھمۇد قەشقىرىنىڭ تۆۋەن چىن دېگەندە قەشقەرنى كۆزدە تۇتىدىغانلىقى كىتابىنىڭ ئۈچ يېرىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن.

مۇتەپەككۇر ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىغا كېيىنكى كىشىلەر تەرىپىدىن قوشۇپ كىرگۈزۈلگەن نەسرىي ۋە كېيىنچە يەنە نەزمىي مۇقەددىمىدە چىن ۋە ماچىن ئىبارىلىرى مۇنداق چىلىقىدۇ:

بۇ بەك ئېزىز بىر كىتابتۇر، ئۇ چىن ھۆكىملىرىنىڭ ھېكمەتلىرى بىلەن بېزەلگەن، ماچىن ئالىملىرىنىڭ شېئىرلىرى بىلەن ياسالغانكى، بۇ كىتابنى ئوقۇغان ۋە بېيىتلارنى باشقىلارغا بىلدۈرگەن كىشى بۇ كىتابتىنمۇ ئەزىزراقتۇر. چىن ـ ماچىن ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرىنىڭ ھەممىسى بىر قارارغا كەلدىكى، مەشرىق ۋىلايىتىدە، پۈتۈن تۈركىستان ئەللىرىدە، تۈركىي سۆز بىلەن بۇغراخان تىلىدا ھېچكىم بۇنىڭدىن ياخشىراق كىتابنى ھەرگىز يازغىنى يوق. بۇ كىتاب قايسى پادىشاھلىققا ياكى قايسى ئىقلىمغا يەتسە، غايەت ئۇزلۇقى ۋە پەۋقۇلئاددە گۈزەللىكىدىن، ئۇ ئەللەرنىڭ ھېكىملىرى، ئالىملىرى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەر بىرى بىر تۈرلۈك ئات ۋە لەقەم بەردى. چىنلىقلار (شاھلارنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى) دەپ ئاتىدى؛ ماچىن مۇلۇكىنىڭ ھېكىملىرى (مەملىكەتنىڭ دەستۇرى) دېسە، مەشرىقلىقلار (ئەمىرلەر زىننىتى) دېدى؛ ئىرانلىقلار() دەپ ئات قويدى؛ بەزىلەر (پادىشاھلارغا! نەسىھەت) دەپ ئاتىدى؛ تۇرانلىقلار دەپ() ئات قويدى.»

بۇ باياندىكى «چىن ۋە ماچىن ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرىنىڭ ھەممىسى بىر قارارغا كەلدىكى مەشرىق ۋىلايىتىدە، پۈتكۈل تۈركىستان ئەللىرىدە، تۈركىي سۆز بىلەن بۇغراخان تىلىدا ھېچكىم بۇنىڭدىن ياخشىراق كىتابنى ھەرگىز يازغىنى يوق» دېگەن جۈملىدىكى «چىن ـ ماچىن ئالىملىرى ۋە

ھېكىملىرى» دېگەن بۆلەك بىلەن «مەشرىق ۋىلايىتىدە، پۈتكۈل تۈركىستان ئەللىرىدە، تۈركىي سۆز بىلەن بۇغراخان تىلىدا» دېگەن بۆلەكنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، «چىن ۋە ماچىن» ئىبارىسىنىڭ «كىدان» ئىبارىسىدىن پەرقلىق تىلغا ئېلىنغانلىقىنى، «چىن ۋە ماچىن ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرى» ھېچقاچان «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىنى كۆرۈپ بۇ ھەقتە باھا يۈرگۈزۈۋاتقان، لىياۋ ياكى سوڭ سۇلالىسى ئالىم ھېكىملىرى ئەمەسلىكىنى تەبىئىي ھېس قىلىمىز.
ستەين ئۆزىنىڭ خوتەن لوپ ۋادىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك ساياھىتىدە مىلادىيەنىڭ بېشىدىكى كاڭىيە يېزىقىدا يېزىلغان بىر ھۆججەتتە «چىنىستان» (چىناستان چىنىستان) دېگەن ئىبارىنى ئۇچراتقان. بۇ ئىبارە «چىنىستانى ئىلىك بىگ» (چاشتانى ئىلىك بەگ) داستانىنىڭ نامى بىلەن سېلىشتۇرغاندا قىزىقارلىق تېما كېلىپ چىقىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ يەكۈن ئەمەس.
ستەين «قەدىمكى خوتەن» ناملىق كىتابىنىڭ خەنزۇچە نەشرى 173 ـ بېتىدە سۇي ـ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خوتەن خانلىرى ۋە چاڭئەندە ياشىغان خوتەنلىكلەرنىڭ ئىسمى ئالدىغا قويغان ۋېي چى (؟؟) ئىروگلىفىنىڭ تۇبۇتلۇقلاردا رىجايا دەپ تەلەپپۇز قىلىنىشىغا ئاساسلىنىپ، ئەسلى خوتەنلىكلەر «ۋېي چىن»(ۋەئىچىن) دەپ ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن، دەيدۇ. «ماھا» چوڭ دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئەينى زاماندا رىمدا «چىڭ» دەپ ئىشلىتىلەتتى ھەم بۇ چىن ئىبارىلىرى ئوخشىمىغان پارالىل ئىبارىلەر بولۇپ، خەنزۇ يېزىقىدا پەرقلەندۈرگىلى بولاتتى. بۈنىڭدىن باشقا ۋېي چى (ھازىر ۋىجايا، ۋايسارا دەپ ئۆزىمىز ياسىۋالغان ئىبارە) تاكى خوتەننىڭ ئاخىرقى بۇددا پادىشاھىغىچە قوللىنىلغان. قاراخانىيلار ئۇنى ماچىن نامى بىلەن ئاتىغان. ۋېي چى ئىبارىسىنىڭ ماچىن ئىبارىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ۋېي چىشېڭ (؟؟؟)«غالىب غالىبى» مەنىسىدە ئەمەس«غالىب ماچىنى»مەنىسىدە بۆلىشى مۇمكىن. دەرۋەقە تاڭ سۇلالىسىگە زامان جەھەتتە يېقىن تۇرىدىغان قاراخانىيلارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە خوتەندە «ۋېي چى»سۆزى ئەمەس، بەلكى «ماچىن» دېگەن ئىبارە قوللىنىلغانلىقى روشەن. ئى. بىرتىشنىدىرنىڭ ئەرەب تارىخچىلىرىغا ئاساسلىنىپ يېزىشىچە، ئىسلام دىنىنى تارقىتىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان قەشقەر خوتەن ئارىسىدىكى (1017 ـ يىلى) ئۇرۇش چىن ـ ماچىن ئۇرۇشى دەپ ئاتالغان. ستەين فرانسۇز ئالىمى گرېنارد (م. گرەنارد) نىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلىنىپ ئەينى چاغدىكى خوتەن بۇددىستلىرىنىڭ پادىشاھىنى «جاگال ـ كھالكالۇ ئوف ماچىن» ـ ماچىن شاھى ياغلۇ قالقالۇ دەپ يازغان. بۇ خەلق ئىچىدە «قالقالۇ ماچىن» دەپ

ئاتىلاتتى. بۇ دەل «ۋىجايا»، «ۋايسارا» دەپ خاتا قوللىنىۋاتقان ماچىندۇر. ئوتتۇرا ئەسىر تۈرك ئەدەبىياتىدا «چىن»، «ماچىن» ئىبارىلىرى كۆپ ئىستېمال قىلىنىدى. بۇ لۇتفى، سەككاكى، نەۋائى، زەلىلى قاتارلىق ئۇيغۇر نەسەبىگە تەۋە كلاسسىك شائىرلار تەرىپىدىنلا ئەمەس ھەتتا ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجىۋى، فۇزۇلى، ھەتتا «يولۋاس تېرىسىنى يېپىنىۋالغان باتۇر» داستانىنىڭ ئاپتورى گىروزىن شائىرى رۇستاۋىلى شۇتانىڭ ئەسەرلىرىدە تۇران نامى ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. لۇتفى«گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانىدا چىن ۋە ماچىن ئارىسىدىكى قېرىنداشلار ئۇرۇشىدىن پەرياد چېكىپ مۇنداق مىسرالارنى يازغان:

نى يالغۇز چىنۇ ماچىن تەڭسۇقىدىن،
كى بارچە دۇنيانىڭ تەڭسۇقلىقىدىن.

قارا تاغلىق ۋە ئاق تاغلىق دەپ گۇرۇھ بولۇشۇپ، تۈگىمەس تەپرىقچىلىك قۇيۇنلىرىنى قوزغىغان خوجا ئىشانلارنىڭ يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنى خانىۋەيران قىلىشىپ پەيدا قىلغان جاھالەتلىك يىللىرىدا ياشىغان مەشھۇر شائىر مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ئۆزىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شەرقىدە ئۆتكەن سەرسان سەرگەردانلىق ھاياتىنى:

چىندا مۇساپىردۇرمەن ماچىن ئىچىدە غېرىب،
يار يۈزىن كۆرمەدىم مۇنچەكى مەن سارغىيىپ.

دەپ ئىپادىلىگەن.( مىللەتلەر نەشرىياتى، 300 ـ بەتكە قاراڭ).
19 ـ ئەسىردە ئىلى ۋادىسىدا ياشىغان تالانتلىق شائىر موللا بىلال بىن موللا يۇسۇپ تارىخى داستانى «غازات دەرمۇلكى چىن» (چىن يېرىدىكى مۇقەددەس ئۇرۇش) دە ئىلى ۋادىسىنى «مۇلكىي چىن» دەپ ئاتىغان. بۇ «مۇلكىي ئەجەم»، «مۇلكىي خوتەن» دېگەندەك ئادەت خاراكتېرلىك ئاتاش، ئەلۋەتتە. ئۇلۇغ شائىر ناۋائىينىڭ «پەرھاد ـ شىرىن» داستانىدا يارىتىلغان چىن شاھزادىسى پەرھاتنىڭ ئوبرازى بىزگە ھەرگىزمۇ ھازىرقى ئەرەب، پارس، ۋە تۈرك تىللىرىدا «جۇڭگو» نى «چىن» دەيدىغان پاكىت تۈپەيلى «جۇڭگو شاھزادىسى» بولۇپ تۇيۇلمايدۇ. «چىن» ۋە «ماچىن» دىن ئىبارەت بۇ تويىنومىيىلىك نام تارىختا ئۇيغۇر ـ تۈرك خەلقلىرى ياشىغان غەربىي يۇرتنى كۆرسىتىدۇ. جاڭ خۇڭنىيەن ئەپەندىمۇ «شاھنامە» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىدا «چىن» ئاتالمىسى جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى تارىختا تۈركىي خەلقلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايوننى كۆرسىتىدۇ. ئۇ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىنى كۆرسەتمەيدۇ»، دەپ ئەسكەرتكەن.
يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن مۇنداق مۇھاكىمىگە كېلىش مۇمكىن. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن مەركىزى ئاسىياغا بېسىپ كىرگەندە «چىن»

قەبىلىلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. ئەمما ئۇرۇش ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تەشەببۇسكارلىقى تۈپەيلى سۇلھى بىلەن ئاخىرلاشقان. بۇ «چىن» قەبىلىلىرى ئەفراسىياپنىڭ «تۇران» قەبىلىلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى.

«چىن» ۋە «ماچىن» ئىبارىلىرى قەدىمكى «غەربىي يۇرت شەھەر ـ قەلئە دۆلەتلىرى» گە باغلىنىشلىق ئاتالغۇ بولۇپ، قەدىمدىن مەۋجۇت ئىدى. بۇ ئاتالغۇ بىلەن چىنشىخۇاڭ بىرلىككە كەلتۈرۈپ قۇرغان سۇلالىنىڭ نامىنى ئارىلاشتۇرىۋېتىشكە ئاساس يوق. چۈنكى بۇ ئاتالما چىن سۇلالىسى زامانىسىدىن تولىمۇ قەدىمىي بولغان دەستۇرلاردا تىلغا ئېلىنغان. روشەنكى، كېيىنكى كۆنلەردە ئاغدۇرۇلغان ۋە ئەينى زامان سىياسىي مۇھىتىدا نامىنى نىشانە قىلغىلى بولمايدىغان چىن سۇلالىسىنىڭ نامى«چىن» ۋە «ماچىن» ئىبارىلىرىگە ئاساس بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جۇ سۇلالىسى زامانىسىدىلا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى چۇنچيۇ دەۋرىدىلا شىمالدىكى مىللەتلەر (چىنلار) دېيىلگەن. چىن سۇلالىسىگىچە سوقۇلغان سەددىچىن نىئەنشۈي ۋادىسىغا يەتمەي ئاخىرلاشقان بولۇپ، سېپىل سىرتى «چىن» دەپ ئاتالغان. بۇ ئومۇمەن مەركىزى ئاسىيانى كۆرسىتىدىغان تۇران زېمىنى چىن، خوتەن دىيارى ئۇلۇغ چىن ـ ماچىن دېيىلىدىغانلىقىنى، «ئوتتۇرا چىن» ئىبارىسى «ماچىن» ئىبارىسىدىن كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

1990 ـ يىلى. ئۈرۈمچى.

ئەتتىرگۈل بىلوگىدىن ئېلىندى.
مەنبە ئادرىسى : http://attirgul.blogbus.com/logs/41109513.html

# يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت

سۇمۇرغ مېنى جاۋاھىرلار غارىغا ئېلىپ كىردى. قولۇمغا «جاھاننامە» ئەينىكىنى ئالدىم. كۆزۈمگە قىزىل يۇلغۇنلۇق يولدا مەرۋايىتتەك تىزىلىپ كېتىۋاتقان تۆگە كارۋىنى كۆرۈندى...

«جاھاننامە» دىن

1980 ـ يىللارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر كېچىسى سەمەرقەنتتىكى «ئۇلۇغبەگ رەسەتخانىسى» تەسۋىرلەنگەن ئالبومنى قولۇمدا تۇتۇپ، چوڭقۇر خىيالغا چۆكتۈم. تەسەۋۋۇرۇم بوشلۇقىدا ئالتۇن قاناتلىرىنى دالا گۈلخانلىرىنىڭ يالقۇنلۇق ئۆركەشلىرىگە ئۇرۇپ قايتا تۇغۇلغان سۇمۇرۇغنىڭ جەسۇر ئوبرازى چاقناپ، ئۇنىڭ خۇش بېشارەتلىك كۈلكە ئاۋازى ياڭرىغاندەك بولدى. بەئەينى جالالىدىن رۇمى ئېيتقاندەك: ئەقىل مەنتەقە بىلەن يەكۈنلىيەلەيدىغان بىر ھەقىقەتنى قەلبىم مۇھەببەت بىلەن ئالدىن ھېس قىلغۇدەك، بىر ئۈمىدۋار، ئىللىق روھىيەت ۋۇجۇدۇمنى شېرىن لەرزىگە سالدى. كۆز ئالدىمدا بىرەر يېڭى بايقالغان يۇلتۇز ئەمەس، بەلكى يېڭى ئىقبال ـ ئانا يۇرتۇمنىڭ ئەزگۈ گەۋدىسى ئۈستىگە چۈشكەن ئەنقا قۇشىنىڭ شولىسى جىلۋىلەندى، بىردىنلا ئەقلىمگە كەلدىم: «كەلگۈسى مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ!»

مەن شۇ ماۋزۇدىكى ماقالەمنى يېزىپ ئىككى يىل ئۆتكەندە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىل 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىشقا مۇيەسسەر بولالىدىم. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى «كاساندىرانىڭ جۆيلۈشى (كاساندىرا ـ رىم ئەپسانىلىرىدىكى ئالدىن بىلگۈچى)» ھېسابلانغان بۇ ھۆكۈم، مانا 1992 ـ يىلى سېنتەبىردە ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان خەلقئارا يەرمەنكە يىغىنى ئارقىلىق رېئال تارىخنىڭ تۈنجى سەھىپىسى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى.

ھەئە، شۇنداق! بىر نەچچە ئەسىر «ئەسھابۇلكەھف» دەك ئۇخلىغان «يىپەك يولى» روھى ئويغاندى. مىلادىدىن ئىلگىرى ياۋروپا ـ ئاسىيا بوشلۇقىدا جەۋلان قىلغان «يىپەك يولى» سۇمۇرۇغى قايتا قانات قاقتى. تارىخ ئۆزىنىڭ ئۈچىنچى ئىراسىغا قەدەم قويدى.

جۇڭگونىڭ ئىشىكنى سىرتقا چوڭ ئېچىۋېتىش، غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بولغان ئالاقىنى تەخىرسىز يولغا قويۇش سىياسىتىگە ئۇل سالغان ھازىرقى زامان ئېڭى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى شەرق ـ غەرب ئالاقىلىرىنىڭ يىپەك يولى ئوتتۇرا

ئۆتكىلىدىكى ئەڭ ئاخىرقى مۇز قاتلىمىنى ئېرىتىۋەتتى. زامانىۋى تاشيول، ياۋروپا ـ ئاسىيا ئىككىنچى تۆمۈريولىنىڭ پائالىيەتكە كىرىشى، ھاۋا قاتنىشى كېلىشىملىرى بىلەن تېلېگراف ـ تېلېكس ئالاقىلىرىنىڭ قايتا جانلىنىشى قۇم بارخانلىرى ئىچىگە غەرق بولغان قەدىمكى يىپەك يولى خارابىلىرى ئۈستىدە يېڭى يىپەك يولىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى نامايان قىلدى! ئالەم زۆرۈرىيەتلىرى شۇنى تەقەززا قىلىدىكى، بۇ ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس تارىخىي يۈزلىنىشنى توختىتىش مۇمكىن ئەمەس!

قەدىمكى رىم ئالىمى لۇكرەئوس ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىدائىي تۇرمۇشىنى تۆنجى قېتىم «كونا تاشقورال دەۋرى» دەپ ئاتىدى. بۇ قاراش 19 ـ ئەسىردە قوبۇل قىلىندى. 1865 ـ يىلى جون. لوبىك «كونا تاشقورال (پالەئولەتىك) دەۋرى»، «يېڭى تاشقورال (نەئولەتىك) دەۋرى» ۋە مىس (برونزا)، تۆمۈر قوراللىرى دەۋرى قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1877 ـ يىلى ئامېرىكىلىق قەدىمكى دەۋر تارىخىي تەتقىقاتچىسى مورگان «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە ئىنسانىيەت تارىخىنى «ياۋايىلىق دەۋرى»، «ۋارۋار(نادان) لىق دەۋرى»، «سىۋىلىزاتسىيە(مەدەنىيەت) دەۋرى» دەپ ئۈچكە بۆلگەن، ئالدىنقى ئىككى دەۋرنى جون. لوبىكنىڭ «كونا تاشقورال دەۋرى» بىلەن «يېڭى تاشقورال دەۋرى» گە تەققاس قىلغان، تۆمۈر ۋە دۆلەت پەيدا بولغاندىن كېيىنكى دەۋرنى «سىۋىلىزاتسىيە دەۋرى» دەپ ئاتىغانىدى.

مەن يېڭى يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشىنى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت ئالاقىلىرى تارىخىنىڭ ئۈچىنچى ئېراسىنىڭ مۇقەددىمىسى دەپ قارايمەن. بۇ ئاساسسىز ئېيتىلغان ئەمەس، ئەلۋەتتە!

مېنىڭچە، ياۋروپا ـ ئاسىيا ـ ئافرىقىدىن ئىبارەت «كونا قۇرۇقلۇق» تا مىلادىدىن بىر قانچە ئەسىر ئىلگىرى باشلانغان ۋە يېقىنقى زامان تەسۋىرىي ئىبارىسى بويىچە «ئۇلۇغ يىپەك يولى» دەپ ئاتالغان قەدىمكى كارۋان ئالاقىلىرىدىن بۇرۇن ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەرق ـ غەرب يۈرۈشىنى باشلىغان. ھازىرغىچە، قىسمەن ئەپسانە ئەدەبىياتىغا ئايلىنىپ كەتكەن، قىسمەن ئاسىيا، ياۋروپا، ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي ئامېرىكا قىيا ـ غار سىزمىلىرى، ئىندىئان ئىمپېرىيىلەردىن قالغان پىرامىدا ۋە قەسىر خارابىلىرى شەكلىدە ئىزاھسىز تىلسىم بولۇپ تۇرۇۋاتقان «غەيرىي رەسمىي تارىخ» ئەنە شۇ ئەڭ قەدىمكى شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت قانىلىنىڭ تارىخىي شەھىرى ھېسابلىنىشى لازىم.

قەدىمكى سىبىرىيە كىشىلەر نەزىرىدە ئاللىقانداقتۇر «بوش ماكان»، «ئورمان پادىشاھلىقى» بولۇپ تۇرماقتا. بىز ئەگەر بۇ ماكانىنىڭ 10 مىڭ

يىل، ھەتتا تېخىمۇ يىراق زامانلاردىكى «غەيرىي رەسمىي تارىخ» نىغا نەزەر سالساق، ئۇنىڭدا ھەرىكەتچان ئىپتىدائىي ئىنسانىنىڭ ئاللىقاچان شەرق ـ غەرب سەپىرىنى باشلىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈمىز . ھازىرقى ئورال ـ ئالتاي تىللىرى تۈركۈمىدىكى خەلقلەرگە تونۇش ئادىتى، فولكلور ـ ئەپسانىلىرى، سەنئەت رىتىملىرى ئوخشاپ كېتىدىغان قەدىمكى سىبىرىيىلىكلەرنىڭ بىر قىسمى تەخمىنەن 20 مىڭ يىللار ئىلگىرى ئاسىيا بىلەن ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئەڭ يېقىن ئىككى تۇمشۇقى ـ «ئۇزۇلۇش» ۋە «ئۇزۇلدى» ئارىلىدىكى تۇتاش مۇزلۇق ئارقىلىق ئالياسكا ۋە شىمالىي ئامېرىكا، كېيىنچە جەنۇبىي ئامېرىكىغا ئۆتكەن. ئۇلار مايمۇنسىمان ئىنسان ئىزى تېپىلمىغان بۇ زېمىندا ئۇزاققا سوزۇلغان ئىپتىدائىي تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرۈپ، ھىندىستانغا بارىمەن دەپ «ئوتلۇق يەر» بوغۇزىدا تۇتقۇن بولغان كولومبو تەرىپىدىن ناتوغرا ھالدا «ئىندىئان» لار دەپ ئاتالغان. ئۇلار غەربىي ياۋروپالىقلارنىڭ قىرغۇچى ۋە قۇللاشتۇرغۇچى ھەربىي يۈرۈشلىرىدە خانىۋەيران بولۇشتىن ئىلگىرى «ئولمېك مەدەنىيىتى»، «تىئوتىۋاكان مەدەنىيىتى» قاتارلىق ئاجايىپ مەدەنىيەت تىپلىرىنى ياراتقان. مىسىر پىرامىدىلىرى سىياقى ئۇلۇغۋار ھەم سىرلىق «تەڭرى ماكان ـ تىئوتىۋاكان» پىرامىدىسى بىلەن فرانسىيىدىكى مەشھۇر ئالتامىرا غار سىزمىلىرى، ئىسپانىيىدىكى راسكو غار سىزمىلىرى، يېقىندىلا فرانسىيىنىڭ مارسېل شەھىرى يېنىدىكى كىچىك دېڭىز قولتۇقىدىن تېپىلغان سۇ ئاستىدىكى غارغا سىزىلغان رەسىملەر ئەنە شۇ ئەڭ قەدىمكى، ئەمما تېخى سىرى يېشىلمىگەن شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى پائالىيەتچان مەدەنىيىتى، مىنىڭچە، مۇشۇ قانال ساھىلىغا كۆمۈلگەن. ئۇ مۆجىزە شەكلىدە ئېچىلغۇسى ۋە بىزنىڭ قاتمال تارىخىي قاراشلىرىمىزغا يېڭى مەنزىرە، يېڭى ئوزۇق بېغىشلىغۇسى.

بۇ بىرىنچى مەدەنىيەت ئېراسىنىڭ كېيىنكى سەھىپىسى سومەر ـ ئاندرونوم ـ ئارى تۈركۈمىنىڭ سكتاي ـ ساك قەبىلىلىرىنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3000 ـ يىللىرىدىن تاكى 1000 ـ يىللىرىنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە ـ شەرقتە كۇڭفۇزى، غەربتە سوقرات ئالەمگە كەلگۈچە بولغان دەۋرلەرگىچە داۋاملاشقان. ۋەھالەنكى، چىن ـ خەن ئىمپېرىيىلىرى، گرېتسىيە، ئاخمانىيلار ئىمپېراتورلىرى غەرب ۋە شەرقكە يۈرۈش قىلىپ، «ئۇلۇغ يىپەك يولى» بەرپا بولغۇچە ئۆتكەن بۇ بەھەيۋەت مەدەنىيەت باسقۇچىمۇ تېخى يورۇتۇلغىنى يوق!

رەسمىي ئېتىراپ قىلىنغان، تەخمىنەن مىلادىدىن 5 ـ 6 ئەسىر ئىلگىرى

تەدرىجىي شەكىللىنىپ، 15 ـ، 16 ـ ئەسىرگىچە ئىككى مىڭ يىلدەك داۋام قىلغان يىپەك يولى ئالاقىلىرىنى مەن شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ ئىككىنچى تارىخىي ئېراسى دەپ قارايمەن.

ئاتنى «جاھانكەزدى» ۋاستە قىلغان، ئەڭ قەدىمكى «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» نى ياراتقان خەلق ئەڭ دەسلەپكى شەرق ـ غەرب ئالاقىلەرلىنىيىسىنى ئاچقاندىن كېيىن، تۆگىنى «جاھانكەزدى» ۋاستە قىلغان، قەدىمكى «يىپەك يولى مەدەنىيىتى» نى شەكىللەندۈرگەن يېڭى شەرق ـ غەرب ئالاقىلىرى باشلاندى. ئىككى مىڭ يىلغا يېقىن داۋام قىلغان بۇ قايناق ئالاقە يولى ياۋروپادا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى، دېڭىز ـ ئوكيان قاتنىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، يېڭى قۇرۇقلۇقلارنىڭ بايقىلىشى ۋە سانائەت ئىنقىلابىنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن چۆلدەرەپ قالدى. نەتىجىدە، شەرقتىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرى تەدرىجىي سوۋۇپ، ئۇنىڭ مۆجىزىدار يادىكارلىقلىرى خارابىگە ئايلاندى. ئەينى يىللاردىكى قايناق مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ مەركىزىدە پائالىيەت قىلىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىمۇ بارا ـ بارا تەبىئىي يوسۇندا يىپەك يولىنىڭ سىمۋولى بولغان چۆل كېزەر تۆگىنىڭ خاراكتېرىگە ئەمەس، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، بېشىنى قۇمغا تىقىۋېلىشنى ئامان ـ ئېسەنلىك دەپ بىلىدىغان تۆگىقۇشنىڭ خاراكتېرىگە ئوخشاپ قالدى.

مانا ئەمدى «قاناتلىق تۆگە» ئوبرازىنى سىمۋول قىلغان شەرق ـ غەرب ئالاقىلىرىنىڭ ئۈچىنچى تارىخىي ئېراسى باشلاندى، ھەربىر ئالاقىدار ئېراسىنىڭ ئۆز ئەپسانىلىرى، رىۋايەت ـ لەگەندىلىرى، ھېكايە ـ داستانلىرى، ئەقىدە ھېكمەتلىرى بولغىنىدەك، ئۈچىنچى ئېرامۇ ئۆز سەھىپىلىرىنى ئۆز زامانىغا مۇناسىپ لەگەندە ۋە ھېكمەتلەر بىلەن بېزەندۈرگۈسى. «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» ئىككىنچى ئېرانىڭ ـ يىپەك يولى ئالاقىلىرىنىڭ مەركىزىي ئاسىيادا بىنا قىلغان مۆجىزىدار خەزىنىسىدىكى خۇددى ئەنقا تۇخۇمىنىڭ توققۇز گۆھىرىدىن ئىبارەت.

## 1 ـ ھېكمەت

يولدا تەشەببۇسكار ئورۇننى ئىگىلىگەن مىللەت مەدەنىيەتتە ئىلگىرى كەتكەن مىللەتتۇر.

ـ خىيال دەپتىرىمدىن

يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەتنىڭ بىرىنچىسى يول ۋە سىرتقى تىجارەتتىن ئىبارەت.

يىپەك يولى ـ ئۆز زامانىسىدىكى سان ـ ساناقسىز تۆرمۈش رىتىملىرى، ھېسسىيات دولقۇنلىرى، تەپەككۇر ئېقىملىقى، تاغ ـ جىلغا، يايلاق ـ بوستان قاتناش ئىزلىرى بىلەن سەپەر مەنزىلگاھلىرى قوشۇلۇپ ھاسىل بولغان ئەڭ ئۇلۇغ قانات سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى.

يىپەك يولى قەدىمكى ئاتلىقلار مەدەنىيىتى دەۋرىدىكى يايلاق ـ دالا يولىدىن پەرقلىق ھالدا قەدىمكى ئىمپېرىيىلەر، شەھەر ـ قەلئە مەملىكەتلىرى بويلاپ سوزۇلدى. چۆل ـ جەزىرە ۋە بوستانلىقلار ئۇنىڭ مېلودىيىسىنى تەشكىل قىلدى. بۇ خۇددى چالغۇ تارىلىرىغا ئوخشاش، ئىككى مىڭ يىللىق شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ گارمونىك ئاھاڭىنى چېلىپ كەلگەن ئۇلۇغ قانات ئىدى.

يىپەك يولىنى ھەرقايسى مىللەتلەر ئاچقان. ئۇنىڭدا يۈرگەن كارۋانكەش سودىگەرلەرنىڭ تۆھپىسى لەشكەر تارتىپ، جەڭ سۈتۈقلىرىنى ياڭراتقان پادىشاھ ـ سەركەردىلەرنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. ھەسەل ھەرىسى بىلەن رەڭدار كېپىنەكلەردەك گۈلدىن گۈلگە قونۇپ بەرگ جامىدا شەبنەم ئىچكەن كارۋان تارتقۇچى سودىگەرلەر شارابىتىدىن يىپەك يولىدا ماددىي مەدەنىيەت ۋە ئۇنىڭغا مەدەنىيەت جاۋاھىراتلىرى ئالمىشىپ تۇردى. يىپەك يولىنىڭ ئاۋانگارت كارۋانلىرى ھېسابلىنىدىغان ئۇيغۇر ئەجدادلىرى بولمىش ۋە خەنزۇ مەنبەلىرىدە «خۇرجا» «(贿胡)دەپ ئاتالغان بۇ سودىگەرلەردە ئىككى ئالاھىدىلىك بولغانىدى:

ئۇلار ئۆز ماكانىدا يۆتكەلمەي دۇكان ـ ساراي ئاچىدىغان ھۆپىگەر تىجارەتچىلەرنىڭ ئەكسىچە، يۇرتمۇ ـ يۇرت، قەلئەمۇ قەلئە، تاغمۇ تاغلاردىن ئېشىپ خەلقئارا ئالاقىنىڭ ئۇلۇغ توقۇلمىسىغا ئارقاق بىلەن ئۇرۇش تارتقۇچىلار ئىدى. ئۇلار يىراق ئەجدادلىرى ـ ئارىيان ـ سىكتاي ـ ساكلارنىڭ «جاھانكەزدى» ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شەرقنى غەربكە، غەربنى شەرقكە «يۆتكەپ كېلىش» جەريانىغا ئۆلمەس تۆھپە قوشتى. ئۆز ماكانىدا رەستە قۇرۇپ، دۇكان ـ ساراي ئاچقان تىجارەتچىلەر بۇ توقۇلمىغا گۈل چەكتى.

ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ ئىككىنچى ئالاھىدىلىكى، ئۇلار ئەينى زامان مەدەنىيىتى ۋە مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتىگە تويۇنغان بولغاچقا، ئالدى بىلەن مەدەنىيەت تارقاتقۇچىلار بولدى. ئۇلار سودىگەر كەلگەندە «قىلنى قىرىق يارغان» بىلەن، دوستلۇق، مېھماندوستلۇق، ساخاۋەتكە كەلگەندە، «ئالتۇن چاچقۇ چاچىدىغان» مەردانىلەردىن ئىدى.

يىپەك يولى تۇپەيلى، قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا ئاددىيغىنا يايلاق ياكى بوستان مەدەنىيىتى رايونى ياكى يېزا ئىگىلىكى رايونى بولماستىن، بەلكى

خەلقئارا سودا ـ تىجارەتنى تېرەك قىلغان يېزا ئىگىلىكى، ھۈنەر ـ سەنئەت مەدەنىيىتى ۋە چارۋا ئىگىلىكى دىيارى ئىدى. ئاددىي يىپەك ـ مەشۇتقا سىكتاي ـ ساك ئالتۇنپەزلىرى ئەنئەنىسى بىلەن ئىش قوشۇپ «زەرھەل»، «كىمخاب» قىلىپ، يىراق رىم ـ مىسىر دىيارىدا يۇقىرى باھادا ساتقان «خورجا» كارۋانلىرى تۈپەيلى ئۇيغۇر خەلقى تارىختا ئۈچ ئامەتكە ئىگە بولغانىدى:

ئۇنىڭ بىرى، تەكلىماكان ئەتراپىدا ھەشەمەتلىك ئوردا ـ شەھەرلەر، خەلقئارا ئالاقە تۈگۈنلىرىنى مەيدانغا كەلدى. ئەينى زاماندا رىم، باغدات، چاڭئەن، لوياڭ شەھەرلىرى ئۇلار بىلەن ھۆسنداش بولدى. ئۇ چاغلاردا ھەرقايسى ئوكيانلار ساھىلدا «ئايغا تاقاشقان بىنالار» بىلەن بېزەلگەن ھازىرقى پورت ـ شەھەرلەر بولمىغان.

ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، ئۇيغۇر قاتارلىق غەربىي يۇرتلۇقلار ئۆز دەۋرىنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىدە ئالدىنقى قاتاردا نىسپىي مەنىدە پاراۋان ۋە مەئىشەتلىك تۇرمۇشتا ياشايتتى. بىز تاڭ سۇلالىسىنىڭ سەلتەنەتلىك پايتەختىدە ھەشەمەتلىك ئوردا بەگزادە، خانزادىلىرىنىڭ مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ كىيىنىش ـ تارىنىش (ھەتتا گۈللۈك بۆك كىيىش)، زىبۇ ـ زىننەت، ئويى ـ روزغار، تاماقلىنىش، ئات مىنىش، سەنئەت ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش دولقۇنى قوزغىغانلىقىنى ھېچقانداق غەربىي نورمال ھادىسە دەپ قارىمايمىز.

ئۇنىڭ ئۈچىنچىسى، غەربىي يۇرتلۇقلار ئۆز دەۋرىدە نەمۇنىلىك مەدەنىيەت مۆجىزىسى ياراتتى. ئەگەر غەربىي يۇرت ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ھېسابلانغان «خۇرجا» سودىگەرلىرىنىڭ خەلقئارالىق سودا كىرىمىگە يۆلەنمىگەن بولسا، بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ ئەقلىمىزنى لال قىلىۋاتقان مۇنداق زور ھەجىمدىكى تاشكېمىر سەنئىتى قەسىرلىرى تىزمىسىنى يارىتالمىغان بولاتتى. مەلۇمكى، شىمالىي ۋەي خانلىقى ئۆز دەۋرىدە پۈتۈن ۋەي خانلىقىنىڭ ئاساسلىق مالىيىسىنى سەرپ قىلىپ بىر قانچىلا تاش كېمىر سەنئەت سارىيىنى سالالىغانىدى. قاراخانىيلار، كېيىنچە تۆمۈرىلەر دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئاجايىپ بىناكارلىق مۆجىزىلىرىمۇ (ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپى ساقلانمىغان) خەلقئارا سودا ۋە ئىقتىسادىي جۇغلانمىدىن ئايرىلمىغان. بۇ غەربىي يۇرتنىڭ ئەينى زاماندا خەلقئارا سودىنى باش بۇلاق كۆزى قىلغان ئىقتىسادىي قۇدرىتىنى كۆرسىتىدۇ.

يىپەك يولى ۋە خەلقئارا سودا ـ تىجارەت تۈپەيلى پوچتا، بېكەت، قانۇن ۋە پۇل مۇئامىلىسى تارىخقا كىرىپ كەلدى. قاتناش لىنىيىلىرىنىڭ خەت ـ ئالاقە كارۋانچىلىقى ـ پوچتا، «خۇرجا قوناق» ـ بېكەت ـ

مەنزىلگاھلىرى مەيدانغا چىقتى. يول بىخەتەرلىكى، سودا كارۋانلىرىنىڭ تۈركۈملىشىشى، قاراقچىسىزلاشتۇرۇش، قورۇل بېجى، قورۇلدىن ئۆتۈش يول ئىگىدارچىلىق مەزمۇن قىلىنغان قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى راۋاجلاندى.

يىپەك يىلى ئىقتىسادىي ئالاقىلىرى پۇل مۇئامىلىسى، ئاقچا ۋە ئالتۇن ـ كۆمۈر تەركىبى مەسىلىسىنى مەركىزىي ئورۇنغا قويدى. يىپەك يولى بويىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ مېتال پۇللىرىنىڭ يۇرتىمىزدىن كۆپلەپ تېپىلىشى، شىنجاڭدا ئەينى زاماندا قويۇلغان مېتال ئاقچىلارنىڭ ھەرقايسى ئەللەرنىڭ تارىخىي ئىزلىرىدىن تېپىلىشى بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرىدۇ.

يىپەك يولىدىكى بىرىنچى ھېكمەت ـ يول ۋە ئۇنى چۆرىدىگەن سودىگەرلەر گۇرۇھى، بېكەت ـ رابات، شەھەر ـ قەلئە، شەھەر مەدەنىيىتى، قانۇن ۋە پۇل مۇئامىلىسى مەدەنىيىتى مەخسۇس تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان كاتتا تېما، شۇنىڭدەك ئۇ يېڭى يىپەك يولى قۇرۇلۇشىدا ئەتىۋارلاشقا مۇناسىپ جىلۋىدار جاۋاھىرات.

## 2 ـ ھېكمەت

ئىنسان ـ سەنئەتنى ياراتقۇچى ۋە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن سۈپەتتۇر. ھۈنەر ـ سەنئەت ئىنساننىڭ ئۆز نۇسخىسىنى تامغا قىلىپ تۇرمۇشنى خاتىرىلەش تارىخىدىن ئىبارەت.

ـ خىيال دەپتىرىمدىن

يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەتنىڭ ئىككىنچىسى ھۈنەر ـ سەنئەت مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت.

ئۇ ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە تۇنجى سەنئەت ھوجرىسى شەكلىدە قىزىقىپ بېرىشىدىن تاكى ئۇنىڭ پۈتۈن ماددىي مەدەنىيەت بۇيۇملىرىغا ھۈنەر ـ سەنئەت چېچەكلىرى نەقىش قىلىشىغىچە بولغان سىمۋوللۇق نەفاسەت قەسرىنى ئۆز كۆكسىگە جۇلالاندۇرغانىدى.

مەلۇمكى، ئىنسان كونا تاشقورال دەۋرىدىلا ھۈنەرۋەن سۈپىتىدە گەۋدە كېرىپ تاشقى ئالەم ئوبيېكتلىرىغا نەزەر تاشلىغان. ئۇلار كېيىنچە ھەتتا يۇلتۇزلار تولغان ئاسمان سەتھىنمۇ ھەرخىل گېئومېتىرىك سىزىقلار ياكى شەكلەن ئوخشاتماسلىق بىلەن «چۆمۈچ»، «تارازا»، «قوزا»، «چوڭ ئېيىق»، «ئالتۇن قوزۇق» قاتارلىق تەققاس ئىسىملار بىلەن ئاتاپ، ئۇلارغا ھۈنەر ـ سەنئەت سىمۋولىزم تۇسىنى بەرگەن. قەدىمكى غار سىزمىلىرى ئەنە شۇنداق مەيدانغا كەلگەن.

يېڭى تاشقورال دەۋرى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ھۈنەر ـ سەنئەت بىخ سۈرگەن ۋە باھار چېچەكلىرىنى ئېچىلدۇرغان دەۋر بولدى. بىز قىيا تاش

سىزمىلىرىدىن، توتېم قالدۇقلىرىدىن، بولۇپمۇ كۆپلەپ تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك بۇيۇملاردىن يېپەك يولىدىن ئىلگىرى مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۈركۈملىرى ماھىر ھۈنەرۋەنلەردىن بولغانلىقىنى بىلەلەيمىز. مەشھۇر ئاندورونوپلار مەدەنىيىتى، ئافناشەفلار مەدەنىيىتى، تاكار مەدەنىيىتى، قاراسۇغ مەدەنىيىتى، ئۇرۇمچى يېنىدىكى ئالغۇي قەدىمكى قەبرىگاھلىقى بىلەن ئالتاي بازىرى، چەرچەن ـ لوپ زاغۇنلۇق تېپىدىكى قەدىمكى قەبرىگاھلىق قاتارلىق قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تېپىلغان ئات ـ ئەگەر جابدۇقلىرى، تۆرمۇش ۋە زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى، ئالتۇن ۋە تۇچقا ئىشلەنگەن ئەۋرىشىم ـ قاتلىما ھايۋان تەسۋىرى چۈشۈرۈلگەن سەنئەت دۇردانىلىرى، بولۇپمۇ ئالمائاتا يېنىدىكى كونا قورغاندىن تېپىلغان مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5 ـ، 6 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق سىكتاي قەھرىمانىنىڭ ئالتۇن قاسىراق زەنجىرە ياسالغان نەقىشلىك جەڭ كىيىمى، دۇبۇلغا ۋە خەنجىرى سىكتاي ـ ساك ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ نادىر ئۈلگىسىنى ياراتتى.

مەركىزىي ئاسىيا ھۈنەر ـ سەنئىتى توقۇش ساھەسىدە غايەت زور تارىخىي تۆھپە ياراتقان. بىز ئاددىي يۇڭ رەخت توقۇشتىن (مەسىلەن، بازىرىق قەدىمكى قەبرىلىرىدىن تېپىلغان ئات ـ تۆگە كارۋانلىرى چۈشۈرۈلگەن گىلەم جىيەكلىرى بىلەن ئاتلىق يىگىت ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى نامرات كىشى كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن رەڭدار گىلەملەر)، تاۋار ـ دۇردۇن، ئەتلەس توقۇش ۋە كالۇۋتۇندا گۈل چېكىشكىچە مەركىزىي ئاسىيا ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ماھارىتى ۋە ئالەمشۇمۇل داڭقىنى بىلىمىز.

ئەتلەس، جۈملىدىن ھەرخىل گۈل ـ نەقىشلىك كىيىم نۇسخىلىرى مەركىزىي ئاسىيادىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلاردىن كۆپلەپ تېپىلغان. بىز سەمەرقەنت يېنىدىكى ئەپراسىياپ قەلئە خارابىسىدىن، پەنجىكەنت، باراھشاھ، جۈملىدىن دەندان ئۆيىكۆك، قىزىل، قۇمتۇرا، شورچۇق، بېزەكلىك بۇددا تاشكېمىرلىرىغا سىزىلغان تام رەسىملىرىدىن ھەرخىل يىپەك ۋە زەرباپ كىيىم نۇسخىلىرىنى كۆرۈمىز . بۇلار ئىچىدە ئەتلەس شۇنچە داڭ چىقارغانكى، كەيىۋەن يىللىرى (713 ـ 742) چاڭئەندە «ئەتلەس ئۇسسۇلى» ئوينالغان. لى جۇلىڭ «بەش پارچە شاڭچىڭ نەزمىسى» دېگەن شېئىرىدا ئەتلەس ئۇسسۇلىنى مۇنداق تەرىپلىگەن:

پۈتتى ئەتلەس نەغمىسى ئاسماندا قوزغالدى شامال،

ئون ۋىلايەت ئۈستىنى باستى ئىپار ئۆتمەي ھايال.

شۈي نىڭ «خۇاڭچىڭگۈڭ قەسرىدە دۇشىرىنگە مۇشائىرە» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

ئۈچۈرۈپ ماموق كەلمەرنى ياغرىسا لەرزان سادا،
تاشلابان يەڭگىل قەدەمنى ئەۋرىشىم «ئەتلەس» كىلۇر.
مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ ئەتلىسى ئوتلۇق دەشت - چۆل ۋە يېشىل بوستان مەنزىرىسىنى سىمۋول قىلغان (布元火)بولۇپ، ئۇ كۆپلىگەن شائىرلارنىڭ شېئىرغا ئىلهام بولغان.
ئەلىشىر نەۋائى ئەتلەسنى ئاسمان نۇرلىرىغا، شەپەقكە ئوخشاتقان ۋە مۇنداق يازغان:
پەلاسى ھۆزنىمەن، ئەي ئەتلەس چەرھ،
ماڭا لايىق ئەمەس ۋالا قۇماشىڭ.
(مەنىسى: ئەي پەلەك ئەتلەس مەن پالاستەك غەمكىنمەن، ماڭا ئالىي كىيىملەر لايىق ئەمەس).
چۈن تۈشەرلەر ئاقۋەت ئۈستۈڭگە ھارا بىرلە قەرش،
نى ئاسىغ ئاستىڭدا گەر چەرھ ئەتلەسدىندۇر فىراش.
(مەنىسى: ئۈستۈڭگە ئاخىر تاش - تۇپراق چۈشىدىغان تۇرسا، ئەگەر ئاستىڭدا شەرھ ئەتلىسىدىن كۆرپە سېلىنغان بولسىمۇ ئۇنىڭ نىمە پايدىسى؟)
ھارا تۈبىگە ياتقۇڭ، يوق سۈد ئەگەر يۈز يىل
كۆك ئەتلەس ئۈستىدە جىسمىڭنى ياتىپ ئاغنات.
(مەنىسى: كۆك (ئاسمان) ئەتلىسى ئۈستىدە يۈز يىل يېتىپ جىسمىڭنى ئورناتقىنىڭ بىلەنمۇ ھېچ پايدىسى يوق، چۈنكى ئاخىر بەربىر تاش ئاستىدا ياتىسەن).
بىز يىپەك يولىنىڭ مەركىزىي ھالقىسىدىكى مىتال ۋە توقۇلما ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئاجايىپ جەلپكار ياۋلىئونغا نەزەر سالساق، ھەرخىل كىيىم - كېچەك، مىتال توقا - تاسما، پىچاق - خەنجەر، ئاپتۇۋا - چىلاپچا، باش - ئاياغ كىيىملىرى، زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى، يىمەك - ئىچمەك ئەسۋابلىرى، ياغاچ قىرما ۋە قاشتېشى ئويمىلىرى، بىناكارلىق قۇرۇلما ۋە نەقىش - بىزەك ھۈنەر - سەنئىتى، تېرە - بۇلغارى ھۈنەرۋەنلىكى، مەي، مۇرابا، گۈلقەنت، ئەدرەك، ياتاسا ئىشلەش تېخنىكىسىنىڭ نەقەدەر يۇرۇشلەشكەن ۋە خېرىدارلىق بولغانلىقىنى كۆرۈمىز . مەركىزىي ئاسىيانىڭ چالغۇ قورالارنى ئىشلەش تېخنىكىسى ئەزەلدىن مەشھۇر بولغان.
يىپەك يولى ئىبارىسى كېيىنكى ۋاقىتتا ئىستېمال قىلىنغان بولۇپ، بۇ يولدا شەرق - غەربنىڭ، جۈملىدىن مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئات، يىپەك گەزلىمە، زەر كىمخاب، قاشتېشى ۋە ياقۇپ، ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرى، تېرە - يۇڭ،

يار ـ پۈر، چاي، دورا ـ دەرمەك، ھوش پۇراق ماتېرىياللار، پاختا ـ چىگىت، گىلەم ـ كىگىز قاتارلىقلار سودىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغاچقا، ھۈنەر ـ سەنئەت ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسى راسا راۋاجلانغان.
يىغلىق ـ جەنگو زامانىدا جاۋ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى جاۋ ئۇلىن (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 325 ـ 229 يىللار) قوشۇن تۈزۈش ئۈچۈن تارىختا مەشھۇر «خۇلاردىن كىيىنىشنى ئۆگىنىش» ھەرىكىتىنى قوزغىغانىدى. خەن زامانىسىدا كېڭەيمىچى ئىمپېراتور ليۇچى مەركىزىي ئاسىيا مۇزىكىلىرى ۋە شىمالدىكى مىللەتلەر پاسونىدا ھەربىي ئورىكېستىر ۋە چەۋەنداز قوشۇن قۇردى. شىمالىي سۇلالىلەر، سۇي ـ تاڭ سۇلالىلەر دەۋرىدە، بولۇپمۇ كەيىۋەن (713 ـ 742) يىللىرى چاڭئەندە مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيىتىدىن ئومۇميۈزلۈك ئۆگىنىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. يۈەن جېننىڭ «فاچۈي» ناملىق شېئىرىدا:

بولدى ئۇيغۇرچە ياسانماق قىز ـ ئاياللار مەشغۇلى،
زور ماھارەت بولدى چالماق سازنى ئۇيغۇرسىمان.
ئاتقا ئۇيغۇرچە مىنىش، زىبۇزىنەت، تىل ئۆگىنىش،
بولدى بەس ـ بەستلىك ھەۋەس بۇ ئەللىك يىلدىن بۇيان.

دەپ يازغىنى، خۇاۋي خانىمنىڭ «قەسىر نەزمىسى» دېگەن شېئىرىدا:

مىنگىنى ئۇيغۇر ئېتى، ئۇيغۇر لىباسى كىيگىنى،
جىلۋە قىلدى بۇ لىباستا تال چىۋىقتەك بەللىرى.

ـ دەپ يازغىنى ئەينى زامان رېئاللىقىنىڭ شېئىر ـ نەزمىلىرىدە ئەكس ئەتكەن قىسمەن ئۇچۇرى ئىدى.
يىپەك يولىدىكى ئىككىنچى ھېكمەت ـ ھۈنەر ـ سەنئەت مەدەنىيىتى يالغۇز ھەرقايسى ئەللەر ئېتنولوگىيە مەزمۇنلىرىغا ھۆسن قوشۇپ قالماي، ھازىرقى ئۇيغۇر قاتارلىق يىپەك يولى ئوتتۇرا ئۆتكىلىدىكى خەلقئارا تۇرمۇشىدىمۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە مەپتۇنكار ئېستېتىك سېھرىنى نامايان قىلىپ كەلدى. يېڭى يىپەك يولى پۈتۈن دۇنيا بىر ـ بىرىگە ياندىشقان ۋە ئومۇميۈزلۈك ئېچىۋېتىلگەن كۆپ قاناللىق خەلقئارا ئىقتىساد ۋە بازارغا قاراپ يۈزلەنمەكتە. ئىشەنچ بىلەن ئېيتىش مۇمكىنكى، ھۈنەر ـ سەنئەت مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ يېڭى مۇمكىنلىكلىرىنى ئىشقا سالغۇسى ۋە ھۈنەر ـ سەنئەتنىڭ يېڭى، ئاۋات مەنزىرىسى بىلەن ئۆز ئەنئەنىلىرىنىڭ يېڭى زامان فورماتسىيىسىنى تۈزگۈسى.

## 3 ـ ھېكمەت

ئىنسانىيەت ئۆز بەخت ـ سائادىتىنىڭ نۇرلۇق يۇلتۇزلىرىنى ئىزدەش يولىدا

ئاسمان جىسىملىرى بىلەن تونۇشتى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئاسمان يورۇتقۇچىلىرىنى بىلىش ھالىتى ئۆزىنىڭ بەخت - سائادەتكە قانچىلىك ئېرىشكەنلىك بىلەن توغرا تاناسىپ بولۇپ قالدى.

- خىيال دەپتىرىمدىن

يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەتنىڭ ئۈچىنچىسى تەبىئەتنى بىلىش ھېكمىتىدىن ئىبارەت.

قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ ئاسترونومىيە، ھاۋارايى، جۇغراپىيە ۋە ھېسابلاش قاراشلىرى ئەڭ قەدىمكى ئالەم يارىلىش ئەپسانىلىرى بىلەن بىللە يىراق ئۆتمۈشتە مەيدانغا كېلىشكە باشلىغانىدى. قەدىمكى قاراخان تەڭرىم، مەرگەن تەڭرى، قۇياش ئىلاھى مىترا توغرىسىدىكى قاراشلار ئۆزىنىڭ ئەپسانىۋى خاراكتېر ئالغانلىقى بىلەن يەنە ئىپتىدائىي ئالەم قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ بېرەتتى. ئىپتىدائىي ئالەم قاراشلىرى ئىپتىدائىي كوسمولوگىيىلىك - ئاسترونومىيىلىك قاراشلارنىڭ بىخى ھەم ئۇرۇقى بولدى. چەكسىز ئالەم بوشلۇقىنىڭ كۆز بىلەن كۆرۈنىدىغان قىسمى ھەر دەرىجىلىك ئىلاھىيەت قاراشلىرىغا ئاساس سالغاندەك، يەنە ئاسترونومىيىلىك ساددا قاراشلارغىمۇ ئاساس سالدى.

چەكسىز زېمىندىكى سەپەر مۇساپىسىدە قۇياشقا قاراپ تەرەپلەرنى، يۇلتۇزغا قاراپ پەسىللەرنى پەرقلەندۈرۈش ئېھتىمال ئىپتىدائىي ئاتلىقلار مەدەنىيىتىنىڭ ئاسترونومىيىلىك ساۋاتى بولسا كېرەك. ئۇلار 12 ئوكەك (بۆرچ) بويىچە دەسلەپكى ئاي ۋە يىلنى بەلگىلىگەن. غارلارغا ئاتنىڭ رەسىمىنى سىزىپ، ئۇنىڭ بېشىغا تەكرار سىزىق ياكى چېكىتلەرنى تامغا قىلىش، ھەتتا ئاي، كۈن شەكلىنى چېكىش ئارقىلىق ھەربىر يىلدا بىر قېتىم ئات قۇربانلىق قىلىپ، يېڭى يىلنى كۈتۈۋالغانلىقىنى خاتىرىلەپ دەسلەپكى سالنامە بېكىتكەن. كېيىنچە، 12 يىلنى بىر مۆچەل بىلىدىغان، ھەربىر يىلنىڭ مەلۇم ھايۋان نامىدا ئاتايدىغان ئادەت پەيدا بولدى. بۇنداق مۆچەلدىكى 12 يىلنى 12 ھايۋان نامىدا ئاتاش ئارى - سومەر، سكىتاي - ساك ياكى تۈركىي خەلقلەر زامانىدا مەيدانغا كەلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس. شامان باخشىلىرى تۈركىي خەلقلەرنىڭ مۇنەججىملىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ۋە ھەربىي يۈرۈشلەردە خان مەسلىھەتچىسى بولغان. يۇلتۇز كۆرۈش، چۈش ئۆرۈش، يادا تاش ئارقىلىق يامغۇر ياغدۇرۇش شىمالىي دىغارلار زامانىدىن ياكى يېقىنقى قۇمۇل ۋاقىلىرى دەۋرىگىچە ساقلانغان. «شەرھى ئالسامۇل مۇسلىمىن» دېگەن كىتابتا كۆرسىتىلىشىچە، «تۈرك پەيغەمبەرلىرى» دېگەن تەرەپتە «ئامان»، «ئەمىق»، «ئۇمىد»، «يۇراھ»، «تاھىن»، «تابۇي»، «كوسان»، «ئەركىل»، «ساۋان»، «سوغۇن»، «دىۋىل»،

«سالاق»، «تاپقىر»، «ئانۇق»، «قىتىن»، «نارۇن»، «هامۇن»، «چىجىل»، «پاسان»، «ياۋۇق»، «ياهۇر» قاتارلىق كىشى ناملىرى تىلغا ئېلىنغان. بۇ بەلكى قەدىمكى شامان مۇنەججىملەرنىڭ ناملىرى بولسا كېرەك. گابائىن خانىم قاتارلىقلار ئېلان قىلغان «تۇرپان تېكىستلىرى» ئارىسىدا ئاسترونومىيە، هاۋارايى ۋە يادىگەرلىك، پالنامىلارغا ئائىت سەهىپىلەرنىڭ ساقلانغانلىقى قەدىمكى ئۇيغۇر مۇنەججىمچىلىكىنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىدىن دالالەت بېرىدۇ.

يىپەك يولىنىڭ مەركىزىي بەلۋېغىدىكى قەدىمكى ئاهالىلەر تۇپلىغان ئاسترو - ماتېماتىكىلىق بىلىملەر شەرق بىلەن غەربنىڭ ئۆلچەم - هېسابلاش بىلىملىرى بىلەن قوشۇلۇپ، يېڭى سىنكرېتىك قاتلام هاسىل قىلدى. ئەل خارەزمى، فەرغانى، فارابى، ئىبن سىنا، بىرۇنى، ئۆمەر هەييام، نەسرىدىن تۇسى، ئۇلۇغبەگ قاتارلىق ئۇلۇغۋار ئىلىم ئەللامىلىرى ئۆز پائالىيىتى ۋە ئەسەرلىرى ئارقىلىق هازىرقى زامان ئاسترو - ماتېماتىكىسىنىڭ ئىلمىي ئۇلىنى قۇردى. بۇ، يىپەك يولىنىڭ مەركىزىي ئوچىقىدا روياپقا چىققان غايەت كاتتا ئىلمىي هېكمەت دۇردانىسىدۇر.

ئۇلۇغ تەبىئەت ئالىمى، ئاسترو - ماتېماتىكا ئىلمىنىڭ يىپەك يولىدىكى بۈيۈك ئاساسچىسى مۇهەممەد مۇسا ئەل خارەزمى (783 - 850) ئۆزىنىڭ «ئاسترونومىيىلىك جەدۋەل»، «مۇزىكا توغرىسىدا رىسالە»، «هىندى رەقەملىرى توغرىسىدا رىسالە»، بولۇپمۇ ئالگېبراغا ئاساس سالغان «ئەلجەبىر ۋەل مۇقابەلە» ناملىق ئەسەرلىرى شۇنداقلا خەلىپە مەئمۇن دەۋرىدىكى «بەيتۇل هېكمەت» دەپ ئاتالغان پادىشاهلىق كۇتۇپخانىسىدىكى ئىلمىي خىزمەتلىرى بىلەن مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ جاهان مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان ئەڭ نازۇك ئىلمىي تۆھپىسىنىڭ ئۇلۇغ نامايەندىسى بولدى.

ئەهمەد ئىبن مۇهەممەد ئەل فەرغانى (؟ - 861) قەشقەرگە يېقىن پەرغانىدە تۇغۇلۇپ، خەلىپە مەئمۇن ئاكادېمىيىسىدە (ئىشخانىسىدا)، كېيىنچە مىسىردا ئاسترو - ماتېماتىكا ۋە ئۆلچەم ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ «كىتابەتى ئۇسۇل ئىلمۇل نۇجۇم»، «يەتتە ئىقلىم هېسابى»، «ئەل فەرغانىنىڭ جەۋەللىرى»، «ئالماگىستاغا بېغىشلايدىغان پەلەكىيات رىسالىسى»، «پەكە چەمبەرلىرى سەۋەبىياتى»، «ئاي يەرنىڭ ئۈستىدە ۋە ئاستىدا بولغاندا ۋاقىت ئىنقلاش رىسالىسى»، «ئەلمەجەستى هەققىدە»، «ئىلمۇل هەيە (پەلەك ئىلمى)»، «ئۇستۇرلاپ بىلەن ئەمەل قىلىش كىتابى»، «ئۇستۇرلاپ ياساش هەققىدىكى كىتابى» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئامېرىكا، رۇسىيە، مىسىر، هىندىستان، ماراكەش، گېرمانىيە، فرانسىيىلەردە

ساقلانغان. ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى 1145 ـ ، 1175 ـ ، 1193 ـ ، 1533 ـ ، 1537 ـ ، 1590 ـ 1910 ـ يىللىرى ئىئوننا ساسۇبل، فىرارد كرەمون، گوۋل، رەگومونتان، شيونىر، ھرستمان، كامپاني، روزەنفلىد، دوربروۋسكىي، سەرگىيۋ، ۋىدەمان قاتارلىق كىشىلەر تەرىپىدىن ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان.
ئەبۇنەسىر فارابى (870 ـ 950) «پەنلەرنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى»، «شەرھى ئەل مەجەستى»، «كىتابۇل لەۋھىق»، «ئېۋكلىدنىڭ 1 ـ ۋە 5 ـ كىتابلىرىدىكى قىيىن مەسىلىلەرگە شەرھى»، «گېئومېترىيك نازۇك شەكىللەر توغرىسىدىكى كىتاب»، «يۇلتۇز ھەققىدىكى سۆھبەتتە توغرا ۋە ناتوغرىلىق ھەققىدە رىسالە»، «ئارىفمېتىكا مۇقەددىمىسى»، «تەسەۋۋۇرلۇق گېئومېترىيىگە مۇقەددىمە»، «بوشلۇق ۋە مىقدارى»، «خىمىيە ئىلمىنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا رەددىيە» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئۇزىنىڭ ئارىستوتېلدىن كېيىنكى ئەڭ كاتتا تەبىئەتشۇناس پەيلاسوپلۇقىنى ئىسپاتلىدى.
ئەبۇئەلى ئىبن سىنا (980 ـ 1037) فارابى ناتۇرال پانتېئىزملىق پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋارىسى، بۈيۈك «شەيخۇل رەئىس»، تېبابەتشۇناس بولۇش بىلەن بىللە، ئۇ ئەللۇددەۋلەنىڭ تاپشۇرۇشى بىلەن بىر مەزگىل ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىش بىلەن شۇغۇللانغان.
ئىبن سىنا ئۆزىنىڭ «كىتابۇششىغا»، «دانىشنامە»، «كۆزىتىش ئەسۋابى ياساشتا ئەۋزەل ئۇسۇل كىتابى»، «يەرنىڭ ئەلەم مەركىزىدىكى ھالىتى»، «ئاسمان جىسىملىرىنىڭ كۆرۈنمە مۇساپىلىرى»، «يورۇتقۇچىلارنىڭ كىچىكلىك كۆرۈنۈشى ھەققىدە»، «ئاسمان سفىراسى ۋە ئادەملەرنىڭ ئوي ـ ماكانلىرى»، «شەمس ۋە قەمەرى يىل پەسىللىرىنىڭ ھەمدە كېچە ۋە كۈندۈز زامانلىرىنىڭ قانۇنىيىتى»، «يۇلتۇزلار ھۆكۈمىنىڭ رەددىيىسى»، «جۇرجان شەھىرى ئۇزۇنلۇقىنى تۈزىتىش ھەققىدىكى رىسالە» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، مېخانىكا، مۇزىكا مەسىلىلىرى توغرىسىدا كەڭ توختالغان.
ئەبۇل ۋاپائەل بۇزجانى (940 ـ 998) خۇراساندا تۇغۇلۇپ، باغداتتا كاتتا ماتېماتىك ۋە ئاسترونوم بولۇپ تونۇلدى. ئۇ «ئاسترونومىيىگە مۇقەددىمە كىتاب»، «ئارىفمېتىكىغا مۇقەددىمە»، «ئارىفمېتىكا ھەققىدە رىسالە»، «ئاسمان سفىراسىنىڭ چوڭ ئايلىنىشىنى ئېنىقلاش ھەققىدە كىتاب»، «ئەل مەجەستى»، «دىئوفانت ئەسىرىدىكى جۈملىلەرنى ئىسپاتلاش ھەققىدە كىتاب» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. ئىبن سىنا ۋە بىرۇنىنىڭ بۇ زاماندىشى بىرونى بىلەن كېلىشىپ باغدات ۋە خارەزىمدە ھىجرىيىنىڭ 387

ـ (مىلادىيە 997 ـ) يىلىدىكى ئاي تۇتۇلۇشىنى بىللە كۆزەتكەن.

خارەزملىك ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد ئىبن ئەھمەد ئىبن يۇسۇپ كاتىپ خارەزمى مىلادىيە 990 ـ يىلى يازغان «مەفاتىھۇل ئۇلۇم(ئىلىم ئاچقۇچى)» ناملىق ئەسىرىدە ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيە ھەققىدە توختالغان.

خوجەندلىك ئەبۇمۇھەممەد ھەمىد ئىبن قىدىر ئەل خۇجەندى ئەسىرنىڭ ئۇلۇغ ئاسترونومى ۋە ماتېماتىكى بولغان. ئۇ رەي شەھىرىدە فەھرۇد دەۋلە (977 ـ 996) سارىيىدا ئىلمىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ «ئېۋكىلىدنىڭ ئېغىشى ھەققىدە»، «ئاسترونومىيە قانۇنى»، «فەھرى سەكستانتى(فەھرۇد دەۋلەگە ئاتالغان ئاسترونومىيىلىك ئەسۋاب)»، «ئۇستۇرلاپنىڭ ياسىلىشى ۋە ئىشلىتىلىشى ھەققىدە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بولغان. ياي شەكىللىك سەكستانت نۇسخىسى ئۇلۇغبەگ رەسەتخانىسىدىمۇ ساقلانغان.

خارەزملىك ئەبۇرەيھان بىرۇنى (973 ـ 1048) ئەينى زاماندا خارەزمدىن چىقىپ كەتكەن كىشىلەرنى ئاتايدىغان ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە «بىرۇنى(سىرتتىن كەلگەن)» نامىدا ئاتىلىپ شۆھرەت قازانغان. ئەبۇرەيھان مۇھەممەد ئىبن بىرۇنى «يۇلتۇزلار ھەققىدىكى بىلىمگە مۇقەددىمە»، «ھىندىستان»، «فارماكوگنوزىيە»، «مىنېرالوگىيە»، «گېئودېزىيە»، بولۇپمۇ «قانۇن مەسئۇدىي» ناملىق قامۇس كەبى ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇ پەلسەپە جەھەتتە ئارىستوتېل ۋە فارابىغا ئەگەشكەن. ئەشەرىنىڭ دېموكراتىنىڭ ئاتوم تەلىماتىنى روھانىيلەشتۈرۈشىگە قارشى تۇرۇپ، ئاتومنىڭ ماددىي جىسىملىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى نوپۇز دېگەن قاراشنى رەت قىلغان ۋە نوپۇز ـ ئىلىمنىڭ نوپۇزى دەپ قاراشنى پەندە تەجرىبە ۋە مۇھاكىمىنى بىللە ئېلىپ بېرىشنى تەۋسىيە قىلغان. ئۇنىڭ ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيىگە قوشقان تۆھپىلىرى يەر مەركەز (گەئوسەنتىر) قاراشلىرىنىڭ ئۇلىنى تەۋرەتكەن.

ئۆمەر ھەييام (1040 ـ 1123) نىشاپۇردا تۇغۇلۇپ، خۇراسان ۋە ماۋرەئۇننەھردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان مۇتەپەككۇر، شائىر ۋە ئاسترونوم ئىدى. ئۇ سالجۇق تۈرك شاھلىرىدىن مەلىك شاھ ھۇزۇرىدا، ۋەزىر نىزامۇلمۇلك ھامىيلىقىدا «مەلىك شاھ ئاسترونومىيە جەدۋىلى» نى ئىشلەپ، سالجۇقلار كالېندارىنى تۈزگەن ئۇ «ئالگېبرا ۋە ۋەلمۇقەبەلە ۋەزىپىلىرىنى ئىسپاتلاش ھەققىدە رىسالە»، «ئارىفمېتىكىدىكى قىيىن مەسىلىلەر»، «ئېۋكىلىدنىڭ مۇقەددىمىلىك كىتابىدىكى قىيىنچىلىقلارغا

شەرھى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. ئۆمەر ھەييام ئوز رۇبائىيلىرى ئارقىلىق كوسمۇلوگىيىلىك چۈشەنچىلىرىنى ئىنان تۇرمۇشى قاراشلىرى بىلەن قايتا يۇغۇرۇپ، زامانىسىنىڭ ئىنسانپەرۋەر ئىدىيىلىرىنى جۇلالاندۇرغان.

چىڭگىزخانىنىڭ ئىستىلاچىلىق يۈرۈشلىرى تىنچىغاندىن كېيىن خانبالىقتا (بېيجىڭدا) جامالىدىن نامىلىق ئۇيغۇر مۇنەججىمنىڭ شۆھرىتى شەرق ئاسمىنىنى قاپلىغانىدى.

ھىلاكۇخان دەۋرىدە ياشىغان خۇراسانلىق ئالىم ئابدۇجاپپار مۇھەممەد ئىبن ئەلھەسەن نەسرىددىن تۇسى(1201 ـ 1274) ئوتتۇرا ئاسىيا مۇتەپەككۇرلىرى قەسرىدە ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا ۋە پەلسەپە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ «پىتولمىنىڭ ئەلمەجەستىگە شەرھى»، «ئېۋكىلىدىنىڭ مۇقەددىمىسىگە شەرھى» قاتارلىق ماتېماتىكىغا دائىر 12 كىتاب يازدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە «ئاسترونومىيىلىك داستان» نامىلىق شېئىرىي ئەسىرىمۇ بار. نەسرىددىن تۇسى «ئىلخانىيە ئاسترونومىيە جەدۋىلى» نى ئىشلەپ چىققان ۋە مارغى رەسەتگاھىغا يېتەكچىلىك قىلغان. ئۇنىڭ ئەسلىددىن، پەھرىددىن ۋە سەدرىددىن قاتارلىق ئۈچ ئوغلىمۇ مەشھۇر ئاسترونوملاردىن بولغان.

تومۇرىيلەردىن مۇھەممەد تاراغاي ئۇلۇغبەگ(1394 ـ 1449) يېپەك يولى ئاسترو ـ ماتېماتىكا ئىلمىدە ئەڭ ئاخىرقى ئۇلۇغ تەبىئەتشۇناس سۈپىتىدە پائالىيەت ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ ئاسترونومىيە تەتقىقات گۇرۇپپىسى ـ ئېلى قۇشچى، كېيىنكى زامان ئالىملىرىدىن جەمشىد قۇشچى، ئالائىددىن قۇشچى ئۇشبۇ ئىلمنى ئۇلۇغبەگ يەتكۈزگەن ماقامغا يەتكۈزۈلمىدى.

ئاسترونوم ئۇلۇغبەگ ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي مەكتىپى «تۆت ئۇلۇس تارىخى»، «ئارىفمېتىكا رىسالىسى»، «ئاسترونومىيىنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا تەپسىلات»، «ئاساسىي فىگورىلار ھەققىدە تەپسىلات»، «سىنۇس ھەققىدە رىسالە» بولۇپمۇ تۆت قىسمىلىق «يېڭى كوراگان ئاسترونومىيە جەدۋىلى(1437 ـ يىلى تاماملانغان)» نامىلىق ئەسەرلىرىنى يازدى. ئۇنىڭدا 1022 يۇلتۇز خاتىرىلەنگەن ۋە بىر يىل 365 كۈن 6 سائەت 9 مىنۇت 10 سېكۇنت بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

ئۇلۇغبەگنىڭ پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلۈشى يېپەك يولىنىڭ گۈللەنگەن پەسلىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن گەرچە ئەلىشىر نەۋائى، زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر، بايا رەھىم مەشرەپ، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى، مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى ۋە ئابدۇرېھىم نىزارىدەك ئۇلۇغ

ئىنسانپەرۋەر مۇتەپەككۇر شائىرلار مەيدانغا كەلگەن، ئامانىنساخان، قېدىرخان ۋە دەرۋىش ئېلىدەك مۇزىكىشۇناسلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان، خاندەمر، مىرزا ھەيدەر، موللا موسا سايرامىدەك تارىخشۇناسلار قەلەم تەۋرەتكەن بولسىمۇ، بۇيۇك تەبىئەت ئىلمى بويىچە، خۇسۇسەن ئالەمشۇمۇل دەستۇر ياراتقۇچى ئۇلۇغ تالانت ئىگىلىرى مەيدانغا كەلمىدى. ھۇماقۇشى بۇنداق تالانت ئىگىلىرىنىڭ تۇخۇمىنى يىپەك يولىغا ئەمەس، بەلكى غەربىي ياۋروپا، شىمالىي ئامېرىكىغا كۆمگەنىدى.

ئېلىمېنتار ئارىفمېتىكىغا ئاساس سېلىش: نۆل (لاتىنچە، «يوق») ئۇقۇمىنى سان ـ سىفىرگە ئېلىپ كىرىش: ئالگېبرا تەڭلىمىلىرىنى مەيدانغا ئېتىش: گېئومېترىيە بولۇپمۇ تىرىكنومېترىيىنى ئۆرە تۇرغۇزۇش: سان چۈشەنچىلىرىنى ئىنقىلاش: سىنۇس ۋە كوسىنوس، ئىنتېگرال ۋە دىففېرېنسىئاللىق كاتېگورىيىلەرنى تۇرغۇزۇش: ئېھتىماللىق نەزەرىيىسى ۋە ماتېماتىكا لوگىكىسىغا ئاساس سېلىش: ئاسترونومىيىلىك ئەينەك ۋە ئەسۋابلار ئىشلەش: يۇلتۇزلار (1022 يۇلتۇزلۇق گۇمبەز) جەدۋىلى ئىشلەش: كالېندار تۈزۈش: ئېكۋاتورنىڭ قىيپاشلىقىنى ئۆلچەش، يۇقىرىدىن تاشلانغان نەرسىنىڭ شەرقكە يۆتكىلىپ چۈشۈشىدىن يەرنىڭ غەربتىن شەرقكە ئايلىنىشىنى گەپوتەزا قىلىش: ئاينىڭ تۇتۇلۇشى، تولۇشى ۋە دېڭىز دولقۇنىنى ئىنقىلاش: زېمىننى ئىقلىم (بەلۋاغ ۋە زۇننار) لارغا بۆلۈش: ئالخىميە ۋە ساختا ئاسترونومىيىلىك قاراشلارنى تەنقىد قىلىش: گرېك ماتېماتىكلىرى ۋە مۇنەججىملىرىنىڭ تار دائىرىلىك قاراشلىرىنى قايتا كۆزىتىپ باھالاش... مانا بۇلار مۇھەممەد مۇسا ئەل خارەزمىدىن ئۇلۇغبەككىچە بولغان ئالتە ئەسىر ئىچىدە ئىلىم دۇنياسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئالتە ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۆتتى. ئەمما، بۇ مۆجىزىدار زېمىندا بۆلۈنمە ھاكىمىيەتچىلىك ئۇرۇشلىرى، ئىشانچىلىق ئەسەبىيلىكلىرى، كىتاب كۆيدۈرۈش، ئىنسانپەرۋەر مۇتەپەككۇرلارنى دارغا ئېسىش، نەچچە ئونلاپ كاللا مۇنارى ياساش، ئابدۇقادىر داموللامغا قەست قىلىش، مەمتېلى ئەپەندىنى كۆيدۈرۈش، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قازا چىللاش ۋە زىيالىيلار خۇسەمەتخورلۇقىدىن باشقا تەبىئەت ئىلمىدە قايسىبىر نادىر چېچەك ئېچىلدى؟!

يوقلۇق بارلىقنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق باھالىغۇچىسى. ئېيتىۋاتقانلىرىمىز سالنامە ـ تارىخلاردا سۆزلەنمىگەن تارىخ پەلسەپىسى ھەقىقەتلىرى.

يىپەك يولى قايتا ئېچىلدى! ئۇ ئۆزىگە خاس تىلسىم ئامەت ۋە مۆجىزىدار بەرىكەتلىرى بىلەن خەلقىمىزگە شاراپەت ئېلىپ كەلگۈسى. ئىشىنىمىزكى، ئەگرى ـ توقايلىقلاردىن ئۆتۈپ، يوقاتقان ئۇلۇغ ھېكمەت ـ تەبىئەت ئىلمى

جاۋاھىراتلىرىنى خەلقىمىز يەنە ماھىر قوللىرىغا ئالغۇسى.

## 4 ـ ھېكمەت

ئەگەر ئۆز تەشۋىشلىرىڭدىن خالاس بولساڭ، پەلەك تەشۋىشلىرىنىمۇ بەجا قىلالايسەن.

ـ ئىبن سىنا

يېپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەتنىڭ تۆتىنچىسى تېبابەت ھېكمىتىدىن ئىبارەت.

ئىنساننىڭ تاشقى ئالەم مۆجىزىلىرىگە قىزىقىشىدىن ئۆز روھىيىتى ئىچىگە يوشۇرۇنغان غايىۋى ھەم تەنقىدىي ئىككى قۇتۇپلۇق مەنىۋى دۇنياغا قەدەم قويۇشىدىكى دەسلەپكى ئۆتكەل ئاسترو ـ ماتېماتىكىلىق ئىزدىنىشلەردىن تېبابەتچىلىك پائالىيىتىگە يۆزلىنىش بولدى. ئەمما، تاكى گۇمانىستىك پىكىر ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگىچە ئىنسان ئۆز جىسمىنى تەبىئىي ياكى غەيرىي تەبىئىي ـ ئىلاھىي ئوبيېكت سۈپىتىدە كۆزىتىشتى.

دەسلەپكى تېبابەتچىلىك ئىپتىدائىي ئىنساننىڭ ئۆزىنى ھىمايە قىلىشى، بەدەنلىرىگە پۇراقلىق گىياھلار سۈركىشى، ھەرخىل ھاشارات ۋە چاققۇچى ھايۋانلارغا قارشى لاي ـ لاتقىلار بىلەن بەدەنگە قاتلام ياكى نەقىشلەر چېكىشى، كېيىنچە پىرىخۇنلۇق ـ ئوقۇش، داغلاش ۋاستىلىرى بىلەن داۋام قىلدى. ئېھتىمال، بۇ خىل ساددا تىبىي پائالىيەت يىپەك يولىدىن ئىلگىرىكى مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ دائىمىي ھەمراھى بولسا كېرەك.

ئاتلىقلار مەدەنىيىتى كۆچمەن ھايات ۋە پائالىيەتچان تۇرمۇش رىتمىنى پەيدا قىلدى. جاراھەت ۋە سۇنۇق، تۇغۇت ۋە ئىچ ئۆتكۈ ئۇ چاغدا ئىپتىدائىي تېبابەتچىلىكنىڭ دائىمىي، ئەمما جىددىي تېمىسى ئىدى. سىكتاي مىتال ئىدىشى سىرتىغا سىزىلغان «سۇنۇق تېڭىش» رەسىمى بىزگە ئارىيانلار زامانىدا ئاتلىق مەركىزىي ئاسىيا ئاھالىلىرى ئۆز زامانىسىنىڭ ماھىر ھەرۋۇرگىلىرى بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

خەنزۇلارنىڭ «سېرىق پادىشاھ نامىلىق يېزىلغان ئىچكى كېسەللىكلەر دەستۇرى» نامىلىق كىتابىدا، مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ بۇنىڭدىن ئۈچ مىڭ يىللار ئىلگىرىلا زەھەرلىك دورىلار بىلەن داۋالاش ئۇسۇلى تىلغا ئېلىنغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرى يېزىلغان «ئەۋلىيا تەرىقچى نامىغا يېزىلغان شىپالىق گىياھلار» نامىلىق كىتابتا مەركىزىي ئاسىيا دورىلىرى ھەققىدە توختالغان. سۈي ـ تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە «غەربىي يۇرت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رېتسېپلىرى»، «غەربىي يۇرت مەشھۇر تېۋىپلىرىنىڭ تۆت جىلدلىق مەخپىي رېتسېپلىرى»، چىڭ چەن يازغان «خۇرلارنىڭ شىپالىق

گىياھلىرى»، سۇڭ سىماۋ يازغان «بىباھا دورا نۇسخىلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەردە مەركىزىي ئاسىيانىڭ تۆت زات ئاساسىدىكى تېبابەتچىلىك پەلسەپىسى ۋە شىپاگەرلىك ئالاھىدىلىكلىرى تىلغا ئېلىنغان. ئېيتىش كېرەككى، بۇنداق تۆت زات ئاساسىدىكى تېبابەتچىلىك ئەنئەنىسى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6 ـ 8 ـ ئەسىرلەردە قارا دېڭىز ساھىلىدا ھەرىكەتلەنگەن مەركىزىي ئاسىيالىق سكىتايلار ئارقىلىق قەدىمكى گرېتسىيە تېبابەتچىلىكىگە كۆچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ھىپوگراتنىڭ «تۆت فىزىس» قارىشى ئەنە شۇنداق شەكىللەنگەن.

يىپەك يولىدا ئىسلامىيەت مەدەنىيىتى شەكىللىنىشتىن ئىلگىرى مەركىزىي ئاسىيا تېبابەتچىلىكى جەسەت يېرىپ كۆرۈش؛ جەسەت مۇمىيالاش؛ تېڭىقچىلىق؛ سامساق ـ ھاراق ـ ئاچچىق تاش ئېلىش؛ كۆز ئوپېراتسىيىسى؛ ئىلغا؛ قان ئېلىش؛ ماسساج قىلىش؛ تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش؛ ھەرخىل گىياھلىق گۈڭگۈرت كىسلاتاسى (تىزابى)، بروم كىسلاتاسى، كۈمۈشلۈك بروم كىسلاتاسى چېقىرىش؛ چېچەك، كېزىك، كۆزگە پەردە چۈشۈش، ئاشقازان ياللۇغى، قان تولغاق، زۇكام، جاراھەتلىنىش، داغ چۈشۈش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا زور نەتىجە قازانغان. 633 ـ يىلى چىمەنقۇلى تاڭ گاۋزۇڭ (لى شىمىن)نى دەۋۋار كېسىلىدىن داۋالاپ ساقايتقان. 1970 ـ يىلى شىئەننىڭ جەنۇبىدىكى تاشقىن ۋاقفۇدىن «قوت» (利 告)تامغىلىق ئىدىقۇت پۇلى ۋە ئىدىقۇتلۇقلار كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن دورا ئىچىش قاچىسى تېپىلغان. شۇ دەۋردە چاڭئەندە «ئىدىقۇت ئۆمۈر بەخت شەربىتى» نامىلىق ماددا تۇلھايات دورىسى سېتىلغان.

«تۇرپان تېكىستلىرى» قاتارلىق تېبابەتچىلىك رىساللىرى پارچىلىرى تېپىلغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بىر قاتار كېسەللىكلەر، دورا ماتېرىياللىرى ۋە تېبابەتچىلىك ئۇسكۈنىلىرىنىڭ نامى كۆرسىتىلىشتىن باشقا، تېببىي مەزمۇندىكى ئەقلىيە سۆز ۋە نەزمىلەردىن پارچىلار بېرىلگەن.

1229 ـ يىلى خانبالىق(بېيجىڭ)تا ئۇيغۇر دورىگەرلىك مەھكىمىسى قۇرۇلدى، مەشھۇر خرۇرگ نەزەر، ھەربىي دوختۇر يەھيا، ئەيشى بۇلمىش قاتارلىقلار خانبالىق ۋە سېچۈەنلەردە خىزمەت ئۆتىدى. ئىدىقۇتلۇق ئەنزاڭ «شىپا گىياھلىرى»، «مۇشكۇل ئاغرىقلار» دەستۇرلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى. ئېيتىش كېرەككى، بۇ نوقۇل قۇبلايخان زامانىدا ئىچكى ئۆلكىلەردە يۈز بەرگەن ھادىسە بولۇپ قالماي، يەنە پۈتۈن چىڭگىزخان قوشۇنلىرى ۋە ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئايىغى يەتكەن غەربىي ئاسىيادىمۇ بىر

ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ھادىسە ئىدى. مىلادى سۇلالىسى دەۋرىدە 36 جىلدلىق «غۇز دورا نۇسخىلىرى» دېگەن ئەسەر يېزىلدى.
ئىسلامىيەت يىپەك يولى تېبابەتچىلىكىنى چەكلىگىنى يوق، ئەكس ھالدا غەربتە گرېك تېبابەتچىلىكى، شەرقتە جۇڭگونىڭ «جۇڭيى» تېبابەتچىلىكى ئۆتۈقلىرىنى ھىندىستان، ئىران، ئەرەب ۋە ئەنئەنىۋى مەركىزىي ئاسىيا تېبابەتچىلىكى ئاساسىدا تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇردى.
يىپەك يولى تەپەككۇر گۈلزارلىقىدىكى ئۆلۈغ باغۋەن، جاھان پەلسەپە تارىخىدا ئارىستوتىلدىن كېيىنكى «ئىككىنچى ئۇستاز» ئەبۇ نەسر فارابى ئەتتۇركىي (870 ـ 950) نەزەرىيىۋى تېبابەتچىلىكنى يېڭى ئۇل بىلەن تەمىنلىدى. ئۇ تۆت زات، ھايات ۋە مۆھىت، جىسىم ۋە روھ، تاشقى ۋە ئىچكى سېزىش ھەم تەپەككۇر ئەزالىرى ئۈستىدە ناتۇرال پەلسەپىلىك قائىدىلەرنى قويۇشتىن تاشقىرى، ئالەم ئاناتومىيىسى، گالەن تېبابەتچىلىكى، تېبابەتچىلىك كلاسسىفىكاتسىيىسى ئۈستىدە خاس ئەسەر ياكى سەھىپە يازدى.
ئىبن سىنا(980 ـ 1037) فارابى دۇنيا قاراشلىرىنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە پەلسەپە، تېبابەتچىلىك، ئاسترونومىيە ئۆزىگە خاس كاتتا تۆھپىلىرى ساھىبى بولدى.
ئىبن سىنا بىر تەرەپتىن، شەرقنىڭ يۈرەك ـ تومۇر تەلىماتىنى تەتقىق قىلسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مەشھۇر ئىران ئالىمى ئەبۇلھەسەن تەبۇر (؟ ـ 923) نىڭ «فىردەۋسول ھېكمەت (ھېكمەت بېغى)»، باغداتلىق مەشھۇر دوختۇر ئەررازى(850 ـ 923) نىڭ «كىتابۇلئەسرار»، «ئەلھاۋىي»، «كىتابۇلتىب ئەلمەنسۇرى» نامىلىق ئەسەرلىرى بىلەن ئىبن ئاباسنىڭ «كامىلۇل سىنا ئەلتىببىيە (تېبابەتچىلىك تولۇق دەستۇرى)» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.
ئىبن سىنا يىپەك يولى تېبابەتچىلىكىنىڭ يۈكسەك چوققىسىنى تىكلىدى. ئۇنىڭ «ئەششىفا»، «دانىشنامە»، «ئەلقانۇن فىت تىب»، «تېببىي داستان» قاتارلىق ئاجايىپ ئەسەرلىرى خۇددى نۇر چېچىپ تۇرغان ئالتۇن يۇلتۇز بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىر قانچە ئەسىرگىچە شەرق ۋە غەربتە تېبابەتچىلىك قوللانمىسى ۋە دەرسلىكى قىلىندى، «شاھى تېبابەت» دەپ شۆھرەتلەندى.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن ئىمادىدىن قەشقىرى قاراخانىيلار دەۋرى تېبابەتچىلىك ئاسمىنىنى جىلۋىلەندۈردى.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي تېبابەتچىلىككە ئائىت سىستېمىلىق مەلۇماتلارنى تىلغا ئالدى. ئىمادىدىن

قەشقىرى ئۇيغۇر تىلىدا «شەرھى ئەلقانۇل» نامىلىق ئەسەر يېزىپ، ئىبن سىنا قاراشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك شەرھى شەكلىدە راۋاجلاندۇردى ۋە بېيىتتى. ئېيتىلىشچە، ئىمادىدىن قەشقىرى يەنە «شەرھى ئەششىفاھ»نى يازغان.

كېيىنچە، خىزىر خوجىنىڭ ۋەزىرى قەمەرىددىن، ئەلائىددىن خوتەنى، جامالىددىن ئاقساراي، مۇرادبەگ قەشقىرى، سەئىد مۇختار بۇلاقبەگ قاتارلىق ئۇيغۇر ھۆكۈمالىرى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

بىر يېپەك يولىدىكى بىقىياس قىممەتلىك ھېكمەت بولغان تېبابەتچىلىكنىڭ 10 مىڭ يىللار مابەينىدە تاراملاپ توپلىشىپ، زور ئېقىن ھاسىل قىلغان غايەت زور ئىلمىي خەزىنە ئىكەنلىكىنى؛ ئۇنىڭ يېپەك يولى داۋام قىلغان 2000 يىل ئىچىدە ئىلمىي سىستېمىغا كىرگەنلىكى؛ خارابىلىششى، غەربىي ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىشى تۆپەيلى، خۇددى چەۋگەن توپىدەك غەربىي ياۋروپالىقلار قولىغا ئۆتۈپ قالغانلىقى؛ نىجادىيەت ئىزدەشكە مەجبۇر بولغانلىقى؛ ھەممىنى ياۋروپادىن ئىزدىگۈچى تەپەككۇر دەلدۇشلىرىنىڭ مىللىي تېبابەتچىلىكنى «ساختا پەن» دەپ يوقىتىشقا بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆز ئالدىمىزغا قويۇپ «تارىخنى قايتا ئويلاش» ئېلىپ بارساق، قەلبىمىزدە ئالتۇنغا بەرمەس مۇنداق ئۈچ ھۆكۈم ئورۇن ئالىدۇ: شانلىق ئۆتمۈش. پاجىئەلىك چۆكمىش ۋە نۇرانە كەلگۈسى!

يېپەك يولى قايتا ئېچىلدى! ئۇ، ۋاقىت رىتىملىرى بىلەن زېمىن ۋە تۇرمۇش سەھىپىلىرىگە زەر چېكىدۇ. خۇددى شاكال يىرتىپ تارىخ سەھنىسىگە قەدەم قويىدۇ. تېبابەت ئىلمى ـ نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ۋە ئىختىرا، ئەمەلىي داۋالاش ۋە تېخنولوگىيە چىچەكلىرى، گەرچە بىردىنلا بولمىسىمۇ تەدرىجىي بۇ ئاۋات ئالاقىلەر قانىلىغا غۇجمەكلىشىدۇ. داۋا ۋە شىپاسىز رەنجى ـ ئەلەمدە ئۆتكەن خەلقتىن تېبابەت ئاسمىنىنىڭ يېڭى چولپانلىرى ئاپىرىدە بولىدۇ. بۇ، تارىخنىڭ ئۇلۇغ نۆۋەت ئىلتىپاتى بولۇپ، بۇ مۇمكىنلىكنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئەجىر ـ ئەمگەك تەلەپ قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

## 5 ـ ھېكمەت

نەغمە ـ ناۋا جانلىق مىللەت، ئوتلۇق قەلبنىڭ مىلودىك تىنىقى. ئۇ، ئىنسانىنىڭ ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى ئىپادىلەيدىغان ئەپسۇنكار مەدەنىيەت

ـ خىيال دەپتىرىمدىن

يېپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەتنىڭ بەشىنچىسى ناخشا ـ ئۇسسۇل ھېكمىتىدىن ئىبارەت.

ناخشا ـ ئۇسسۇل ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ تۇنجى، رىتىملىق ئىپادىلەنگەن پوتېنسىئال ئاڭ پارتلىشى، ھېسسىيات ئارقىلىق ھېسسىياتقا تامغا بېسىشى ۋە ھايۋاناتتىن تۈپ پەرقلەنگەن روھىيەت ئۇيغۇنلۇقى بولۇپ، قەدىمكى زامانلاردىلا مەيدانغا كەلگەن. مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى ئاھالىلىرى ئەڭ دەسلەپكى مۇھەببەت ۋە ئېتىقاد، پەسىل ۋە ئەمگەك، ئىشرەت ۋە مۇھ (مەرسىيە) قوشاقلىرى، ئۇسسۇللىرىنى ياراتقان خەلقلەردىن ئىدى. مەركىزىي ئاسىيا ئاھالىسى بىلەن ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل جەھەتتىكى ئورتاقلىقى قەدىمكى بۇغا يولى، ئات يولى ئالاقىلىرى دەۋرىدىلا خېلىلا قېلىپلاشقان ناخشا ـ ئۇسسۇل مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى دەلىللەيدۇ.

ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە ئۇنىڭغا بېقىنغان ئىپتىدائىي چالغۇ قوراللىرى رىتىملىق ئېتنىك مەدەنىيەت ئۇستىدە يېڭى تاشقورال دەۋرىدە گەنىزىسلىق (پەيدا بولۇشلۇق) بالا ياتقۇسىدا ئۆزىنىڭ ئېتنولوگىيىلىك قېلىپىنى تۈزدى. زامان قانچە سوزۇلمىسۇن، تەرەققىيات قانچە ئۆزگىچە بولمىسۇن، يېڭى تاشقورال دەۋرى ھەر خىل مەدەنىيەتلەر ئۆز قېلىپلىرىنى تۈزگەن دەۋر بولدى. ھەممە نەرسە خاس نۇسخا، قېلىپ، تەرتىپ، ئۆلچەمگە ئېرىشتى. ھەر خىل روشەن گېئومېترىك نەقىش نۇسخىلىرى مەيدانغا كەلدى. توتېم ۋە ئۇرۇقداش جامائەدىكى مۇراسىملار، كوللېكتىپ بەزمە ـ بايرام پائالىيەتلىرى، كېيىنچە شامان، زورو ـ ئاستىر ئېتىقادى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئىلھام بېغىشلىدى.

قەدىمكى گرېك تارىخچىسى ھېرودۇتنىڭ «تارىخ» ناملىق كىتابىدا ماسساگىتلار(ئۇلۇغ ساكلار) گۈلخان يېقىپ، ئوتقا مەۋە تاشلاپ، شىركەيىپ بولۇپ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئوينايدۇ، دېگەن تارىخىي ئۇچۇرى ؛ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بىلەن مەركىزىي ئاسىياغا كەلگەن ئورىئاننىڭ «ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى» دېگەن كىتابىدا يەرلىك خەلقنىڭ خۇددى گرېكلاردىكى دىئونۇس بايراملىرىدەك مەي سەيلىلىرىنىڭ بارلىقى ھەققىدىكى ئۇچۇرى ؛ قەدىمكى خەنزۇ مەنبەلىرىدە شەرق پادىشاھىنىڭ كوئىنلۇن تېغىغا كۆي ئۆگىنىشكە كىشى ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدىكى بايانلار؛ قۇتۇپى قىزىلىيار، ئالتاي، بارىكۆل قىيالىرىدىكى يالىڭاچ ئۇسسۇللۇق رەسىملەر؛ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق قوشاق نەمۇنىلىرى؛ پۈتۈن مەركىزىي ئاسىيادىن تېپىلغان ئۇسسۇل كۆرۈنۈشلۈك قىيا سىزمىلىرى يېپەك يولىدىن ئىلگىرىلا مەركىزىي ئاسىيانىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى ھالىتىدە تۇرغانلىقىنى دەلىللەيدۇ. يېپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى مەركىزىي ئاسىيا ناخشا ـ ئۇسسۇل

مەدەنىيىتىنى ھەم فولكلور، ھەم كلاسسىك شەكىلدە راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. شەھەر - قەلئە مەملىكەتلىرى ۋە مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشى، خەلقئارا سودا ۋە كۆتۈش مۇلازىمىتىنىڭ تەقەززاسى بۇ خىل سەنئەتكە تارىخىي قىممەت بېغىشلىدى.

يازما مەنبەلەردە قەيت قىلىنىشىچە، خەن سۇلالىسى قۇرۇلغان ۋاقىتتىلا خوتەننىڭ «يۇتيەن نەغمىسى» خەن ئوردىسىغا مەلۇم بولغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا جاڭ چيەن قۇمۇل دىيارىدىن «ماھادۇر» كۈيىنى چاڭئەنگە ئېلىپ بارغان. لى يەننيەن بۇ چوڭ كۈيدىن پايدىلىنىپ 28 نەغمە ئىشلىگەن. كېيىنچە «دۇر» ئىبارىسى گىرېكلاردا «دۇرۇس مېلودىيىسى» نامىدا ئىشلەنگەن.

382 ـ يىلى ھەربىي تەۋەككۈلچى لۈي گۇاڭ كومىراجىۋانى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كۈسەنگە قوشۇن تارتىپ كەلگەندە، بۇ جاينىڭ ئاۋات بۇددا مەدەنىيەت مەركىزى ئىكەنلىكىنى كۆرگەن. ئۇ 20 مىڭ تۇياق ئات - قېچىرغا كۈسەننىڭ بايلىقى، زىبۇ - زىننەتلىرى، بۇددا دىنى نەمۇنىلىرى ۋە كۈسەن - چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ئېلىپ لياڭجۇ(جاڭيى) گە قايتقان. نەتىجىدە دەشتئاتا (دۇنخۇاڭ - ساجۇ) بۇددا تاشكېمىرلىرى، لياڭجۇ نەغمىسى مەيدانغا كەلگەن.

568 ـ يىلى تۈرك قاغانى مۇقانخاننىڭ قىزى ئاسىنا مەلىكە جۇ سۇلالىسىنىڭ ئىلمىپەز ئىمپېراتورى يۈيۋەنيۇڭغا ياتلىق بولغاندا كۈسەنلىك مەشھۇر مۇزىكا نەزەرىيىچىسى سۇجۇبنى ۋە بىر قاتار مۇزىكا، ئۇسسۇل ماھىرلىرىنى چاڭئەنگە ئېلىپ بارغان. كېيىنچە سۇجۇبنىڭ «12 تېمپىراتسىيىلىك كۈي قانۇنى» ئاساسىدا سۈي ـ تاڭ زامانىدىكى خەنزۇ مۇزىكىچىلىقى ئىنقىلاب خاراكتېرلىك يېڭىلانغان.

كۈسەندە يەنە ۋىدۇساكا نامىلىق مۇزىكا ئۇستازى بولۇپ، مەخسۇس چوڭ نەغمىلەر ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى مەلۇم.

تارىخىي مەنبەلەردە يېزىلىشىچە، يىپەك يولى راسا گۈللەنگەن دەۋرلەردە چاڭئەندە ئۆتكەن ساۋمياۋدا، ساۋگاڭ، بەيمىندا، بەيجەشۇڭ، فەيشىڭفۇ، فەيشىڭلۇ قاتارلىق مەشھۇر مۇزىكىشۇناسلار مەركىزىي ئاسىيالىق ئىدى. ئەينى زامان شائىرلىرىدىن دۇفۇ، لىبەي، بەيجۈيى، ۋاڭۋەي، يۈەنجىڭ ، لىيەنشى قاتارلىق ئەدىبلەر مەركىزىي ئاسىيا مۇزىكا - ئۇسسۇل سەنئىتى توغرىسىدا گۈزەل مىسرالار قالدۇرغان.

بىز خوتەندىن، مارالبېشى تۇمشۇقتىن، قىزىل - قۇمتۇرا قاتارلىق جايلاردىن، شورچۇقتىن، ئىدىقۇت شەھەر خارابىسى، تۇيۇق، يارغول ۋە بېزەكلىك تاشكېمىرلىرىدىن ئەينى زامان مۇزىكا - ئۇسسۇل ۋە چوڭ

نەغمىلەرگە ئائىت كۆپلىگەن نەپىس كۆرۈنۈشلەرنى كۆرىمىز.
سۇڭ سۇلالىسى زامانىدا مەركىزىي ئاسىياغا ئەلچىلىككە كەلگەن ۋاڭ يەندى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئۇچۇر بېرىشىچە، ئاۋات ئوردىلاردا ئوردا مۇزىكا ـ ئۇسسۇللىرى بولغان، ئۇ، ئوردىلار خارابلاشقاندا خەلق مەشرەپ ـ مۇقاملىرى شەكلىدە داۋاملاشقان. بىز «دولان مۇقامى» نىڭ مۇقەددەسلەشكەن ھەرىكەت شەكلى، قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ ئەركىن ـ ئازادە ناخشا ـ ئۇسسۇل شەكلىدىن بۇ مۇقاملارنىڭ باشتىن كەچۈرگەن تارىخىي سەرگۈزەشتلىرىنى سىلىشتۇرۇپ بىلىمىز.
ئىسلامىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن گەرچە يۈزەكى ھادىسە جەھەتتە ناخشا (مۇزىكا) ـ ئۇسسۇل سەنئىتى نىسبىي چەكلىنىشكە ئۇچرىغاندەك بولسىمۇ، ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى تۈپەيلى مۇزىكا سەنئىتىدە شەرق ـ غەرب مۇزىكا مەدەنىيەتلىرى يەنە بىر قېتىملىق تارىخىي ئۇچرىششقا مۇيەسسەر بولدى. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئۇتۇقى ئەرەب ۋە غەيرىي ئەرەب مۇزىكىلىرىدىكى راۋاجلىنىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
ئەبۇ ناسىر فارابى ئۆزىنىڭ «كىتابۇلمۇسىقەل كەبىر»، «كىتابۇلمۇسىقەل سەغىر» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە يېڭى مۇزىكا نەزەرىيىسى ـ غەيرىي پىفاگۇر مۇزىكىلىق ئاۋاز قارىشى، مۇزىكا يۈكشۈناسلىقى نەزەرىيىسى، ئەرەب ـ تۈرك مۇزىكا ـ نەغمە تەلىماتى، چالغۇ قورااللار ئىسلاھاتى، ھەرپلىك نوتا قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويدى.
ئىبن سىنا فارابى مۇزىكا تەلىماتلىرى ئاساسىدا 12 پەدە ھەققىدە توختالدى.
سالجۇقلار پۈتۈن ئىران ئېگىزلىكىنى ئىگىلىگەن مۇھىتتا ئەزەربەيجان تۈركلىرىدىن سەفىئۇددىن ئەلمۇمىن ئەلى ئۇرمەۋىي فارابى مۇزىكا نەزەرىيىسى بويىچە ئاۋاز(لار) قاتارىنى 12 پەردە (مۇقام) غا ئايرىشنى، ئەينى زامان كلاسسىك كۈيلىرىنى 12 مۇقام بويىچە 12 مۇجەسسەم(ئائىلە)گە ئايرىشنى تىلغا ئالدى. نەتىجىدە ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر ئەرەبچە «مۇقام» ئىبارىسىنى قوبۇل قىلدى، ئەرەب ۋە پارسلار ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئۈلگىسىدە فارابى نەزەرىيىلىرى بويىچە ئۆز مۇزىكىلىق مۇجەسسەملىرىنى تۈزەشكە كىرىشتى.
يىپەك يولى ئوتتۇرا بەلۋېغىدا قاراخانىيلار، تۆمۈرىلەر دەۋرىدە مۇقام، ناخشا، ئۇسسۇل، شېئىرىيەت سەنئىتىنىڭ يېڭى ئۈلگىلىرى مەيدانغا كەلدى. سەئىدىيە دەۋرىدە ئامانىساخان ۋە قېدىرخان باشلىغان ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى تەرتىپكە سېلىشتەك ئۇلۇغ خىزمەت ئىشلەندى. ئۇيغۇر مۇقاملىرى يەنە بىر قېتىم، ئۆز ئىچىگە «مەشرەپ نەغمە»، «داستان

نەغمە»، «چوڭ نەغمە» قىسىملىرىنى قوشقان ھالدا چوڭ تىپتىكى يۇرۇشلەشكەن كلاسسىك مۇقام ھالىتىگە ئېرىشتى. شۇنداق قىلىپ، غەربتە ياۋروپا كلاسسىك مۇزىكا ژانىرى – سىمفونىيىلەر مەيدانغا كەلگەن زاماندا، شەرقتە ئۇيغۇر مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە شېئىرىيىتىنى بىر گەۋدە قىلغان ناخشا – ئۇسسۇل تىپىدىكى كلاسسىك سەنئەت مۆجەسسىمى – مۇقام مەيدانغا كەلدى.

يىپەك يولىدىكى ناخشا – ئۇسسۇلدىن ئىبارەت بۇ ئەخگۈشتەر ئۆزىنىڭ ھەربىر تارىخى قاتلىمىغا ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ يىراق ئەجدادلىرىنىڭ بەدىئىي ئۇتۇقلىرىنى ئۇل ۋە ئوزۇق قىلغان بولۇپ، ئۇ، مەنبەسى يىراق، ئەقلىي قايناق، تۈزۈلمىسى گۈزەل، ئۇنۇمى ئەۋزەل سەنئەت مۆجىزىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئەزەلدىن ناخشا – ئۇسسۇلنى، باشقىچە ئېيتقاندا، مۇزىكا، شېئىرىيەت، ئۇسسۇل، تىياتىرنى بىر گەۋدە قىلغان گەنئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ كەلدى. ئۇ ئەزەلدىن ئەلنەغمىلىك – ئومۇمىي خەلق (ئاممىۋىلىق) خاراكتېرىنى ساقلاپ كەلدى. ئۇ ئەزەلدىن تەپەككۇر تېرەنلىكى بىلەن ھېسسىيات ئۇچقۇرلۇقى؛ ئەدەپ – ئېتىكىلىق بىلەن ئىشرەت – جۇشقۇنلۇقى؛ ئاھلاش، كۆرۈش، ھېس قىلىش قاتارلىق ئۆتتۈشمە تەسىرچانلىقى؛ ئوردا – كلاسسىك شەكلى بىلەن خەلق مەشرىپى – فولكلور شەكلىنى بىللە ساقلىغانلىقى قاتارلىق ئەۋزەللىكلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، نامايىش قىلىپ كەلدى.

ئۇيغۇر ناخشا – ئۇسسۇللىرى ۋە مۇقام مەدەنىيىتى باي ۋە گۈزەل گەۋدىسى بىلەن تارىختا ئىككى چوڭ دۇنياۋى مەدەنىيەت تىپى – سۇي – تاڭ مەدەنىيەت تىپى ۋە ئەرەب مەدەنىيەت تىپى، ئىككى چوڭ خەلقئارا شەھەر – چاڭئەن ۋە باغداتتا زور شۆھرەت قازانغانىدى. ئۆز دەۋرىدە ئالەمدە يېگانە قەسىرلەرگە قوبۇل قىلىنىپ، ئۇ يەردە «ساماۋى نەغمە»دە قارىلىپ، مۇزىكا ئىسلاھاتى پەيدا قىلىپ، شەرقتە كورىيە، ياپونىيە، غەربتە مىسىر، تۇنىس، سۈرىيىگە قەدەر تەسىر كۆرسىتىلىشى بۇ مۆجىزىدار ھېكمەت دۇردانىسىنىڭ ھاياتىي ئىقتىدارى ۋە مەدەنىيەت مەپتۇنكارلىقىنىڭ دەلىلى بولدى!

ۋەھالەنكى، يىپەك يولى خارابلىشىپ ئەۋزەللىك بۇلاقلىرى قۇرۇغان شۇنداقلا مىسلىسىز تالان – تاراجغا ۋە خورلۇققا ئۇچرىغان ئۇيغۇر خەلقى بۇ سەنئەت گۆھىرىنى ئۆزىنىڭ گاداي چاپىنى ۋە جاراھەتلىك قەلبىدە نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان تۇتىيادەك ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلدى.

يىپەك يولى قايتا ئېچىلدى! قەدىمكى شەرق پادىشاھ ھېكايىلىرى بىلەن گرېك ھېكايىلىرىدە بىردەك قەيت قىلىنغان، تۇمشۇقلىرىدىكى تۆشۈكچىلەردىن ھەرخىل ئاۋاز – گامالار ياڭراپ، گۈزەل مېلودىيە

كۆيلەيدىغان قەقنۇس قۇشى ئۆز ئۆستىدىكى رىيازەت تۇزانلىرىنى سىلكىۋېتىپ، قايتا ئەپسۇنكار نەغمە ـ ناۋا ياڭرىتىدىغان يېڭى ئىپرا ئېچىلدى! ئەۋلادلىرىمىزنىڭ نېسىۋىسىدە قانچىلىغان ۋىدۇسكا، سۇجۇب ، يۇسۇپ خاس ھاجىپ، فارابى، ساۋمىياۋدا، بەيمىندا، فىشىڭفۇ، دەرۋىش ئەلى، ئامانىنساخان، قىدىرخان يەكەندى قازانغان ئىپتىخار قىسمەتلىرى بارلىقىغا گۇمانىم يوق! ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ماكېدونىيىدىن چىقىپ، شىمالىي ئەرەبىستان ۋە مىسىرنى، ئىران زېمىنىنى، ھىندىستاننىڭ يېرىمى بىلەن ئالدىنقى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئالغاندى. چىڭگىزخان رۇس تۇپرىقى، خارەزم دەشتى ۋە باغدات ئەتراپىنى ئالدى. ئاخىرىدا ئۆز قوشۇنلىرى يۇزلىگەن مىللەتلەر تەركىبىگە قوشۇلۇپ كەتتى. ئېلمىپەزلىكتىن يەتكىنى ئەلەم ـ ھەسرەت بولدى. ئەكسىچە ھومىر داستانلىرى، «مىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرى، ئۇيغۇر مۇقاملىرى لەمەپەزلىكتىن نۇر قەدەم بولدى. ئۇ ئۇزاق بولمىغان ئەسىرلەر ئىچىدە باشقا يۇلتۇزلارغا قەدەم قويغان ئىنسان بىلەن بىللە كائىنات رىتىملىرىگە كامالەت قوشقۇسى!

## 6 ـ ھېكمەت

يېپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەتنىڭ ئالتىنچىسى تەسۋىرىي سەنئەت مۆجىزىسىدىن ئىبارەت.

بۇ ئەلۋەتتە بىناكارلىق، ھەيكەلتىراشلىق، نەققاشلىق، رەسساملىق، ئويمىچىلىق ساھەلىرىدە غەربىي يۇرتلۇقلار ئېرىشكەن كامالەت كارامىتىگە قارىتىلغان.

يېپەك يولىدىن ئىلگىرى بۇ زېمىندا كۆپلىگەن قىيا رەسىملىرى ۋە قەدىمكى قەبرىگاھلىقلار، شەھەر ـ قەلئە ئەسلىھەلىرى، جۇملىدىن ھەرخىل ئىلاھلارغا ئائىت لاي ياكى تۆچتا قويۇلغان فىگورىلار (ئەكونلار) بولغان.

يېپەك يولى ۋە ئانچە كېچىكمەي مەيدانغا كەلگەن بۇددىزم سەنئىتى بۇ دىيارنىڭ تەسۋىرىي سەنئەت مۆجەسسىمىگە يېڭى كۆچ بېغىشلىدى. خوتەندىن تاكى قۇمۇلغىچە بىر قاتار بۇددا ئىبادەتخانىلىرى، بەكسۇنلار (تالىپلار) ئىستىقامەتگاھلىرى، بۇددا ھېكمەت زاللىرى، جەسەت مۇنارلىرى، بۇددا تاشكېمىر (مىڭئۆي) لىرى مەيدانغا كەلدى.

بۇ بىناكارلىقلار ھەققىدە جۇڭگونىڭ ۋە چەت ئەلنىڭ غەربىي يۇرتقا كېلىپ ـ كەتكەن سەيياھلىرى كۆپلىگەن گۈزەل ۋە ھەيۋەتلىك جۈملىلەر قالدۇرۇشقان. ئۇنىڭ مۇھىمى شۇبھىسىزكى، فاشىەن بىلەن تاڭ شۈەنزاڭنىڭ ساياھەتنامىسىدۇر.

ئىسلامىيەتتىن كېيىن بولسا، مەشھۇر ئەدىب سابىر تىرمىزى (؟ ـ 1151

بىر قاتار شېئىرلىرىدا ئۆزى كۆرگەن قەندىھار تاشكېمىرلىرىنى مۇنداق تىلغا ئالىدۇ:

باھار پەسلى كەلتۇر، يېڭى تەرىفى باھار ئەيلە،
ئويۇڭنى قەندەھار بۇتخانىسىدەك لالىزار ئەيلە.

ئۇ قەندىھار بۇتخانىسىنى تىلغا ئالغاندا، چىن نەققاشلىرى ۋە قەشقەر گۈزەللىرىنى بۇ سەنئەتنىڭ جېنى دەپ، مۇنداق يازىدۇ:

بولدى باغ بۇتخانا يەڭلىغ لالە گۈللەر ھۆسنىدىن،
راستتىن ئېيتسام چىنۇ قەشقەرلىك سەنەملەر بەرق ئۇرار.
يۈزى نەققاشى چىن سەنئەتلىرىدىن نىشان بەرگەي،
مەگەر بۇ خىل نىشانلاردىن يۈزى ھەربىر زامان بەرگەي.

تۆمۈرىيلەردىن بايسۇنقۇر مىرزا 1419 ـ يىلى چىنغا ئەۋەتكەن ئەلچىلەر تەركىبىدىكى غىياسىددىن نەققاش ئۆزىنىڭ «سەپەرنامە»سىدە غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىدىكى سەنئەتنى «ئاجايىپۇل لەتايىف» دەپ ھەيرەتتە ماختىغان.

غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئىپادىلەنگەن تەسۋىرىي سەنئەت كامالىتىنى ئىسلام دۇنياسى ئەدىبلىرى چىن سەنئىتى، چىن نەققاشى دەپ ئۇنى ماھىر رەسسام بولمىش مانى نامىغا باغلاپ ئۆز مىسرالىرىنى بېزەشكەن. ئۇلار ھەتتا گۈزەلنى، گۈزەللىكنى، ئۇستا رەسسامنى باھالىغاندا «چىن سەنئىتى»، «مانى نۇسخىسى»دىن ئۇستۇن دېيىش ئارقىلىق يۇقىرى كۆتۈرگەن. بايسۇنقۇر مىرزا سارىيىدىكى خەتتات شاھى سەبزە ۋارىنى بىر شائىر ماختاپ مۇنداق دېگەن:

گەر بەچىن نۇشەئى تەسۋىرزى پەشى تۇبەرەند،
تاچىھورۇنى دىھەد دەرفەننى ھۇد مانىيرا.

(مەنىسى: سېنىڭ سىزغان بۇ نۇسخاڭ ئەۋەتىلسە مەگەر چىنگە، بېشىنى كۆتۈرەلمەي مانىمۇ ئەلۋەتتە بۇ پەند)

دېمەك، تەسۋىرىي سەنئەتتە رىم، گرېك، مىسىر، ھىندىستان ئەمەس، بەلكى چىن ـ ماچىن دەپ ئاتىلىدىغان بۇ قەدىمىي يۇرتىمىزنى ماھارەت پەللىسى ھېسابلىغان. ئەلشىر نەۋائىمۇ ئۆز غەزەللىرىدە مۇنداق يازغان:

ئۇل سەنەمگە سەجدە قىلسام، زاھىدى ھۇدبىن، نە ئەيىب.
بۇتپەرەس بولماق كۆپ ئارتۇقراقكى بولماق ھۇدپەرەست.

(مەنىسى: ئەي، ھاكاۋۇر زاھىت، ئۇ سەنەمگە سەجدە قىلسام، بۇنىڭ نېمە يامىنى بولسۇن، ئۆز ئۆزىگە مەغرۇرلىنىشتىن بۇتقا سەجدە قىلىش ئەۋزەلرەك ئەمەسمۇ؟)

كۆپ دىل ئارا شەكىللەركىم چەكتى چىن سۇرەتگەرى،

ئاچمادى بىر چەھرە ھەرگىز سۈرەتنىڭ نەققاشىدەك.
(مەنىسى: چىن رەسساملىرى نۇرغۇن زوقلىنارلىق رەسىملەر سىزغان بولسىمۇ، ئەمما سىنىڭ سۈرەت ـ قىياپىتىڭدەك بىرسىمۇ تەبەسسۇم قىلغىنى يوق)

بولماسە ئۇل بۇت قاشى مېھرابىم ئىچرە جىلدە ساز،
قىبلەگە كاپىرمەن، گەر باش تىندۇرۇپ قىلسام ناماز.

(مەنىسى: ئەگەر مېھرابىمدا خۇددى بۇتتەك سەنەم قېشى جىلۋە قىلىپ تۇرمىسا، قىبلىگە قاراپ ناماز ئوقۇسام كاپىر بولۇپ كېتەي)

ۋاھ، نە يۈزدۇر بەلكى تەقلىدىن قىلىپ نەققاشى چىن،
چەكسە يۈز سۈرەت، بىردىن يۈزدىن نەمۇدار ئەيلەسەم.

(مەنىسى: پاھ، بۇ نېمىدېگەن گۈزەل يۈز، ئۇنىڭغا ئوخشىتىپ چىن نەققاشى يۈز رەسىم سىزسا، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنىڭ يۈزدىن بىرگە نىشانە قىلسام)

ئۆزلۈكىمنىڭ قەيدىدىن بىر مەي بىلە قىلدىڭ خالاس،
ۋاھ، نەدەي، ئەي مۇغ ساقىا بۇت بىرلە زۇننارىم فىدا.

(مەنىسى: بىر مەي بىلەن مېنى ئۆزلۈكىمنىڭ ئارغامچىسىدىن قۇتۇلدۇرۇۋەتتىڭ، نېمە دەيمەن، ئەي مەيخانا، ساقىا جىسمىمنىڭ بۇتى بىلەن زۇننارىم سەدىقە بولسۇن)

دەۋرىمىزگە كەلگۈچە غەربىي يۇرت بۇددا بىناكارلىقى، ھەيكەلتىراشلىقى ۋە تام ـ تاختا رەسساملىق سەنئىتى يادىكارلىقلىرىدە يەرلىك دەرىجىدە، ئەمما خارابە ھالىتىدە ساقلانغانىدى. ئۇنى گرونۋەدىل، لىكوك، ستەين، پىللىئوت ۋە داگونىڭ ئېكسپېدىتسىيە خادىملىرى پارچىلاپ، بۇزۇپ ئېلىپ ئېخىمۇ ۋەيران قىلىشتى. شۇ چاغدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، خوتەن، مەلىكىئاباد، كونا نىيە، دەندان ئۆيلۈك، ئۇچما راۋاق، توققۇز ساراي، ئالاقاغا، سىم ـ سىم، دۇلدۇل ئوقۇر، سۇ بەشى، قىزىل ساراي، قۇمتۇرا، مازارباغ، شورچۇق، مىرەن، كرورەن ، يارغول، تۇيۇق، سىڭگىم ئېغىز، ئىدىقۇت شەھىرى، بېزەكلىك قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان تاشكېمىرلەر، ئىكون ـ بۇت ۋە قورچاقلار، تام رەسىملىرى، سىزما ۋە ياغاچ ئويمىلار، يىپەككە سىزىلغان رەسىملەر جاھان سەنئەت تارىخىدىمۇ ئۆزىنىڭ زور ھەجىملىكى، رەڭدارلىقى، كۆركەم ـ نەپىسلىكى بىلەن يەنىلا تەئەججۇپلىنەرلىك ئىدى. ئۇلار ئارىسىدا دەندان ئۆيلۈكتىن تېپىلغان لاكشىمى (ئۈز تەڭرى) رەسىمى، ئات ۋە تۆگىلىك سەپەرنىڭ تاختىغا سىزىلغان رەسىمى، سۇ بەشىدىن تېپىلغان مۇزىكا ـ ئۇسسۇل ـ تىياتىرلىق كۆرۈنۈشى سىزىلغان جەسەت كۆلى قۇتىسى، قىزىل

مىڭئۆيىنىڭ 36 ـ غارىدىكى تام رەسىملەر، قۇمتۇرا يېڭى 1 ـ غار تورۇسىدىكى كۆركەم لىباسلىق بۇتساتىۋالار تىزمىسى، شورچۇقتىكى ياغاچ ئويما ھەيكەللەر ۋە بىراخمانىنىڭ لاي ھەيكەللىرى، ئىدىقۇت شەھىرىدىكى مانى ئىبادەتخانىسىغا سىزىلغان مانى ۋە مۇخلىسلىرىنىڭ تام رەسىمى، بېزەكلىكتىن تېپىلغان ساكيامۇنىنىڭ ھېكمەت سۆزلىشى قاتارلىقلار يۇقىرى كلاسسىك تەسۋىرىي سەنئەت دۇردانىلىرى ئىدى.
ئىسلامىيەتتىن كېيىن بىناكارلىق، بولۇپمۇ ئوردا ـ قەسىر، ئاتاقلىق شەخسلەرگە ئاتالغان مەقبەرە، مەسچىت ـ جامە، مەدرىسە، مۇنار، رەستگاھ، باغ ـ سەيلەگاھ ، ئولتۇراق جاي بىناكارلىقى ئالاھىدە يەرلىك ۋە غەربىي ئاسىياچە قۇرغاق رايونلارغا خاس «ئىسلام ئۇسلۇبى» بويىچە راۋاجلاندى. بۇنداق بىناكارلىقلار مۇنار، گۇمبەز، دەھلىز، راۋاق، مېھراب، تاكچا(ئويۇق)، ئوچاق ـ مورا، سۇپا، ياپما ئايۋان، تورۇس، تۈۋرۈك، باسما(پەلەمپەي) قاتارلىقلارنى چىرايلىق لايىھەلەش، ئۇنى رەڭدار خىشلىرىدىن، گەج نەقىشلىق ياكى ياغاچ ئويما ماتېرىياللاردىن ئىشلەش ئومۇملاشتى. قاراخانىيلار زامانىسىدا قەشقەر، بالاساغۇن، ئۆزكەنت، بۇخارا، سەمەرقەنت، خوتەن قاتارلىق كاتتا شەھەرلەردە بۇنداق ياسىداق ئىمارەتلەر كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى. چىڭگىزخانىنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى يالغۇز بىناكارلىق مۆجىزاتلىرىنىلا ئەمەس، يەنە پۈتۈن سۈرۈك شەھەرلەرنى تۈزلىۋەتكەنىدى. تۆمۈرىلەر ۋە سەئىدىيلەر دەۋرىدە «ئەھمەد يەسسەۋى»، «ئائىشە بۈۋى»، «يۈسۈپ ھەمەدانى»، «گورەمىر»، «بۈۋى خانىم»، «ھاشى زىندە» قاتارلىق مەقبەرىلەر، يەكەن «ئالتۇنلۇق» مازىرى، سەمەرقەنت تىگىستان مەدرىسەلىرى، ئۇلۇغبەگ رەسەتخانىسى قاتارلىقلار قۇرۇلدى.
يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى تەسۋىرى سەنئەتكىمۇ قاتتىق زەربە بولدى. يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشى، دەل تارىخنىڭ زامانىۋى شەھەر بىناكارلىق ۋە مەدەنىيەتلىك تۇرار جاي قۇرۇلۇشىنى راسا تەقەززا قىلغان دەۋرگە توغرا كەلدى، ئىشىنىمەنكى، غەربىي يۇرتتا سەنئەت ئىلمىگە لايىق ئەنئەنىۋى بىناكارلىق تارىخىغا ئىگە يەرلىك ئاھالە پات ئارىدا بىناكارلىق، ھەيكەلتىراشلىق، مۇھىت سەنئىتى، رەسساملىق، ئويمىكەشلىك، نەققاشلىق سەنئەتلىرى جەھەتتە دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى خەلقلىرىگە يېتىشىۋالىدۇ.

## 7 ـ ھېكمەت

يىپەك يولىدىكى تارىخنىڭ ئۆلگەن ھادىسىلەر قەبرىستانلىقىدىن ئۆلمەس

توّت ماھىيەتلىك موّجىزە ـ تارىخ شاھى، سەنئەت يوپۇرمىقى، ئەدەبىيات گۈلى ۋە ھېكمەت ئۇرۇقى ئۇنۇپ يېتىلگەن. ئۇنىڭدا ئۆتمۈش كەلگۈسىگە تارىخى تەپەككۇر، بەدىئىي تەپەككۇر ۋە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر شەكلىدە ئۇچۇر يەتكۈزىدۇ.

ـ خىيال دەپتىرىمدىن

يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەتنىڭ يەتتىنچىسى تىل ـ ئەدەبىيات خەزىنىسىدىن ئىبارەت.

مەلۇمكى، تىل سىستېمىسى ۋە دەسلەپكى ئەپسانە، رىۋايەت ۋە قوشاق فولكلورى يىپەك يولى بەرپا بولۇشتىن ئىلگىرىلا مەۋجۇت ئىدى. ھەرخىل بەلگە ۋە تامغىلار ئىپتىدائىي ئۆچۈر ۋاستىسى قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ نۇسخىلىرى قىياتاشلار، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلاردىن كۆپلەپ تېپىلدى.

يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن مەركىزىي ئاسىيا تىل ـ ئەدەبىياتىدا يېڭى ئىپادىلەش ئۇسلۇب ـ ۋاستىلىرى ۋە سەنكرتىك ئالامەتلەر مەيدانغا چىقىشقا باشلىدى.

تارىخى تەتقىقاتچىلىرى غەربىي يۇرت ۋە پۇتكۈل مەركىزىي ئاسىيادا ھەرخىل يېزىقلار قوللىنىلغانلىقىنى، ھەرخىل تىللاردا ئەسەرلەر يېزىلغان ياكى تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى ئېيتىشتى. ھەقىقەت شۇكى، غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىيانلار ـ سكتايلار ـ ساكلار باللقاش ـ بايقال ۋادىلىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا غەربتە قارا دېڭىز، قىزىل دېڭىز ساھىلىنى، جەنۇبتا ھىندىستان ۋە مىسوپوتامىيىنى، شەرقتە موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ غەربىي قىسمىنى، تاكى قەشقەرىيىگىچە ئىگىلىگەن ياكى ئۇ جايلارغا تەسىر كۆرسەتكەندى. نەتىجىدە بۇ كەڭ زېمىندا ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەدەنىيەت ئۇنىۋېرسال ھادىسىسى پەيدا بولغان. غەربىي يۇرتتا كېيىنكى ۋاقىتلاردا قوللىنىلغان قاراشتى يېزىقى، ئەنەتكەك(سانسكرىت) يېزىقى، رونىك شەكلىدىكى ئورخۇن يېزىقى، سوغدى يېزىقى شەكلىدىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر يېزىقى، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىق يېزىقلار تېگى ـ تەكتىدىن قەدىمكى ئۇچۇرلۇق تامغىلار بىلەن ئارى ـ سكتايلار كەزگەن غەربىي ئاسىيا ۋە پامىر ـ ھىندىستان يېزىقلىرىنى دەۋر قىلىپ، بىرىدىن بىرىگە ئالمىشىپ كەلدى. بۇ يېزىقلارنىڭ يېقىنلىقى خۇددى نوھ ئەپسانىسىدىكى نوھ پەرزەنتلىرى تۇر، كەنان، ياپەستەك شۇنچە تومۇرداش بولغان.

غەربىي يۇرت فولكلورىمۇ ئاللىقاچان مىللىي چېگرىدىن ھالقىغان بولۇپ، «چىستانى ئىلىك بەگ»، «ماناس»، «پەرھاد ۋە شىرىن»، «تۇمارىس»،

«رۇستەم»، «ئوغۇزنامە»، «گىلگامىش»، «دەدەقۇرقۇت»، «ئەپراسىياپ»، «سىياۋۇش» ۋە بۇددىزمغا ئائىت يۈزلىگەن «يارالمىش جاتاكا ھېكمەتلىرى» كۆپ ئېتنىك ۋە كۆپ جۇغراپىيىلىك تەركىبكە ئىگە بولغان. ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى تىل ـ ئەدەبىيات جەھەتتىكى ئاساسلىق جاۋاھىرات ـ «ئاۋېستا»، «رىگاۋېدا»، «ئەپراسىياپ» لەگىندىلىرى بىلەن بۇددىزم نوملىرى ھېسابلاندى.

غەربىي يۇرتتا كۆپلىگەن نوم ئەدەبىياتشۇناسلىرى ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرلىرى كومراجىۋا، فىخخۇيلان، ئەنزاك، سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ قاتارلىق تىلشۇناس ـ تەرجىمىشۇناس ئالىملار بولدى. كومراجىۋانىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبى خەنزۇ نەزمىچىلىكىنى بەش خەتلىك شەكىلدىكى يەتتە خەتلىك شەكىلگە كۆتۈرۈشتە ئىلھام بەخش ئۈلگە بولۇپ قالدى.

ئۇرخۇن ئۇيغۇر خەلقى تېررىتورىيىسىدىن تېپىلغان «توققۇز ئۇيغۇر خاقان»، «مويۇنچۇر»، «بىلگە قاغان»، «تونيۇقۇق»، «كۆلتېگىن»، «كۆلچۇر» ئابىدىسى قاتارلىقلار تالاس ـ يەنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدىن ئۆزىنىڭ ئەدەبىي كومپوزىتسىيىسىگە ئىگە كلاسسىك تاش پۈتۈنلۈك خاراكتېرى بىلەن پەرقلەندى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا قايتا ئىشلەنگەن «ئوغۇزنامە»، «چىستانى ئىلىك بەگ»، «مايترى سىمىت»، «ئالتۇن يارۇغ» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەر ئەينى زامان نەسرىي ـ نەزم ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلانغانلىقىنى، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ كۆپ قىرلىق ئىلگىرىلىگەنلىكىنى كۆرسەتتى. دەرۋەقە، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مانىزم بىلەن بۇددىزم (كېيىنچە، بەشبالىقتا يەنە ئىسلام دىنى)، گرېك، پارس، ھىندى، خەنزۇ، تىبەت، موڭغۇل تىللىرى بويىچە ئىلمىي، دىنىي ۋە ئەدەبىي تەرجىمە بىللە بولۇش مەنزىرىسى شەكىللەنگەندى. كۆچۈرۈش بىلەن مىخ مەتبەئە ئۇشبۇ مەدەنىيەت دەرگاھىغا ھۆسن قوشتى.

خانبالىق(بېيجىڭ) ئوردىسى ۋە خەنلىن ئاكادېمىيىسىدە ئۇيغۇر ئالىملىرى ئىشلىگەن، موڭغۇل ھۆكۈمرانى بىلەن ئىچكى ئەللەرگە تارقىلىپ كەتكەن ئۇيغۇر ئەۋلادلىرىدىن مەشھۇر شېئىرىيەت ۋە «يۈەن چۈي» تىياتىر مۇئەللىپلىرى يېتىشكەن مەدەنىي مۇھىت بارلىققا كەلدى. بۇ ھال ئۇيغۇرلارنىڭ باغدات خەلىپىلىكلىرىگە، سالجۇق تۈركلىرى، چىنگىزخان قوشۇنلىرى بىلەن غەربىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىغا قەلەم ۋە ماھىرلىرى بولۇپ يېتىلىشىنىڭ شەرقىي ئاسىيادىكى ئىككىنچى ۋارىيانتى ياكى قانىتىنى ھاسىل قىلدى. ماۋرەئۇننەھر، خارەزم ۋە خۇراساننى ئىشغال قىلىشتا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى چىڭگىزخان قوشۇنلىرىغا كۆچلۈك

چەۋەنداز ئەترەتلىرىنى قوشقاندى. مەلۇم مەنىدە، زامانىسىنىڭ ئەقىل چەشمىسى بولغان ئىدىقۇت ـ بەشبالىقلىقلار ئۆز جاۋاھىرلىرىنى شەرقىي دېڭىز، كاسپىي دېڭىزى، ئەرەب دېڭىزى ۋە ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ساھىللىرىغا چاچقاندى. ئۇ كېيىنچە موڭغۇل ئاتامانلىرى ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان دەھشەتلىك ھاكىمىيەت تالىشىش جەڭلىرىدە، سالماقلىق ئاھالىسىنى سېرىق ئۇيغۇرلار زېمىنىغا كۆچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. خىزىر خوجا ئىدىقۇت دىيارىدا ئىسلام ئاچقاندا، بۇ دىيار ئاللىقاچان ھالىدىن كەتكەن ھالەتتە ئىدى. ئىسلامىيەتتىن كېيىن تۇرپان ـ قۇمۇل دىيارىنىڭ دەرمەھەل مەدەنىيەت ھەسەن ـ ھۈسەنلىرىنى جىلۇىلەندۈرەلمىگەنلىكى، مېنىڭچە، ئەنە شۇ ئېچكى خوراشتىن بولغان.

قاراخانىيلارنىڭ مۇسۇلمانلىشىشى يېپەك يولىدىكى غەربىي يۇرت ئۆتكىلىنىڭ بىر تۇتاش «تۈرك ئىسلام مەدەنىيەت چەمبىرى» ھاسىل قىلىشىنى تېزلەتتى. تىل ـ ئەدەبىياتتا يېڭى تارىخىي دەۋر ئۇيۇق ئاچتى. يېزىق شەكلى، ئېتىقاد مەزمۇنلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بەزى تەتقىقاتچىلار ھۆكۈم قىلغاندەك غەربىي يۇرتنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا ھەرگىزمۇ جىددىي چۈشكۈنلۈك يۈز بەرگىنى يوق. ئەكسىچە، ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيىتى يېپەك يولى ئالاقىلىرىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتى. تارىخ بۇ ئۇلۇغ قانالدا يېڭى مەدەنىيەت ئۇچۇرىشىشلىرى ۋە سەنكىرتىزمغا مۇمكىنلىك تۇغدۇردى. ئىسلامىيەت شەكلىدىكى گۈمبەزلىك كارۋان سارايلىرى، مەسچىت مۇنارلىرىدا ئوقۇلغان ئەزان كۈيلىرى يېپەك يولى ئالاقىلىرىغا ھېچقانداق دەخلى ـ توسقۇنلۇق كەلتۈرگىنى يوق.

ئەل خارەزمى، ئەل پەرغانى، ئەل فارابى، ئەل خوجەندى، ئىبىن سىنا ئەسەرلىرى ئەرەب دۇنياسىدا سوقرات، ئەپلاتون ، ھىپوگرات، ئارىستوتىل، ئېۋكېلىد، گالىلى، پېتولمى ئەسەرلىرى بىلەن بىللە بۇ ئۇلۇغ ئۆركەشنىڭ شەرقىي پاۋلىئوننى ھاسىل قىلدى. ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشى ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىشىنىڭ بالىياتقۇسىغا ئۇرۇق سالدى. بۇ ھەقىقىي تارىخنىڭ تارىخىي ھەقىقىتى سۈپىتىدە بىگۇمان ھەقىقەتتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدىن كېيىن، يەنە بىر شاھ ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى ياراتتى. فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سى يېپەك يولىدا «ئاۋېستا»دىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ داستان بولغاندى. بىز بۇ ئۈچ ئەسەرنى خۇددى ئارىستوتېل، «ئىككىنچى ئۇستاز» ئەلفارابى ۋە ئىككىنچى ئەلفارابى ـ «شەيخۇل رەئىس» ئىبىن سىنادەك ئوبرازلىق تەپەككۇر تارىخىغا ئەڭ زور تەسىر كۆرسەتكەن ئۈچ ئەڭگۈشتەر ھېسابلايمىز.

مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، مۇھەممەد فەزلانىنىڭ «سوراھ»، مۇھەممەد زەمەھشەرىنىڭ «مۇقەددىمۇتۇل ئەدەپ» قاتارلىق ئۈچ چوڭ لۇغىتى قەشقەرلىك فىخۇيلاننىڭ «نوم مەنىلىرىنىڭ تەپسىلىي تەپسىرى» ناملىق تىلشۇناسلىق دەستۇرىدىن كېيىن يىپەك يولىدا مەيدانغا كەلگەن غەربىي يۇرت تىلشۇناسلىقىنىڭ يېڭى ئۇتۇقى بولدى.

فىردەۋسىنىڭ مەھمۇد غەزنەۋىگە تەقدىم قىلغان «شاھنامە»سىدىن كېيىن، ئەزەربەيجان تۈركلىرىدىن نىزامى گەنجەۋى، دېھلىدە ئىستىقامەت قىلغان خۇسراۋ دېھلەۋى، سەدىدىن قەشقىرىنىڭ شاگىرتى ۋە كۈيئوغلى نۇرىددىن ئابدۇراخمان جامى بىلەن ئۇلۇغ مۇرەببىي ئەلىشىر نەۋائى ياراتقان «خەمسە»چىلىك بەس ـ بەستە ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىگە قارشى ئىنسان ۋە ئەرك تېمىسىنى خەمسە شەكلىدە ئىپادىلەشنىڭ يېڭى ئۈلگىسىنى كۆرسەتتى. نەسىرىددىن رابغۇزىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، ئەبەيدۇللا لۇتفىنىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانلىرى ئۇنىڭغا يانداشقاندى.

ئەلىشىر نەۋائى تەرىپىدىن «تۈرلەرنىڭ پىر ئۇستازى» دەپ ئاتالغان ئەھمەد يەسەۋىنىڭ «دىۋان ھېكمەت» ناملىق مەشھۇر زىلزىلىگۈي ئەسىرىدىن كېيىن باقىرخانى، باباچىن، بابارەھىم مەشرەپ، خوجا نەزەر ھۇۋەيدا، مۇھەممەد سىددىق زەلىلى، مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتىنىڭ بىر قاتار گۇمانىستىك ـ سوپىستىك ئىدىيىدىكى ئەركىن پىكىرلىك پەلسەپىۋى لىرىكىلىرى يىپەك يولىدا مانىزم، زورروئاستېرىزم ۋە بۇددىزم زامانىدا ھەرخىل شەكىلدە ئىپادىلەنگەن، ئىنساننى قاراڭغۇلۇق ۋە ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىنتىلىشلىرىنىڭ يېڭى، ئۆزگىچە راۋاجى بولدى.

يىپەك يولى غەربىي يۇرت تىل ـ ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات تەرجىمىچىلىكى ۋە تېماتىك پىكىر ۋە پېرسوناژلىرىنىڭ خەلقئارالىقى بىلەن خاراكتېرلەندى. دىيارىمىزدىن ئىزوپ مەسەللىرى، مانى دەستۇرلىرى، بۇددا نوملىرى، نىستورىئان رىسالىلىرى بىلەن «كەلىلە ۋە دەمنە»، «مىڭ بىر كېچە»، «جاھار دەرۋىش»، «شاھنامە» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە نۇسخىلىرى تېپىلغانلىقى ھېچقانداق ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. يىپەك يولىدا يارىتىلغان «ئاۋېستا»، «شاھنامە»، «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، «گۈل ۋە نەۋرۇز»، «چاھار دەرۋىش» ۋە ھەرقايسى «خەمسە» تىزمىلىرىدا چىن خاقانى، خوتەن رەستىسى، خارەزم چۆللۈكى، ھىندى راھىبى، ئىران دەرۋىشى، ئەرمەن گۈزىلى، ئەرەب ھەكىمى، ئېفوپىيە زەنگىسى، يۇنان سەركىسى، ساك قەھرىمانى، تۇران مەرگەنلىرى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، دۇنيادا بۇنداق خەلقئارا قىياپەتلىك ئىككىنچى تەسۋىرىي تەپەككۇر مۆجىزاتىنى يەنە تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

كۆپ قىرلىق ۋە سېھرى بەخش بۇ خىل تىل ـ ئەدەبىيات يىپەك يولىنىڭ خارابىلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل كلاسسىك خاراكتېرىدىن قالدى.

يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشى بىزگە نوقۇل رۇسىيە ئارقىلىق كىرگەن ياۋروپا ئەدەبىياتى ژانىرىدىكى ئىجادىيەت سەمەرىلىرىدىن داۋاملىق پايدىلانغاندىن تاشقىرى، بىر زامانلاردا قەلەمكەشلىرىمىزنى دۇنياۋى سەۋىيىگە كۆتۈرگەن يىپەك يولى زامانىدىكى ئەدەبىيات مىراسلىرىمىز بىلەن قايتىدىن تونۇشۇش ۋە يېڭى يىپەك يولىغا خاس يېڭى ئىستىلدىكى ئەدەبىيات گۈلزارى بەرپا قىلىش يولىدا ھېكمەتلىك پىكىر يۈرگۈزۈشىمىز ۋە ھېكمەتلىك ئىزدىنىشىمىز لازىملىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئۇلۇغۋارلىق شەخسىنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئۇنى ياراتقان تارىخنىڭ ئىشى، ئەلۋەتتە.

## 8 ـ ھېكمەت

دۇنيادا ھېچقانداق گۈزەللىك ۋە مۇقەددەسلىك ئىنسانىنىڭ ئىنسانغا بولغان ئىنسانىي مۇئامىلىسىدەك چىن ۋە ئالىيجاناب بولغان ۋە بولالىغان ئەمەس.

ـ خىيال دەپتىرىمدىن

يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەتنىڭ سەككىزىنچىسى مېھماندوستلۇق گۈلشىنىدىن ئىبارەت.

مېھماندوستلۇق ـ بىر خىل مەدەنىيەت، ئۇنى پەقەت جاھان كەزگەن كىشىلا ھېس قىلىشى، چۈشىنىشى ۋە بەجا قىلالىشى مۇمكىن. مېھماندوستلۇق ـ ئۇ ئاددىيلا ئادەمگەرچىلىك، ئىجتىمائىي ئالاقە، ھېسداشلىق بولماستىن، بەلكى بىرەر خەلقتە ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ئارقىلىق مىڭلىغان يىللار داۋامىدا ئەنئەنىگە ئايلانغان كىشىلىك مەدەنىيەتنىڭ ساخاۋەتچان گۈلشىنىدۇر. يۇقىرىقى سەككىز ھېكمەت تۈپەيلى ئۇشبۇ ھېكمەت چەشمىسى قايناق ۋە راۋان!

قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيالىقلار بىر قاتار سەۋەبلەر بىلەن مېھماندوستلۇق ئەنئەنىسىگە ئېرىشكەن.

ئۇلار بۇغا يولى، ئالتۇن يولى، قاشتېشى يولى ۋە يىپەك يولى ئارقىلىق كونا قىتئەنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى كەزدى، ھەرخىل يايلاق، ئورمان، جەزىرە، قەلئە ۋە ساھىللاردا تۇرمۇشنىڭ تەمىنى تېتىشتى. ئۇلۇغ ئەمەلىيەت كىتابى ـ «سەپەر كىتابى» ئۇلارغا مېھماندوستلۇق مەدەنىيىتى ۋە زۆرۈرىيەتلىرىنى ئۆگەتتى. ئۇيغۇرلاردىكى «يازدا يېپىنچا، قىشتا ئوزۇق»، «بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ بولسۇن» دېگەندەك مىڭلىغان تەمسىللەر مۇشۇ سەپەر سەرگۈزەشتلىرىدىن مۇجەسسەملەنگەن.

ئۇلار ئەتراپى ئېگىز تاغ، ئوتلۇق چۆل بىلەن قورشالغان زېمىندا ياشىدى. ئۇلار تۆت تەرەپنى بولۇپمۇ شەرق بىلەن غەرب كارۋان يولىنى نىجادىيەت ئېقىنى دەپ بىلدى. تۆگە ـ ئات كارۋانلىرىنىڭ كولدۇرما ـ قوڭغۇراقلىرى ئۇلارغا ساخاۋەت ئېپادىلەش ۋە سودا ـ تىجارەت قىلىشتىن دېرەك بېرەتتى. مېھماننى سودىگەر ياكى راھىب ئېپتىخارى ۋە يىپەك يولى ئالاقىلىرىدىكى بۇرچى ئىدى. بىز فاشىيەن، شۈەنزاڭ، گەردىزى، ۋاڭ يەندى، ماركوپولو، ئىبن بەتۇتە خاتىرىلىرىدىن بۇنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز. «غەربكە ساياھەت» ئەپسانىسى قانداق يېزىلغان بولمىسۇن، شۈەنزاڭ(تاڭ سىڭ) قۇمۇلدىن تاكى مىڭ بۇلاق تۈرك يابغۇلۇقى ئارىسىغىچە بولغان بۇ ۋادىدا بۇ خىل مېھماندوستلۇقنىڭ خاسىيىتىدىن بەھرىمەن بولغان.
ئۇلار يىپەك يولىدىكى خەلقئارا سودىگەر سۈپىتىدە ھېسابلانىسىمۇ يېغلىمەس ئىدى. ئۇلار يەنە، ئەنئەنە بويىچە ھەر يىلى مەلۇم مىقداردا چارۋىنى چۆللەرگە ھەيدەپ بۆرە ۋە يىرتقۇچلارغا يېگۈزۈشنى ئۇدۇم بىلەتتى . ئۇلار ھاراق ساتقاندا سۈت ـ قېتىقنى ئاقچىغا سېتىشنى راۋا كۆرمەيتتى. ئۇلار، گاھىدا ئاۋات ھاكىمىيەت مەركەزلىرىگە «ياغما» بولۇپ بېسىپ كىرسىمۇ، تاۋار ـ دۇردۇنلارنى، ئات، قاشتاش، دورا ـ دەرمان بەدەلسىز ئېلىپ كەتمەيتتى، ئۇلارنىڭ بەگ ۋە خانلىرى مەلۇم يىلدا باج ـ سېلىق كەچۈرۈمى ياكى «خەزىنە بۆلۈش» نامىدا سەدىقە خاراكتېرلىك چاچقۇ چاچاتتى. ئۇلار سودا كارۋانلىرى بىلەن بىللە باشقا يۇرتتىكى بەگ ـ خان ـ پادىشاھلارغا سوۋغا ـ تارتۇق ھەدىيە قىلىپ تۇراتتى. بۇ خۇددى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدىكى ئارتۇق قانىنى ئېلىشقا ئوخشاش ئىقتىسادىي «مۇھىت تەڭپۇڭلۇقى» ئادىتىنى شەكىللەندۈرەتتى. بۇنىڭسىز بالا ـ قازا ئىلاھلىرى غەزەپلىنىپ قوزغىلىدۇ، دېگەن ئەقىدە بۇ ئادەت بىلەن بىللە ساقلىنىپ كەلدى.
ھارغان ئات ـ ئۇلاقنى يايلاق ياكى چۆپلۈكلەرگە تاشلاپ قويۇپ، يىللار ئۆتكەندە تېپىپ ئالغىچە ئۇنىڭغا باشقا ھېچ كىشى ئالا نىيەتتە بولماسلىق ئادىتى تاكى ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىغىچە ساقلاندى.
غەربىي يۇرت كارۋان سارايلىرى، ئاشپۇزۇل ـ چايخانىلاردا ئۈچ نەرسە ـ ياخشى تائام، ياخشى سۆھبەت، ياخشى كەيپىيات ھۆكۈم سۈرەتتى.
چاي، شەربەتلەر بىلەن مەينىڭ تۈرلىرى كۆپ، تەسىرى شىپالىق بولغان. بىز بالبال ۋە تاشكېمىر تام رەسىملىرىدىن قىلىچ ـ خەنجەر ئاسقان غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ قولىدا مەي جامى تۇتقان مەڭگۈلۈك خاتىرىسىنى كۆرىمىز . غەربىي يۇرت مەي مەدەنىيىتى خەنزۇ ئەدەبىياتىدا لى بەي باشلىغان مەينامە نەزمىلىرىگە ئىلھام بولغانلىقىنى كىم ئىنكار قىلالىسۇن! گۈلقەنتچىلىك، مۇراببا ـ قىيام ۋە شەربەت تېخنىلوگىيىسى غەربىي يۇرت داستىخانلىرىغا

تېخىمۇ لەززەت بېغىشلىدى. غەربىي يۇرت ئەسلى شۆھرىتىگە لايىق شەربەت ماكانى ئىدى.
گۆش تائاملىرى ـ قوي، كېيىك، قۇش، بېلىق، قارامال گۆشلىرىدىن زىخ، تونۇر، گۈلخان، قازان، قاسقاندا تەييارلىنىدىغان يېمەكلىكلەر؛ ئۇن، گۈرۈچ، پۇرچاق، كۆكتاتلاردا ھازىرلىنىدىغان يۈزلىگەن تائام تۈرلىرى؛ سۈت بىلەن ياسىلىدىغان ھەرخىل يېمەكلىكلەر غەربىي يۇرت تائام باغچىسىنى يىپەك يولىنىڭ يورۇق دۇنيادىكى «فىردەۋسول ئەلا» بېھىشىگە ئايلاندۇردى. ھەرخىل پىچىنە ـ پىرەنىكلەر بىلەن نەچچە ئون خىل توقاچ ـ نانلار يىپەك يولى سەپەرلىك جابدۇنۇشىنى ئاسانلاشتۇردى. تۇرپان ئاستانە قەبرىگاھلىقىدىن ئۇنىڭ بىر قىسىم نەمۇنىلىرى تېپىلدى.
ياخشى سۆھبەت ـ دۇنيادىن خەۋەر تېپىش ۋە ئىلىم ـ ھېكمەتتىن ئۆچۈر تېپىشتىكى مۇھىم ۋاستە ئىدى. سودا كېلىشىملىرى، ھېكايەت ۋە ھاپىزلىق، ئەقلىيە ۋە نەسىھەت ئاڭلاشمۇ ئۇنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، بۇ تاكى يېقىنقى قەرنەلەرگىچە يېتىپ كەلگەن. گېزىت ـ رادىئو ـ تېلېۋىزور بولمىغان كونا دۇنيانى ياخشى سۆھبەت تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى.
ياخشى كەيپىيات ـ قىزغىن مېھماندوستلۇق، نەغمە ـ ناۋا ۋە ئويۇن ـ مەشرەپۋازلىق ئارقىلىق شەكىللىنەتتى. سەيلە ـ ئايەم، ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنى، ئات بەيگىسى، ئوقيا ئېتىش، چەۋگەن ئويناش، سارغادى (چەرھى پەلەك)، چېلىشىش قاتارلىقلار بولۇپ تۇراتتى.
يىپەك يولىنىڭ خارابىلىشىشى ئۇيغۇر مېھماندوستلۇقى روھىنى بىردىن نابۇت قىلالمىسىمۇ، ئۇنىڭ يىلىكىنى قۇرۇتۇپ قويدى، ئىستېلاچى كۈچلەرنىڭ تالان ـ تاراجلىرى، يەرلىك ھاكىم ـ بەگلەرنىڭ ئىستېلاچىلارغا يانتاياق بولۇپ ئۆز خەلقىنى قاقشىتىشى بۇ مىللەتنى يىلدىن يىلغا يالاڭ تۆش قىلىپ قويدى. نەتىجىدە، نامراتلىق ئۇلارنىڭ ساختىپەزلىك، ھارامدىن قورقماسلىق ئىللەتلىرىنى كۈچەيتىۋەتتى. يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشى ئۆز نۆۋىتىدە بۇ خىل مېھماندوستلۇق روھى بىلەن تائام مەدەنىيىتى ۋە ماھارىتىنى چوقۇم يېڭى تارىخىي ھالەتكە لايىق گۈللەندۈرىدۇ، ئەلۋەتتە.

## 9 ـ ھېكمەت

كىشىلەر ھۇما قۇشىنى بەخت ـ سائادەتنىڭ ئەلچىسى دەپ سۆيۈنۈشتى. دەرۋەقە، ھۇما قۇشىنىڭ قۇتلۇق تۇخۇمى خەلقنىڭ نەزەرىيىۋى تەپەككۇرىنى تىركەك قىلغان مەنىۋى قىياپىتى ئىچىدە يېتىلىدۇ ۋە ئېچىلىدۇ.
ـ خىيال دەپتىرىمدىن

يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەتنىڭ توققۇزىنچىسى يىپەك يولى مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ نەزەرىيىۋى تەپەككۇرىدىن ئىبارەت ئىدى.

نەزەرىيىۋى تەپەككۇر - پەيلاسوپلار تارىخقا زورلاپ تەقدىم قىلىۋاتقان «مەدرىسە پەلسەپىسى» بولماستىن، بەلكى ئىنسان تارىخىنىڭ ئىنسانىي ئاق تەرىپىدىن ئاڭلىق ئىگىلىنىش سەۋىيىسىدىن ئىبارەت. تارىخ ھازىرغىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ كەلگەن ھەربىر خەلقنىڭ ئەڭ ئالدى بىلەن نوپۇس، قورال كۈچى، ئىقتىسادىي كۈچ ياكى جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىك بىلەن ئەمەس، بەلكى مەنتىقىي پىكىرنىڭ تاجى، روھىيەت دۇنياسىدىكى يېگانە قۇياش - نەزەرىيىۋى تەپەككۇر بىلەن ئالدىنى ئورۇندا تۇرغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

بىر زامانلاردا يىپەك يولى نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ئۇتۇقلىرىنىڭ ئومۇمىي پاۋلىئونى ياكى كۆرەك مەيدانىغا ئايلانغانىدى! غەربىي يۇرتلۇقلار تەبىئەت، جەمئىيەت، تۇرمۇش ۋە روھىيەت مەسىلىلىرىگە نىسبەتەن ئۆز زامانىسىنىڭ ئالدىنقى قاراشلىرىغا ۋەكىللىك قىلىشقان.

جاھانساز مەركىزىي ئاسىيالىقلار ئۈچ ماكان، ئۈچ زامان ئالەم قارىشىنى ياراتتى، ئۇلار ئاسمان - ئىلاھىي ماكان، زېمىن - ئىنسانىي ماكان، يەر ئاستى - جىن - ئالۋاستىلار ماكانى، دېيىشتى. ئۇلار ئۆتمۈش، ھازىر، كەلگۈسىنى ئۈچ ئۆتكۈ(زامان)دە بىلىشتى. ئۇلار ئىنسان بىلەن ھازىرقى زامانىنى ئالەمدىكى مەركىزىي پائالىيەتچان ئورۇنغا قويدى.

ئۇلار مەنپىي - مۇسبەت قاراشلىرىنى، يورۇقلۇق، - قاراڭغۇلۇق قاراشلىرىنى، بىر قاتار كاتېگورىيىلىك قېلىپلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

ئۇلار تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوتتىن ئىبارەت تۆت تادۇ؛ سوغۇق، ئىسسىق، ھۆل، قۇرۇقتىن ئىبارەت تۆت خۇسۇسىيەت؛ قان، بەلغەم، سەپرا، سەۋدادىن ئىبارەت تۆت خىلت قارىشىنى، ئۇلارنىڭ زىددىيىتى ۋە بىرلىك قارىشىنى يارىتىشتى.

ئۇلار 12 ۋاقىت، 24 سائەت؛ 12 بۇرچ، 4 پەسىل، 12 ئاي؛ 12 يىل بىر مۈچەل قارىشىنى ئۇدۇم قىلدى.

«ئاۋېستا»دا ئوتتۇرلاقلىشىش يورۇقلۇق ئىلاھى ئاھۇرەمازدانىڭ چاقىرىقى سۈپىتىدە غايەت زور سۈبلىزاتسىيىلىك تەشەببۇس تۈسىنى ئالدى.

زورۇئاستېر ۋە مانى دىنى تەلىماتلىرى ياخشى - يامانلىق ۋە يورۇقلۇق - قاراڭغۇلۇق كۈرەشلىرىدە ئاقۇەت ياخشىلىق ۋە يورۇقلۇقنىڭ غەلىبىسى تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ماھىيىتى ۋە باسقۇچى دەپ قاراشقا ئاساسلاندى.

بۇددىزم روھنىڭ ئۆلمەسلىكى، تەكرار ئايلىنىشى (سانسارا) قاراشلىرى ئارقىلىق كىشىنىڭ كامالەت (بۇددىھا)كە ياكى چۈشكۈنلۈككە يۈزلىنىشى

ئۆز ئىرادىسىگە باغلىق دېگەن قاراش بىلەن تاكى كامالەتكە يەتمىگۈچە قايتا ـ قايتىلاپ تۈغۈلۈۋېرىپ ئازاب چېكىش مۇقەررەرلىكىنى ئېتىقاد ئۇلى قىلدى.

گۇمانىزم تولا ھاللاردا سوپىزم ۋە پانتېئىزملىق شەكلىدە ئىپادىلەندى. ئىنسان گۈزەللىكى، ئەقىل، بىلىم، ئىقتىدار ۋە ئەخلاق ئىزچىل مەدھىيىلەندى. ھەرقايسى گۇمانىزم، راتسىئونالىزملىق دۇنيا قاراشتىكى شائىرلار ئىزچىل بۇ ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرۈشتى.

«قۇتادغۇبىلىك»، «ئىھسالۇل ئۇلۇم»، «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ قاراشلىرى»، «بەختكە ئېرىشىش توغرىسىدا»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، «مەھبۇبۇلقۇلۇب» قاتارلىق ئەسەرلەر ئىجتىمائىي پەلسەپە ساھەسىدىكى قاتار مەسىلىلەرگە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر دەستىكى بېغىشلىدى.

«ئەلجەبر ۋەل مۇقابەلە»، «پىتولمىنىڭ ئەلمەجەستى دېگەن ئەسىرىگە تەپسىر»، «ئەلقانۇن فىت تىب»، «ئەششىفا»، «دانىشنامە»، «مىنېرالوگىيە»، «ئاسترونومىيىگە مۇقەددىمە»، «كىتابۇلمۇسىقەل كىبىر»، «يۇلتۇزلار جەدۋىلى» قاتارلىق ئەسەرلەر تەبىئەت ئىلمى بويىچە بىر قاتار نەزەرىيىۋى تەپەككۇر مەسىلىلىرىنى يورۇتتى.

ھەربىر تاشكېمىر، ھەيكەل، رەسىم، مۇزىكا، ئۇسسۇل، چالغۇ قوراللىرى؛ ھەربىر دورا نۇسخىلىرى؛ ھەربىر شەھەر، سۇ ئىنشائاتى قاتارلىقلار ئۆزىگە خاس ئېستېتىكىلىق، فورماكولوگىيىلىك ۋە بىناكارلىق نەزەرىيىۋى تەپەككۇرسىز مەيدانغا كەلگەن ئەمەس ئىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 12 مۇقامى مۇجەسسەم پەلسەپىۋى ۋە سەنئەتشۇناسلىق نەزەرىيىلىرى ئاساسىدا مىسلىسىز مۆجىزىلىك كامالەتكە ئېرىشكەن.

بىز مائارىپ، ئەخلاق، غايىۋى جەمئىيەت توغرىسىدىكى پۈتۈن ئىجابىي ئەنئەنىلەرگە تېرەم نەزەر ئاغدۇرغىنىمىزدا، ئۇ خۇددى ئىلاھىي قۇدرەتتەك كۈچلۈك نەزەرىيىۋى تەپەككۇر رەھنەمالىقىدا مەيدانغا كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز .

يىپەك يولى خارابلاشقاندىن كېيىن بىز مۇنداق ھەقىقەتنى ھېس قىلدۇق: بىرىنچىدىن، غەربىي ياۋروپالىقلار ئەلخارەزمى، ئەلپەرغانى، ئەلفارابى، ئىبنى سىنا قاتارلىق نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ئەزىمەتلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى لاتىن ۋە باشقا تىللارغا بەس ـ بەستە تەرجىمە قىلىشقا كىرىشتى.

ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ ساياھەتچى قىياپىتىدىكى تەتقىقاتچىلىرى دىيارىمىزدا تەكرار ئىلمىي قىدىرىش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن بويۇم ۋە كىتابلارنى ئېلىپ كېتىشتى.

ئۈچىنچىدىن، ئۇلار ھەممە پەندە نەزەرىيىۋى يېڭىلىقلار يارىتىشىپ، دۇنيا

مەدەنىيىتىنىڭ پاراۋۋزى بولۇشتى. ئۇلارنىڭ بەزى نەزەرىيىۋى كەشپىياتلىرى غەربىي يۆرت ئالىملىرىنىڭ ئىشلىرى ئاساسىدا مەيدانغا چىقتى.

دېمەك، ئۇلار نەزەرىيىۋى تەپەككۇرنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشقان ۋە غەربىي يۇرت ئالىملىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرىنى ھەزىم قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويالىغان!! دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى ھېلىمۇ ئۇلارنىڭ ماكانلىرىدا بولۇۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ دەل ئەنە شۇ يەردە.

يىپەك يولى خارابلاشقاندا نەزەرىيىۋى تەپەككۇر يادىكارلىقلىرى ۋەيران قىلىندى. ئالىي ئوقۇش يۇرتلىرى ئورنىغا ئىشانلىق خانىقالىرى، مۇدەررىسلەر ئورنىغا ئىشان ـ مۇرىت پىرلىرى، ئىلىم ـ پەن ئورنىغا نادانلىق ۋە ئەسەبىيلىك ئالماشتى. خۇددى شەيخ سەئىد ئېيتقاندەك: سۇمۇرغ يوروق دۇنيادىن قېچىپ ئەپسانىۋى جەننەتكە كىرىۋالدى، كىشىلەر خالىسۇن ـ خالىمىسۇن قاغا قانىتى ئاستىدا سايىداشقا مەجبۇر بولدى.

بۇ دىيارنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىشى ـ ئۇنىڭ ئۆرلەش ياكى غەرق بولۇشىنى تىزگىنلەپ تۇرغان تارازا يۈلتۈز. پۈتۈن ئامەت ياكى ئاپەت ئەنە شۇنىڭدا.

ـ خىيال دەپتىرىمدىن

يېقىنقى يىللاردا خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىنغان ئىلھامبەخش كىتابلار ئارىسىدا «مۇرۇۋۋەت(كەڭ قورساقلىق، كەڭ نەزەر)» ناملىق بىر كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىگە مۇنداق بىر ھېكايە بېرىلگەن: تۆت تەرىپى قېلىن تاغلار بىلەن قورشالغان بىر ماكان بولۇپ، بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ئەمىر ـ پەرمانى بويىچە سىرت بىلەن ئالاقىلاشمايدىكەن. بىرەر كىشى جىلغا ئارىلاپ سىرتقا چىقىپ كەتسە، دەرھال تاشبوران قىلىپ ئۆلتۈرىۋېتىدىكەن. كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئىسمى نامەلۇم بىر جەسۇر، تاشقى دۇنيانى كۆرۈپ قايتىپ كېلىپ، ئۆز خەلقىنىڭ «ئاكاڭ قارىغاي دۇنيادا بىرىنچى» دېگەن بىسىم ۋە روھىيەتتە ئەڭ نادان، ئەڭ كەمبەغەل ياشايدىغانلىقىنى ئېغىزدىن چىقىرىشى بىلەن «ئاسىي ـ جافىي» دەپ ئۆلتۈرۈلۈپ كۆلى جىلغىغا ئىبرەت ئۈچۈن چېچىلىدىكەن. بىر زاماندا تاغلىق بۇ ماكاندا يەر تەۋرەپ، تاغ ئۆرۈلۈپ ئاپەت يۈز بېرىپتۇ. كىشىلەر «قاچ ـ قاچ» دەپ تاشقى دۇنياغا چىقىپ قاپتۇ. قارىسا، ئەھۋال ھېلىقى «ئاسىي ـ جافىي» دېگەندەك. ئۇلار جاھان تىنچلانغاندا يۇرتلىرىغا قايتىپتۇ، خەلقى «ئاسىي ـ جافىي»نى روھىي تىرەك بىلىپتۇ. ھەممە ئۇنىڭ خاتىرىسىگە مەڭگۈلۈك تاش قويۇپتۇ. بۇ تاشلار بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ، ئۇنىڭ كۆلى سورۇلغان جىلغىدا زامانىغا لايىق تاش يول پەيدا قىپتۇ. نەتىجىدە بۇ قاشتاق ماكان تېز گۈللەپتۇ.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدىن تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە غەربىي يۇرتنىڭ ئەھۋالى خۇددى شۇ ھېكايىدەك بولۇپ كەلدى! ئالدىن بېشارەت قىلغانلارنىڭ ئەھۋالى يىرئەۋىن زامانىدىكى مۇساغا ئوخشاپ قالدى!

مانا ئەمدى يىپەك يولى قايتا ئېچىلدى! تېخى خېلى كۆپ كىشىلەر ئەتراپىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتى يىپەك يولى ئېراسىنىڭ ئېچىلىشىنى كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلمىسىمۇ، بۇ ماھىيەت ئۇلارنى كۈنلەر ئۆتۈپ ھېس قىلدۇرىدۇ.

قەدىمكى يىپەك يولى ئۈستىگە غەربىي يۇرتلۇق «خورجا»لار، سازەندىلەر ئولتۇرۇشقان تۆگە سىمۋولى ھەيكەللەشتۈرۈلگەنىدى. يېڭى يىپەك يولى ئەمدى قاناتلىق تۆگە سىماسىدا مەجازلاشتۇردى.

ئۇنداقتا، ئىككى تۆگە ئارىسىدا بوش قالغان ئەسىرلەرنى - يىپەك يولى خارابلاشقاندىن كېيىن نەچچە يۈز يىلنى نېمە بىلەن سىمۋوللاشتۇرۇش لازىم؟ مېنىڭچە، ئۇنىڭ سىمۋولى «تۆگە قۇش»تىن ئىبارەت! قاراڭ، بېشىنى قۇمغا تىقىۋېلىپ ھەممىنى ئىنكار قىلىدىغان، قورۇق ۋە ئۇنۇمسىز مەغرۇرلىنىپ، دوڭغاقلاپ ئۆز ئىزىدىن يىراق كېتەلمەيدىغان تۆگە قۇشى روھى دەل ئۇنىڭ مۇناسىپ ئوبرازى! دوستۇم، سىز كۆزىڭىزنى يۇمۇپ، ئۆتكەن ئەسىرلەر قوينىغا نەزەر تاشلاڭ! ھىدايەتۇللا ئاپاق خوجىنىڭ دالاي لاما ۋە قونتەيجى ئالدىدىكى ھالەتلىرىنى، خانىم پادىشاھ زەھەر قاچىسى تۇتقان، ئىسمائىلخان ۋە مۇھەممەدخان ئەۋلادلىرى تۇتقۇن قىلىنغان، بابارەھىم مەشرەپ دارغا ئېسىلغان، زەلىلى چۆلدە كۆز يېشىنى سىياھ قىلىپ «خالايىقنىڭ كۆزىدە پەردە غەپلەت نۇر ئايان بولماس» دېگەن مىسرالارنى يازغان، ئەرشى بۇرھانىدىن خوجا قىلىچى ئاستىغا چۈشكەن، جۇڭغار قوشۇنلىرى ئالتە شەھەرگە غالچا چوكان، غالچا يىگىت ۋە كۈمۈش تەڭگە ئالۋىنى سالغان، نۇزۇگۇم ئوت كەتكەن قومۇشلۇقتا دەردىسەر بولۇپ يۈرگەن، سادىر پالۋاننىڭ بوينىغا تاقاق چۈشكەن، ۋەلىخان تۆرە قەشقەردە كاللا مۇنارى ياسىغان، تومۇر خەلىپە قىلتاققا چۈشكەن، ئابدۇقادىر داموللام قەتلە قىلىنغان، مەمتىلى ئەپەندى ئوتتا كۆيدۈرۈلگەن، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قىلىچتا چېقىلغان، ل. مۇتەللىپ جادىدا تۇغرالغان، سانسىز ئوغلانلار تۈرمىدە چىرىگەن، ۋابا ۋە چۈما كېسىلى يۇرتنى قاپلىغان، ھېكىمبەگلەر ئوتتۇغات كىيىپ نەشىگە بېرىلگەن، ئوغرى - قىمارۋازلار چۈشىدەك يامراپ كەتكەن، ئانىلارنىڭ سوڭگىچى، ئاتىلارنىڭ گەجگىسى چىقىپ قالغان، جاھاننى جۇت، زاماننى زۇلمەت، ماكاننى مالامەت قاپلىغان ئەسىرلەرنى قانچە ئويلىغانسېرى شۇنچە ئويلاپ چىقىڭچۇ! ئاندىن كۆزىڭىزنى يوغان ئېچىپ، مىڭلىغان مەنبەلەردىن سىز ئۈچۈن تاللىغان تۆۋەندىكى فوتو

سۇرەتلەرگە كۆز يۈگۈرتۈڭ!
بۇ سۇرەتنىڭ بىرىدە، يىپەك يولى راسا گۈللەنگەن چاغدىكى «مىڭئۆي» تورۇسىغا سىزىلغان كۆرۈنۈش تارتىلغان. غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرى، روھىي قىياپىتى ۋە تۇرمۇش مەدەنىيىتى ئۇنىڭدا يارقىن گەۋدىلەنگەن.
بۇ سۇرەتنىڭ يەنە بىرىدە، «مىڭئۆي» ئالدىدا خاتىرە سۇرەتكە چۈشكەن ئەجنەبىيلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان جۇلدۇر كىيىمى ھالەتتىكى غەربىي يۇرتلۇق ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىللىرى. ئەزىز ۋەتەننىڭ بۇ پەرزەنتلىرىنى نادانلىق، ھۇرۇنلۇق، سولغۇنلۇق شۇ دەرىجىگە چۈشۈرگەنلىكى، ئۇلار ئازغىنە پۇل ئۈچۈن ئەجدادلىرى بىنا قىلغان سەنئەت قەسرىنى نابۇت قىلىشقا ياللانغان. مەغرۇر قىياپەتلىك لىكوك، گرونەۋىدىل(ئولتۇرغان) قاتارلىقلار ئۆزلىرى بۇلاپ كېتىۋاتقان بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ياسالغان زاماندا ئۆز ۋەتىنىدە تېخى شەھەرلەر شەكىللەنمىگەنلىكىنى ياخشى بىلسىمۇ، ئۇلار شەخسەن بۇلاڭچىلىق «تۆھپە»لىرىدىن مەغرۇرلىنىپ تۇرماقتا.
قاراڭ، نېمىس ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ 1905 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۇرپاندا مەدەنىيەت گۆھەرلىرىنى بۇلاپ ماڭغاندىكى مەغرۇر تۇرقىغا، بۇ مەدەنىيەت گۆھەرلىرىنى ياراتقان خەلقىمىزنىڭ نەس باسقان ئەۋلادلىرىنىڭ بىچارە ھالىتىگە!
مۇشۇ سېلىشتۇرمىدىن يىپەك يولىنىڭ گۈللەش ياكى چۈشكۈنلىشىشىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىمىزغا كۆرسىتىدىغان تەقدىر ھالىتىگە غايەت چوڭ تەسىرىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ!
يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، مۇھىمى، قەدىمكى يىپەك يولىدا قارار تاپقان توققۇز مۆجىزىدار ھېكمەتنى قايتا ئويلاش ۋە يېڭى يىپەك يولى جاۋاھىراتلىرىنى بەرپا قىلىشتا. خەير، ئوقۇرمەن، تەپەككۇر كۆكىدە قايتا ئۇچرىشايلى...
1992 ـ يىلى نويابىر، بېيجىڭ ـ ئۈرۈمچى

ئوكيان قامۇس توردىن ئېلىندى
مەنبە ئادرېسى : http://qamus.okyan.com/View.aspx?ID=8363

# يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشى ۋە « تۆگە قۇشى » روھى

ئويغاتماق ـ ئەڭ مۇشكۈل ئىش ، چۈنكى ، ئۇ ھەر ئىككى تەرەپنى بىئارام قىلىدۇ .

- «نىجادىيەتنامە» دىن

يۇرتىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ تارىختىكى شۆھرەتلىك مەدەنىيەت گۈلزارىنى سۇغۇرۇپ كەلگەن خەلقئارا ئالاقە يولى ـ « يىپەك يولى » قايتا ئېچىلدى ! مىلادىدىن ئىلگىرىكى زامانلاردىن تاكى يېقىنقى زامان دېڭىز ـ ئوكيان قاتنىشىغىچە داۋام قىلغان يىپەك يولى ئالاقىلىرىنىڭ سىمۋولى بولغان «تۆگە » يېڭى يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن«قاناتلىق تۆگە » ئوبرازىدا قايتا نامايان قىلىندى . بۇنى تەقەززا قىلغان كەلگۈسى بىزنى كۈتۈپ تۇرغان كەلگۈسىگە ئايلانماقتا !

«تۆگە» سىمۋول قىلىنغان يىپەك يولى زامانلىرىدا ئەجدادلىرىمىز شەھەر ـ قەلئەلەرنى ھالقا قىلغان ئاۋات بوستان مەدەنىيىتى ياراتقان ، ھۈنەرۋەز ۋە خەلقئارا سودىگەر سۈپىتىدە دۇنياغا تونۇلغان ، پەلسەپە ۋە تەبىئەت پەنلىرىدە قامۇسى ئالىملارنى يېتىلدۈرگەن ، مۇشۇ ئاساستا سەنئەتتە داڭق قازانغاندى . ئۇ چاغدىكى تەكلىماكان چۆللۈكى دىيارى مەدەنىيەت چۆللۈكى ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان بولماستىن ، ئەكسىچە ساياھەتنامە مۇئەللىپلىرىگە ئالتۇن ئىلھام بېغىشلىغان مەدەنىيەت دەھلىزى ئىدى .

«تۆگە » سىمۋول قىلىنغان ئاۋات ئەسىرلەر خارابىلىرىنى ئوغۇت قىلىپمۇ باياشاتلىققا ئىگە بولالمىدۇق . ئەمدى « قاناتلىق تۆگە » سىما قىلىنغان يېڭى ئەسىرلەر تىزمىسى ئالدىدا تۇرىمىز . بۇ غايەت كاتتا ھادىسىنى يېتەرلىك مەنىسى بىلەن ھېس قىلىدىغان كىشىلەر ئاز بولسىمۇ ، ئۇنى كەلگۈسى تارىخچىلىرى ئېيتىخارلىنىپ تىلغا ئالىدۇ .

ئويلاپ قالدىم ، « تۆگە » بىلەن «قاناتلىق تۆگە» نىشانلانغان تارىخىي دەۋرلەر ئارىسىدا ئۆتكەن زۇلمەتلىك ئەسىرلەرگە نېمىنى سىمۋول قىلىش لازىم ؟ بۇ بىر سىمۋولنىڭ ئىخچاملاش ۋە ھېس قىلدۇرۇپ تەربىيىلەش كۈچى ناھايىتى چوڭقۇر ! مېنىڭچە « تۆگە قۇشى» نى سىمۋول قىلىش كېرەك ، ئەلۋەتتە !

شۇنداق ، بۇ جاھالەتلىك ئەسىرلەردە ئىلىم ۋە ھېكمەتتىن ئايرىلىپ ، ئىشانلىق ۋە مەزھەپ مۇرىتۇۋازلىق لاتقىسىغا پاتتۇق . « ئاق تاغ » ، «قارا تاغ » بولۇۋېلىپ ، قان تۆكتۇق . ئويغاتقۇچى مەشرەپ ، زەلىلى ،

خاراباتى، ئەزىزى ۋە خالىقلارنى خارلاپ سىرتتىن كەلگەن مەختۇم ئەزەم، يۇسۇپ چاڭموزالارنى ئەۋلىيا قىلىۋېلىپ ، ياسالما مازارلارنى تاۋاپ قىلىپ ياتتۇق . قولىمىزدىن كەلگىنى داپ تاراڭشىتىپ ئۇسسۇل ئويناش بىلەن مەدداھلىق ۋە ھاپىزلىق بولدى ! ئاخىرى بىر تال قەنت ، بىر تال سەرەڭگىنىمۇ چەتتىن ئالىدىغان كۈنگە قالدۇق !

يىپەك يولىنىڭ خارابىلىشىشى خەلقئارا تارىخىي خاراكتېرلىك ھادىسە ئىدى . بىز بۇ تاشقى مۇھىت ئىچىدە بارغانسېرى يېكىنمىچىلىك بىلەن شۇغۇللاندۇق . بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنى بىر قانچە ۋىلايەت ـ ناھىيىلەر بويىچە قاماپ تاشلاپ بىر ـ بىرىدىن ئۈركۈيدىغان ، بىر ـ بىرىنى چەتكە قاقىدىغان « يۇرتۋازلىق پسىخولوگىيىسى » تەييارلىۋالدۇق . بىر زامانلاردا ۋاڭ يەندى ، يېللۇ چۇسەي ، ماركاپولو ۋە بىر توپ ئەرەب ساياھەتچىلىرى قەلىمىدە ئىزچىل « ئۇيغۇر » دەپ تىلغا ئېلىنغان ئىبارە كېيىنچە رادلوۋ ، مالوۋ ، روبروۋىسكى ، ۋەلىخانوۋ قاتارلىقلار قەلىمىدە «قومۇللۇقلار »، «تۇرپانلىقلار » ، « تارانچىلار» ، «دولانلىقلار » ، « قەشقەرلىكلەر»، «ماچىنلىقلار» دەپ پىرىلىدىغان بولدى ، ئۇيغۇر ئىبارىسى پەقەت «سېرىق ئۇيغۇر» لارنىڭ نامىدىلا قالدى . گەرچە بۇ ئەسىردە (20 ـ ئەسىرنى كۆرسىتىدۇ) يېڭى مەدەنىيەت مەشئەلچىلىرى تەشەببۇسى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ مائارىپىنىڭ ئىلھامىدا «ئۇيغۇر» ئىبارىسىنى ھەممىمىز ئېغىزدا ، قەغەزدە ، ۋىۋىسكا ۋە تامغىلاردا ئېتىراپ قىلغان بولساقمۇ، لېكىن روھىيەتتە ، ئاستىنقى ئاڭدا تېخى قوبۇل قىلىپ كېتەلمىدۇق. مۇھەببەت ـ نەپرەت سىزىقىدا ، ھالاۋەت تەقسىم قىلىش چۈمۈچىدە، مەسىلە ھەل قىلىش تەستىقىدە ، دوستلىشىش ۋە مۇراسىم داستىخانلىرىدا، باھا ـ تەقرىز زۇۋانلىرىدا ، ئۇرلەش ـ چۆكۈش تاناپلىرىدا ، كىرىم ـ چىقىم سېتكىلىرىدا تېخى «ئۆز يۇرت بالىسى » ، «ئۆزگە يۇرت كالىسى» ئالاڭلىقى ئېغىر !

مىللىي مەدەنىيەت ئارغىماقلىرىنىڭ بەيگىسىگە قويۇلغان توسۇق شادىلىرى ھەر بىر يۇرت بويىچە بىردەك ئەمەس ! بۇ بولمىغۇر ، ھالاك قىلغۇچ ئاپەتنى جىن ـ شەيتانلار ئەمەس ، «ئۆز يۇرت » ئەزىمەتلىرى بەجا كەلتۈرۈپ تۇرۇپتۇ . تاماقخانىلارغا كىرىشتىمۇ « ئۆز يۇرت » ، ساداقەت بىلدۈرۈشتىمۇ «ئۆز يۇرت» ، ئۆلۈم ـ يېتىمدىمۇ « ئۆز يۇرت !» پەقەت « تۇتېم »يوسۇنىدا بەدەنگە گۈل چېكىش بىلەن « شامان» قىياپىتىدە گىرىم قىلىشلا قالدى !

سىرتقا قارىتا ئىشكنى ئېچىۋېتىش شامىلىدا ھەر بىر ناھىيىلەرگە كۆپلىگەن كىتاب ـ ژۇرنال ياىملىرى كەڭ تارقالدى . ئۇنىڭدا جۇڭگونىڭ

ھەممە يېرىدىن ، ھەتتا تەيۋەن ، شياڭگاڭلاردىن كەلتۈرۈلگەن خەنزۇچە كىتاب ـ ژۇرناللار ئەركىن سېتىلماقتا . مەن پات ـ پاتلا يىراق ئۆلكە ـ شەھەرلەردە چىقىدىغان ژۇرناللارنىڭ ئەسىر ئەۋەتىش تەكلىپلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالىمەن ، بۇ گۈللەش مۇھىتى بىلەن گۈللەش روھىيىتى ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆزدەك بىرلەشكەن مەنزىرىنىڭ ئىپادىسى .

بىزدىچۇ ؟ بىر ۋىلايەتنىڭ ژۇرنىلىنى باشقا ۋىلايەتلەردە ، ھەتتا ئۈرۈمچىدە كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس . بىزدە خېلى كۆپ ژۇرنال نەشر قىلىنىدۇ . ئەمما ، ئۇ خۇددى مەھبۇس تامىقىدەك ئۆز ـ ئۆزىنى قامال قىلغان روھىيەت سېپىلى ـ ئۆز يۇرت دائىرىسىدىلا ھەزىم قىلىنىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ھەر بىر ۋىلايەت ژۇرناللىرى ئۆز يۇرت كىشىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىپ ، ئۆز يۇرت كىشىلىرىگىلا ئەۋەتىلىدۇ .

يېقىندىن بېرى ، يەرلىك شېۋىلەرنى ئالاھىدە مەھسۇلات سۈپىتىدە ماختاپ كېڭەيتىدىغان ، يەنە ئىسىم ـ فامىلىلەر ئاخىرىغا «ئارتۇقى» ، « كەلپىنى» ، «دولانى» ، «لەمجىنى » دېگەنلەرنى ، ھەتتا تېخىمۇ كىچىك كەنت ناملىرىنى قوشۇپ ئاتايدىغان باشلامچىلار چىقىپ قالدى ! يىراق ئەللەردە مۇساپىرەتتە قوللىنىلغان بۇ يۇرت ناملىرى ئۆز يۇرتىدا «توتېم»ئۇرۇقداشلىق تامغىسى قىلىۋېلىش قايسى روھىيەتتىن ئېتىلىپ چىققاندۇر ـ ھە ؟ ! يىڭى يىپەك يولى ئېچىلدى ! ئەمما مەھەللىۋى مەدەنىيەت بىكىنمىچىلىكىنىڭ پىچىتى بۇزۇلغىنى يوق ! « قاناتلىق تۆگە » پائالىيەتكە كىرىشتى ، ئەمما «تۆگە قۇشى» بېشىنى قۇمغا تىقىۋېلىشتىن خالاس بولغىنى يوق ! بۇ ھال داۋاملىشىدىكەن ، قەدىمكى يىپەك يولى ئەزىمەتلىرى بولغان ئۇيغۇرلار خۇددى كۆكۈم ـ تالقان بولغان بوتۇلكا سۇنۇقلىرىدەك بىر زاماندىكى شىشىلىك ھالىدىن قالغان كرىستالللىرىنى ئايتاپ نۇرىدا يالتىرىتىپ ماختىنىشتىن باشقا ، يىڭى شەربەتكە مۇيەسسەر بولالمايدۇ . بۇ يىڭى يىپەك يولى ھېكمەتلىرىدىن داۋاملىق چەتتە قېلىشقا ئېلىپ بارماسلىق مۇمكىن ئەمەس .

ھەي ، ئەتتەڭ ! لۇشۈن ئەپەندى « ئاكىيو » روھىنى سىزىپ بەرگەندەك، «تۆگە قۇشى» ئەرۋاھىنى تەسۋىرلەپ بېرەلەيدىغان ئەقىل ۋە قول قاچان قەلەم تۇتاركى . . .

چوغدىل بلوگىدىن ئېلىندى :
http: //choghdil. blogbus. com/logs/55896269. html

# يىپەك يولىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئەڭگۈشتىرىنى قايتا تېپىۋېلىش

## 1. كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن دۇنيا ۋە زامانىۋى ئەقىل

غايە رېئاللىققا مۆكۈنگەن بولىدۇ ...، غايە رېئاللىقنىڭ كۆچۈرمىسى ئەمەس ، بەلكى ئەقىل بىلەن «كۆرۈلىدىغان » تەسەۋۋۇر بىلەن تەقلىد قىلىنىدىغان مەلۇم نەرسىنىڭ مۇمكىنلىكى .

— بېلىنىسكى

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ بۈگۈنكى سەۋىيىسى ئىنسانىيەت تارىخى ئىككى مىڭ يىل ئىچىدە ئېرىشكەن ھەممە مەدەنىيەت سەمەرىلىرىنىڭ جەمئىيسىدىن ئېشىپ كەتتى .
مەدەنىيەت (سىۋىلىزاتسىيە) ئىنسانىيەتنىڭ ـ جەمئىيەت ۋە ئىچكى مۇناسىۋەتلىرى ئۈستىدىكى ئاڭ ۋە تىزگىنلەش ئىقتىدارى ساھەسىدە يېڭى بۆرۈلۈش دەۋرىنىڭ مۇقەررەرلىكلىرىنى پەيدا قىلدى . ئىنسانىيەت تەبىئەت ـ زېمىن ۋە ئالەم سەھنىسىدە ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ قالماستىن ، يەنە ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىش ، تىزگىنلەش ، ئىنسانىيەتنىڭ ھەر قايسى تۈركۈملىرى ـ دۆلەت ، رايون ، مىللەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئاقىلانە ، گارمونىك يېڭى رېلسىغا كىرگۈزۈش جەھەتتىمۇ ئۆز مۇمكىنلىكلىرىنى رېئاللاشتۇرۇشقا يۈزلەندى . ئىلىم ـ پەن مۆۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇھىتنى بۇلغاش ، دۈشمەنلىكنى كۈچەيتىش ، ھەربىي ئەسلىھەلەر مۇسابىقىلىرىنى ئاشۇرۇش ، ئۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي ئاپەتلەرگە ھېرىسمەنلىك قىلىش قاتارلىقلارغا قارىتىش ، قىسقىسى مەدەنىيەت ( كۇلتۇر ) بىلەن مەرىپەت تېخنىكا بىلەن ئاقىلانە ئاڭ ئارىسىدىكى كەسكىن زىددىيەتلەر ئورنىغا ئۇلار ئارىسىدىكى يېڭىچە تەپەككۇر ۋە راتسىئونال مەرىئوئەتنى يېتەكچى قىلغان گارمونىك بىردەكلىكنى دەسسىتىش تارىخنىڭ ماھىيەتلىك جەريانىغا ئايلانماقتا .
شۇنى ئايرىم كۆرسىتىش ھاجەتكى ، بۈگۈنكى تارىخ ئادەتتىكى كالېندار تەرتىپى بويىچە 19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ ئەسىرگە ئالمىشىشىدىن ئىبارەت

مىقدار قىممىتىنى كۆرستىش بىلەن ئەمەس ، شۇنىڭدەك ، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ يېڭى تېزلىكى ئاساسىدا ئۇچۇر ئىلمى ۋە پەن ـ تېخنىكىنىڭ سىستېمىلىرى ۋە قۇرۇلمىلىرى ساھەسىدىكى كۇنتەرتىپلەر قىممىتىنى كۆرستىش بىلەنمۇ ئەمەس ، مۇھىمى ، پۈتۈن پەن ـ مەدەنىيەت ۋاستىلىرىنىڭ سۇبيېكتىپ مەقسىتى بولغان ئىنسانىيەتنىڭ ئاقىلانە ـ مەرىپەتتىن ئىبارەت يېڭى سۈپەتتىكى تاكامۇللىنىش دەرىجىسى بويىچە ئىزاھلىنىشى لازىم ، تارىخ پەن ـ تېخنىكا ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىپ ياتلاشقان ئىنساننى تېخىمۇ ياتلاشتۇرۇش ، ئۇنىڭ بەختسىزلىك سەۋەبلىرى ۋە شارائىتىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇش ، ئىجتىمائىي ۋە روھى پاجىئەلەرنى پەن تېخنىكا ۋاستىلىرى ۋە ئەسەبىي تەنتەك ۋەھىملەر بىلەن تېخىمۇ كۈچەيتىش ، مەدەنىيەت ئېرىشكەن تېخىمۇ ئېلېكترونلۇق ۋە ئىنفورماتسىيىلىك « گۈرزە » ۋە « سېھرىي ئالخىمىيە » لەر ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل ۋە قەلبىنى تېخىمۇ دەپسەندە قىلىشقا خاتىمە بېرىدىغان مىسلىسىز زور ئەقىل ـ ئاڭ ئويغىنىشىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى . مانا بۇ هازىرقى زامان تەرەققىياتىنىڭ تارىخى ماھىيىتى، تارىخى خاراكتېرىستىكىسى! بىز كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن دۇنيا دېگەندە دەل مۇشۇ ماھىيەت دەل مۇشۇ خاراكتېرىستىكىنى نەزەردە تۇتىمىز.

زامانىۋى ئەقىل دېگەندە ئىككى قاتلاملىق مەنىنى ئاڭقىرالايمىز . بىرىنچىسى ، زامانىۋى ئەقىل ـ زامانىۋى ئاڭ بولۇپ ، ئاڭنىڭ هازىرقى زامان شەكلىنى نەزەردە تۇتىمىز . بۇ رېئاللىقنىڭ هازىرقى زامان ئىنسانىيىتى مېڭىسىدىكى ئىنكاسى ، زامانغا لايىق ھەرخىل ئاڭ شەكىللىرى ۋە سەۋىيىسىنى كۆرستىدۇ . ئىككىنچىسى ، هازىرقى مەرىپەتكە خاس ئاقىلانە (راتسىئونال ) تەپەككۇر باسقۇچىنى كۆرستىدۇ . بۇ دېگەنلىك مەلۇم ئەسىردىن ئىبارەت ئەسىر خاراكتېرلىك ، كالېندار خاراكتېرلىك ئاڭ شەكلىدىن پەرقلىق بولغان پۈتكۈل تارىخىي خاراكتېرلىك، سۈپەت خاراكتېرلىك ، ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى قايتا تېپىۋېلىشى خاراكتېرلىك ئەقىل دېگەنلىكتۇر . بىز تۆۋەندە شۇ مەنىدىكى زامانىۋى ئەقىل توغرىسىدا توختىلىمىز.

هازىرقى زامان ئەقلىي مەدەنىيەت بىلەن مەرىپەتنىڭ ، جۇزئىي ئىنسان گۇرۇھى بىلەن پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ، مەقسەت بىلەن ۋاستىنىڭ ، ئۆتمۈش بىلەن كەلگۈسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىشقا يۈزلەنگەن ئاڭدىن ئىبارەت . ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ تاكامۇللىنىش يولىدىكى غايەت زور قەدەم. هازىرقى زامان ئەقلى تەرەققىي قىلغان مەملىكەتلەر بولسۇن ، تەرەققىي قىلىۋاتقان مەملىكەتلەر بولسۇن ، هازىرقى زامان سەۋىيىسىدىن

تولىمۇ يىراقتا قالغان مىللەتلەر بولسۇن ئۇلارنىڭ رېئال تۇرمۇشى ۋە كەلگۈسىگە ئىنتىلىشلىرىگە كۆچلۈك تەسىر كۆرسەتمەكتە ، تارىختا بولۇپ ئۆتكەن مىللىي ئويغىنىش ، مەدەنىيەت ئويغىنىشى ، مەرىپەتچىلىك دەۋرى ، پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابلىرىدىن پەرقلىق ھالدا ھازىرقى ئىدېئولوگىيىلىك ئىنقىلابىي ئويغىنىش ئۇچۇر دەۋرىگە خاس ئالەمشۇمۇل ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت خاراكتېرى ئالغان . ئۇ ھەم مەھەللىۋى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ، ھەم مەھەللىۋى چەكلىمىلەر بىلەن چەكلەنمىگەن . ھەرقانداق تەرەققىيپەرۋەر ، ھەر قانداق ئىلىم ـ مەدەنىيەتپەرۋەر ، ھەرقانداق ۋەتەنپەرۋەر ۋە ئىنسانپەرۋەر زامانىۋى ئاڭ ئويغىنىشىغا يېتەرلىك پائالىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى كېرەك . ئۇنداق بولمىغاندا ئۇ ھازىرقى زامان تارىخىنىڭ تۈپ يۆنىلىش ئۇرغۇلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ، دەۋر ئېقىمىدىن ئارقىدا قالغان بولىدۇ . بۇ ئەستايىدىل ئويلىنىشقا تېگىشلىك تۈپ مەسىلە .

تارىختا ھەر قېتىملىق ئاڭ ئىنقىلابى ۋە مەدەنىيەت ئويغىنىشلىرىغا قارشى مەيداندا تۇرغانلىقلىرى ئۇچۇن ئۆزىنىڭ تارىخىي خاراكتېرىسكىسىغا مۇتەئەسسىپلىك ئالامەتلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇۋالغان مەشھۇر نوپۇز ئىگىلىرى بولۇپ ئۆتكەن . بۇ ئۇلارنىڭ بىلىملىرىنىڭ ئەينى زامان سەۋىيىسىدىن كەملىكى تۇپەيلى ئەمەس ، بەلكى ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ئالدى كۆرۈش ، تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ كەملىكى ، قاتماللىقى سەۋەبىدىن شۇنداق بولغان . قەدىمكى كۇسەن بۇددا مۇتەپەككۇرى كومراجىۋا بۇددىزىمدا ھىنايا مەزھىپىدىن ماھايا مەزھىپىگە بۇرالغاندا ، ئۇنىڭ كۇسەندىكى ئۇستازى بوتۇشما نامىلىق مەشھۇر ئالىم قارشى چىققان ، كومراجىۋانىڭ كەشمىردىكى ھىنايا بويىچە تەلىم بەرگەن ئۇستازى پانتودادۇ كۇسەنگە كېلىپ ئۆز ئوقۇغۇچىسىنىڭ تەسىرىدە ماھايانا قاراشلىرىنى قوبۇل قىلىپ ، بۇددا ئىسلاھاتىغا قاتنىشىپ زور شۆھرەت قازانغان. بۇ ئۇنىڭ ئاقىلانىلىكىنى كۆرسەتكەن . چۈنكى « بىلىم بولغانلىق ئەقىللىق بولغانلىق ئەمەس » . ( ھراكلىت ) . «كىشى ئۆزىنى قەدىرلىشى ، ئۆزىنىڭ ئەڭ يۈكسەك نەرسىگە مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى بىلىشى لازىم. ( گېگىل )

## 2. يىپەك يولى ۋە ئۇنىڭ قايتا جانلىنىشى

بىزنىڭ مەنپەئەتلىرىمىز ھەمراھلىرىمىزنىڭ مەنپەئەتلىرىدىن ئايرىپ تاشلايدىغان ئەخلاق ساختا ۋە مەنىسىز ئەخلاقتۇر.

ـ گولباخ

« يىپەك يولى » ئىبارىسى بۈگۈنكى كۈندە ئەڭ يۇقىرى ۋە ئەڭ كەڭ مەنىدە

ئىنسانىيەتنىڭ شەرقى ۋە غەربىي قىسىملىرى بىر - بىرى بىلەن قوشۇلغان، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئىزدەش تارىخىدا ئالاھىدە بىر قاتلام بىلىش ۋە مەدەنىيەت بەرپا قىلغان ئەڭ زور قۇرۇقلۇق بەلۋېغى مەنىسىدە مۇجەسسەم ئىبارە بولۇپ قوللىنىلماقتا . ئۇ ئىلگىرىكى « ئاتلىقلار مەدەنىيىتى » يولى ، « ياۋرو - ئاسىيا مىللەتلەر كۆچۈش يولى»، «قەدىمكى كارۋان يولى »، « ئۇيغۇر - سوغدى يولى » دېگەن مەنىدىكى قىممەت كاتېگورىيىسىدىن ئېشىپ كەتتى ، يىپەك يولى ھەقىقەتەن يىپەك يولىنى تۇتاشتۇردى . يىپەك يولىغا خاس سىنكرىتىك مەدەنىيەت ئالامەتلىرىنى شەكىللەندۈردى ، يىپەك يولى مەركىزى قىسمى رايونلىرىنى، بولۇپمۇ شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئۇنىڭغا ئالاقىدار موڭغۇل - قىپچاق دالالىرىنى دۇنياۋى ئالاقىگە ئېلىپ كىردى . يىپەك يولى ئوتتۇرا - مەركىزى ئاسىيا كۆچمەن چارۋىچىلىرى ئارىسىدىكى بىرقەدەر ئالدىغا كەتكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىشى ، بوستان ، شەھەر - قەلئە ھاياتىغا كىرىشى ، خەلقئارا سودىغا قەدەم قويۇشى ئارىيان تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا يازما مەدەنىيەت ، كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە كلاسسىك مۇقامچىلىقتا، جۈملىدىن خەلقئارا تەرجىمە شەرھىچىلىكتە ئالدىغا كېتىشىگە سالماقلىق تەسىر كۆرسەتتى.

ئۇيغۇرلار تەسىرىدە ئوتتۇرا ۋە مەركىزى ئاسىيادىكى باشقا خەلقلەر مىڭلىغان يىللار مابەينىدە تەدرىجىي يوسۇندا ئۇلار بېسىپ ئۆتكەن مەدەنىيەت باسقۇچلىرىغا قەدەم قويۇشقا باشلىدى . بۇ ئاددىي ساۋات بولۇپ قالغان تارىخىي پاكىتتىن ئىبارەت. يىپەك يولى تاۋار ئىگىلىكى بويىچە شەرق ۋە غەرب ئارىسىدىكى ئەڭ چوڭ قانال سۈپىتىدە ئەڭ كەم دېگەندىمۇ ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈشى ، جاڭ چيەننىڭ غەربىي دىيارغا كېلىشىدىن تاكى ماركاپولونىڭ جۇڭگوغا قىلغان سەپىرىگىچە 17 ئەسىردىن ئارتۇق داۋام قىلدى . دېڭىز - ئوكيان قاتنىشىنىڭ راۋاجلىنىشى، جۇغراپىيىلىك كەشپىياتلار ، ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىشى بىلەن تەدرىجىي چوڭ قۇرۇقلۇق قاتنىشى مەھەلىۋىي تۈسكە ، بېكىنمىلىك ھالەتكە كىرىپ قالدى . نەتىجىدە يىپەك يولى خارابلىققا ، تارىخىي ئۆتمۈشنىڭ ئەسلىمىلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ قالدى.

يىپەك يولىنىڭ گۈللىنىش ۋە خارابلىنىش تارىخى بىزگە بىر قاتار قىممەتلىك ھەقىقەتلەرنى ئېچىپ بېرىدۇ . ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىمى يىپەك يولى ئالاقىلىرى ئېچىۋېتىشنىڭ بېكىنمىلىككە زىت ھالدا شىنجاڭ جەمئىيىتى تەقدىرىگە بىۋاستە ، بىر قانچە تىل - يېزىق ، بىر قانچە دىنىي مەدەنىيەت بىر قانچە مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ ئۆز - ئارا ئۇچرىشىپ ، سىنتېزلىنىشى، ئاجايىپ

بۇددىزم كېمىر سەنئىتى ، چالغۇ ـ مۇزىكىلار مۆجىزىلىرى ، يىپەك يولى تېماتىكىسى ۋە دېتاللىرى بىلەن تويۇندۇرۇلغان كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە تەرجىمىشۇناسلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى ، ئىلىم ـ پەن ، شىپاگەرلىك ، بىناكارلىق ، نەققاشلىق ئۇتۇقلىرى يىپەك يولى راۋان ئېقىمى بىلەن مەھەللىۋى مۇنبەت تۇپراق ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن ئالەمگە مەشھۇر بولغان ئۇيغۇر (جۇملىدىن ئۇيغۇرلاشقان سوغدى ، توققۇز چاۋۇپ) سودىگەرلىرى يىپەك يولىنى ئېچىش ، يىپەك يولى گۈل ـ چېچەكلىرىنى سۇغىرىش ، يىپەك يولى شەھەر ـ راباتلىرىنى ئاۋاتلاشتۇرۇشتا دائىمي باغۋەنلىك خىزمىتىنى كۆرسەتكەن . ئۇلارسىز پادىشاھ ـ سەركەردىلەر ، راھىب ـ ساياھەتچىلەرنىڭ ناگان ـ ناگاندىكى سەپەرلىرى مۇنداق زېمىن ئۈستىدىكى « سامانيولى » نى دائىمي راۋان ھالەتكە كەلتۈرەلمىگەن بولاتتى . تاۋار مەنپەئەتلىرى مەدەنىيەت ئېقىمىنى ئۆركەشكە كەلتۈرۈپ تۇرىدىغان يالقۇنلۇق قۇدرەت سۈپىتىدە يىپەك يولىغا ھايات بېغىشلىغانلىقى سىر ئەمەس.

شىنجاڭلىقلار ، ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلار بېكىنمىلىك ئاسارىتىدە ھەتتا يىپەك يولىنىڭ مىڭلىغان يىللارنى ئاتلاپ گۈللەنگەن ئاۋات مەنزىرىسىنى ئۇنتۇپ كەتكەن . ئۆزىنىڭ ئاجايىپ مەدەنىيەت ئىختىرا قىلىش ئىقتىدارى بىلەن ياراتقان شانلىق تۆھپىلىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەن . ئىقتىسادىي تۇرغۇنلۇق ، نامراتلىق ، مەنىۋى نادانلىق ، خۇراپاتلىق، روھىي كېسەللىكلەر ئىچىگە تېرەن چۆكۈپ قالغان . بۇ ھالەت گويا ئەلمىساقتىن شۇنداق دېگەندەك ئۆزىنى بىلمەسلىك دەرىجىسىگە يەتكەن . يىپەك يولى گۈللەنگەن دەۋرگە سېلىشتۇرغاندا ئۇيغۇرلار ياتلىشىپ كەتكەن . قەدىمكى گرېك ـ رىم ۋە قەندىھار مەدەنىيەتلىرى بىلەن ھۆسن تالاشقان شىنجاڭ مەدەنىيىتى خارابىلىرى ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ئىپادىلىرىدىن بىرى.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتى ، پەن ـ تېخنىكا، تاۋار ـ قاتناش ، مەدەنىيەت ـ مەرىپەتنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى « يىپەك يولىنى قايتا ئېچىش » شوئارىنى بارلىققا كەلتۈردى . ئامېرىكا ـ ياپونىيە مالىيە گۇرۇھلىرى يىپەك يولى بويلاپ دۇنياۋى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول قۇرۇشنى پىلانلىدى . ئەمدى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۆز دىققەت نەزىرىنى يېڭى ئېچىلغان ئامېرىكا ۋە ئاۋستىرالىيە قىتئەلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈش ، دېڭىز ـ ئوكيان قاتنىشىنى قۇرۇقلۇق قاتنىشىدىن قۇلاي كۆرۈش دەۋرى ئۆتۈپ كەتتى . ئىنسانىيەت زېمىنى ، ئۇنىڭ ئاتموسفېرا بوشلۇقى ، دېڭىز ـ ئوكيانلىرى ، تاغ ـ داۋانلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك بويسۇندۇرۇش دەۋرىگە كىرىپ كەلدى.

يىپەك يولى قايتا جانلىنىش دەۋرىگە قەدەم قويىدى . بۇ هال يىپەك يولى هەققىدە ئەقلىي ـ تارىخىي قاراشنى تىكلەپ ، مىللىتىمىز يۈزلىنىۋاتقان يېڭى گۈللىنىش ئىستىقبالىنى ئالدىن كۆرۈپ ، رىقابەتكە تولغان ، تۈرلۈك مەدەنىيەت ۋە تەپەككۇر تىپلىرى ئۆز ـ ئارا سۈركىلىشىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە مۇنەۋۋەر ئەنئەنە ۋە هاياتىي ئىقتىدارىمىزنى جارى قىلىپ ، يېڭى قىياپەت بىلەن دۇنياغا يۈزلىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ .

چوغدىل بلوگىدىن ئېلىندى :
http: //choghdil.blogbus.com/logs/55895299.html

# يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش

## بىباھا خەزىنە ۋە ھېكمەتلىك تېپىشماق

ئۆتمۈش ئادىللىق نۇرى بىلەن يورۇتۇلمىغان جايدا نۇرانە كەلگۈسىنىڭ بولىشى مۇمكىن ئەمەس. ــ خىيال دەپتىرىمدىن ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «مۇھاكىمە» سەھىپىسىدە «يېڭى يىپەك يولى» ئۈپۈق سىزىقىغا كۆز تاشلاپ، «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ــ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» ، «ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار» ، «مىللەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىشى ۋە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئۈچ بۇرجىكى»، «كەلگۈسى بۇ يەردىن باشلىنىدۇ»، «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» قاتارلىق ماقالە تېمىلىرىدا ئۆزۈمنىڭ ئويلىغانلىرىنى سىزگە يەتكۈزۈپ كەلدىم . شۇنىڭدىن بېرى مانا ئالتە يىل ئۆتۈپ 90 ـ يىللارنىڭ بەشىنچى يىلىغا كىرىپ كەلدۇق . كېلىۋاتقان يېڭى ئەسىر بوسۇغىسىدا كەلگۈسى ھەققىدە ئەمەس ، يەنىلا خەلقىمىزگە نەچچە مىڭ يىل ئىنىكئانا بولغان ئۆتمۈش ھەققىدە ، بىز ياشاپ كەلگەن ، بىزنى يېتىلدۈرگەن ، ئەمما بىز ئۆزى راسا چۈشىنىپ كېتەلمىگەن قەدىمكى يىپەك يولى ھەققىدە قايتا ئويلىغانلىرىمنى سىزگە يەتكۈزگۈم كەلدى. دەرۋەقە ، بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ جەسۇرلۇقىنى ئارسلان ، پەرۋازىنى لاچىن قىلىپ ، شۆھرىتىنى ئىپاردەك تاراتقان ۋە ئەزىز ۋەتىنىمىز باغرىدا خۇددى ئۈنچە ـ مارجاندەك دەرىيادەك نەچچە مىڭ يىل ئاققان قەدىمكى يىپەك يولىنى قۇم بارخانلىرى تەكتىگە كۆمۈپ قويۇپ ، نېمىدىن ئايرىلىپ ، نېمىگە دۇچ كەلگەنلىكىمىزنى ئاڭقىرالماي ، مانا بەش ئەسىرنى ئۆتكۈزۈۋەتتۇق . بۇ بەش ئەسىرنىڭ ۋاقىت تىزمىلىرىغا نەزەر سالساق ، كۆڭلىمىز غەشلىككە تولۇپ ، كۆزىمىزگە ياش كېلىدۇ.

بۇ يىللاردا بىزدىن كۆز يورۇتقان بابارەھىم مەشرەپ ، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ، مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى ، ئابدۇقادىر داموللام (ئەزىزى) ، مەمتىلى ئەپەندى ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ، لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق ئېرپان بۇلاقلىرىمىزنىڭ ئاقىۋەتلىرى قان لەھەتلەر بىلەن تۈگەللەندى . بۇ يىللاردا بىزنىڭ تۇرمۇش ھالاۋىتىمىز، بەخت ـ سائادىتىمىز خۇددى ئەركىنلىك جەڭچىلىرى سادىر پالۋان، نۇزۇگۇملارنىڭ قوشاقلىرىدا ئىپادىلەنگەن ، نادامەت نالىسى ۋە زالالەت

ئېغرىشى بىلەن ئالماشتى. نىياز ھېكىمبەگ، مەھمۇد پوچى، يۈسۈپ چاڭموزا، تاز مەزىن ۋە ئابدۇغوپۇر داموللا شاپتۇلدەك قاندا سەمرىگەن ئاسىي ـ مۇناپىقلار ئار ـ نومۇسىمىزنى ئېچىمىزگە يۇتۇشقا مەجبۇر قىلدى. بىز قەدىمكى يىپەك يولىنى قايتا ئويلانماي، بىكىنمىچىلىك جاھالىتىدە ئۆتكەن يېقىنقى بەش ئەسىرنى قايتا ئويلانماي، ئۇلارنى ئىلغىماي قارا ـ قويۇق بىر لەھەتكە كۆمۈپ قويۇپ، كەلگۈسى يېڭى ئەسىرگە، يېڭىدىن ھۆسن ـ جامالىنى تۈزەۋاتقان «يېڭى يىپەك يولى» غا قانداق قەدەم قويالايمىز؟!

خەلقىمىز خۇددى«ساتكو» ناملىق ھېكايىدە سۆزلەنگەندەك ئۈيقۇ قۇشنىڭ :«ئۇخلا! تىنچ ئۇخلا! ئۈيقۇ ـ بەخت دېمەكتۇر » دېگەن ئەپسۇنكار سۆزلىرىدىن خىرامانلىشىپ، «ئەسھابۇلكەھف» دەك غار ئۇيقۇسىدا ۋەھىمە ئاگاھلىقىنى يوقىتىپ قويدى. دەل مۇشۇ چاغدا مۇنداق بىر ۋەقە سادىر بولدى:1880 ـ يىلى بۇخارادىن غۇلام مۇھەممەت قاتارلىق ئۈچ سودىگەر يولغا چىققان. ئۇلار قالقاساي تاغلىرىدا كىردۇ ـ كافۇر قەبىلىسىدىن چىققان قاراقچىلار تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، چەكسىز تاغلار ئىچىدە بىر ئۆڭكۈرگە ئۇچراشقان. قاراقچىلار ئۇلارنى ھەيدەپ بۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىرىشكەن. قاراقچىلار بۇ ئۆڭكۈردە ئالتۇن، كۈمۈش، ياقۇتتىن ئىشلەنگەن، كۆز قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان نەچچە يۈزلىگەن نەپىس ـ ئۈبرازلىق بۇيۇملارنى كۆرۈپ ئەس ـ ھوشىنى يوقۇتۇپ، بىر ـ بىرى بىلەن مال ـ دۇنيا تالىشىپ قانلىق جېدەللىشىۋاتقان پەيتتە قاچقان بۇ ئۈچ نەپەر سودىگەر ئامۇ دەرياسىنىڭ ئاقىدىغان چېگرىسىدىكى ئىنگلىس زاستاۋكىسىغا كېلىپ ئەنگلىيىلىك ف.ن. باتونغا خەۋەر قىلغان. كاپىتان قوشۇن باشلاپ كېلىپ قاراقچىلاردىن بۇ ئاسارە ئەتىقىلەرنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ۋە ھازىرقى كۈندىمۇ برىتانىيە مۇزېيىدا مەخسۇس پاۋىلئون بولۇپ تۇرغان بۇ «ئوكساس (ئامۇ دەريا) خەزىنىسى»، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن زامانىسىدىكى ـ بۇنىڭدىن 2400 يىل بۇرۇنقى ئىمپېرىيە خەزىنىلىرىدىن بىرى ئىدى. «ئوكساس (ئامۇ دەريا) خەزىنىسى» نىڭ تېپىلىشى ئەپسانىۋى «ئاتلانتا ئارىلى» چۆكمىسىنى تېپىش خىيالىدا يۈرگەن ياۋروپالىقلارنىڭ مەركىزى ئاسىيانى ئارخېئولوگىيىلىك قىزىرىش قىزغىنلىقىنى قوزغىۋەتتى. خۇددى ۋولقاندەك ئۆرلەپ چىققان بۇ شۆھرەتلىك قىدىرىش ئېقىمىغا ئىمپېراتور ـ كاروللار ، بانكىر ـ تەۋەككۈلچىلەر، سەيياھ ـ مىسسىئونېرلار تاقەتسىزلىك بىلەن ئۆزىنى ئېتىشتى ! ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىلا ئېچىلغان، مىلادىدىن بىر ئەسىر ئىلگىرى پارتلىغان ۋىزوۋىي يانار تېغى

ۋەقەسىدىن بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن پىلىنونىڭ «تەبىئەت تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە «يىپەك ئېلى يولى» دەپ تىلغا ئېلىنغان بۇ قەدىمكى ياۋروپا – ئاسىيا كارۋان يولى بىردىنلا شۆھرەت كۆكىگە كۆتۈرۈلدى. نېمىس ئالىملىرى فېردىناد.ۋون. رىختوفىن (1905— 1883) بىلەن ئېبېرت. ھېلمان پىلىنونىڭ قەدىمكى ئىبارىسىگە يېڭى ھۆسن قوشۇپ «يىپەك يولى» دېگەن مەپتۇنكار نامنى ئوتتۇرىغا قويدى!

گرۇنۋېدېل، ستەين، لېكوك، پېللىوت قاتارلىق «يىپەك يولى» قېدىرغۇچىلىرى خوتەن، لوپنۇر، شورچۇق، كۇچا – باي، توققۇز ساي، تۇرپان، دۇنخۇاڭ مەدەنىيەت نۇقتىلىرىدىكى جاۋاھىراتلارغا ئاچكۆزلۈك بىلەن يوپۇرۇلدى. ئۇلار رىقابەت رەشكىدە بىر – بىرىگە قورال كۆتۈرۈپ چىقىشقىچە بېرىپ يېتىشتى! مەركىزى ئاسىيا زېمىنى ئاساسىي چەمبەر قىلىنغان بۇ قىدىرىش تاكى يېقىنقى يىللاردا ئامۇ ۋادىسىدىن ئىككىنچى «ئوكساس (ئامۇ دەريا) خەزىنىسى»– كوشان – ئۇلۇغ توخار ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان تۇرك نەسىللىك پادىشاھ كۇجۇلا كادپىسنىڭ ھەشەمەتلىك ئالتۇنلۇق– قەبرىگاھىنى تاپقانغا قەدەر ئورخۇن– بايقالدىن كوپېت –زەرەپشانغىچە، قاراقوچۇ –دۇنخۇاڭدىن ئەسكى قورغان – چىرچىققىچە كەڭ –كۇشادە ئېلىپ بېرىلدى. مانا، يىپەك يولى باغرىدىكى بىباھا خەزىنە! مانا، يىپەك يولى قىزغىنلىقىغا سەۋەب بولغان ماددىي مەنىۋىئەتدارلىق قىممىتى! يىپەك يولىدىكى بۇ بىۋاستە قىممەت ۋە ئۇنىڭغا قارىتىلغان ھارارەتلىك، ئەسەبىيلەرچە قىزغىنلىق ئادەتتىكى تەپەككۇر ئۇچۇنمۇ چۈشىنىشلىكتۇر. ئەمدىكى گەپ، مۆجىزىدار، مەپتۇنكار، سېھىرلىك يىپەك يولىدىكى تەپەككۇر ھېكمەتلىرىنىڭ خەزىنىسىنى ئېچىشتا قالدى .

بىز ئەجدادلىرىمىز ياراتقان ئاجايىپ مۆجىزىنى– يىپەك يولىنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدۇق. ئۇنىڭ قىسمەن بايقىلىشىدىن ئالەمشۇمۇل زىلزىلە قوزغالغانلىقىنى ھېس قىلساقمۇ، ئۇنىڭ تەكتى ئەسرادا قالغان تەپەككۇر ھېكمەتلىرى تېخى سىرلىق، ھەتتا بۇ جەھەتتە دادىل ئېغىز ئېچىشمۇ ۋەھىمىلىك بولغان تېپىشماق بولۇپ تۇرماقتا. بىلىش ھاجەتكى، نۇرانە كەلگۈسى ئامۇ، سىر، يېنسەي، تارىم تاش – تۇپراقلىرىدىن چىققان، چىقىدىغان جاۋاھىراتلار خەزىنىسىنى ئەمەس، بەلكى ئۆتمۈش بىلەن كەلگۈسىنى تۇتاشتۇرىدىغان يىپەك يولى باغرىدىكى تەپەككۇر ھېكمەتلىرىنىڭ خەزىنىسىنى ئۆزىگە ئۆلچەم قىلىدۇ. ئۆتمۈشتىن قالغان ۋە ئۆتمۈشكە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ قىممەت باھا جاۋاھىراتلار خەزىنىسىنىڭ تەكتىدە، ئۆتمۈشتە جۇغلانغان ۋە كەلگۈسىگە رەھنامىلىق قىلىدىغان

ئۆلمەس مەنىۋى خەزىنە يېتىپتۇ. ئۇنىڭ تېپىشماقلىرىدا كەلگۈسىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى ساقلانغان! ئۇچ چوڭ ئىقتىدار ۋە ئۇچ ئۇلۇغ قىممەت ئۆزىنىڭ شانلىق تارىخىنى ياراتقان خەلق، ئۇنداق تارىخنى يارىتىشى مۇمكىن. ئەمما ئىجادىيەت ئىقتىدارىنىڭ ھەقىقى قىممىتى مۇمكىنلىك بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەمەلدىكى ئىجادىيەت سەمەرلىرى بىلەن ئىسپاتلانغان قىممەتتۇر ـ خىيال دەپتىرىمدىن.

هۆرمەتلىك ئوقۇرمەن: يىپەك يولىنى «جاھاننەما» قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆز ـ ئۆزىنى كۆرۈش، يىپەك يولى ئۇلىغا كۆمۈلگەن تېپىشماقلىرىنى يېشىپ، ئۇنىڭدىن ئەقىل چىرىغىنى يېقىش ئۇچۇن خەلقىمىزگە ئىككى نەرسە كېرەك. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، تارىخى ئىپتىخار ۋە ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان ئىشەنچتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، تارىخى خاراكتېرلىك نومۇس تۇيغۇسى ۋە ئۇنىڭدىن يارالغان جاسارەتتىن ئىبارەت. قەدىمكى يىپەك يولىنى ئۇنتۇپ كەتكەن ۋە يېڭى يىپەك يولى بوسۇغىسىدا تەمتىرەپ تۇرغان خەلق ئۇچۇن بۇ ئىككى روھى زىلزىلىنىڭ ھېچ بىرىمۇ كەم بولماسلىقى كېرەك. روشەنكى، ئىپتىخار تۇيغۇسى بولمىغان قەلبتە نومۇس ئېڭى بولىشى مۇمكىن ئەمەس. ۋەھالەنكى، نومۇس ئېڭى ھەقىقي ئىنساني ئىپتىخارنىڭ بىرىنچي ئىستىھكامىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شەك ـ شۈبھىسىزكى، يىپەك يولىنى مەركىزى ئاسيادا «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» نى ياراتقان ئەجدادلىرىمىز ئاچقان! ئۇلار دەسلىپىدە تۆپتۈز ۋادىلار ياكى دەشت ـ جەزىرىلەردىكى رەسمي كارۋان يوللىرى ئارقىلىق ئەمەس، تاغ ـ جىلغىلارنى تاغ ـ جىلغىلار بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان تاغ يوللىرى ئارقىلىق، ئۇنىڭدىن كېيىن پايانسىز يېيىق ـ يايلاق يوللىرى ئارقىلىق، ئاخىرىدا بوستان يوللىرى ئارقىلىق قەدىمكى ئۇلۇغ كارۋان يولىنى ئېچىپ، قەدىمكى ئۇچ قىتئەنى بىر بىرىگە تۇتاشتۇردى، تونۇتتى .

قاراڭلار، ئالتاي ـ تارباغاتاي تاغلىرى، تەڭرى تاغلىرى، ئالتۇن تاغ، قارا ـ قۇرۇم، كوئىنلۇن تاغلىرى پامىردا قوشۇلۇپ، ھىندىقۇش، كوپېت، كاۋكاز تاغلىرىغا قاراپ سوزۇلغان ئاسيا قىتئەسىنىڭ مىسلىسىز تاغ ئومۇرتقىسىدا ھېلىمۇ قەدىمكى مەركىزىي ئاسيالىق تۇرانلارنىڭ ئەۋلادى ياشاپ تۇرۇپتۇ! مېنىڭ جانىجان خەلقىم ـ قەدىمكى رىۋايەتلەر بىلەن قولىيازمىلاردا، ھازىرقى جانلىق تۇرمۇش بىلەن تەنتەنىلىك لەۋھەلەردە «ئۇيغۇر» نامى بىلەن شۆھرەتلەنگەن خەلق يىپەك يولى ئېچىلغاندىن كېيىن، مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر گىرەلەشكەن ئۆتكۈر رىقابەت جەڭ گاھىدا ياشاپ، يىپەك يولى ئارقىلىق پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى خەزىنىسىگە ئۆزىنىڭ ئىرپان ھۆجەيرىلىرىنى قاتقان. ئۇلار«قۇت» ئىزگۈلۈكنى قەلبىگە

پوكوپ، تاغ ـ جەزىرىلەردىن ئېشىپ، مەغرىب ـ مەشرىق ئىستىھكاملىرىدىن ئۆتۈپ، يىراق زېمىننىڭ «سىم تانابى»نى تارتىپ، مۇساپىرەت مەنزىلگاھلىرىدىن بوستانلار مۇساپىرلىق سەرگۈزەشتلىرىدىن داستانلار يارىتىپ، بىكىنمە ۋە يېرىم بېكىنمە ھالەتكە مايىل ناتونۇش خەلقلەر ۋە مەدەنىيەتلەرنى بىر ـ بىرگە تونۇشتۇرۇپ، ھەقىقىي يورۇق جاھان تارىخى ۋە كىشىلىك ئالاقىلىرىغا ئەبەدىيلىك تۆھپىلىرىنى قوشتى. ئۇلار ئۆزلىرىدە ئۈچ چوڭ ئىقتىدارنى ھازىرلىغان ئىدى. ئۇ بولسىمۇ: چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە يىپەك يولى خەلق ئارا سودىسىدىكى پائالىيەتچانلىق ئىقتىدارى ئىدى.

دوكتور ماسۇداخىسائۇ «قەدىمكى تەڭرىتاغ تارىخ ـ جۇغراپىيىسى» دېگەن كىتابىدا توغرا ئېيتقان: مەركىزىي ئاسىيادىكى كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ نوقۇل پادىچى قوۋم بولماستىن ، يەنە سودا ئالاقىلىرىنى قوزغىتىش خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى؛ بوستان خەلقلىرىنىڭ نوقۇل تېرىقچىلار بولماستىن، يەنە سودىگەرلىك خاراكتېرىنى ئالغانلىقىنى، ئۇلار قۇرغان چوڭ ـ كىچىك دۆلەتلەرنىڭ تاشقى سودا تىجارەت مەملىكىتى خاراكتېرى ئالغانلىقى ئۇلاردا يىپەك يولى سودا ئالاقىلىرىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇش ۋە سودا ئالاقە چەمبىرىنى كېڭەيتىش خاھىشىنى كۈچلۈك ئىپادىلىدى.

«ئالتۇن ئۆزۈككە ياقۇت كۆز» دېگەندەك يىپەك يولىنىڭ ئۇلىنىش ياكى ئۈزۈلۈش ھالقىسى بولغان ئوتتۇرا بەلۋاغقا بېكىنمىچىلىكتىن خالىي، ئۈچ چوڭ ئىقتىدارنى ھازىرلىغان، مېھماندوست ۋە جاھانساز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جايلىشىپ، پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى پۈتۈن يىپەك يولىنىڭ ئامەتى ۋە بەختى بولغان ئىدى. نەتىجىدە، يىپەك يولى ئۈچ ئۇلۇغ قىممەتكە ئىگە بولدى. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، ئەنئەنىۋى يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ خەلق ئارا قىممىتىدىن ئىبارەت. ئىيتىش كېرەككى، يىپەك يولىنى ئاچقان ۋە تۇتاشتۇرغان، يىپەك يولىنىڭ مەركىزى ھالقىسىدا ئۆزىگە خاس يەرلىك مەدەنىيەت ياراتقان ئەجدادلىرىمىز مىلادىيەدىن ئىلگىرىلا ئۆز مەدەنىيەتلىرىنىڭ دۇنياغا يۈزلەنگەنلىكىنى ناماشا قىلدى. ئۇلارنىڭ تۆت زات قارىشى ۋە ئىپتىدائىي تىبابەتچىلىك تەجرىبىلىرى گرېكلارنىڭ «تۆت قىزىس» ھىندىلارنىڭ «چار ۋاقا» قاراشلىرى بىلەن خەنزۇلارنىڭ «خۇاڭدى سۇۋېن» دەستۇرىدا ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇلارنىڭ ئاتچىلىقى، ئاتقا مىنىپ جەڭ قىلىشى، چەۋەندازلىقى، ئۆتۈك شالۋۇر كىيىملىرى، مېتال تەسۋىرىي سەنئەت ھۈنەرپەزلىكى، مەي ۋە تائام تېخنىكىسى، كىيىم كېچەك مەدەنىيىتى، ناخشا ئۇسۇل سەنئىتى، كارۋانكەشلىك تىجارىتى يىراق

يېقىندىكى خەلقلەر ۋە ئەللەر تەرىپىدىن قىزغىن قوبۇل قىلىنغان. ئۆز ئەپسانىلىرىدە قۇياش ئىلاھى ئاپوللونى ئات قوشقان پەيتۇن هارۋىدا ئولتۇرۇپ، شەرقتىن غەربكە چېپىپ چىقىدۇ، دەپ تەسۋىرلىگەن گرېكلار تاكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن زامانىسىغىچە ئات قوشقان هارۋىدا جەڭ قىلىشاتتى.

مىلادىيەدىن ئۈچ ئەسىر ئىلگىرى پادىشاھ جاۋۇلىن «خۇر كىيىمى» نى كىيىپ، ئاتلىق قوشۇن تۈزۈش هەرىكىتى قوزغىدى. چىنشىخۇاڭ ئاتلىق قوشۇن ئالاھىدىلىكىگە تايىنىپ ئۆز رەقىبلىرىدىن غالىب چىقتى. خەن ۋۇدىنىڭ پەرغانىغا قوشۇن ئەۋەتىشىمۇ، هەرقايىسى سۇلالىلەرنىڭ ئات ـ دۇردۇن سودىلىرىمۇ يەنىلا«ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» ياراتقان دۇنياۋى قىممەتنى پىشاڭ قىلغان ئىدى. هون ئاۋارلارنىڭ رىم ئىمپېرىيىسىنى هالاك قىلىشى. سالجۇق تۈركلىرى، چىڭگىزخان ئارىلاشما قوشۇنلىرى، ئەمىر تۆمۈر ۋە بابۇر چەۋەندازلىرىنىڭ هىندىقۇش ـ ئېلبۇرس ئېتەكلىرىدىكى تەنتەنىلىرى «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» ئەنئەنىلىرى نى ئۇل قىلغان ئىدى. هازىرقى جاھان خەرىتىسىنىڭ ئېتىنىك تەركىبى، چېگرا سىزىقلىرى مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدىغان رەڭ بوياقلارنىڭ تەكتىگە ئات تاقىسى كۆمۈلگەن! كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەت، ناخشا ـ ئۇسۇل مەدەنىيەتلىرىمىزنىڭ دۇنياۋى شۆھرىتى سۈي ـ تاڭ پادىشاھلىرى، ئەرەب خەلىپىلىرىنىڭ مەھلىيالىقلىرىنى قوزغاپ، ئوتتۇرا ئەسىر يىپەك يولى كۆكىدە چاقنىغان زەر ساليوت فونتانلىرىغا ئايلانغان. ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، يىپەك يولى ئوتتۇرا بەلبېغىنىڭ خەلقئارا مەدەنىيەت كارىدورى بولۇش قىممىتىدىن ئىبارەت. ئېيتىش كېرەككى، يىپەك يولى گۈللەنگەن ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا غەربىي يۇرت بوستانلىقلىرى يالغۇز چارۋىچىلىق ـ ئاتچىلىق، دېھقانچىلىق، هۈنەرسازلىق، ئىچكى ۋە خەلق ئارا سودا ـ تىجارەتنى بىر گەۋدە قىلغان ئىگىلىك سىستېمىسى مېخانىزمىنى ئىشقا سېلىپ، گرېك ـ رىم، ئىران ـ هىندىستان، تۇران ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيەت چەمبەرلىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان تەڭداشسىز كارىدورغا ئايلىنىپ قالماستىن، ئۇ يەنە هىندى ـ ياۋروپا تىللىرى، ئۇرال ـ ئالتاي تىللىرى، خەن ـ زاڭ تىللىرى بىلەن بۇ تىللارنىڭ نۇرغۇن گۇرۇپپىلىرىغا مۇناسىپ يېزىقتىكى دەستۇرلار توپلانغان ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت مەركىزى ۋە تىل ـ يېزىق پاۋىلئونىغا (كارىدورىغا) ئايلاندى.

بۇ زېمىن يەنە ئەينى زاماندىكى مەدەنىيەتلەرنى مۇجەسسەملەشتۇرگۈچى هېكمەت سىستېمىلىرى بولغان زورو ئاستىر، مانى، بۇددا دىنلىرى بىلەن ئىسلام دىنى تەشەببۇسلىرىنىڭ، شەرق ـ غېرىب

تەبىئەت ۋە تېبابەت ئىلمى نەتىجىلىرىنىڭ جۇغلانما خەزىنىسىگە ئايلاندى. ئالەمدە ئىككىنچى بىر زېمىن مۇنداق جاۋاھىراتلار مۇجەسسەم دەرگاھ شاراپىتىگە نېسىپ بولمىغان بولسا كېرەك.

ئويلاپ كۆرۈڭچۇ، بىر قاتار ئۆتمۈش تېپىشماقلىرىنىڭ يېشىلىشى ۋە كەلگۈسىنىڭ باشلىنىشى ھەققى قىممەت ئېتىبار بىلەن بۇ مۇبارەك زېمىنغا تۇتىشىدىغانلىقى ھېچقانداق ئەجەبلىنەرلىك بولمىسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈچىنچىسى، غەربى يۇرتتا تاۋلىنىپ چىققان مەدەنىيەتتىكى قوشۇلما قىممەتتىن ئىبارەت. ئېيتىش كېرەككى، بىزنىڭ شۆھرەتلىك ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز نوقۇل «كارۋانكەش» ياكى نوقۇل سارايۋەن بولغىنى يوق. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تىپى ئاساسىدا تۇرۇپ، شەرق ـ غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان قىسمىلىرىنى قوبۇل قىلدى، ئۆزگەرتتى. ئۇنى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ئىرسىيەت ئۆزىكى ئاساسىدا ئۆزلەشتۈردى. نەتىجىدە پۇتۇنلەي يەڭ ئۇسلۇب ـ «غەربىي يۇرت ئۇسلۇبى» شەكىللەندى. بىز بىناكارلىق، ھەيكەلتىراش لىق، رەسساملىق، تەرجىمىشۇناسلىق، ئەدەبىيات، دورىگەرلىك قاتارلىق مەدەنىيەت نەتىجىلىرى ئىزىدىن قوبۇل قىلىپ، ئېشىپ كېتىش خاراكتېرلىك ئالاھىدە قىممەتنى بايقىۋالالايسىز. يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىشنىڭ زۆرۈرمىكىن يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىشنىڭ تارىخى قىممىتى ئۆتمۈشكە تەنتەنە قىلىش ئىستىكى بولماستىن، بەلكى رېئاللىق قويىندا يېتىلىۋاتقان كەلگۈسى تەقدىرنىڭ تەخىرسىز زۆرۈرىيەتلىرى دىن ئىبارەت. شۇ سەۋەبلىك ھەققى تارىخچى، بىرىنچىدىن، مەدەنىيەتشۇناس، ئىككىنچىدىن، كەلگۈسىشۇناستۇر.

ـ خىيال دەپتىرىمدىن.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن: يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش ھالال ۋىجدان، تارىخى جاۋابكارلىق ۋە سەمىمىي ھەمدەملىك بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان مەنىۋى ئەمگەكتۇر. يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش ـ قەدىمكى يىپەك يولىدا جارى قىلىنغان ۋە يىپەك يولى خارابلاشقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ نۇرانە جىلۋىسىنى گەۋدىلەندۈرەلمىگەن ئىجادىيەت ۋە رىقابەت ئىقتىدارىمىز ھەققىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك ، تېرەن، ئىلھامبەخش قايتا ئويلىنىشنى مۇقەددىمە قىلىشى كېرەك! بەش ئەسىرلىك قاتتىق ئۇيقۇدىن كېيىن، قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ، يېڭى يىپەك يولى ئالامەتلىرى ئالدىدا كېپىكتەك چۆچۈپ، ئېغىر خورلۇق ۋە ئۆزىنى كەمسىتىش روھىيىتىدە قورۇنۇپ تۇرغان خەلقىمىزگە ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ياراتقان تەڭداشسىز مۆجىزىلەرنى تونۇتۇش ھەققى ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ تۈنجى خىزمىتىدۇر. مەيداندا مەردانە

ۋارقىراپ ئېيتىش كېرەككى، ئۇلار بۇ شۆھرەتلىك تارىختىن خەۋەردار بولۇشقا ھوقۇقلۇق! ئېيتىخارلىق تارىخ ـ نومۇس ۋە ئېيتىخارنى پەرق ئېتىش قابىلىيىتىنى يوقاتمىغان مىللەت ئۈچۈن «ئابى ھايات» ۋە«ئەيسا دېمىدىسى» ھەتتا قەيسەرانە جاسارەت ئويغاتقۇچى نوپۇزلۇق ئاڭدۇر! ئۇنىڭغا تىلەكداشلىق ئىنسانىي قېلىپىنىڭ ئەقەللىي بېشارىتى، ئەلۋەتتە.

ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى يىپەك يولىنى قايتا بايقاشقا تۇتۇنغىنىغا 100 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بولدى. ئەمما، بۇ ئاساسلىقى قىدىرىش تېپىلمىلىرى ئۈستىدىكى ئۇنداق ياكى مۇنداق تەتقىقات بىلەن چەكلەندى. يىپەك يولى ھەققىدىكى قايتا ئويلىنىش خەلقىمىزنىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇلدى. بىز بىلەن خەيرلىشىش ئالدىدا تۇرغان 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا خەلقىمىزدىن يېتىشىپ چىققان مەرىپەتچى زاتلار تەرەققىي قىلغان غەرب بىلەن غەپلەتتە ياتقان شەرقنى سېلىشتۇرۇپ يېڭىچە مائارىپ، يېڭىچە تەلىم، يېڭىچە تۇرمۇش مەدەنىيىتى تەشەببۇسلىرى بىلەن تارىخ سەھنىسىگە چىقىشتى. ئۇلار گەرچە پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرگە دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ يېڭىلىق تەشەببۇسلىرى مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ 30 ـ يىللاردىن كېيىنكى يېڭى قاتلىمىنى بېزىدى. بىز شۇ قاتلام مۇھىتىدا يېتىلدۇق. ۋەھالەنكى، بۇ مەرىپەتچى زاتلار تېخى ئۆز ـ ئۆزىمىزنىڭ قەدىمكى يىپەك يولىدا ياراتقان شانلىق تارىخىمىزنى قايتا ئويلاش، ئۇنىڭدىن يېڭى مەرىپەت قۇدرىتى ھاسىل قىلىشنى ئۆز تەشەببۇسلىرىغا تېماتىك سەرلەۋھە قىلىشقا ئۈلگۈرمىگەنىدى. بۇ ھەر قايسىمىزنىڭ تارىخى نېسىۋىمىز بولۇپ قالدى! 20 ـ ئەسىر ئاخىرلىشىپ، يېڭى ئىرانىڭ بىرىنچى ئەسىرى بولغان 21 ـ ئەسىر سائىتى سېكۇنت ساناشقا بەش يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت قالغان مۇشۇ يىللاردا ئۆز ئەقىل ـ پاراستىنى يوقاتمىغان، بولۇشىچە جان بېقىش كويىغا چۈشمىگەن زەكىلىرىمىز ئالدىدا پىكىر تەملىرى بىلەن تەپەككۇر ئوبيېكتلىرى ھەر قاچانقىدىنمۇ نۇرغۇن .

بىز قەدىمكى يىپەك يولىغا كۆمۈلگەن تەپەككۇر ھېكمەت خەزىنىسىنى ئاچقىنىمىز يوق. بىز يىپەك يولى خارابىلاشقاندىن كېيىنكى بەش ئەسىر ۋە ئۇنىڭ روھىيىتىمىزگە ئۆزلەشكەن خۇنۇك ئىللەتلىرىنى ئوپېراتسىيە قىلغىنىمىز يوق. بىز چىقىپ كېتىۋاتقان مۇشۇ ئەسىرنى داغدۇغىلىق پاراڭلار ۋە شېرىن تاماقلاردىن خالىي ھەقىقى تەپەككۇر ئەينىكىدە تەلقىن قىلىپ يەكۇنلەشكە تۇتۇنغىنىمىز يوق. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي تارىخنىڭ ۋاقىت تۇلپارى ئالدىمىزغا ئىككى ئالىپتە نەرسىنى قويدى: ئۇنىڭ بىرى، يېڭى يىپەك يولى. ئۇنىڭ يەنە بىرى، يېڭى ئىرانىڭ بىرىنچى ئەسىرى بېشىدىكى مەرىپەتچى زاتلىرىمىزغا ئىلھام بېغىشلىغان خەلقى

ئۆرنەكلەر جىلۋىلەنمىدى، شەرققە تىكىلىپ قارىساق، شەرق ئاسمىنىدا كۆرۈنگىنى پەقەت غايە بوھرانلىرى، ئاقچا ساراسىملىقى بىلەن مەي سىمفونىيىسى بولدى. تەپەككۇرىمىزنىڭ يۇكلىرى كۆپەيدى، «توققۇز كىلىننىڭ تولغىقى تەڭ تۇتتى.»! بۇ يەردە شۇنىمۇ قوشۇپ كېتەيكى، يېڭى ئەسىر ـ 21 ـ ئەسىر بىزگە ئۆتكەنكى ئەسىرلەردەك دەخلىسىز تەبىئىي ئىگىلىك، ھەپتىلىك سەييارە بازار يەرمەنكىلىرى، ئەۋلاد ـ نەسەب بويىچە ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق، باي ـ كەمبەغەللىكنىڭ ئادەتلەنگەن كۆنۈكمىلىرى، ئېتىقاد ئىزچىللىقى، بولۇپمۇ 20 ـ ئەسىردەك دۇنيانى قاپلىغان يېغىچە مەسلەك، ئاممىۋى ئىنقىلاب دولقۇنلىرى بىلەن كىرىپ كېلىشۋاتقىنى يوق. ئۇ ئىگىلىك قېلىپلىرى بىلەن تۇرمۇش ئۇسۇللىرىدا كۈتۈلمىگەن كاتتا ئۆزگىرىش بىلەن كىرىپ كەلمەكتە. بۇ، خەلقىمىزنىڭ روھىيىتى ۋە پىكىر قېلىپلىرىنى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. ئالدىمىزدا ئۈچ خىل پائالىيەت ئەھلى گەۋدىلىنىپ چىقتى: بىرىنچى خىل كىشىلەر، مىللەتنى قايتا ئويلاندۇرۇپ، ئۇنى قايتا ئويغىتىپ، مىللەت گەۋدىسىدىكى ئۇمىدسىزلىك ۋە ئورۇنسىز مەغرۇرلۇق بېسىپ ياتقان بىر قاتار ئىللەت ۋە زەئىپلىكلەرنى يېغىپ مىللەتنىڭ رىقابەت ئىقتىدارى مۇجەسسەملىگىنى كۈچەيتىپ، مىللەتنى قابىل ۋە قادىر ئېتىنىك تۈركۈمگە ئايلاندۇرۇشنى نىيەت قىلغان مۇنەۋۋەر كىشىلەر ئەھلى . ئۇلار ھاقارەت ۋە خەتەر، بوھتان ۋە سۇيىقەست ئىچىدىمۇ ئۇيقۇ قۇشىنىڭ دۇرتلىرىغا دانكودەك ئۆز يۈرىكىنى مەشئەل قىلىپ ئىلگىرىلىمەكتە. ئىككىنچى خىل كىشىلەر، ئاللىقاچان ھازىرقى زامان سودا رىقابىتىنىڭ ئۇپقۇنلۇق قايناملىرىغا كۆكرەك كېرىپ چۈشكەن غەۋۋاس — ئۇيغۇر سودا تىجارەتچىلىرىدىن ئىبارەت. ئۇلار قانچىلىك تەپەككۇر ھېكمىتىدىن بەھرىمەن ياكى ئەمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر، سومېرلار، كىمرى (سىمليان) ـ سىكتايلار، ئارى ـ ھونلار، سوغدى ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئاياغ باسقان قەدىمكى زېمىندارغا ئۇرۇقتەك چېچىلدى. ئۇلار ھېچقانداق ھامىيلىق مەرھەمەتتىن بەھرىمەن بولمىغان، ئىستىخىيلىك ھەرىكەتلىنىۋاتقان، سەرمايىسى چەكلىك مۇساپىر سودىگەرلەر دۇچ كېلىشى مۇمكىن بولغان ھەممە مۇشەققەت ۋە پېشكەللىكلەر ئىچىدە يېتىلمەكتە. ئۇلار مىللىتىمىزدىكى ئىللەتلەرنى سادىر قىلىپ مەسخىرىگە ئۇچراپ، خەلقىمىزدىكى پەزىلەتلەرنى گەۋدىلەندۈرۈپ كىشىلەرنىڭ زوقىنى قوزغاپ، تۇرمۇشتىن تەربىيە، تەجرىبىدىن تەلىم ئېلىپ، يېڭى يىپەك يولىنىڭ ئاجايىپ سودا ـ تىجارەت، مالىيە ئالاقە ماھىرلىرى بولۇپ چىققۇسى، ئۇلارنىڭ ئىزىغا يېڭى يىپەك يولىنىڭ بىر قاتار مۆجىزىلىرى تىزىلغان. ئۈچىنچى خىل كىشىلەر، بۇلار

ئۈچ خىل ئىش بىلەن بارغانسېرى پائالىيەتچان بولىۋاتقان كىشىلەردۇر. بۇ ئۈچ خىل ئىش: ئەمەل ـ مەنسەپ ۋەسۋەسىسى، پىتنە ـ ئىغۋا ھەسەتچىلىكى، كەيپ ـ ساپا چۈشكۈنلۈكىدىن ئىبارەت. ئۇلار ئېرىشكەن ھالاۋەتلىرى ئىچىدە ئەڭ بىباھا نەرسىنى — ئۆزىنىڭ يورۇق دۇنيا ۋە ئۆمۈر مۇساپىسىدىكى ھەقىقىي ئىنسانىي قىممىتى ۋە تارىخىي ئىپتىخارىنى يوقىتىپ قويماقتا. شۇنداق قىلىپ، يېڭى يېپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى، يېڭى ئەسىرنىڭ يېقىنلاپ كېلىشى، يېڭى رىقابەتچان بازار ئىگىلىكى تۈزۈمىنىڭ قەد كېرىپ چىقىشى ھەممىمىز نى قوزغىۋېتەتتى. قاغىدەك قارغاپمۇ، مۈشۈك ياپىلاقتەك سۆر تەلەت كۆرسىتىپمۇ، تۆگە قۇشتەك بېشىمىزنى قۇمغا تىقىۋېلىپمۇ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بۇ زامان زۆرۈرىيەتلىرى ئالدىدا نېمىلەرنى ئويلىشىمىز كېرەك؟ ئەلۋەتتە، ئويلىنىدىغان نەرسىلەر ناھايىتى نۇرغۇن، شۇنداقتىمۇ ئەڭ يىلتىزلىقى مىللەتنىڭ رېئال قىياپىتى، ھەقىقىي كىشىلىك قىممىتى، ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارى، ھازىرقى زاماندىكى ئۈچ خىل مىللەت دەرىجىسىدىكى ئورنىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىشتىن ئىبارەت.

ئۈچ خىل مىللەت ۋە مىللىيەتلىكتىكى ئۈچ خىل قىممەت ئار ـ نومۇس ۋە رىقابەت جاسارىتىدىكى يالقۇن قوزغاتمىغان مېڭىنىڭ قوزغىتىدىغىنى تەنتەكنىڭ تەمەنناسى بىلەن قورققاقنىڭ شۈركىنىپ تىترىشىدىن باشقا يەنە نېمە بولسۇن؟!

— خىيال دەپتىرىمدىن.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن: بىر قەدىمكى يېپەك يولى خارابلاشقاندىن كېيىنكى كەنجى ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىنى باشتىن كەچۈرۈپ، كۆپ قىرلىق، كەسكىن رىقابەتكە تولغان بۈگۈنكى دۇنياغا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش قىممىتى بىلەن، راۋاجلانغان مىللەتلەر قاتارىدا گۈللەپ راۋاجلىنىش قىممىتى ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسال (ئومۇملاشقان) ئەۋزەللىككە ئىگە بولغان رىقابەت ئىقتىدارىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. ۋەھالەنكى، پۈتۈن ھاياتى كۈچ ـ ئىقتىدارىنىڭ مەركەزلىشىشى، مۇجەسسەملىشىشىدىن تەشكىل تاپىدىغان مۇنداق ئۇنىۋېرسال رىقابەت قىممىتى ھەربىر ئىنسان ئۈچۈن، ھەربىر مىللەت ئۈچۈن، ھەر بىر مەملىكەت ئۈچۈنمۇ ئاساسلىق ھايات ۋە قابىلىيەت دەرىجىسىدۇر. ئادەمنىڭ ھاياتى كۈچى، ئىممۇنىتېت ھالىتى، مىزاج ـ خىلىتلىرى ئۇنىڭ ئىچكى ئەزالىرىدا مۇجەسسەملىشىپ، بەدىنىنى ئوراپ تۇرغان نۇر چەمبىرىكى ـ «ئائۇرا»دا جىلۋىلىنىدۇ. بىر مىللەتنىڭمۇ ئۆتمۈش تارىخى ئەمەس، ھازىرقى ئائىلە ـ جەمئىيەت ـ مىللەت ئەھۋالى،

مەنىۋى، ئىقتىسادى قۇرۇلمىسى، ئىقتىدار ھالىتى ئۇنىڭ ھاياتى سۈپەت ئىقتىدارىنى، رىقابەت ئىقتىدارىنى ۋە ئىجادىيەت كۈچلىرىنى قىسقىسى، ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارىدىكى ئەۋزەللىك ياكى زەئىپلىكىنى بەلگىلەيدۇ. پۈتۈن بىر مىللەتتىكى ھەر خىل ئىقتىدار ۋە سۈپەتنىڭ ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارىغا مەركەزلىشىشىدىكى سەۋەب شۇكى، يەر يۈزىدىكى نەچچە مىڭلىغان مىللەتنى، تارىختا نامى ئۆچكەن ياكى ھاياتى ئىقتىدارىنى نامايان قىلغان مىللەتلەرنى سېلىشتۇرۇپ ئۆلچەيدىغان، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە «پال» ئاچىدىغان بىرلا مىزان بار، ئۇ بولسىمۇ ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىدۇر. ئېيتىش كېرەككى، ھەر بىر ئادەمنىڭ ، مەيلى ئۇ تۇغما قابىل ياكى ساھىبجامال بولسۇن، مەيلى ئۇ ئىقتىساد ياكى ئىلىم ـ سەنئەت بىلەن شۇغۇللانغان بولسۇن مەيلى ئۇ يۇقىرى دەرىجىلىك سىياسىئون ياكى جامائەت ئەربابى بولسۇن، ئۇنىڭ كامالەت ياكى مەئىشەت دەرىجىسى، شەخسى ئىززەت ۋە رىقابەت كۈچى، بەختى ۋە تەقدىر قىسمەتلىرى ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ شەخسى ئىرادىسى ياكى مۇناسىۋەت ئەۋزەللىكى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇ ھالقىپ ـ قاچقىپ چىقىپ كېتەلمەيدىغان، ئۇ تەۋە ئېتنىك تۈركۈمنىڭ ئومۇمىي ھالەت چەمبىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. مانا بۇ شەخس تەقدىرنىڭ مىللەت ھالىتىگە بېقىنىش قانۇنىدۇر.

ھازىرقى دۇنيا مىللەتلىرىنى ئۇلارنىڭ مەلىكە_كامالەت ۋە رىقابەت ئىقتىدارىغا قاراپ ئۈچ خىلغا بۆلۈش مۇمكىن. ئۇلار: «ئېتنولوگىيىلىك مىللەت» ، «ئىجتىمائىي مىللەت» ۋە «سىياسىي مىللەت» تىن ئىبارەت.

1.ئېتنولوگىيىلىك مىللەت دېگەندە، ئومۇمەن مىللەتشۇناسلىق شەرتلىرى بويىچە ئۆلچىگەندە، مىللەت لىك شەرتلىرى تولغان مىللەتنى نەزەردە تۇتىمىز. ئۇيغۇر خەلقى ئۆز مىللىي تىل ـ يېزىقى، تارىخى، فولكلور بايلىقى، مائارىپ سىستېمىسى ، مۇقام مەشرەپ خەزىنىسى، كلاسسىك ۋە يېڭى زامان ئەدەبىياتى، توي ـ تۆكۈن ۋە ئۆلۈم ـ يىتىم يوسۇنلىرى، مىللىي مەدەنىيەت ئىرسىيىتى بولغان تىپىك ئېتنولوگىيىلىك مىللەتلىكى سۆزسىز. ئۇلاردىكى كۆپلىگەن ئىپتىخارلىق خاسىيەتلەر بىلەن بىر قاتار ئىللەتلەر، دەل مۇشۇ ماقامغا يەتكەنلىك، ئەمما ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتەلمىگەن لىك بىلەن تۇغرا تاناسىپتۇر. كۆپ ھاللاردا ئۇلار مىللەتنىڭ ئىپتىخارى ۋە ئار_نومۇسىغا چېتىلىدىغان نەرسىلەرگە كۈچلۈك غەزەپ_نەپرەت ئىپادىلىسىمۇ، ئۇنى ئاقىلانە تەھلىل قىلىش، راست_يالغانلىقىنى پەرقلەندۈرۈشتە ئاجىزلىق قىلىدۇ. مۇشۇ ئاجىزلىقىدىن ئۇلارنى بىر_بىرىگە ھەتتا ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىگە

قارشى سۆز_چۆچەككە سىلىش مۇمكىن. مانا بۇ، گۇماندا بولۇپ، ئىشەنچتە بولماسلىق، غەزەپ تە بولۇپ، ئەقىلدە بولماسلىقتۇر.

2.ئىجتىمائىي مىللەت دېگەن لىك ئېتنولوگىيىلىك مىللەتنى «تەبىئىي مىللەت» دەپ قاراشقا سىلىشتۇرما قىلىنغان. ئۇ ، ئېتنولوگىيىلىك مىللەتتىن ئۆزىنىڭ بىر بالداق ئۈستۈنلۈكى بىلەن خاراكتېرلەنگەن مىللەتتۇر. ئەگەر بىز ئېتنولوگىيىلىك مىللەتنى ئومۇمىي تۇركۇم ئېڭى ۋە مىللىي ھەمدەملىككە ئېرىشمىگەن مىللەت دەپ قارىساق، ئىجتىمائىي مىللەتنى بۇنداق ئاڭ، مۇنداق ھەمدەملىككە ئېرىشكەن مىللەت دېيىشىمىز مۇمكىن. ئىجتىمائىي مىللەتنى ئېتنولوگىيىلىك مىللەتتىن ئۈستۈن قىلغان نەرسە ئۇنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان تۇركۇم ئېڭى، كۈچلۈك ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچى، ئاڭلىق ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئىزچىللىقى ۋە بۇ ئۈچىدىن مۇجەسسەم بولغان ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئۈستۈنلىكىدىن ئىبارەت. دەرۋەقە ، ئىجتىمائىي مىللەتنىڭمۇ بىر قاتار خۇنۇكلۇكلىرى، زەئىپلىكلىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلاردىن ئۇنىڭ ئەۋزەللىكلىرى ئۈستۈن بولىدۇ. ئۇلار بىكار تەلەپ، لايغەزەللىك، تەلۋىلەرچە ھەشەمەتخورلۇق، مىللەتنىڭ ھەمدەملىكىدىن ئېشىپ چۈشكەن يۇرتۋازلىق، ئۆز مەنپەئەتى ياكى گۇرۇھ مەنپەئەتى ياكى گۇرۇھ مەنپەئەتى ئۈچۈن مىللەت گەۋدىسىنى پىتقلاپ دەپسەندە قىلىشتىن خىلىلا يىراقلاشقان بولۇپ، بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ ئۆز قېرىنداشلىرىغا خەيرخاھلىق ـ تىلەكداشلىق قىلىش ئۇلارنىڭ دائىمىي ئالامىتى .

3. سىياسىي مىللەت دېگەن ئىبارە مىللەتلەرنىڭ كامالەت دەرىجىسىنى ئىجتىمائىي مىللەت كاتېگورىيىسىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلغان بولۇپ، ئادەتتىكى سىياسىي سەلتەنەت مەنىسىگە قارىتىلمىغان. سىياسىي مىللەت ھازىرقى زامان مىللەتلىرى ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت، مىللىي ئاڭ ۋە بىرلىك ـ ھەمدەملىككە، رىقابەت ۋە ئىجادىيەت ئۈستۈنلىكىگە ئىگە بولۇش بىلەن بەئىگە ئۆزىنىڭ بىر قاتار ئۆزگىچە ئالامەتلىرى بىلەنمۇ كۆزگە تاشلىنىدۇ. ئۇلار يالغۇز يەن تېخنىكا ، تاۋار ۋە سودىدا دۇنياۋى تەسىر قوزغاپ قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرمۇشنى تەشكىللەش، تۇرمۇش مەدەنىيىتى جەھەتتىمۇ باشقا خەلقلەرنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىغان؛ ئۇلار ئۆز مىللىي تۇركۇمىنى ئەۋزەللىك بىلەن گۈللەندۈرۈپ قالماستىن، يەنە ئۆز ـ ئۆزىدىن ھالقىغان. ئۆز مىللىتىنىڭ «ئىجتىمائىي مىللەت»، «تەبىئىي مىللەت» چاغلىرىدىكى غەيرىي ئىنسانپەرۋەر، غەيرىي مەدەنىي ئىللەتلىرىنى ئاشكارا، سىستېمىلىق تەنقىد ـ مەسخىرە قىلىشقا تۇتۇنغان، بۇ ھەقتە ئەسەرلەر نەشر قىلغان، كىنو ـ فىلىملەر

ئىشلىگەن:ئۇلار نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ۋە ئاساسى نەزەرىيە تەتقىقاتىدا، ئىنسانىيەت تارىخىنى كەلگۈسى كامالەتكە ئېرىشتۇرۇش ئىزدىنىشىدە ھەممىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. تويلىشىپ ياشايدىغان ياپونلار بىلەن تارقىلىپ ياشاش ئازابىنى باشتىن كەچۈرگەن يەھۇدىيلارغا نەزەر سالساقلا كۇپايە. ياپونلار كىچىككىنە، ئۇنۇم سىز تاغلىق ئارال نى ماكان قىلغان، مەدەنىيەت تارىخىغا خېلىلا كېيىن قەدەم قويغان مىللەت. ئۇلاردىكى ياشاش رىقابەت كۈچى تۇركۇم ئېڭى ۋە مىللەتنىڭ قاتتىق ھەمدەملىكىگە شۇ قەدەر زىچ مەركەزلەشكەنكى، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئۆز زېمىنىدىكى ۋە چەت ئەلدىكى ھەر بىر قەدىمى، ھەر بىر سۆزى، ھەر بىر ھەرىكىتىگە مىللىي نومۇس-ئىپتىخارنى ئۆلچەم قىلغان. ئۇلار خەلق ئىگىلىكى بىلەن خەلق تۇرمۇشىنى يۇقىرى ئۇنۇمدارلىق مۇمكىنلىكى ئۈستىگە ئۇيۇشتۇرغان .

يەھۇدىيلارمۇ ئازغىنە خەلق. ئۇلار تارىخى ھادىسىلەر سەۋەبىدىن چەت ئەللەرگە چېچىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئانا زېمىنى ئىسرائىلىيىگە تەخىرسىز تويلىنىپ، تىز ئاردا كۈچلۈك رىقابەت قۇدرىتىگە ئېرىشتى. ئەلۋەتتە، بىرىنچىدىن، ھازىرقى بۇ ئۈچ خىل مىللەت كاتېگورىيىسى تۇغما ياكى ئۆزگەرمەس قېلىپتا قويۇلغان ئەمەس. ھەر قانداق مىللەت ئۆزىنىڭ يېتىلىش تارىخىدا بۇ پەللىلەرنى بېسىپ ئۆتۈشى ياكى چېكىنىپ تۆۋەنلەپ كېتىشى مۇمكىن. ئىككىنچىدىن، ھازىرقى زامان مىللەتلىرى ئىچىدىكى يۇقىرى كاتېگورىيىدە تۇرغان مىللەتمۇ تارىخى ۋە ئىجتىمائىي ئاجىزلىقلار، بوھران ۋە زىلزىلىدىن خالىي ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ يۇقىرى كامالەتكە يۈزلىنىش مەسىلىسى مەۋجۇت . مانا، ھازىرقى جاھان مىللەتلىرىنىڭ قول ئېلكىنىڭ ئۆزۈن- قىسقىلىقى، تۇرمۇش رىزقى، يۈز_ئابرۇيى، مەتبۇئات نوپۇزى، تونۇشلۇق دەرىجىسى، تەسىر دائىرىسىنى بەلگىلەپ تۇرغان ئۈچ تامغا! مانا ئەمدى ئۆزىمىزگە قايرىلىپ بىر قارايلىچۇ! ئىچكى قىسمىمىزدىكى ئىززەت_ھۆرمىتىمىزنى قىرقىيدىغان بىرلىك_ھەمدەملىك قورغانلىرىمىزنى غولتىدىغان ، مەرىپەت چىنارلىرىمىزنى ئاز دەپ، چەت ئەللەرگە ھەج_ھەرەمگە بېرىپ، سۆزلىسە يۈزنى، قارىسا كۆزنى نومۇستىن ئۆلتۈرىدىغان ناچار سۈپەتلىرىمىز، ناباب ئىللەتلىرىمىزنىڭ قايسىبىرىنى ئېيتايلى! دۇنيادا يەنە بىزنىڭ ھالىمىزدىنمۇ تۆۋەنرەك يەنە قانداق ئىنسان تۈركۈملىرى بولسۇن؟ ئەزمە_سۆرەلمىلىكىمىز بىلەن تەنتەك، تارقاقلىقىمىزدىن نېمىلەرنى كۆرمىدۇق. يېقىنقى بەش ئەسىر مابەينىدە «ئەۋلىيا چەتتىن ، مۇرت بىزدىن» بولۇپ، ئىچكى نىزا ۋە تەپرىقىچىلىكتە ئېرىشكىنىمىز زادى نېمە بولدى؟ بۇ روھى ئىللەت ۋۇجۇدىمىزنى ھېلىمۇ چىرماپ تۇرمامدۇ! تارىختا

نام_شەرىپىدىن باشقا ھېچ نەرسىسى قالماي يوقىلىپ تۈگىگەن مىللەتلەرمۇ ئۆز دەۋرىگە يارىشا ئېتنولوگىيىلىك مىللەت ئىدىغۇ! ئۇيغۇرلار شۇ زامانلاردا ساكلار، توخارلار ، سوغدىلارنى ئۆزلەشتۈرۈپ، رۇسىيىلىك ئالىم مىلنۇرانسكىينىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «ئۇيغۇرىزم» ھادىسىسىنى، ئامېرىكا ئالىمى گىروسسارتىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «چەتنىڭ قېلىپلارغا قارىغۇلارچە ئەگەشمەيدىغان ئۇيغۇر سىستېمىسى »نى ياراتقان ئىدى.

ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئىرانلىق رىقابەتچىلىرىنى يېڭىپ، چاڭئەن، كونستانتىنوپول سودا مۇساپىسىنى تىزگىنلەپ، لياۋ، سۇڭ سۇلالىرى بىلەن بولىدىغان ھۆكۈمەت سودىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، لياۋ، سۇڭ ھۆكۈمەتلىرىنى شەھەر سودا مەھكىمىسى ئورنىغا «ئۇيغۇر بارگاھى» نى دەسسىتىشكە مەجبۇر قىلغانىدى. ئۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلار نوقۇل «كەتمەن بىلەن ھوسۇل»، «ناماز بىلەن غۇسۇل، دۇتار بىلەن ئۇسسۇل» دىن ئىبارەت بارى ـ يوقى ئۇچلا شادىلىق پىرقىرىما چاققا بەند بولغان مىللەت ئەمەس ئىدى. ئەمدىلىكتە، بۇ نۇسرەت سۇمۇرۇغى، بۇ ئىقتىدار بۇركۈتى، بۇ سائادەت ئەنقاسى قېنى؟! تۇركۇم ئېڭى ۋە ئۇيۇشۇش كۈچى ھەقىقى كىشىلىك پەلسەپىسىنىڭ ۋەزىپىسى ئەقىدىلىك كىشىلەرنىلا ھازىرلاش ئەمەس، دەل ئەكسىچە ئىنسانىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى سۆزۈك بىلىشىگە ئەرك ۋە بوشلۇق كۆرسىتىشتۇر. ـ خىيال دەپتىرىمدىن.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن: بىز يىپەك يولى خارابلاشقاندىن كېيىن، ئۇچ چوڭ ئەڭگۈشتەرنى يوقىتىپ قويدۇق. بۇ بىزنىڭ «يۇلتۇز» ئىمىزنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى. ئۇلار: مىللەتنىڭ تۇركۇم ئېڭى ۋە ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچىدىن تۆرەلگەن بىرلىك ـ ھەمدەملىكى، مىللەتنىڭ ئۆز مىللىي مەدەنىيەت تىپىگە بولغان تونۇشى ۋە ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان ئەنئەنە ئىزچىللىقى، ئەقلىنىڭ ھېسسىياتتىن ئۇستۇنلۇكى ۋە ئۇنىڭ يۇقىرى شەكلى بولغان نەزەرىيىۋى تەپەككۇردىن ئىبارەت. قەدىمكى يىپەك يولى ئۆزى داۋام قىلغان ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا خۇددى پەغپۇرچىنىنىڭ خەزىنىسىدىكى «ئائىنەئىي جاھان»دەك، «جەمشىدى جامى» ۋە ياكى «ئىسكەندەر تىلسىمى» بىلەن «سۇلايمان ئۈزۈكىنىڭ كۆزى» دەك بىقىياس كاتتا ۋە بىتەققاس ئىنچىكە نەرسىلەرنى بىزنىڭ نەزىرىمىزگە تاشلىدى. بىز قەدىمكى ئەجدادلىرى بەدەنلىرىگە گۈل چېكىپ، باشلىرىغا ئۆكە قاداپ ، ئۆز ئۇرۇق قەبىلىلىرىگە توتېم قىلىپ، ئۆزىگە خاس ئالەم ئەپسانىلىرى ۋە كىشىلىك مىزانلىرىنى بەلگىلەپ، شۇ خىل ئۆزىگە خاس ئەنئەنە ئىزچىللىقىدا شەكىللەندۈرگەن ئۇنداق ياكى مۇنداق «مەدەنىيەت تىپلىرى»

نى كۆردۇق. ئۇلار بۇ خىل «توتېم» رىجىلىرى بىلەن «مەدەنىيەت تىپلىرى» نى ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىش ۋە پەرقلەندۈرۈش، ئۆز ـ ئۆزىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە ئىگە بولغان بۇ نەرسىدە ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقىدىكى ئىنتايىن مۇھىم نەرسە ـ تۇركۇم ئېڭى گەۋدىلەنگەن.

ئېيتىش كېرەككى زەررىدىن بەھەيۋەت كاتتا يۇلتۇزلارغىچە، ھۇجەيرىدىن ئىنسانغىچە تۇركۇملۇك ھالەت ساقلانغان. ھەر بىر گۈلنىڭ ئۆز تۈرى، ھەر بىر ھايۋاننىڭ ئۆز ئائىلىسى بار. بىرلا تامچە سۇ، بىرلا قەترە نېفىت، بىرلا تېمىم يامغۇر بولىشى مۇمكىن ئەمەس. تۈركۈمدە مەۋجۇتلۇق شەكلى، ھەرىكەت خاسلىقى، تەرەققىيات قانۇنىيىتى شەكىللىنىدۇ. ئىنسانىيەتمۇ باشتىن_ئاياغ ئۇنداق ياكى مۇنداق تۈركۈم بويىچە ياشايدۇ. مىللەتنىڭ تىل بىرلىكى، تېررىتورىيىلىك بىرلىكى، ئىقتىسادىي تۇرمۇش بىرلىكى، مەدەنىيەت روھىيىتى قاتارلىق ئالامەتلەرمۇ تۈركۈم نى كۆرستىدۇ. ھەرقايسى ئىنسان تۈركۈملىرىدە پوتېنسىئال ھالەتتىكى تۈركۈم خاھىشچانلىقى مەۋجۇت. ئۇنىڭدا رەسمىي، ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان تۈركۈم ئېڭىنىڭ بولىشى دەخلىسىزدۇر. تۈركۈم ئېتىراپ قىلىنىشى، تۈركۈم ئېڭى ۋە تۈركۈم مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئالاھىدىلىكلىرى ئېتىراپ قىلىنىشى ۋە ئېتىبارغا ئېلىنىشى ئەقەللىي ئىلمىي ساۋات دائىرىسىدىكى چۈشەنچە، ئەلۋەتتە. تۈركۈم ئېڭى — ھەرقايسى ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ ئېتنولوگىيىلىك مەۋجۇتلۇقى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تىپى، تارىخى كەچۈرمىشلىرىدىن جۇغلانغان شەرەپ نومۇس ئېڭى، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قاراتقان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، ئۆز ـ ئۆزىنى تۈزەش ۋە كامالەتكە ئېرىشتۈرۈش جاسارىتى قاتارلىقلارنى مەزمۇن قىلغان پائالىيەتچان ئاڭ سىستېمىسىدىن ئىبارەت. تۈركۈم ئېڭىنىڭ مەركىزى ھالقىسى ئۆز مەدەنىيەت تىپىنى بىلىش ۋە ئۆز مەدەنىيەت تىپى بويىچە تەرەققىياتقا يۈزلىنىش ئېڭىدۇر. ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭغا ئېتنىك جەھەتتىن قېرىنداش بولغان مىللەتلەر مەدەنىيەت جۇغراپىيىسى جەھەتتىن ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت تىپىنىڭ ئىككىنچىسىگە تەۋە بولۇپ كەلدى. بىرىنچى مەدەنىيەت تىپى ـ ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى كىشىلىك قارىشىنىڭ مەركىزىي ئوقى قىلغان «پەرەڭچە» (ياۋروپاچە) مەدەنىيەت تىپى بولۇپ، تەبىئەتكە تەقلىد قىلىش، ئىنسان تەبىئەتنى قاراشلىرى، تەبىئىي ھوقۇق، تەبىئەت پەلسەپىسى ئەنە شۇ مەركىزى ئوقنى دەۋر قىلغان. بىز ياۋروپا مىللەتلىرىنىڭ ئەپسانە ۋە ئىپتىدائىي ئېتىقادلىرىغا نەزەر سالساقمۇ، تەڭرىلەرنىڭ يېرىم ئىنسان، يېرىم ھايۋان خاراكتېرلىك

تەسۋىرلەنگەنلىكىنى كۆرۈمىز .

ياۋروپا مەدەنىيەت تىپى، مۇزىكىلىق مىلودىيىلەر، رەسساملىق ـ ھەيكەلتىراشلىقتىكى يالىڭاچ ئوبرازلار، ئەدەبىياتتىكى تەبىئەت ۋە ئىنسان تەبىئىتى لىرىكىلىرى، ئەركىن مۇھەببەت ۋە دۇئېل رىجىلىرى، تەبىئەتتە يەنى دېڭىز ـ ئوكيانلار، ئېگىز تاغلار، خەتەرلىك شارقىراتمىلار، ئىنسان ئايىغى يەتمىگەن ئىقلىملاردا قەھرىمانلىق كۆرسىتىش قاتارلىقلاردىمۇ ئۆز ئالامەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرغان. ئىككىنچى مەدەنىيەت تىپى ـ ئىنسان بىلەن مۇقەددەس قۇدرەت «تەڭرىقۇت» نىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى كىشىلىك قارىشىنىڭ مەركىزى ئورنى قىلغان ئاسىيا يايلاق ـ جەزىرە خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت تىپى بولۇپ، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھادىسلىرىنى تەڭرى قۇدرىتىنىڭ ئىپادىلىنىشى، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت قانۇنلىرىنى تەڭرى ئىرادىسى ۋە قۇت قائىدىلىرىنىڭ گەۋدىلىنىشى دېگەن قاراشقا ئاساسلىنىدۇ. شەھەرلەرنىڭ مەركىزىدە ھاكىمىيەت سارايلىرى ئەمەس، ئىبادەتخانىلار قەد كۆتۈرگەن. پادىشاھلار ئۆزلىرىنى تەڭرى ئىرادىسى، ئادالەت قۇتىنى بەجا قىلغۇچىلار دەپ قارايدۇ. پارا ئېلىش ئەمەس، مەلۇم ۋاقىتتا ئۇردا خەزىنىلىرى تەرتىپلىك «بۇلاڭ ـ تالاڭ» غا قويۇپ بېرىلىدۇ. چارۋىدارلار چۆللەرگە بۆرە ئوزۇقى ئۈچۈن قوي ـ كالا تاشلايدۇ. پانىزملىق «ۋەھدەت ۋۇجۇد» پەلسەپە، قىساسنى تەڭرىگە تاپشۇرۇش «ئەلقىسساسۇل مىنەلھەق»، ئىككى دۇنيا قاراشلىرى بىلەن كەمتەر ياشاش روھىيىتى ئەخلاق ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئاساسى ئىدىيىسى قىلىنىدۇ. ئىنسان بىلەن ئىنساننىڭ باراۋەرلىك مۇناسىۋىتى گۇمانىستىك، ئادالەتلىك پىكىر ئېقىمىدا گەۋدىلەنگەن بولىدۇ. كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان ۋە ياخشى يامانلىقنى مىزان قىلغان ئەدەبىيات (مەسىلەن، «شاھنامە»، «مېڭبىر كېچە »، «چاھار دەرۋىش»، «خەمسە») خەلق ئەدەبىياتى بىلەن كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ ئاساسى گەۋدىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۈچىنچى مەدەنىيەت تىپى ـ ئىنسان بىلەن پادىشاھ «ھاكىمىيەت»نىڭ مۇناسىۋىتىنى كىشىلىك قارىشى ۋە كىشىلىك قىممىتىنىڭ مەركىزى ئورنى قىلغان شەرقىي ئاسىياچە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تىپىدۇر. «زېمىن پادىشاھىنىڭ»، «پۈتۈن پادىشاھىنىڭ »، «كۈللى جاھان پادىشاھقا مەنسۇپ تۇر » دېگەن قاراش مۇتلەقلەشتۈرۈلۈپ، ئوردا ئەمىر پەرمانلىرى مۇقەددەس سانىلىدۇ، شەھەر مەركىزىگە خانلىق ـ بەگلىك قەسىرلەر بىنا قىلىنىدۇ، ئەمەل ـ مەنسەپكە ئېرىشمەك شەخسنىڭ ئالىي بەختى، ئىززىتى ۋە ئارزۇسى ھېسابلىنىدۇ. تەڭرى چۈشەنچىلىرى ئىلاھى ئوبرازلار بىلەن ئەمەس، سەركەردە باتۇرلىرى بولغان ساماۋى ئىمپېراتورلار شەكلىدە زېمىندىن ئاسمانغا كۆچۈرۈلگەن

بولىدۇ. پادىشاھقا قۇللۇق ۋە سادىقلىق ئەڭ ئالى پەزىلەت دەپ قارىلىدۇ ۋەھاكازالار. دەرۋەقە، بۇ ئۈچ خىل مەدەنىيەت تىپى بىر ـ بىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان تۈمۈر تاختا بولسىمۇ، ئەمما ئۆز تىپلىرى بويىچە، بىرىنىڭ يەنە بىرىنى چۈشىنىپ يېتىشكە بولىدىغان مەنتىقىلىق، روھىيەتلىك، ئادەت يوسۇنلۇق، مىجەز ـ خاراكتېرلىك چەكلىمىسى ئېغىر بولۇپ، بىرى بىرىگە غەلىتە تۇيۇلىدۇ. بۇ تەرجىمانمۇ ھەل قىلالمايدىغان دائىرىدۇر.

خەلقىمىز يېقىنقى بەش ئەسىر مابەينىدە ئىككى قېتىم ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تىپى ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئېغىر بوھرانىغا ئۇچرىدى. ئۇنىڭ بىرى، ئاپاق غوجا ئەۋجىگە كۆتۈرگەن خوجا ـ ئىشانچىلىقنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئىنكارچىلىقى بىلەن دالاي لاما ـ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ئالدىدىكى ساتقۇنلۇقلىرى تۈپەيلى يۈز بەرگەن مەدەنىيەت ۋەيرانچىلىقى ۋە مەدەنىيەت قاششاقلىقىدىن ئىبارەت. بىز بابارەھىم مەشرەپ، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى، مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خاراباتى، خوجا جاھان ئەرشى ۋە فوتوھىدەك گۇمانىستىك شائىرلارنىڭ سەرگەردانلىق دەشتىگە تاشلىنىشى ۋە قەتل قىلىنىشى، كاللا مۇنارلىرىنىڭ تىكلىنىشى، كىتاب ـ دەستۇرلارنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى، مۇرت قۇلچىلىقنىڭ ئەۋجەرەپ كېتىشىدىن ئۇنىڭ بەزى تەرەپلىرىنى كۆرەلەيمىز. ئۇنىڭ يەنە بىرى، ئۇچىغا چىققان سول ئىدىيىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى شەرق مەدەنىيىتىنىڭ يىلتىزلىرى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى قىرقىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا نوقۇل «ياۋروپا مەدەنىيىتى» ـ ياۋروپا پەلسەپىسى، تارىخى، ئەدەبىياتىنى دەسسىتىشتە ئىپادىلىگەن مەدەنىيەت ئىنكارچىلىقىدىن ئىبارەت. نەتىجىدە «ئۆلىمالىق ئەرەبچە»، «ئەپەندىلىك غەربچە» دېگەندەك ھالەت بىلەن، «ئۆزىنى ئۇنتۇپ ئۆزگىنى بىلمەك»، «ھەقىقەت پەقەت چەتنىڭ دېمەك» دېگەندەك ھالەت شەكىللەندى. بىز پەقەت قەيسەرانە كۈرەش بىلەن 1980 ـ يىللاردىن كېيىنلا ئۆزىمىزنىڭ پەلسەپە تارىخى، مەدەنىيەت تارىخى، سەنئەت تارىخى، كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىمىزنىڭ كۆمۈپ تاشلانغان ۋە ئۇنتۇلغان تارىخى خەزىنىسىنى ئاچتۇق. شۇنداقتىمۇ مىللىتىمىز، ھەتتا ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلىرىمىز تېخى مەدەنىيەت تىپىمىز ۋە خەزىنىمىزدىن يېتەرلىك خەۋەردار ئەمەس. ئۇلار ئىچكى ۋە سىرتقى تەرەپتىن كېلىدىغان ئىنكارچىلىق، سولچىللىق، قاتماللىق ئىدىيىۋى بېسىملىرى ئالدىدا لەقۋالىشىپ، پالەچلىشىپ، خۇددى خروئىنغا ئۆگىنىپ قالغان ئادەمگە ئوخشاش يەنە ھېلىقى «سول» خروئىننى چەكمىسە تىترەپ ـ تاترىپ تۇرالمايدىغاندەك ئېغىر زەھەرلەنگەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە. بۇ،

خەلقىمىزنىڭ «ئىجتىمائىي مىللەت»لىككە كۆتۈرۈلۈشىگە زامىن بولماقتا.

قېنى ئويلاپ كۆرۈڭچۇ، مەنسەپ تاپسا ئۆيىمۇ ئۆي زىياپەت، پۇل تاپسا مەككە مەدىنىگە زىيارەت، بۇ ئىككىسى بولمىغاندا كاللا – پاقالچاق، ئۆپكە – ھېسىپ چاغلىق تىجارەتتىن باشقىسىغا قۇربى يەتمىگەن خەلقنىڭ ئەسىر ئالماشقان بىلەن رىزقى – نېسىۋىسى ئالمىشارمۇ؟! دەرۋەقە، مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ئۇنىڭ تۇركۇم ئېڭى ۋە ئۆز مىللىي مەدەنىيەت تىپى تەرىپىدىن پەرۋىش قىلىنىدۇ. ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئىنكار قىلىپ ھەرقانداق مىللىي تۇركۇم نى مۆئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. ئۇيۇشۇش كۈچىنى يوققا چىقىرىش مىللەتنى ھالاك قىلىش دېمەكتۇر. مىللەتنىڭ بىرقانچە مىڭ يىللىق تارىخى ئۇنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ئۇنى چېچىۋەتكۈچى كۈچتىن غەلبە قىلىشى ئاساسىغا بەرقارار تاپقان تارىختۇر. يېقىنقى بەش ئەسىردىن بۇيان دىنىي مەزھەپچىلىك بىلەن مۇرىت– مۇخلىسلىق يۇرت – مەھەللىۋازلىق، موللام ياكى ئەپەندىلىرىمىزدىكى كىچىك گۇرۇھۋازلىق، ئەل غېمىنى مۇز دەرياغا پىرقىرىتىپ چۆرۈۋەتكەن مەنسەپ – بالداق ھېرىسمەنلىكى، تۇركۇم ئېڭى ۋە مىللىي مەدەنىيەت ئىنكارچىلىقىنىڭ تەلۋە دەبدەبىلىرى بىلەن دەل – دەرەخسىز جەزىرىدىكى قۇيۇنتازدەك مەسئۇلىيەتسىز پىتنە ئىغۋا تۆھمەتخورلۇقى قاتارلىق ئالتە زەھەر تۇپەيلىدىن «ئوغۇز سۈتىدەك ئۇيىماق» دېگەن مەنىدىكى «ئۇيغۇر»لار ئاخىرقى ھېسابتا ئۇيۇشۇش كۈچىنى «ئېچىلغان سۈتكە» ئايلاندۇرۇپ قويدى. نەتىجىدە «ئىسمىمىز ئۇيغۇر، ئىشىمىز ئورغۇي» بولۇپ چىقتى! تارىخىمىزنىڭ ئىپتىخارلىق سەھىپىلىرى بىر – بىرىدىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلەنسىمۇ، ئەمما بىر قەدەر كۈچلۈك ئۇيۇشقاقلىق ئۇلىدا جىلۋىلەنگەنىدى. ئۇيغۇرلار دىغار، ھون، تېلى قەبىلىلىرى بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنى بىرلەشتۈرۈپ جۇرجان ۋە كۆك تۈرك خانلىقىنى غولىتىپ ، تاڭ سۇلالىسى سەلتەنىتىنى ئۆكتۈك – سۆيگۈن قوشۇنلىرى بىلەن تۇبۇتلەرنىڭ تالاڭ قىلغۇچ مۇھاسىرىسىدىن قۇتقۇلدۇرۇپ، يىپەك يولىنى نەچچە قېتىم ئۇزۇپ قويغان كۈچلەردىن تازىلاپ، سامانىيلارنى مۇنقەرز قىلىپ، ئۆز تەسىرىنى ئەرەب خەلىپىلىكىگىچە كېڭەيتىپ، ئۆز تىلىنى ئىمپېرىيە تىلى – ئەرەب تىلى بىلەن «بەيگىدىكى ئاتتەك» مەرتىۋىگە كۆتۈرۈپ ئىچكى ئۇيۇشۇش ۋە سىرتقا قارىتا بىرلىك – ھەمدەملىكىنىڭ شاراپىتىنى نامايىش قىلغانىدى. ۋەھالەنكى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنى چېكىندۇرگەن، ساك، سوغدىلارنى ئۆزلەشتۈرگەن، چىڭگىزخان سەلتەنىتىگە مەنىۋى ئوزۇق بېغىشلىغان بۇ خەلق كېيىنچە ئەخمەتشاھ قارىقاشنىڭ «ئات ھەققىدە مۇخەممەس» ناملىق ساتىراسىدىكى ئەبگا «ئات» ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى!

بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر مىللىي تۈركۈمىنىڭ ئۈيۈشۈش كۈچى پەقەت مۇقام ـ مەشرەپ، تىل ـ ئەدەبىيات، توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم، ھېيت ـ ئايەمنى ۋاستە قىلغان ئاددىي تەبىئىي ئېتنولوگىيىلىك ئالامەتلەردىلا قالدى. ئەنئەنە ئىزچىللىقى ۋە يېڭىلىق قىزغىنلىقى ئەنئەنە ئىزچىللىقى ئەنئەنە قاتماللىقى ئەمەس، ئەنئەنىنىڭ راۋاجلانغان تارىخى قاتلاملىقىدىن ئىبارەت.

ـ خىيال دەپتىرىمدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن: يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىشقا تېگىشلىك بولغان يەنە بىر مۇھىم تېپىشماق، مىللەتنىڭ ئۇنىۋېرسال ئەۋزەل رىقابەت ئىقتىدارى، باشقىچە ئېيتقاندا، مىللەتنىڭ مىللىيەتلىك قىممىتىنىڭ مۇھىم بىر تارىخىي يىلتىزى ھېسابلانغان ئەنئەنە ئىزچىللىقى مەسىلىسىدۇر. يېقىنقى يىللاردىن بېرى مەدەنىي ھاياتىمىزغا ھاكىمۇتلەق دىكتاتورا بولۇپ، بارلىق جانلىق، مۇنەۋۋەر ئىدىيىلەرنى چەيلەپ كەلگەن ئىنتايىن سولچىللىق پىكىر ئېقىملىرىنىڭ يىمىرىلىشى، ئىشكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بىزگە ھەرخىل مەدەنىيەت تەشەببۇسلىرى ئېقىپ كىردى. يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشى، بازار ئىگىلىكى سىستېمىسىنىڭ مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيەت بازىرى بەرپا قىلىش تۈرتكىلىرى نەتىجىسىدە مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بىلەن يېڭىلىققا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە كەسكىن سوقۇلۇشلار يۈز بېرىشكە باشلىدى .

خەلقىمىزگە قارىتىلغان «كونا ئەنئەنە ۋە مىراسلىرىدىن ئېتتخارلىنىپ ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويۇش»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئىككى ئەسىرىنى قۇچاقلاپ يېتىۋېرىش» دېگەن سۆزلەرمۇ،«يېڭىلىقنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولۇپ، تارىخقا، ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش ئىقتىدارى ئاجىز» دېگەن سۆزلەرمۇ مۇھاكىمە مۇنبىرىگە چىقتى. ئېيتىش كېرەككى، ئەجدادلىرىمىزدا قەدىمكى يىپەك يولى گۈللەنگەن زامانلاردا، بىر تەرەپتىن، چەتكە، يېڭىلىققا، غەيرىي ۋە ئىجابىي نەرسىلەرگە قىزىقىش روھى ئۈستۈن بولغان. بۇ روھىيەت تۈپەيلى، ئۇلار مەدەنىيەت بېكىنمىچىلىكىنى يېڭىپ، «غەربىي يۇرت» قا خاس مەدەنىيەت ئۇسلۇبى، مەدەنىيەت قوشۇلمىسىنى يارىتىپ جاھان مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشقان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار ئۆز مەدەنىيەت تىپىنى، ئۇنىڭدىن يادرولۇق تىپىك ئىرسىي ئەۋزەللىك ۋە خاسلىقنىڭ ئەنئەنىۋى خەزىنىسىنى كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلىپ، بارلىق غەيرىي خەلقلەر مەدەنىيەتلىرىنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرغان .

بىز خوتەندىن قۇمۇلغىچە بولغان بۇددا ـ مانى رەسساملىق سەنئەت

يادىكارلىقلىرىغا نەزەر سالساق، گرېك ـ ئىران ـ ھىندىستان تەسۋىرىي سەنئەت ئۇتۇقلىرىنى ھەزىم قىلىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ قىياپەت تۇرمۇشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ھەممە جەھەتتە ئۆزى ھەزىم قىلغان سەنئەت ئۇتۇقلىرىدىن ئېشىپ، ئۆز ئالدىغا خاس تەسۋىرىي سەنئەت سىستېمىسى ۋە ئىجادىيەت ئۇسلۇبى تىكلەپ، دۇنيا رەسساملىق سەنئىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقانلىقىنى كۆرۈمىز . بۇ، بىزگە «ئەنئەنە ۋارىسلىق» بىلەن «يېڭىلىق قوبۇل قىلىش» نىڭ مىللەتنىڭ تۇركۈم ئېڭى، مىللىيەتلىك قىممىتى ۋە مەدەنىيەت سۈپەتلىرىگە توغرا تاناسىپلىقىنى، تۆپكى جەھەتتە گاڭگىراپ قالغان مىللەت جۇزئىيلىك جەھەتلەردىمۇ گاڭگىراپ قالىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

يېقىنقى بەش ئەسىردىن بېرى، مەدەنىيەت تارىخىمىزنى، ھەتتا ئىلگىرىكى ئېتىقادلاردىكى ئەجدادلىرىمىزنى ئىنكار قىلىشقا، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىزنى خانىۋەيران قىلىشقا، چەت ئەللىكلەرگە سېتىشقا بېرىلدۇق. تاكى مۇشۇ ئەسىر باشلانغىچە دۇنيانىڭ بولۇپمۇ، غەربنىڭ پەن ـ تېخنىكا ۋە دېموكراتىك ئىدىيە ساھەسىدىكى يېڭىلىقلىرىدىن خەۋەرسىز قالدۇق. بىر زامانلاردا فېئودال بېكىنمىچىلىك ئاسارىتىگە ياۋروپا ماللىرىنى «شەيتان تېرىسى»، «شەيتان ھارۋىسى» دەپ قارىدۇق. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز غەزەللىرىدە بۇ خىل روھىيەتنى راسا ياخشى سۈرەتلەپ بەردى. ئەمما بىز ئارىمىزدىن چىققان يېڭىلىقپەرۋەر دانالىرىمىزنىڭ بېشىغا چىقمىغۇچە تىنچىمىدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن، بولۇپمۇ 30 ـ ، 40 ـ يىللاردىن كېيىنكى زامانلاردا سوۋېت رۇسىيىسى ئارقىلىق ئۆزگەرتىلگەن شەكلدە بىزگە يېتىپ كەلگەن يېڭىچە پەن ـ مائارىپ بىلەن تونۇشتۇق. بۇ ياخشى باشلىنىش بىر مۇرىسى يوق كاپىتاندەك ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تارىخىمىز ۋە مەدەنىيەت تېپىمىزنى دىققەت ـ ئېتىباردىن چەتلەش تۈرۈپ قويدى. بارا ـ بارا بىز شەرقنى، ئۆز مەدەنىيەت تېپىمىزنى، ئۆز يىلتىزىمىزنى ئۇنتۇپ، غەربنىڭ شەرقتىكى قوشۇمچىسىغا ئوخشاپ قالدۇق! يېقىنقى يىللاردىن بېرىقى سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش بىلەن سوۋېت رۇسىيىسى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغ ئوكيان ۋە دېڭىز ياقىسىدىكى ئۆلكىلەر ئارقىلىق چايقىلىپ كەلگەن غەرب مەدەنىيىتىگە دۇچ كەلدۇق. نەتىجىدە، گاڭگىراشتىن توختىماي تۈرۈپلا يەنە گاڭگىراشقا كىرىشتۇق. بىر مۇنچە كىشىلىرىمىز بۇرۇنلا ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت تېپى ۋە مەدەنىيەت ئەۋزەللىكلىرىنى ئۇنتۇشقا كىرىشكەن قېرىنداشلىرىمىزنى دوراپ، يامغۇرنى كۆرۈپلا غۇلاپ چۈشۈپ پاتقاققا ئايلانغان كېسەك تامغا ئوخشاپ قالغىلى قويتى. ھەرخىل چاچ بوياق

پاسونلىرى، غەربلىكلەرمۇ تازا ياخشى قاراپ كەتمەيدىغان قۇرت ـ قوڭغۇز شەكىللىك كىيىملەر، مىللىي ئۇسلۇبلىرىمىزنىڭ لاتاپىتىگە زىت غەلىتە ھەرىكەتلەر، مۇھەببەت نىكاھ مۇناسىۋىتىدىكى شەرم ھايا گۈزەللىكى ۋە مىللىي ئەخلاقىقا زىت ئوچۇق سورۇنلاردىكى غىلجىڭ ـ لالمىلىقلار، خەلقىنىڭ ھال ـ ئەھۋالىدىن چەتلەپ كەتكەن شېئىرىي ۋايساشلار، «ئىچى غال ـ غال تېشى پال ـ پال» پەرداز مەدەنىيىتىگە دۇم چۈشۈش، زەھەرلىك چېكىملىككە بېرىلىش ... قاتارلىقلار مەدەنىيەت بوسۇغىمىزنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، روھىيەت سارىيىمىزنى بۇلغاشقا چۈشتى .

مېنىڭچە مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى دېگەندە، تارىخىمىزنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا يۇقتۇرۇۋالغان ۋە مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ كامالەتكە يۈزلىنىش روھى بىلەن ھار قايسى دەۋرلەردە زامانىۋىلىشىش قەدەملىرىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان نەرسىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش دېگەن مەننى ئۇقتۇرمايدۇ. شۇنىڭدەك، مەدەنىيەت توقۇنۇشى ھاسىل قىلغان چەتتىن كىرگەن غەيرىي مەدەنىيەت تىپلىرى دېگەندە، بىز مىللەت ۋە دۆلەتتىن ھالقىغان پەن ـ تېخنىكا بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇش بىلىملىرىنى نەزەردە تۇتمايمىز. مېنىڭچە، يەنە ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تارىخى، مەدەنىيەت تىپى، مەدەنىيەت نەتىجىلىرى بىلەن ھەر قايسى مىللەتلەر، دۆلەتلەر، رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخى، مەدەنىيەت تىپى، مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى بىلىش، تەتقىق قىلىش، «ئۆزىدىنمۇ، ئۆزگىلەردىنمۇ خەۋەردار بولۇش» ھېچقانداق مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان بىلىش ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، باشقا مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىش، باشقا مەدەنىيەت بىلەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشتا گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ، بۇ ھەقىقەتەن جىددىي مەسىلە. ئېيتىش كېرەككى، ھەر بىر مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى باشقا مەدەنىيەتلەر بىلەن ئۆز زامانىسىنىڭ مەدەنىيەت مۇھىتىدىن ئوزۇقلىنىشقا، ئۆز ـ ئۆزىنى جارى قىلىپ يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشقا موھتاج ، مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئوزۇقلانمايدىغان ھەيكەل ياكى قاماپ قويۇلغان مەھبۇس ئەمەس. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇق قىممىتىنىڭ مەنىۋى ئۇلى، مىللەتنىڭ ئەۋزەل رىقابەت ئىقتىدارىنىڭ ھاياتى بۇلىقى، دۇنيا مىللەتلىرى ۋە مەدەنىيەتلىرى ئارىسىدا ئۆزىگە خاس قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى. بۇنداق ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى ئوزۇقلاندۇرۇپ. راۋاجلاندۇرۇپ، كەڭ كۆلەمدە جارى قىلىش بىلەن ئۇنى يەنە باشقا مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ نابۇت قىلىۋېتىشىدىن ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت ھەر ئىككى تەرەپنى بىرلىكتە ئىلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ .

ئۆنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟ بۇ مۇرەككەپ مەسىلە. بىز ھەرخىل مەدەنىيەتلەر ئۇچراشقاندا، بۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ سىياسىي ياكى باشقا جەھەتلەر بىلەن تەڭداش مەۋقەدە بولمىغانلىقىنى كۆرۈمىز . شۇنىڭدەك بىز مەدەنىيەتلەر ئۇچراشقاندا بىر- بىرىنى چەتكە قېقىش، بىر- بىرىدىن گۇمانلىنىش، تاللاپ قوبۇل قىلىش، ئۆزگەرتىپ ھەزىم قىلىش، ئۆزىنى كۈچەيتىش، ئەسلىدىكى مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كېتىش، دۇنياغا يۈزلەنگەن ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت نەتىجىلىرى يارىتىش جەريانلىرىنى بېسىپ ئۆتىدىغانلىقىنى كۆرۈمىز . تارىخ ھاكىمىيەت قۇدرىتى ئۈستۈن مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەتتە ئۈستۈن مىللەتلەر تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەنلىكىنى، مەدەنىيەت ئۈستۈنلۈكى ھەممە ئۈستۈنلۈكلەردىنمۇ قۇدرەتلىك، ھاياتى كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھەر دائىم ئىسپاتلىدى. مەن غەيرىي مەدەنىيەتلەرنىڭ تىپىك، خاسلىققا ئىگە يادرولۇق قىسىملىرىدىن باشقا، ئۆز مەدەنىيىتىگە يېقىن، ئۆز مەدەنىيىتىگە سىڭىش لىق ۋە يارىشىملىق قىسىملىرىنى تەدرىجىي قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن غەيرىي مەدەنىيەتلەرنىڭ تىپىك، يادرولۇق ئالامەتلىرىنى كەسكىن پەرقلەندۈرۈش كېرەك دەپ قارايمەن. مىللىي ئۇسسۇللىرىمىزغا زورلاپ كىرگۈزۈلگەن «پۇت كۆتۈرۈش»، «قىزنى كۆتۈرۈپ پىرقىرىتىش» قاتارلىق ھەرىكەتلەرنىڭ سىڭىشلىق بولماسلىقىدىكى تۈپ سەۋەب ، دەل ئۇنىڭ بالېت ئۇسۇللىرىنىڭ تىپىك- يادرولۇق ھەرىكىتى بولغانلىقىدۇر. ئەزەلدىن بىر خىل مەدەنىيەت باشقا- باشقا ئىككى يادرولۇق تۈزۈلمە تۈزگەن ئەمەس. تەكىتلەش ھاجەتكى، غەيرىي مەدەنىيەت تىپلىرى دىن قوبۇل قىلىنىدىغان ھەر قانداق تەسىر ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تىپىنى كۈچەيتىش، راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن بولۇپ، مۇنداق راۋاجلاندۇرۇش ئۆز مەدەنىيىتىنى ئۇنىڭ ئۆز يادروسى، تۈزۈلمىسى ۋە تىپى بويىچە زامانىۋىلاشتۇرۇشنى مەقسەت ۋە ئۆلچەم قىلىشى كېرەك. شۇ چاغدىلا، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تۇراقلىق ئەنئەنىۋى سىستېمىسى ۋە راۋاجلىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. نەزەرىيىۋى تەپەككۇر - رىقابەت جەڭگاھ ئىدىكى كۈچتۈڭگۈر بىزنىڭ بارلىق پەزىلەت ياكى ئىللەتلىرىمىز بىلەن قۇدرەت ياكى زەئىپلىكلىرىمىز نەزەرىيىۋى تەپەككۇر دەرىجىمىز بىلەن تۇتاشقان.

ـ خىيال دەپتىرىمدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن: يېپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش تۈپ ماھىيىتى جەھەتتىن يېپەك يولى ھادىسىلىرى ئۈستىدىكى نەزەرىيىۋى تەپەككۇر پائالىيىتى دىن باشقا نەرسە ئەمەس. تارىخ ئۆز ھادىسىلىرى، ۋەقەلىرى، يىلنامىلىرى جەھەتتىن ئۆتمۈشكە، تەكرارلانماس تارىخى ئىزغا ئايلىنىدۇ.

ئەمما تارىخى ھەدىسلەر ئىچىگە يوشۇرۇنغان ماھىيەتلەر، قانۇنىيەتلەر، تارىخ مەنتىقىلىرى «ئۆلمەيدۇ»، رېئاللىق قوينىدا تۇرۇپ، كەلگۈسىنىڭ ئۇلىنى راسلايدۇ. نەزەرىيىۋى تەپەككۇر دەل ئۆلمەس تارىخنىڭ بىلىۋېلىنغان ئاڭ شەكلىدىن ئىبارەت. بۇنداق نەزەرىيىۋى تەپەككۇردىن مەھرۇم ھالەتتە مىللەتنىڭ كامالەت دەرىجىسىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈش، ئۇنىڭ قىممىتى، ئىقتىدارى، نېسىۋىسىنى ياخشىلاش مۇمكىن ئەمەس. بىزنى ئەزەلدىنلا قايناق ھېسسىيات تۇرتكىسىدە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ، ئەقىل پاراسەت تەمكىنلىك دىن ئايرىلىپ، تەلۋىلەرچە قارىسىغا دەسسەپ كەلگەن خەلق دېيىش ئادالەتسىزلىك. خەلقىمىز ۋە قېرىنداشلىرىمىز دىن خېلى نۇرغۇن تەبىئەتشۇناسلار، تېبابەتشۇناسلار، ماتېماتىكا، لوگىكا ۋە تىل ئالىملىرى، پەيلاسوپ ـ مۇتەپەككۇرلار، بىنا كار ـ سەنئەتشۇناسلار يېتىشىپ چىققانلىقى ھەممىگە روشەن، شەرقتە كومراجىۋا، غېرىب تە ئەل فارابى، شىمالدا تاتاتۇڭا، جەنۇبتا ئەبۇ رەيھان بىرونى ئالەمشۇمۇل شۆھرەت قازانغان ئالىملار ئىدى. قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى ، فېئوداللىق بېكىنمە ھالەت تۇپەيلى نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ئەۋزەللىكىنى يوقاتتۇق. ئۇلۇغبەگ ۋاپاتى دىن كېيىن، ئەدىب شائىرلىقتىن باشقا بىزدە كۆرۈلگەن ئالەمشۇمۇل تەبىئەت ئالىملىرى چىقمىدى. مەنىۋى مەدەنىيەت خەزىنىمىز ھېسسىي سەمەت ۋە ئەدەبىياتنى بىردىنبىر ئىپتىخار پەللىسى قىلىشقا مەجبۇر بولدى. قولىمىزنىڭ يەتكىنى ئۇسۇل، دېمىمىزنىڭ يەتكىنى ناخشا بولدى! شۇ زامانلاردىكى ناخشا ـ غەزەللىرىمىزگە قاراپ كۆرەيلى چۇ، ئاساسلىقى «ۋاھ، دەرىخا» دېگەندەك نالەشتىن يىراقلاشمىدى. بىز «ئېتنولوگىيىلىك مىللەت» كاتېگورىيىسىدىكى «ناخشا ـ ئۇسۇل مىللىتى»، «شېئىر مىللىتى» بولۇپ قېلىۋەردۇق. بوياقچىدىن ئارتۇقراق خىمىك، تۆمۈرچى دىن ئارتۇقراق فىزىكلىرىمىز بولمىدى... سەنئەتتە داڭ چىقارغان، سەنئەتكە يۆلىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان سىگانلارنىڭ ئاقىۋەتتە يۇرت ـ ماكانسىز جاھان كىزىپ، تىلەپ ـ تېرىپ ياشاشقا چۈشكەن لاماكانلىقى بىلەن، تارىخ بورانلىرىدا چېچىلىپ، جەڭ_جېدەللەردە قىرىلىپ ھالى قالمىغان يەھۇدىيلارنىڭ ئېتىقاد، نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ۋە ئۆتكۈر پەنلەرگە بولغان يۈكسەك ئىتى باردىن «ئالىملار مىللىتى»، «قۇدرەتلىك، زامانىۋى مىللەت» كامالىتىگە يەتكەنلىكىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرمىدۇق. «شەھەر مىللىتى» دېگەن نام بىلەن «تالانتلىق»، «ئاتاقلىق» ئىبارىلىرىگە مەست بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرىمىز نېمىشقا مىللىتىمىز نى «ئېتنولوگىيىلىك مىللەت»دىن ھېچ بولمىغان «ئىجتىمائىي مىللەت»لىك ماقامىغا كۆتۈرمىگەنلىكىنى ئويلاپمۇ

كۆرمىدۇق؟ ياكى ئۆز ھالىتىمىزدىن خەۋەرسىز دۇنياغا تونۇلمىز دەپ يۈرۈپتىمىزمۇ؟! دەرۋەقە، بىر قاتار ئەدەبىيات توملىرىنى نەشر قىلدۇق، ئەمما ئۇلار بىلەن ھەقىقى رېئاللىقىمىزنىڭ «ئۈچەي باغرى»نى قانچىلىك سىزىپ بېرەلىدۇقكى؟! ھېچ بولمىغاندا ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا ياشىغان ئەدىبىمىز تەجەللى دىن كېيىنكى ئەدەبىيات ئىجادىيىتىمىزدە ئىلگىرىكى قەلەمكەشلىرىمىزدىن ھالقىغان ياكى پەرقلەنگەن قايسى تەپەككۇر يېڭىلىقىنى، قايسى ھېكمەت دۇردانىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەقلىي بىلىش تارىخىمىزغا تۆھپە قوشتۇق؟! ئەدەبىي ئوبزورچىلىق مۇشۇ سۈزۈك مەسىلىلەرنى ئەينەك قىلىپ، ھەق ـ ناھەق نەرسىنى ياڭرىتىپ ھالىمىزغا غەمگۇزارى بولالىدىمۇ؟! بىلمىدىم، قەلەمكەشلىرىمىزنىڭ قەلەملىرى بورىۋايدەك نېفىت قاتلاملىرىغا ـ ھەقىقى ھال ـ ئەھۋالىمىزغا يەتمەي، قۇرۇق تاش ـ توپا قاتلاملىرىدا پىرقىراپ سۈرمەللىشىپ كەتتىمىكىن؟! مىللىي مائارىپىمىز ھەممە سەپ بويىلاپ جاپالىق كۈچەۋاتىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما، شەخسى تۇرمۇشىنىڭ چىقىش يولى غېمىدە دىپلوم ۋە خىزمەتكە ئېرىشىۋېلىش ئاساسى قىزغىنلىق بولۇپ تۇرغاچقا، ھەقىقى قېتىرقىنىپ ئوقۇش بىلەن قاتتىق پەنلەر ۋە كەسپلەرگە قاتتىق ئۇرۇنۇش ، نەزەرىيىۋى پەنلەر بىلەن ئۆتكۈر تېخنىلوگىيە پەنلىرى قورغىنىنى ئىگىلەش ھېلىمۇ مائارىپ ئەمەلىيىتىمىزنىڭ مەركىزى نۇقتىسى بولغىنى يوق. ئەكسى ھالدا ئوقۇغۇچىلىرىمىز ۋە ياشلىرىمىزنى هاراقكەشلىك، زەھەرلىك چېكىملىك، قىمارۋازلىق ۋە بىكار تەلەپلىك قاتتىق قورشاشقا تۇتۇندى !

مىللەتنىڭ ئائىلە قاتلىمى خېلىلا بىسەرەمجان. ئاغزىدىن ئاق سۈت تېمىپ تۇرغان پەرزەنتلىرىمىز سەبىي چاغلىرى دىن باشلاپ مىللەت گەۋدىسىدىكى ئىللەتلەر بىلەن يۇقۇملىنىپ تۇرماقتا. مىللەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتىگە داغ چۈشۈرىدىغان تۇرقى ـ ھالەت، يۈرۈش ـ تۇرۇش، سۆز ـ ھەرىكەت ، خۇلق ـ مىجەز قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئېزىلەڭگۈلۈك، قوپاللىق...قاتارلىق خۇنۈكلىكلىرىمىز رىقابەت ئىقتىدارىمىزغا، قەدىر ـ قىممىتىمىزگە ئېغىر تەسىر كۆرسىتىپ تۇرماقتا. بۇ جەھەتتە مەكتەپ ۋە جامائەتچىلىك تەربىيىسى ئېلىپ بارالىغىنىمىز يوق. مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە ھەمدەملىكىنى پارچىلاش ئىللەتلەرنى، جۈملىدىن مۇنەۋۋەر كىشىلىرىمىزنىڭ جامائەت ئىچىدىكى يۈكسەك تەسىرى ۋە تەشەببۇسلىرىنىڭ ئىلھامبەخش كۈچىدىن چۆچۈپ ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان پىتنە ـ ئىغۋا تۈتەكلىرىنى پەرق ئېتىش ئېتەلمەسلىكمۇ نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ئېگىزلىكىدىكى ئەقىل پاراسەتكە باغلىق. بۇنداق ئەقىل

پاراسەت بولمىغاندا، ھابىلنى ئۆز قولى بىلەن ئۆرۈپ، ئۇنى باشقىلار تىلى بىلەن ئادىل ئۈردى دەپ غاپىل كىشىلەرنى قايمۇقتۇرىدىغان جاھىل ئېغۋاچىلارنى تونۇپ يەتكىلى بولمايدۇ. كېيىنكى بەش ئەسىردىن بۇيان بۇ ئىشتا ھەسسىلەپ بەرگەن قۇربانلىرىمىز ئازمۇ؟! ئەلۋەتتە، ئېغىر ئەلەملىرىمىز تۈپەيلى، خەلقتە گۇمان، ئەندىشە ، غەزەپنىڭ شۇ قەدەر كۈچىيىپ كەتكەنلىكىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئەمما ئەقىل پاراسەتسىز غەزەپ بىلەن ئۆز پۇتىمىزغا پالتا چاپىمىز، خالاس. سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئەنە شۇنداق ئىغۋاغا ئالدىنىپ سادىق دوستى مىرزا ھەيدەرنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقى بىلەن، مەزەمزات سۇلتانىنىڭ شۇ خىل بوھتانغا ئىشىنىپ سەردار ئابدۇرۇسۇل بەگنى قەتلى قىلىپ، مەھمۇد پوچىنىڭ قاپقىنىغا چۈشۈپ قالغانلىقى پەقەت بۇ جەھەتتىكى ئىككىلا مىسال. كالېندار سەھىپىلىرى تارىخنىڭ يەنە قانداق ئويۇنلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى قەتئىي ئېيتالمايمىز، بىزدە يېتەرلىك تەپەككۇر قابىلىيىتى بولىشى كېرەك، ئەلۋەتتە! خاتىمە. ئاچچىق ھەقىقەت، چەكسىز مۇھەببەت ھەقىقەت تولىمۇ ئاچچىق نەرسە بولۇش بىلەن بىللە، ئۇ يەنە پۈتكۈل شېرىنلىكلەرنى پەرۋىش قىلغۇچى ئۇلۇغ باغۋەندۇر. ـ خىيال دەپتىرىمدىن.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن: سىز بىلەن بۇ قېتىملىق سۆھبەتلىرىم ئاخىرلىششى ئالدىدا سىزگە خۇددى تاھارەت بىلەن روكودا ئولتۇرغاندەك ۋىجدانىي ئەقىل ـ تەپەككۇر تىلەيمەن. سىزگە روشەنكى، يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىدىغان نەرسىلەر ناھايىتى نۇرغۇن ۋە كەسكىن، مەن ئويلاپ يېتەلمىگەنلەرنى ئويلاپ يېتىڭ ... يىپەك يولى قايتا ئېچىلدى. ئۇ، ئاللىقانداقتۇر ئەتلەس ـ كىمخابلار تاۋلانغان، پەرۋاز قىلساق قاناتلىرىمىزغا چاڭ ـ توزان قونمايدىغان، بىزگە چوقۇم يەنە بىر قېتىم دۇنياۋى شۆھرەت ئاتا قىلىشنى قارار قىلغان يول ئەمەس. ئۇ، ھازىرقى زاماندا يۈز بېرىشكە باشلاپ، كەلگۈسىدە داۋام قىلىدىغان كەسكىن رىقابەت جەڭگاھى، غالىبنى گۈللەندۈرۈپ، مەغلۇبنى گۇمران قىلىدىغان قىسمەت دەرگاھىدۇر. بۇ يولدا سىزگە ئۆز ئەقىل_ئىدراكىڭىزدىن باشقا ھېچقانداق خىزىر رەھنەما ئەمەس! ئەلۋەتتە، ئۈمىدلىك بۇلۇڭ . بىلىڭكى، يېنىڭىزدا ئۈمىدتىن باشقا رۇستەمى پالۋان ھەمراھ ئەمەس. يېڭى يىپەك يولىمۇ ئەگرى ـ توقايلىقلار، ناتەكشى ئىلگىرىلەشلەر ئىچىدە ئۆزىنىڭ تارىخى ھېكايىسىنى يازىدۇ. ئۇنىڭ تاسقاشلىرى قاتتىق، ئۇنىڭ ئەلگەكلىرى قويۇق. مەلۇمكى، ئۈمىد ئەزەلدىن بەخىرامانلىق بىلەن چىقىشالىغان ئەمەس.

ئامېرىكا مۇھلىنبرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئىدگارد سۋائىن

1938 ـ يىلى يۇز بېرىۋاتقان دۇنيا ئۇرۇشىغا نەزەر تاشلاپ، ئۆزىنىڭ «دۇنيا مەرىپەت تارىخى»ناملىق كىتابىنىڭ خاتىمە قىسمىدا مۇنداق يازغانىدى: «بىز ياشاپ تۇرغان كائىنات ھەرىكەتچان كۆچكە تولغان كائىناتتۇر. ئۇنىڭدا بىر نەرسىنىڭ تۇرغۇنلىقى ئۇنىڭ چۈشكۈنلۈكىنىڭ بېشارىتىدۇر. ئىرغىتىپ تاشلىنىدىغان نەرسە، دەل ئۆزگىرىشتىن توختىغان نەرسىدۇر». بىزمۇ يېپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش ھەرىكىتىنى باشلىۋەتكىنىمىزگە مانا ئالتە يىل بولدى. ئۇ چاغدا: «بۇ پاراخلار بىر ئەسىر بالدۇر قوزغىلىپ قاپتۇ» دېگەن دوستلىرىمىزمۇ بۈگۈنگە كەلگەندە بۇ پاراخغا چۈشتى. ئۇلار: سەۋرى قىلساڭ ھالۋىدىن ئالما پىشۇر. چەكتىن ئاشسا تاقىتىڭ قەدىرىڭ چۈشۈر . دېگەننى چۈشەندى. ئۇلار ھېس قىلدىكى، بىز تارىخىمىزنىڭ قىممەتلىك يېڭى بىر مەرىپەتچىلىك دەۋرىدە تۇرۇۋېتىمىز. شۇنداق، يېپەك يولىدا قايتا ئويلىنىشنىڭ تەمكىن ۋە قايناق، كەسكىن ۋە نۇرانە ئۇيۇق سىزىقى كۆرۈندى. بۇنداق ئويلىنىشنى كەلگۈسىگە روھىي ھازىرلىقلىرى بولمىغان يېپەك يولىدىكى ھەمدە خەلقلەر باشتىن كەچۈرۈشى مۇمكىن. بىر پۈتۈن تارىخى خاراكتېرلىك قىممەتنى قۇچاقلاپ تۇرغان يېپەك يولىدىكى قايتا ئويلىنىش ئاچچىق ھەقىقەت بىلەن چەكسىز مۇھەببەتنى، چوڭقۇر پاراسەت بىلەن قاتتىق جاسارەتنى قوشقان ئىزگۈ ھادىسە. بۇ قېتىم تۆگە قۇشى بېشىنى قۇمغا تىقىۋېلىپمۇ ئامانلىق تاپالمىسا كېرەك. چۈنكى ئۇچقۇر زامان ئېقىمى قۇم بارخانلىرىنى ئۇچۇرۇپ تۆگە قۇشىنى خەلقى ئالەم ئالدىدا يالىڭاچلاپ قويىدۇ. ھېلىقى ئامېرىكا ئالىمى ئىدگارد سۇئىن يەنە مۇنداقمۇ دېگەن: «گۈمان يوقكى، زامانىمىز خام خىياللار ھالاك بولىدىغان زامان... تۈنۈگۈن ماختانغان نەرسىلىرىمىز ئەمدىلىكتە مەسخىرىگە ئايلاندى»، «بۈگۈنكى كۈندىمۇ قانائەتلىنىپ يۈرۈۋاتقان كىشىلەر بەكمۇ پەخەس بولسۇنكى، بولمىسا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىنىڭ تولىمۇ چاكىنا ھەم ئەرزىمەسلىكىنى بىردىنلا بىلىشكە مەجبۇر بولىدۇ».

خەير ـ خوش ئوقۇرمەن! ئاخىرىدا مەن، سىز بىلەن سۆھبەتلەشكەن مەسىلىلەر ھەققىدە ئويلىمايدىغان مېڭىلەر ۋە تەۋرىمەيدىغان قەلەملەرگە ئېچىنىدىغانلىقىمنى ئېيتماقچىمەن.

ئامان بۇلۇڭ دوستۇم .

1995 ـ يىل 22 ـ يانۋار، ئۈرۈمچى

*********************

بۇ ئالىمنىڭ تەتقىقات ھاياتىدا يازغان ئەڭ ئاخىرقى ماقالىسى بولۇپ، ئالىم بۇ ماقالىسىنى تاماملاپ 37 كۈندىن كېيىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغان. ئالىمنىڭ ماقالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى ئامېرىكا ئالىمى ئىدگرد

سۇئالىنىڭ ئاغزى ئارقىلىق ئېيتقان يۈرەك سۆزى ۋە ۋىدالىشىش كەلىمىسى بىزنى چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆمدۈردۇ. مىللىتىمىزنىڭ مەنىۋى ئىللەتلىرى ۋە ئىجتىمائىي پىسخىكىسىدىكى رەزىللىكلەر ھەققىدە 1989 ـ يىلىدىن باشلاپ ئاۋانگارتلىق بىلەن قەلەم تەۋرىتىپ ئۆتكۈر تەنقىد ئېلىپ بارغان بۇ قەلەم ساھىبى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بۇ ماقالىسىدە مىللىتىمىزنىڭ مەنىۋى زەئىپلىكلىرىنى ۋە تارىخىي رەزىللىكلىرىنى ئىلگىرى بىر قەدەر يۈزە بولغان بايانى تەنقىدچىلىكتىن نەزەرىيىۋى پەللىگە كۆتۈرۈپ ناھايىتى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلغان. ئالىمنىڭ بۇ ساھەدىكى خاس ئەمگەكلىرى باشقا ساھەدىكى مۇنەۋۋەر مېھنەتلىرىگە ئوخشاشلا ئاپىرىن ئوقۇشقا لايىق .

نەشرىگە تەييارلىغۇچى باتۇر روزى.

ئوكيان قامۇس توردىن ئېلىندى.

http://qamus.okyan.com/View.aspx?ID=4482

# يىپەك يولىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى

## مۇقەددىمە

تارىخ ئىنسانىيەتنىڭ بىكىنمىچىلىك ۋە سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىپ، يېڭى يېقىنلىشىش ۋە ئىقتىسادىي تەڭپۇڭلىشىش دەۋرىگە قەدەم قويۇۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بەرمەكتە. قەدىمكى «يىپەك يولى» بەش ئەسىرلىك «چۆكۈپ كەتكەن كېمە»دەك خارابىلىقتىن، «ئەسھابۇلكەھف»دەك ئۇزاق ۋاقىت سوزۇلغان ئۇيقۇدىن خالاس بولۇپ، خۇددى ئاتەشتىن قايتا قانات قېقىپ چىققان قېقنۇستەك يېڭى گۈللىنىشكە يۈزلەنمەكتە. يېڭى دەۋردە قايتا جانلانغان «يىپەك يولى» جاھان بويىلاپ يۈز بېرىۋاتقان چېگرا ۋە يەرلىك تاموژنىدىن ھالقىغان خەلقئارا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت تورىنىڭ بىر قەدەر تېز شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگۈسى .

«يىپەك يولى» ئىبارىسىنى گەرچە كۆپلىگەن كىشىلەر چىرايلىق تەسۋىرىي ئىبارەت سۈپىتىدە ئېغىزدىن چۈشۈرمەستىن لەۋھە، ۋىۋىسكا ۋە ماركا سۈپىتىدە قوللىنىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى مۆلچەرلىگۈسىز قىممىتىنى تېخى دېيەرلىك ھېس قىلالمايدۇ . دەرۋەقە، «يىپەك يولى» شۆھرەتلىك ئىبارە، ئۇ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تاكى مىلادىيەدىن كېيىنكى 2000 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، تەخمىنەن 2 مىڭ يىل داۋاملىشىپ، 16 ـ ئەسىرگە كەلگەندە تەدرىجىي خارابلاشقان .

ئېيتىش كېرەككى، «يىپەك يولى» ئىبارىسى رىم ـ ۋىزانتىيىلىكلەرنىڭ «سېرىس» ( يىپەك ئېلى )غا بولغان پەۋقۇلئاددە قىزىقىشىنى ئاساس قىلىپ، يېقىنقى زامان تارىخچىلىرى تەرىپىدىن قويۇلغان سىمۋول خاراكتېرلىك نام بولۇپ، ئۇ ئەرەب سەركەردىسى تەرىق بىنىي جەبيات تەرىپىدىن پىرىنېي يېرىم ئارىلى بىلەن ئافرىقىنى ئاجرىتىپ تۇرىدىغان «جەبەلئەل تەرىق» ( گىبرالتار ) بوغۇزىدىن ياپونىيىگىچە سوزۇلغان قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى غول خەلقئارا كارۋان يولىغا قارىتىلغان .

«يىپەك يولى» نامى بىلەن تامغىلانغان ئاسىيا ـ ياۋروپا ـ ئافرىقىدىن ئىبارەت ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدا گىرەلىشىدىغان «قەدىمكى چوڭ قۇرۇقلۇق»نىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ئالاقىلىرىنى بىر گەۋدە قىلغان بۇ

خەلقئارا غول يول پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخي خاراكتېرلىك مەدەنىيەت بەلۋېغى ئىدى. «يىپەك يولى» ئىنسانىيەت ياراتقان رەڭگارەڭ مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئۆزىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئۇلۇغ مۆقەددىمىسىنى ياراتتى. بىز بۇ ئالاقىلەردىن مۇستەسنا قالغان قەدىمكى ئامېرىكا بىلەن ئاۋستىرالىيە يەرلىك مەدەنىيىتىگە بىر قۇر نەزەر تاشلىساقلا،«قەدىمكى چوڭ قۇرۇقلۇق مەدەنىيىتى»تارىخىدا «يىپەك يولى»نىڭ قانچىلىك نۇسرەت بېغىشلىغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز. «يىپەك يولى» خاسىيىتىدىن ئارىيان - سومېر - ساك، خۇاشيا، بابىلون، ئاسۇرىيە ۋە مىسىر مەدەنىيەتلىرى بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشقان : «يىپەك يولى» شاراپىتىدىن گرېك - رىم، كۇشان - كۇسەن، سوي - تاڭ، ئەرەب مەدەنىيەت ئۆركەشلىرى مەيدانغا كېلىپ، ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ ئۇرۇقى تېرىلغان : «يىپەك يولى» تۇپەيلىدىن سكتاي - ماساگېت ( ئۇلۇغ ساك ) مېتالچىلىقى، ئېلىمىزنىڭ تۆت چوڭ كەشپىياتى، ھىندى رەقەملىرى، گرېك سەنئىتى، بابىلون يېزىقچىلىقى، ئىبن سىنا تېبابەتچىلىكى بىلەن بۇددا - خرىستىئان ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى ئالەمشۇمۇل تۇسكە ئىگە بولغان .

## مۇھاكىمە

«يىپەك يولى»ئۇلۇغ ۋە ھوسۇلدار يول ئىدى. ئۇ قەدىمكى ئاتلىقلار يولى ئاساسىدا تىزما ھاسىل قىلغان. «يىپەك يولى» ھەممىدىن ئىلگىرى سودا - تىجارەت يولى ئىدى. بۇ يولدا گەرچە سەركەردىلەر بىلەن دىنىي ئۆلىما - راھىبلار كۆپ قېتىم قاتنىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ يولدا ئاساسلىقى سودىگەرلەر قاتنىدى. سودا - تىجارەتنىڭ 2 مىڭ يىللىق ئەمەلىيىتى سودىگەرلەرنىڭ ئىككى چوڭ تىپقا بۆلۈنىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ بىرى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، ھىندىستان ۋە ۋىزانتىيە سودىگەرلىرىدەك تۇرغۇن - ئەتتارچى سودا - تىجارەتچىلەر، ئىككىنچىسى، بۇنداق تۇرغۇن ياكى چاھار بازار ( تار دائىرىلىك سەييارە ) تىجارىتىدىن باشقا، ئاساسلىقى يۆرگۈن - كارۋانچى سودىگەرلەر ئىدى. مەركىزىي ئاسىيا ئاتلىق ئاھالىلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇيغۇر - سوغدىلار يۆرگۈن - كارۋانچى سودىگەرلەرنىڭ ئاۋانگارتلىرى ئىدى. ئۇلار جۇغراپىيىچى سۈپىتىدە جاھان كېزىپ، تاغ - داۋانلاردىن ھالقىپ، قاراقچىلار بىلەن ئېلىشىپ، ئۇلۇغ ئىقتىسادىي قانالنى قىش - ياز راۋان قىلىپ تۇراتتى .

«يىپەك يولى» _ دوستلۇق يولى، دىن - سەنئەت - مەدەنىيەت يولى، ئىلىم ۋە ھېكمەت يولى ئىدى. مۇشۇ يول تۇپەيلىدىن پىفاگور ھىندىستان

ماتېماتىكىسىدىن، ئەپلاتون مىسىر ھاكىمىيەتچىلىكىدىن، ھېپوكرات سىكتاي تېبابەتچىلىكىدىن خەۋەردار ئىدى. مەركىزىي ئاسىيا يۇك كىيىملىرى بابىلوندىن، ئىزوپ مەسەللىرى ئىدىقۇتتىن، مانى ئىبادەتخانىسى لوياڭدىن، ئىۋرىپىدىس تراگېدىيىلىرى يەتتە سۇدىكى كوستانەيدىن، چىن فارفورلىرى مىسىردىن تېپىلدى .

«يىپەك يولى» ئۆزى تۇتاشتۇرغان ئۈچ قىتئەدىكى كۆپلىگەن خەلقلەرگە ئاۋاتلىق ئېلىپ كەلدى. ئېلىمىزنىڭ «يىپەك يولى» باغرىدىكى شىمالىي قىسمى تېز راۋاجلاندى، پايتەختلەر تاكى يېقىنقى زامانغىچە خۇاڭخې ۋادىسىدىن ماكان تۇتتى. مەشھۇر سودا - سارايلىرى، مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرى مۇشۇ يول ۋادىسىغا جايلاشتى. دۇنياغا داڭلىق سۈي - تاڭ مەدەنىيىتىمۇ، ئەڭ چوڭ خەلقئارا سودا قوۋۇقلىرىمۇ مۇشۇ قانال ساھىلىدا ئېتەك يايغان. جۇڭگو بۇددىزم مەدەنىيىتى مۇشۇ يولدا شەكىللەنگەن ۋە يىراق شەرققە تارالغان .

«يىپەك يولى» غەربىي دىيارلىقلارنى بېيىتقان، تېخىمۇ مەرىپەتلىك قىلغان. «يىپەك يولى» تەڭرىتاغلىقلارنى ئاددىيغىنا تېرىقچى ۋە ھۈنەرۋەن، يەرلىك تىجارەتچى ئەمەس، بەلكى خەلقئارا سودا - تىجارەت ماھىرلىرىدىن قىلمىغان بولسا، خوتەن، يەكەن، قەشقەر، كۇسەن، لوپنۇر، شورچۇق، قوچۇ بۇددا تاشكېمىرلىرىدەك تولىمۇ پۈلپەز سەنئەت سارايلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدىكى بىر قانچە تاشكېمىرنى قېزىپ، بۇددىزم سەنئەت خەزىنىسى قىلىشقا كەتكەن چىقىم ئوردىنى چۆچۈتكەنىدى. لۇي گۇاڭ كۇسەننى ئىگىلىگەندە 20 مىڭ تۆياق ئات - خېچىرغا ئاران خانلىق سارىيىنىڭ بىر قىسمى جاۋاھىراتلىرىنىلا ئېلىپ كېتەلىگەنىدى. لېكوك مىڭئۆيلەردىكى كۆك بوياقلار ياۋروپادا مەدەنىيەت ئويغىنىشى دەۋرىدە ئالتۇن بىلەن باراۋەر قىممەتتە ئېلىپ كېتىلىپ چىركاۋ ۋە قەسىرلەر زىننەتلەنگەن، دەپ يازغانىدى. دەرۋەقە، «يىپەك يولى» مۇناسىۋەتلىرى، سودا رىقابەتلىرى تۈرك - ۋىزانتىيە ئىتتىپاقى ۋە ئۇلار بىلەن ئىران زىددىيەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماستىن، ئەھلى سەلب ئۇرۇشلىرىغىمۇ تۈرتكە بولغانىدى. ئەرەب - خرىستىئان ئەللىرى ئارىسىدىكى بىر نەچچە قېتىملىق ئۇزاققا سوزۇلغان جەڭلەر نەتىجىسىدە غەربىي ئاسىياغا توپلانغان مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىشىغا ئۇل سالدى. سالجۇق تۈركلىرىنىڭ ۋىزانتىيىنى ئىشغال قىلىشى بىلەن ياۋروپا بىلەن ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى «يىپەك يولى» ئالاقىلىرى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئوتتۇرا يەر دېڭىزى بويىدىكى ياۋروپا سودىگەرلىرى ئېغىر بوھرانغا ئۇچرىدى.

نەتىجىدە 1492 ـ يىلى ئىسپانىيە ئادمىراللىرى گىبرالتار بوغۇزىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، تۈركىيلىكلەر تەسىرىدە بولمىغان ھىندىستان ئارقىلىق «يىپەك يولى»غا چىقىش يولىنى ئىزدىدى. ئەھۋال خۇددى تاك سۇلالىسى زامانىدا غەربىي دىيارنىڭ جەنۇبىي قانىتىنى تۈبۈتلەر ئىشغال قىلىۋالغانلىقى سەۋەبلىك، «يىپەك يولى»نىڭ بۇ يەردىكى لىنىيىسى ئورخۇن ۋادىسىنى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان «ئۇيغۇر يولى»نى ئاساسى غول قىلغانغا ئوخشاپ قالغانىدى. گېنويا دېڭىزچىلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن، كولۇمبۇنىڭ، ئۇندىن كېيىنكى دېڭىزچىلارنىڭ «يىپەك يولى»نى ئىزدەش سەپىرىدە ئامېرىكا قىتئەسىنى بايقىشىدەك غايەت زور جۇغراپىيىلىك مۆجىزە يۈز بەردى. رىملىقلار ئىسپانىيە ۋە پورتۇگالىيىلىك سودىگەرلەردىن كۆزى قىزىرىشقا باشلىدى، دۆلەتتە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ئېغىرلىشىپ، بۇلاڭچىلىق ۋە قاتىللىق كۈچەيدى. ئالېكساندىر بارجىئا ئورنىغا چىققان رىم پاپاسى يولى II پاپالىق تاجى بولغان تىئارانىڭ ئورنىغا دوبۇلغا كىيىپ گېنېرال بولدى ۋە «يىپەك يولى»دىن يېڭى ئىقتىسادىي قىممەت ئىزدىدى. ياۋروپانىڭ مەركىزىي قىسمىدا دېھقانلار قوزغالدى، ليۇتېرنىڭ دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتى مەيدانغا كەلدى .

«يىپەك يولى»نىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى يېڭى قىتئە ئامېرىكىغا ئىلگىرىكى بەدەۋىلىك دەۋرىدە تۇرغان ئىنكلار، ئانىسكىلار مەدەنىيىتىدىن ئاللىقانداق ئۈستۈن «ياۋروپا مەدەنىيىتى» دەپ ئاتالغان مۆجەسسەم «يىپەك يولى»خەزىنىلىرى كۆچۈرۈلدى. بۇ ھادىسە ئاۋستىرالىيىدىمۇ تەكرارلاندى. بۇ ھەقتە ئامېرىكا تارىخچىسى مىكرۇۋىن ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئامېرىكا مەدەنىيىتى گرېك ـ رىمنى ئاساس قىلغان ياۋروپادىن ئېلىنغان دېگەن قاراشلىرىنىڭ كۈلكىلىك ئەپسانە ئىكەنلىكىنى مەردانىلىك بىلەن يازغانىدى. شۇنداق، «يىپەك يولى»نىڭ خارابىلىشىشى، دېڭىز ـ ئوكيان قاتنىشىنىڭ كۈچىيىشى يېقىنقى 4 ـ 5 ئەسىرلىك «ياۋروپا ئىلغار»، «ئاسىيا قالاق»لىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ھىدايەتۇللا ئافاق خوجا نىزالىرىدىن تاكى ئەپيۈن ئۇرۇشىدىن كېيىنكى تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەر ئۇنىڭ بۇ قەدىمكى مەدەنىيەت ماكانىدىكى بىر قاتار پاجىئەلىرىگە مۇقەددىمە بولدى .

قېنى، كىممۇ «يىپەك يولى»نىڭ ئالەمشۇمۇل ئىقتىسادىي قىممىتىنى ھېسابلاپ بېرەلەيدىكىن ؟ !

«يىپەك يولى»نىڭ گۈللىنىشى = ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەڭدىن تولىسى _ ئاسىيانىڭ ئارقىدا قالغانلىقى = «يىپەك يولى»نىڭ خارابىلىشىشى !

# خاتىمە

«يىپەك يولى»نى دېڭىز ـ ئوكيان قاتنىشى بىر چەتكە چىقىرىۋەتتى. گەرچە قەدىمكى «يىپەك يولى»نىڭ خارابىلىشىشىدا بىر قاتار باشقا سەۋەبلەر بولسىمۇ، مۇھىمى، بىرىنچى، قاتناش كۈچى ئەھۋالى ئۆزگىرىپ كەتتى. كېمە ـ پاراخوت دەۋرى تۆگە ـ ئات كارۋان دەۋرىنى ئاللىقاياقلارغا ئىرغىتىۋەتتى. دېڭىز ساھىلىدا نەچچە مىڭ يىللار قاراڭغۇلۇقتا قالغان جايلار، ئاراللارنىڭ گۈللەش دەۋرى باشلاندى. ئىقتىسادىي مەركەزلەر پىرىستانلارغا جايلاشتى. سىياسىي مەركەزلەرمۇ چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى كارۋان يولى لىنىيىسىدىن دېڭىزغا يېقىن جايلارغا يۆتكەلدى. «ئالدىنقى سەپ»، «ئارقا سەپ» چۈشەنچىلىرى ئالماشتى. ئېلىمىزدىمۇ خۇاڭخې ۋادىسى جۇجياڭ ۋە چاڭجياڭ ئېغىزى ساھىلىدىن كېيىن قالدى. ئۇيغۇرلار ئۆزى ياراتقان پارلاق مەدەنىيەتنى ئۆزى تونۇيالمايدىغان، تارىخىي قۇرۇلۇش يادىكارلىقلىرىنى ئوغۇت قىلىدىغان جاھالەت بەندىلىرىگە ئايلاندى. بىز دەل ئۇلارنىڭ ئاخىرقى بىر ئەۋلادى ئىكەنلىكىمىزنى ئەمدى ھېس قىلىۋاتىمىز !

خارابىلەشكەن «يىپەك يولى» قايتا جانلاندى!

«قاناتلىق تۆگە» ئوبرازى شاھمات تاختىسىغا چۈشتى. تارىخ يەنە بىر قېتىم پەسىل يۆتكەشكە كىرىشتى. مەن ئىشىنىمەنكى، ئىنسانىيەت ئىككىنچى قېتىملىق چوڭ قۇرۇقلۇق قاتناش دەۋرىگە، ئىككىنچى قېتىملىق «يىپەك يولى» دەۋرىگە قەدەم قويىدۇ ! ئەمدىلىكتە، دېڭىز ـ ئوكيان يوللىرىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىللە، دېڭىز ـ ئوكياندىكى سىمابتەك ئېغىر سۇ توسقۇنلىرىنى يېرىپ ئىلگىرىلەشتىن كۆپ قۇلايلىق بولغان زامانىۋى تېز سۈرئەتلىك تاشيول، تۆمۈر يول ۋە ھاۋا يولى قاتنىشى ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتىدىغان يېڭى تارىخىي ئېرانى ئالدىن سەزمەسلىك پاراسەتسىزلىك، يىراقنى كۆرەلمەسلىك بولۇپ قالماقتا .

«يىپەك يولى»نىڭ قايتا ئېچىلىشى بىر قاتار ھادىسىلەرنى سۈرەت ( كۆرۈنۈش ) قىلغان ماھىيەتلىك تارىخىي مۇقەررەرلىك. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەتكە قاراپ داۋاملىق راۋاجلىنىشىنىڭ مۇھىم رىلىسى، ئۇ ئاددىيلا ئاڭ ئۆزگىرىشى ئېلىپ بېرىشنى، بىز قىياس قىلالمىغان ۋە كەلگۈسىدە ئومۇمىي تەرەققىيات تەلەپ قىلىدىغان ئاڭ ئىلگىرىلىشىنى تەقەززا قىلىدۇ .

«يىپەك يولى»نىڭ قايتا ئېچىلىشى كۆپ رايون، كۆپ دۆلەتلەرگە ئالاقىدار خەلقئارا ۋەقە، ئۇ دوستلۇق ۋە رىقابەتلەر ئىچىدە راۋاجلىنىدۇ. قەدىمكى «يىپەك يولى»دا، ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ، چىڭگىزخاننىڭ ئىستېلاچى

يۇرۇشلىرىنى مەسخىرىگە ئايلاندۇرۇۋېتكەن. «يىپەك يولى» ئورتاق گۈللىنىش يولى بولۇپ قالىدۇ، خالاس .

«يىپەك يولى»نىڭ قايتا ئېچىلىشى ئىقتىساد بىلەن مەدەنىيەتنىڭ، مەنىۋىيەت بىلەن ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ بىللە راۋاجلىنىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، ئىشنىڭ بېشىدا «ئەدەپ»ئەمەس، «پۇل»نىڭ داۋرىڭى كۆپ بولۇشى، يېڭى «يىپەك يولى» خاتا مۆلچەرلىنىشى، بىر قىسىم «قەلب»لەر نابۇت بولۇشى مۇمكىن. بۇنى «يىپەك يولى» تارىخى تۈزىتىپ بارىدۇ. روشەنكى، تارىخنىڭ مەقسىتى ئالتۇن خەزىنە ۋە ئاقچا خامىنى تىكلەش ئەمەس .

يېڭى «يىپەك يولى» ئېچىلدى. «قاناتلىق تۆگە» پەرۋازغا چۈشتى. «ئاكىيو»روھىمۇ، «مەتنىياز» روھىمۇ، «تۆگە قۇشى» روھىمۇ ئەمدى ئەسقاتمايدۇ ! ئىنسانىيەت ئەقلى بىر قانچە مىڭ يىللىق ئىزدىنىشتىن شۇ بىر ھەقىقەتنى تونۇپ يەتتىكى، ئىنسان پەقەت «ئۆزى ئۈستىدىن غەلىبە قىلالىغان»دىلا، ئاندىن «ئۆز ـ ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ». مانا بۇ، يېڭى «يىپەك يولى»نىڭ تارىخىي ھېكمىتى !

سەييَاھ بىلوگىدىن ئېلىندى.
http://seyyah.blogbus.com/logs/36835625.html

# يىپەك يولىدىكى بىباھا بايلىق

مەلۇمكى، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا ـ ئەڭ قەدىمكى بىر ئانتروپولوگىيىلىك رايون، ئەڭ قەدىمكى بىر مەدەنىيەت رايونى، جۈملىدىن شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى بىر بەلۋېغى. بۇ ئۈچ نۇقتا تۈپەيلى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيىتى ئادەتتىكى مەھەللىۋى مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىدىن ھالقىپ، ئالەمشۇمۇل تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان. بىز ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ قەدىمكى تارىخىدىن شەرق ۋە غەرب خەلقلىرىگە ئالاقىدار ئانتروپولوگىيىلىك، ئېتنوگرافىيىلىك ئامىللارنى بايقىيالايمىز. بىز ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا، «غەرب مەركەزلىك» ياكى «شەرق مەركەزلىك» نەزەرىيىلىرىنىڭ ئىنتايىن بىر تەرەپلىمىلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

ئامېرىكا تارىخچىسى ۋىليام مىككوۋرىن «مەركىزىي ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر» ناملىق كىتابىدا بۇ ھەقتە ئادىللىق بىلەن مۇنداق دەپ يازغان: «ئۇزاق يىللاردىن بۇيان بىزنىڭ ياۋروپا مەدەنىيىتىمىزنىڭ كۆپ قىسمى رىم ۋە گرېتسىيە ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن دەپ ئېتىراپ قىلىپ كەلگەن ئىدۇق... يېقىنقى تەتقىقات بىلەن ئارخېئولوگىيىلىك ئېنىقلاشلار مۇنداق نەزەرىيىنىڭ ئويدۇرما ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى... ياۋروپا، ھەتتا ئامېرىكىنىڭ مەدەنىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ھاياتى مەركىزىي ئاسىيانىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان». ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا شەرق ۋە غەربنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا، ئۆزىگە خاس يايلاق خاراكتېرلىك مىللىي ئۇسلۇب ياراتقان، ئارىلاشما خاراكتېرلىك مەدەنىيەت بەرپا قىلغان، مەدەنىيەتتە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. بۇ ئۈچ نۇقتىنى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي خۇسۇسىيىتى دەپ قاراش مۇمكىن.

يايلاق خاراكتېرلىك مەدەنىيەت ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ ئەسلىدىكى مىللىي ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇيغۇر ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ساقلانغان. ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى ئۇچۇن يايلاق ـ يۇرت، يايلاق ـ ئىگىلىك، يايلاق ـ رىتىم ۋە ئۇسلۇب بولۇپ كەلدى. ئۇيغۇر ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىدىكى تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرى، كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرى،

پىكىر ۋە تەسەۋۋۇر خۇسۇسىيەتلىرى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۇسلۇبلىرى مۇشۇ يايلاق خاراكتېرىنى مەركەز قىلغان. ئۇلاردىكى بىر قاتار تۇرمۇش ئادەتلىرى، مېھماندوستلۇق، تەبىئەتتىن ئۆزگىچە زوقلىنىش، مەشرەپ ۋە سەيلە ئايەم پائالىيەتلىرى، سۈت ـ قېتىق، چارۋا ھېرىسلىكى قاتارلىقلار ھەممىدىن ئىلگىرى ئولتۇراقلاشقان بۇ مەدەنىيەتلىك مىللەتتە يايلاق خاراكتېرىنىڭ ھازىرمۇ ئېغىر ساقلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئارىلاشما خاراكتېرلىك مەدەنىيەت ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىدىكى يەنە بىر تارىخي خۇسۇسىيەت. بىز ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىدىن شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ كۆپلىگەن ئامىللىرىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس تارىخي ئۇسلۇبتا ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا، ئاساسلىقى، شامانىزم، ئاتەشپەرەسلىك، بۇددىزم، مانىزم، نىستۇرئانچىلىق ۋە ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان. ئۇلار گرېك يېزىقى، سوغدى يېزىقى، خەن يېزىقى، ئورخۇن يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئەرەب يېزىقى قاتارلىق ئاساسلىق يېزىق شەكىللىرىدىن پايدىلانغان. مانىخىزم ۋە بۇددىزم دىنلىرى ئۆزى پەيدا بولغان جايغا قارىغاندا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تېخىمۇ كۈچلۈك ھامىيلىققا ئېرىشكەن. ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى، گرېك مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا تەسىرى قويۇق بولغان.

بىز ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانە ۋە مەسەللەر بىلەن گرېك ۋە ھىندىستان ئەدەبىياتىدىكى ئېزوپ مەسەللىرى، «كەلىلە ۋە دىمنە» ھېكايىلىرىنىڭ تولىمۇ يېقىن ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. مىلادىدىن ئىلگىرى جاڭ چيەن چاڭئەنگە ئېلىپ كەتكەن «ماھادۇر مۇقامى» بىلەن قەدىمكى گرېك مىلودىيىلىرىدىكى «دۇرۇس» مېلودىيىسىنىڭ ھازىرقى شىنجاڭنىڭ قۇمۇل رايونىدىكى «ئۇلۇغ دور مۇقامى»نىڭ تارىخي مۇناسىۋىتى كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. گرېكلەشكەن مەدەنىيەت(ئېللىنىزم)دەۋرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئاتالمىش «شەرق ئېللىنىزمى» تىپىدىكى مەدەنىيەت ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، ئۇ ئەپسانە، دىن، پەلسەپە ۋە بىناكارلىق، نەققاشلىق، رەسساملىق، تىياتىر سەنئىتىدە ئىپادىلەنگەن.

تەتقىقات نەتىجىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا مەي مەشرەپلىرى ۋە مەسخىرىۋازلىق تىياتىرىنىڭ گرېك ئىئونىس بايراملىرى ۋە ماسكارا تىياتىرلىرى بىلەن بىللە داۋام قىلغانلىقىنى، بۇددىزم سەنئەت يادىكارلىقلىرىدا، بولۇپمۇ تاش كېمىر سەنئىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا دىيار، ئىران ۋە گرېك گۈزەل ـ سەنئەت ئۇسلۇبىنىڭ كۈچلۈك ئارىلاشما پەيدا قىلغانلىقىنى

كۆرسەتتى. مۇنداق ئارىلاشمىچىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى لوقمان، ئارستوتىل، پىلاتون، پەرھات ـ شىرىن، خىسراۋ، رۇستەم، سىياۋۇش، ئاخرۇمازدا، ئەخرەمەن قاتارلىقلار توغرىسىدىكى تەسۋىرلەردە گەۋدىلىنىپ تاكى ھازىرغىچە ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرمەكتە.

شۇنىمۇ ئىزاھلاش ھاجەتكى، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى قانداقتۇر ھەر خىل مەدەنىيەت ئۇسلۇبلىرىنىڭ ئەينەن، نوقۇل، يۈزەكى ئارىلىشىشى ياكى ئاددىيلا ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى بولماستىن، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا يەرلىك مىللىي مەدەنىيىتىنى گەۋدە قىلغان ۋە بۇ مەدەنىيەت تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن گارمونىك بىرىكمىدىن ئىبارەت. ئاتالمىش ئېللىنىزم مەدەنىيىتىمۇ نوقۇل گرېك مەدەنىيىتى بولماستىن، بەلكى گرېك مەدەنىيىتى بىلەن ئىسكەندەر زۇلقەرنەين قوشۇنلىرى يېتىپ كەلگەن كەڭ شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدە توقۇلمىسىدىن ئىبارەت. گرېكلەر، كېيىنچە رىملىقلار ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ شەرق مەدەنىيىتىدىن داۋاملىق ئوزۇقلىنىپ تۇردى، مەشھۇر يىپەك يولىدىن ئىبارەت خەلقئارالىق غايەت زور سودا ۋە مەدەنىيەت يولى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ بىر قاتار دىنىي قاراشلىرى خرىستىئان دىنىغا تەسىر كۆرسەتتى. باكتىرىيىدە شەكىللەنگەن قۇياش ئىلاھى مىتىراغا سېغىنىش كىچىك ئاسىيا، گرېتسىيە، رىم ۋە ئۇ يەردىن دوناي ۋادىسى، قارا دېڭىز ساھىلى، ھەتتا برىتانىيەدىكى خرىستىئان مۇراسىملىرىغا تەسىر كۆرسەتكەن.

بىز ئېلىمىزنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسىدىكى سۈن ۋۇكۇڭ ۋە جۇ باجيې ئوبرازلىرىدا قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەپسانىۋى قەھرىمانى مىتىرا بىلەن ئۇنىڭ چوشقا قىياپەتلىك ياردەمچىسى ۋېرترانگادىرنىڭ پروتوتىپىنى ئۇچرىتىمىز. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرق خەلقلىرىنىڭ پەلسەپە، تېبابەتچىلىك ۋە سەنئەت قاراشلىرى گرېكلارغا تۆرلۈك يوللار بىلەن تەسىر قىلغان. بۇنىڭغا ئېپوگرات، ئېپىدىكىلىنىڭ تۆت زات (تۆت فىزىس) قاراشلىرىغا قارا دېڭىز بويىغا كۆچۈپ بارغان سىكىفلار ئېلىپ بارغان «تۆت تادۇ» قارىشىنىڭ تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى تىلغا ئېلىش كۇپايە.ياۋروپالىقلارنىڭ مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرىدە قەدىمكى گرېك پەلسەپىسى ۋە تەبىئەت ئىلمى يادىكارلىقلىرىنى ئەبۇ نەسىر فارابى ۋەكىللىكىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئالىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاتالمىش «ئەرەب يېزىقىدىكى ئاپتورلار» ئارقىلىق قايتا تېپىۋالغانلىقى تاسادىپىي بولمىغان.

ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقى ئەڭ دەسلەپ «ئات مەدەنىيىتى»نى (جۈملىدىن «قاڭقا مەدەنىيىتى») ئىگىلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەڭ

قەدىمكى ئەجدادلىرى كەڭ ياۋرو ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا كۆپ قېتىملىق يۆتكىلىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇلار ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىن ئىبارەت قۇرۇقلۇق قاتناش بېكىتى ئارقىلىق شەرق ۋە غەربنىڭ بىر قىسىم مەھەللىۋى مەدەنىيەتلىرىگە، بولۇپمۇ گرېك ـ رىم مەدەنىيىتى، كۇشان ـ كۆسەن مەدەنىيىتى، سۇي ـ تاڭ مەدەنىيىتى، ئەرەب مەدەنىيىتى ۋە ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىشىدىن ئىبارەت ئالەمشۇمۇل بەش چوڭ مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىشىگە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ھەسسە قوشتى.
ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا ياشىغان ئەجدادلىرى ئۇزاق ۋە ئالاھىدە تارىخىي مۇھىت ئىچىدە مول، رەڭگارەڭ ماددىي، مەنىۋى مەدەنىيەت ياراتقان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىناكارلىقى، تاش كېمىر سەنئىتى، ھەيكەلتىراشلىقى، رەسساملىق سەنئىتى، مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل سەنئىتى، تەرجىمىشۇناسلىقى، بولۇپمۇ مول ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك يازما ئەدەبىيات بايلىقى ـ يىپەك يولىدىكى بىباھا بايلىق بولۇپ، بۇ خىل مەنىۋى بايلىق بىلەن تونۇشماي تۇرۇپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى خەزىنىسىنى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قاتلاملىرىنى، شۇنداقلا شەرق ۋە غەربنىڭ تەرەققىيپەرۋەر ئەنئەنىۋى پىكىرلىرىنىڭ ئۇيغۇر روھىيىتىدىكى ئىزچىل ئىپادىلىرىنى يورۇتۇش مۇمكىن ئەمەس.
ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ـ يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا لىنىيىسىدىكى ئۇلگىلىك ئەدەبىي تىل ـ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن يارىتىلغان، خەلق ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ باي ۋە رەڭگارەڭ ژانىرلىرى بىلەن ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرگەن، ئۆز ئالدىغا ئىزچىل بىر سىستېما ۋە ئۇسلۇب شەكىللەندۈرگەن.
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھۇلى ئەڭ قەدىمكى ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتى بولۇپ، ئۇ ھەر خىل تېما، ھەر خىل بەھىردىكى خەلق قوشاقلىرى، خەلق داستانلىرى، چۆچەك، لەتىپە، تېپىشماق، رىۋايەت، ئەپسانە، ماقال ـ تەمسىل، ئەقلىيە سۆزلىرى قاتارلىق ژانىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز ئۇيغۇرلاردا ئىپتىدائىي جامائە ۋە ئۇنىڭ ئاخىرقى دەۋرىنى ئىپادىلەيدىغان ئەپسانىلەر، رىۋايەتلەر، قەھرىمانلىق دەۋرى ھېكايەتلىرى، ھەر خىل جەڭ، ئەمگەك، مەرسىيە، مەدھىيە، مۇھەببەت، تەنبىيە، بايرام ـ مەشرەپ قوشاقلىرىنىڭ بارلىقىنى، ھەر خىل تارىخىي قوشاقلارنىڭ تارىخىي قاتلام ھاسىل قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ قوشاقلارنىڭ كۆپچىلىكى كۈچلۈك رىتىمدارلىقتا ئىگە بولۇپ، ناخشا ـ ئۇسسۇل، لەتىپىلەرگە تېكىست قىلىنىدۇ.
ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتى ئۇزاق تارىختا يىپەك يولىدا كەڭ تارقالغان،

غەرب، شەرق خەلق ئەدەبىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئۇنىڭدىن تەسىر ئالغان. مەسىلەن، قۇياش ئىلاھى مىترا، سۇ ئىلاھى خۇببى، جەك ئىلاھى مىررىخ قاتارلىق خەلق ھېكايىلىرى، كرىستال كەش، بىلىق قىز قاتارلىق ماقال ـ تەمسىللەر باشقا خەلقلەر ئارىسىدا ساقلانماقتا. يازما ئەدەبىيات ـ ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئىش قوشۇش، ئۇنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى خەلقپەرۋەر ۋە ئالغا ئىنتىلگۈچى روھىنى قايتا گەۋدىلەندۈرۈش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى خەلقنىڭ ئۆلمەس ئارزۇ ۋە غايىلىرىنى تېخىمۇ يۇقىرى بەدىئىي ۋاستىلەر بىلەن گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ مەھسۇلىدىن ئىبارەت.يازما ئەدەبىيات ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سىستېمىسىدا ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى ئوتتۇرا ئاسىيا كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى، ئەڭ ئاساسلىق ۋە ئەڭ تەسىرلىك بىر تارمىقىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى «ئوغۇزنامە»، «چىستانى ئىلىك بەگ» قەھرىمانلىق داستانى، ئورخۇن ـ يەنسەي ئابىدىلىرى، ھەتتا مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك »تە مىسال كەلتۈرۈلگەن ئاجايىپ مول ئەدەبىي پارچىلار ھازىرمۇ بىر قاتار ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخىنى ئىزاھلاشتا بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇپ خىزمەت قىلماقتا. ئۇيغۇرلاردا يازما ئەدەبىياتنىڭ قاچان باشلانغانلىقى ئېنىق ئەمەس، شۇنداقتىمۇ بۇددا سۇترالىرى، بۇددا ھېكايىلىرى، بۇددا شېئىرلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى تەرجىمىسى، ئىجادىي شەرھى تەرجىمىسى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدا كۆرۈنەرلىك ئىپادىسىنى تاپقان. بىز كۆسەن ۋە بېزەكلىكتىكى بۇددا تاش كېمىرلىرىغا سىزىلغان كۆپلىگەن رەسىملەردىن ئەينى زاماندىكى تەسىرلىك ھېكايە ۋە چۆچەكلەرنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەدەبىياتشۇناسلار «ئالتۇن يارۇغ»نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى ئەنە شۇ خىل ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ بىر ئۈلگىسى دەپ قارىماقتا. يېقىندىن بېرى ئەدەبىياتشۇناسلار «مايترى سىمىت» درامىسىنى ئەنە شۇنداق يازما ئەدەبىياتنىڭ دراما ژانىرىغا مىسال قىلىپ مۇھاكىمە قىلماقتا. كۆلتېكىن، تونيۇقۇق، ماڭلىئان، بىلگە خاقان، كۈلىنچۇر، مويۇنچۇر مەڭگۈ تاشلىرىنى، يازما ئەدەبىيات شەكلىگە ئېلىنغان «ئوغۇزنامە»ئېپوسىنى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر قاتلام ئۇتۇقى دېيىش مۇمكىن. ئاپرىنچۇر تىكىن، ئاسىخ تۇتۇڭ، چىسۇيا تۇتۇڭ، قالىم كەيشى، پىراتيا ياشىدى، كىكى، جۇملىدىن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە تىلغا ئېلىنغان بىر قاتار يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئىسلامىيەتكىچە كۆرۈنەرلىك راۋاجلانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئالەمشۇمۇل تارىخىي ئەھمىيەتلىك يېڭى تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىنى نامايان قىلدى. قارا خانىلارنىڭ «خاقانىيە تىلى» دەپ ئاتالغان قەشقەرىيە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بۇ چاغدا ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىياتىنىڭ ئۆلچەملىك تىلىغا ئايلانغان ئىدى. بىر قاتار ئىلمىي ئەسەرلەر، جۈملىدىن ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ دىداكتىك داستانى «ئەتەبەتۇلھەقايىق»مۇ خاقانىيە ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان.چاغاتاي تىلى نامى بىلەن مەشھۇر بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى خاقانىيە تىلىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ يازما ئەدەبىيات 13 ـ 14 ـ ئەسىرلەردە غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتى شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

نەسىردىن رابخۇزى «قىسسەسئى رابخۇزى» ناملىق ئەسىرى بىلەن ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدا نەسرى ـ رومانچىلىقنىڭ ئۇلگىسىنى تىكلىدى. ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى ۋە ئەلىشىر ناۋايى قاتارلىقلار ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە شېئىرىي گۈزەللىكنىڭ مىسلىسىز يۈكسەك دەرىجىسىنى ياراتتى. لۇتفىنىڭ «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانى شېئىرىي رومانچىلىقنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى.ئەلىشىر ناۋايى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدا تەڭداشسىز ئەزىمەت، ھازىر 15 تومغا سىغدۇرۇلغان ناۋايى ئەسەرلىرى ئۇنىڭ كۆپ تەرەپلىمە تالانتىنى ۋە بىلىم دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ناۋايى لىرىك شائىر سۈپىتىدە 4263 غەزەل (سونېت)، كۆپلىگەن مۇستەھزاد، مۇخەممەس، مۇسەددەس، تەرجىبەند، قىتئە، رۇبائىي، لۇغىز، چىستان، مۇئەمما، تۇيۇق فەردلەر يازغان. ناۋايى شەرق خەمسىچىلىكىنىڭ ئەڭ ئالىي ۋە شۆھرەتلىك ۋەكىلى سۈپىتىدە 57 مىڭ مىسرالىق بەش چوڭ داستان ياراتقان، ئۇنىڭ بىرى «ھەيرەتۇل ئەبرار»دىن ئىبارەت دىداكتىك داستان بولۇپ، قالغان تۆتى «پەرھات ۋە شېرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «سەبئى سەييارە»، «سەددى ئىسكەندەر» قاتارلىق تۆت چوڭ شېئىرىي رومانىدۇر.

ئەلىشىر ناۋايى تىل، ئەدەبىيات، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، ئەدەبىيات تارىخى توغرىسىدا خاس ئەسەرلەر قالدۇرغان. ئەلىشىر ناۋايى يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە پەلسەپىۋى پىكىر تەرەققىياتىدىكى يەنە بىر جاھانشۇمۇل نامايەندە.

ئەلىشىر ناۋايىدىن كېيىن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاساس سالغان، ئەلىشىر ناۋايى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرغان ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە

بەدىئىي ۋاستىلەرنى بويلاپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئۈزۈلمەس دولقۇنلۇق ئېقىمىنى ھاسىل قىلدى. سەئىدى، رەشىدى، ئامانىنساخان، قېدىرى، ئايازبېك، خىرقىتى، زەلىلى، نۆبىتى، مۇھەممەد سادىق كاشغەرى، خامۇش ئاخۇن، ئابدۇرېھىم نىزارى، زىيائى، غېرىبى، سۈبۇرى، بىلال نازىمى، تەجەللى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق ئەدىبلەر مانا مۇشۇ ئۈزۈلمەس دولقۇنلۇق ئېقىننىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئاساسلىق ۋەكىللىرى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى جۇڭگو كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتىدىكى نادىر تارماق ئىكەنلىكى، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرق ئەدەبىياتى مۇنبىرىدىكى قىممەتلىك بايلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خەزىنىسىنى كۆپ تەرەپلىمە تونۇشتۇرۇش ۋە تەتقىق قىلىش ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى مەركىزىي ھالقا. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ بارلىق ژانىرلىرى رېئالىزم، رومانتىزم، لىرىكىزم ۋە دىراماتىزملىق ئۇسلۇبلار بويىچە چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ ساختىلىق، يامانلىق، خۇنۈكلۈككە قارشى كۈرەشنى ئىزچىل گەۋدىلەندۈرۈپ كەلدى ھەمدە پۈتكۈل غەرب ۋە شەرق خەلقلىرىگە ئورتاق بولغان ئۆلمەس كلاسسىك تېمىلارنى ئۆزىنىڭ باش ئىدىيۋى مەزمۇنى قىلىپ كەلدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ياراتقان ئوغۇزخان، چىستانى ئىلىك بەگ، كۆلتېكىن، ئىككى تىكىن، ئۈگدۈلمىش، پەرھات، گۈل ۋە نەۋرۇز، نەسىردىن ئەپەندى، نۇزۇگۇم قاتارلىق مەشھۇر بەدىئىي پېرسوناژلار ئەنە ئۇنىڭ تېپىك ئوبرازى بولدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ غايىۋى مەزمۇنلىرى ئىچىدە شەرق ۋە غەرب تېماتىكىسىنىڭ مەشھۇر ئۈلگىلىرىنى تېپىش مۇمكىن. ئەلىشىر ناۋايى «پەرھات ۋە شېرىن»، «سەددى ئىسكەندەر» ناملىق ئىككى شېئىرىي رومانىدا بۇ مەسىلىگە ئۈلگە تىكلىگەن.

چىن خاقانىنىڭ ئوغلى شاھزادە پەرھات ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىنىڭ شەرققە يۈرۈشىدە خوتەن شاھىغا بەرگەن «جاھاننامە» ئەينىكى ئارقىلىق ئەرمەن مەلىكىسى شېرىننىڭ جامالىنى كۆرۈپ ئاشىق بولىدۇ. شەرقتىن غەربكە ۋىسال سەپىرى باشلىغان پەرھات چىن خەلقىنىڭ ھۈنەر ماھارىتى ۋە گرېك مۇتەپەككۇرى سوقراتنىڭ ئۆگەتكەن ھېكمىتى بىلەن قوراللىنىپ شېرىننىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولىدۇ. ناۋايى «سەددى ئىسكەندەر» ناملىق شېئىرىي رومانىدا گرېك شاھزادىسى زۇلقەرنەيىنىنىڭ غەربتىن شەرققە يۈرۈش قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئارستوتىل پەلسەپىسى ۋە شەرق خەلقلىرىنىڭ داراغا قارشى كۈرەشتە ئۇنىڭغا ياردەم قىلغانلىقىغا تايىنىپ شەرقتە ئادالەت

ئورناتقانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ، ئەلشىر ناۋايى گرېك پەلسەپىسىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى تۆپەيلى تارىختىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيندىن تۆپتىن پەرقلىق بولغان غايىۋى پادىشاھ ئوبرازى ئارقىلىق شەرق ھاكىمۇتلەقلىقىنى مەسخىرە قىلغان. چاغاتاي ئەدەبىياتىدا «راھەتۇل قۇلۇپ» (قەلب ھۇزۇرى) چىن مەلىكىسى بىلەن غەرب شاھزادىسى ئوبرازىنى ياراتقان ئىدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ غايىۋى مەزمۇنلىرى ئىچىدە غايىۋى جەمئىيەت ۋە غايىۋى پادىشاھ توغرىسىدىكى ئوتوپىك ئىدىيىۋى تېما ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. مۇنداق غايىۋى جەمئىيەت ۋە غايىۋى پادىشاھ ئوبرازى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئىزچىل تەسۋىرلەنگەندىن تاشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلشىر ناۋايى، موللا ئەلەم شەھيارى، مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى قاتارلىقلارنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىدە نۇقتىلىق گەۋدىلەنگەن.ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇيغۇر مەنىۋى ھاياتىنىڭ ھەممە تارماقلىرىغا تۇتاشقان، ئۇ ماھىيەتتە پەلسەپە، ئاسترونومىيە، تېبابەتچىلىك، تارىخ ۋە ئەخلاقشۇناسلىقتىن ئىبارەت. «ئوغۇزنامە»، «زەپەرنامە»، «سەپەرنامە»، «غازات دەر مۈلۈك چىن» قاتارلىق ئەسەرلەر بىلەن «تەزكىرى بۇغراخان»، «تەزكىرى ئارسلانخان»، «تەزكىرى خوجىگان» قاتارلىقلار ماھىيەتتە بەدىئىي شەكىلدە يېزىلغان تارىختىن ئىبارەت. بىز كۆپلىگەن دىداكتىك ئەسەرلەردىن، رۇبائىي ۋە قىتئەلەردىن، ماقال ـ تەمسىللەردىن مول پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي مەزمۇنلارنى بىلىۋالالايمىز.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەرجىمە ئەدەبىياتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىشتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان. «ئالتۇن يارۇغ» ئىجادىي تەرجىمىنىڭ مۇھىم بىر نامايەندىسى، تۇرپاندىن «ماخاپخاراتا»، «رامايانا» قاتارلىق ھىندىستان داستانلىرى بىلەن «ئىنجىل»نىڭ تەرجىمە نۇسخىلىرى تېپىلدى. «مىڭ بىر كېچە»، «كەلىلە ۋە دىمنە»، «شاھنامە»، «شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «قابۇسنامە»، «زەپەرنامە» قاتارلىق شەرق ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتا سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ، لۇتفى، موللا خامۇش، موللا مۇھەممەد تۆمۈرى، سىراجىدىن مەھمۇد قاتارلىق مەشھۇر تەرجىمىشۇناسلار ئىجادىي ئەمگەك سىڭدۈرگەن. موللا مۇھەممەد تۆمۈرى تەرجىمىسىدىكى «كەلىلە ۋە دىمنە» ئابدۇللا مۇقەففا ئىشلىگەن ئەسلى نۇسخىسىدىن مەزمۇنلۇق چىققان بولۇپ، نۇرغۇنلىغان پەلسەپىۋى ۋە شېئىرىي پارچىلار بىلەن بېزەلگەن. ئەينى تەرجىمە ۋە بەدىئىي ئىش قوشۇپ تەرجىمە قىلىش ئۇيغۇر تەرجىمە ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم بىر ئەنئەنىۋى

ئۇسۇل.ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا فارابىنىڭ ئەرەبچە، باۋايى ۋە تەجەللىنىڭ پارسچە شېئىر يازغىنىدىن باشقا، يەنە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە سەيدۇل، سەۋىنچ قايار (گۇەن يۈنشى)، جامالىدىن، ئارقۇن سالى، تىكىن ساڭىيا قاتارلىق ئەدىبلەر ئىچكى ئۆلكىلەردە ياشاپ خەنزۇ يېزىقىدا ئەسەر يېزىپ، خەنزۇ ئەدەبىياتىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقى ئىلمىنىڭ بىر تارمىقى سۈپىتىدە ئۆتمۈشتە مەدرىسىلەردە ئۆتۈلۈپ كەلگەن بولسىمۇ، يېقىنقى زاماندا ئۈنتۈلۈش ھالىتىگە يېقىنلاپ قالغانىدى. ئۇيغۇر خەلقى «ئوغۇزنامە»، «قۇتادغۇ بىلىك»، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، «چاھار دىۋان»، «خەمسە»، «دىۋان زەلىلى»، «دىۋان نىزارى» قاتارلىق ئاساسلىق كلاسسىك ئەدەبىيات دەستۇرلىرىنى كەڭ نەشر قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ بولالمىغان ئىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقى تەتقىقاتى ھەر خىل ھاقارەتلىك ناملار ئاستىدا تەقىب قىلىپ كېلىنگەنىدى. ھازىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم دەرس قىلىپ ئۆتۈلۈشكە باشلىدى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نادىر ئەسەرلىرى نەشر قىلىنىشقا، تەتقىق قىلىنىشقا باشلىدى.ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يېپەك يولىدىكى بىباھا بايلىق. بىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنىڭ ھەر قايسى ئەللەردە مەيدانغا كېلىشىنى قارشى ئالىمىز. شۈبھىسىزكى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقى شەرق ۋە غەرب مەدەنىي ئالاقە تارىخىنى يورۇتۇشتا، يىپەك يولى مەدەنىيىتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تارىخىنى يورۇتۇشتا يەنىمۇ زور ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بېرىدۇ.

چوغدىل بلوگىدىن ئېلىندى.
http://choghdil.blogbus.com/logs/55161639.html

# قەدىمكى مەركىزى ئاسىيادا يېڭى تاش قوراللار دەۋرى

مەركىزى ئاسىيادا مۇز دەۋرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى باسقۇچتا ئىپتىدائىي ئىنسان تۈركۈملىرى كونا تاش قورال دەۋرىدىن يېڭى تاش قورال دەۋرىگە تەدرىجىي ئۆتۈش مۇمكىنلىكلىرىگە ئېرىشتى.يېڭى تاش قورال(نېئولىت) دەۋرىدە ئىنسانىيەت تەييار تاشنى قورال سۈپىتىدە ئىشلىتىش ۋە تاشنى يېرىپ، سۈقۈپ ـ سۇندۇرۇپ قورال قىلىشتىن تاشنى سىلىقلاپ ئىشلەشكە ئۆتتى. مېتال كەشىپ قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى ئەڭ كۈچلۈك جىسىم بولغان تاش ئەمدى ئىنسان ئېھتىياجى ۋە ئىرادىسىگە بېقىپ سىپتا قىلىنىپ پىششىقلاپ ياسالدى. تاشنى قىرىش، ئويۇش، تېشىش ـ ئەينى زاماندىكى تۈنجى «سانائەت ئىنقىلابى» بولدى. تاش ئوتىغۇچ، تاش پالتا، تاش قاچا، تاش نەيزە ۋە ئوقيا ئۇچى، تېشىلگەن تاش مونچاق قاتارلىقلار بۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولدى. يېڭى تاش قورال دەۋرىدە سۆڭەك، ياغاچ ۋە تېرە قوراللىرىمۇ زور ئىسلاھ قىلىندى. ئوتتىن كەڭ تۈردە پايدىلىنىش، تېرە ئەيلەش، يىڭنىدە تېرە كىيىملەرنى تىكىش ئاددىي كىگىز ـ پالاس ياساش، مېۋىلەر، كېيىنچە خېمىرلارنى ئېچىتىش، ھاۋانچا ۋە يارغۇنچاقنىڭ ياسىلىشى يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاجايىپ ئۇتۇقى بولدى. كېيىنچە تاغ ئۆڭكۈرلىرى، ساي ـ جىلغىلاردىن كۆپلەپ ساھىللارغا يۆتكەلگەن، ئىپتىدائىي ئېكىنچىلىق ۋە باقما چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئىپتىدائىي ئىنسان تۇپراقتىن ئوتتا ساپال بۇيۇملارنى پىشۇرۇشنى ئىختىرا قىلدى. تاشنى پىششىقلاپ ئىشلەش بىلەن ساپال(كاش، كۇلال) چىلىق يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئىككى قانىتى بولدى. ئىنسانىيەت تاكى ھازىرغىچە مۇشۇ يېڭى تاش قورال دەۋرىدە يارىتىلىشقا باشلىغان قورال ۋە بۇيۇملاردىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچكىنى يوق. ئۇلار تولۇقلاندى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، خالاس.

مەركىزى ئاسىيادا يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش شەكلى ئىپتىدائىي پادىلارچە تۇرمۇش شەكلىدىن ئانا ئۇرۇقى ـ تۇنجى ئائىلىق نەسىلداشلىق جامائەسىگە ئۆتۈش بىلەن خاراكتېرلەنگەن. دائىمىي تۇرارجاي، كوللېكتىپ ئەمگەك، ئۇرۇق ـ تۇلۇكنىڭ بىرقەدەر زاپاس ساقلىنىشى، پائالىيەت رايونلىرى ۋە پائالىيەت تۈرلىرىنىڭ كېڭىيىشى، نەسىل كۆپەيتىش ئېھتىياجلىرىنىڭ جىددىي بېسىمى، يات جامائەلەر ۋە ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنى شەكىللەندۈردى. ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى ئەڭ

دەسلىپىدە ئانا ھوقۇقىنى ئاساس قىلغان تەشكىلات ـ ئانا ئۇرۇقى جامائەسى(ماترىئارخاللىق تۈزۈمى) دىن باشلانغان.ئانا ئۇرۇقى جامائەسى مەركىزى ئاسىيا خەلقلىرى تارىخىدا ئىپتىدائىي قانداشلىق ـ ئۇرۇقداشلىق ـ ئېتنولوگىيىلىك ئاڭ بىلەن ئىپتىدائىي ھوقۇق ـ نوپۇز ئېڭىنى نامايەندە قىلدى. شۇ ئاساستا ئىپتىدائىي تەبىئەت ۋە ئىلاھىيەت قاراشلىرى، ئەم ـ ئىرىم ئادەتلىرى مەيدانغا كەلدى. يىراق ئەجدادلىرىمىز ئەگەر مۇز دەۋرى مۇھاسىرىسى ۋە غار تۇرمۇشىدا، تەييار تاش ـ توقماقلار بىلەن ئوتتىن پايدىلىنىپ، تەبىئەت قارىنىدا، تەبىئەتنىڭ ئىسيانكار بىر قىسمى ياشىغان بولسا، مۇز دەۋرىدىن كېيىنكى ئوچۇق زېمىندا مىللىيەتلىك تۇرمۇش رېلىسىغا قەدەم قويدى. مۇشۇ چاغدا، دەل مۇشۇ چاغدىلا مەركىزى ئاسىيا خەلقىگە مەركىزى ئاسىيا ئېتنىك تامغىسى بېسىلدى. ئانا ئۇرۇقىدىكى نىكاھىنىڭ چەكلىنىپ، باشقا ئۇرۇقلار بىلەن نىكاھلىنىشىنىڭ كۆچىيىشى قانداشلىق توقۇلمىسىنى كېڭەيتتى.

يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى ئانا ئۇرۇقى جامائەسىدە ئىنسانىيەت تەييار ئۆڭكۈرلەر ۋە قېزىلغان لەخمىلەردىن تاشقىرى يەنە ساتما ئۆيلەر ۋە چوڭ ـ كىچىك جامائە كەپىلىرى ياساشقان. ئۇلار دەريا ساھىللىرى ۋە بوستانلىقلارغا ئىجتىمائىي ھايات تورىنى يايدى. بۇ ھال ئىپتىدائىي ئىگىنچىلىق ۋە ھايۋانلارنى كۆندۈرۈپ ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ ئىمكانىيىتىنى پەيدا قىلدى.

ئوقيانىڭ كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىشى مەرگەن ـ ئوۋچىلارنىڭ يەككە پائالىيىتىگە مۇمكىنلىك يارىتىپ بەردى. ئىت ۋە ئوۋ قۇشلىرى ئۇنىڭ قوشۇمچىسى سۈپىتىدە كۆندۈرۈلدى. ئارقىدىنلا قوي، ئۆچكە، كالا قاتارلىقلارمۇ ئۆزلەشتۈرۈلدى. بۇ چاغلاردا ئات ۋە تۆگىلەر تېخى تەرسا ۋە ياۋا ئىدى. قارماق، تور ۋە نەيزىلەر بىلەن بېلىق تۇتۇش، ياغاچنى ئويۇپ(ياكى كۆيدۈرۈپ) ياسالغان قېيىقلاردىن پايدىلىنىش ئانا ئۇرۇقى جامائەسىدە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كۆپ تەرەپلىمە راۋاجلانغانلىقىنى نىشانلىدى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ئون مىڭىنچى يىللار ئىچىدە تۈركمەن ـ خۇراسان زېمىنلىرىدا مۇز دەۋرى ئاخىرلىشىپ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى بەش مىڭىنچى يىللاردا يەنسەي ـ ئوب ۋادىلىرى مۇزدىن يالىڭاچلىنىپ دەسلەپكى تېرىقچىلىققا مۇمكىنلىك ياراتقان بولۇشى ئېھتىمال. ئومۇمەن ئارخېئولوگلىرىمىز فرانسىيە ۋە ئىسپانىيىدىكى تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتىدىن باشقا جايلار ھەققىدە ئۆز مۆلچەرلىرىنى قىسقا ئىپادىلەشكەن. بىز ئىندىئان ئەجدادلىرىنىڭ سىبىرىيىدىن ئامېرىكا قىتئەسىگە پۈتۈنلەي يېڭى تاش قورال دەۋرى مەدەنىيەت مىراسلىرى بىلەن

مىلادىيىدىن 20 ـ 25مىڭ يىللار ئىلگىرى كۆچكەنلىكىنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا مەركىزى ئاسىيا قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك بىكىتىلگەن يىلنامىلەردىنمۇ مۇقەددەملىكىنى ھېس قىلىمىز.

1904 ـ يىلى ئامېرىكا ئارخېئولوگى پۇمپېللىي ئاناۋ ـ كوپېت تېغىنىڭ ئالدى ئېتىكىگە جايلاشقان ئاشخابات شەھىرى ئەتراپىدا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرىگە ئاساسلىنىپ تۇران زېمىنىدا مىلادىيىدىن توققۇز مىڭ يىللار ئىلگىرى يېڭى تاش قورال دەۋرى ھۆكۈم سۈرگەن دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن. ھ.پېئاكى بىلەن ج.ھ. فلېئورىنىڭ پىكرىچە، ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن مىسىر ۋە مىسوپوتامىيە (بابىل ئاسسۇرىيە) ئوخشاش دەۋرىدە يېڭى تاش قورال مەدەنىيىتىگە قەدەم قويغانلىقى ئېھتىمال.

ئانا ئۇرۇقى جامائەسىنىڭ قالدۇقلىرى تاشكەنت رايونىدا، چىرچىق دەرياسىنىڭ باش ئېقىنى ساھىلىدا، سەمەرقەنت يېنىدىكى دارغامدا، زەرەپشان ۋە سۇرخان دەريالىرى ۋادىلىرىدا كۆپلەپ تېپىلغان. تۈركمەنىستاندىكى قاراقۇم چۆللۈكىنىڭ جەنۇبىدىكى ساقماتاش ـ بېيك قۇم دۆۋىسى يېنىدا ئانا ئۇرۇقى جامائەسىنىڭ تۇرار جايى تېپىلغان. بۇ يەردىكى ئىككى مېتىر قېلىنلىقتىكى مەدەنىيەت قاتلىمىدىن تاش قىرغۇچ، تاش ئىدىش، تاش سوقماق، ھاۋانچا، تۇز سىزىقلىق نەقىشلەنگەن كاش(ساپال) قاچا سۇنۇقلىرى تېپىلغان. تۈركىستانىنىڭ جەنۇبىدىن تېپىلغان 100 ـ 120 كىشى سىغىدىغان جانباش قەلئەسى س.پ.تولستوف تەرىپىدىن مىلادىيىدىن تۆت مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئانا ئۇرۇقى جامائەسىنىڭ تۇرار جايى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

ئانا ساي ـ يەنسەي ۋە ئەنقار(ئەنگار) ۋادىلىرىدا كونا ـ يېڭى تاش قوراللار دەۋرى تۇتاشقان دەۋرىگە ئائىت تاش سۆڭەك قوراللار ۋە تاشلاردىن ياسالغان ئوچاق، كۇل قاتلىمى، جۇملىدىن بۇغا مۈڭگۈزىدە يېپىلغان كەپە تېپىلغان.مۇشۇ خىلدىكى مەدەنىيەت قاتلاملىرى شىمالىي قازاقىستان، ئالتاي، جەنۇبىي بايقال، تورا ۋە ئورخۇن ۋادىلىرى بىلەن ئوردۇس يايلىقىدىنمۇ تېپىلغان. موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بايانزاك دېگەن يېرى بىلەن زۇڭقارخان ئۇلا تېغىدىن تاش ئوچاق، تېشىپ ئىشلەنگەن تاش پارچىلىرى، ئىلمەك تاش پىچاق، تاش قىرغۇچ ۋە تاش ساداق بېشى تېپىلغان. ئارخېئولوگلارنىڭ بېردەك قەيت قىلىشىچە، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 4 ـ 5مىڭ يىللار ئىلگىرىلا بىپايان مەركىزى ئاسىيادىكى ئۇرۇقداشلىق جامائەلىرى ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت باغلىنىشى بارلىققا كەلگەن.

شىنجاڭ يېڭى تاش قورال دەۋرى يادىكارلىقلىرى ئەڭ كۆپ تېپىلغان

رايونلارنىڭ بىرى.

تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئوپال يېزىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىن ئاق دالا، قۇرۇق دالا، دۆۋۈلۈق، ئۆگۈلۈقتىن ئىبارەت توت ئورۇندىن سىلىقلاپ سىپتا ئىشلەنگەن تاش ئورغاق، يارغۇنچاق، تاشتاختا، تاش قاچا، تاش ئۇرچۇق، تاش پىچاق، تاشپالتا، تاش ساداق بېشى قاتارلىق بۇيۇملار بىلەن كاش كوزا ـ كورىلارنىڭ سۇنۇقلىرى تېپىلغان.قەشقەر شەھىرىدىن يەنى ئىلگىرىكى گېزىتخانا ئورنىدىن تاش كەتمەن تېپىلغان. ئېيتىلىشىچە، ھازىرقى قەشقەر قەدىمكى كاشچىلىق ـ ساپالچىلىق مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان. ئۇنىڭ «كاشغەر» دەپ ئاتىلىشى، ئۇنىڭ تۆمەن دەرياسى لېۋىدىكى يارلىقلىرىدىن يېقىنقى زامانلارغىچە «كوزىچىلار مەھەللىسى» دە ياشىغۇچى ماھىر ئۇستىلار ساپال چىلاپچا، ساپال ئىۋرىق، غېدىر، كۇپ، تەشتەك، ۋە چىراغدان ياسايدىغانلىقى دىققەتكە سازاۋەر. ئامېرىكا تارىخچىسى پروفېسسور مىككوۋېرن «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى مەملىكەتلەر» ناملىق كىتابىدا: ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يۈرىكى ھېسابلانغان تۈركىستاندا... ياشىغان بىر قىسىم خەلقلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ «كاش بۇيۇملىرىنى نەقىشلەپ ئىشلىگۈچىلەر» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ، دېگەنىدى.

يېڭى تاش قورال دەۋرىدىلا خوتەندە قاشتېشىدىن ھەرخىل سىلىقلانغان ئاددىي بۇيۇملارنى ياساش تەدرىجىي روياپقا كەلگەنىدى. بۇنداق بۇيۇملار ئەتىۋارلىق ھېسابلىنىپ يىراقلارغا ئېلىپ كېتىلگەن. كاسپىي دېڭىزىنىڭ جەنۇبىدىكى بېخشېخر رايونىغا جايلاشقان غارى قەمەربەند غارىدىن تېپىلغان چەتتىن كەلتۈرۈلگەن تاشپالتا بۇ نۇقتىنى تەستىقلايدۇ. خوتەن قاشتېشى تاش بۇيۇملار ئىچىدە مۆتىۋەر ئورۇن تۇتتى ۋە سېھىرلىك سانالدى. ئاپئاق ۋە سۈزۈك يۇرۇڭقاش ـ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە «يۈي» دەپ ئاتالدى. كېيىنكى زامانلاردىكى «قاشقوۋۇق» (قاشقاپقا) ئاتالمىسىمۇ مۇشۇ قاشتېشى بىلەن ئالاقىدار ئىدى. كونا نىيە دەرياسىنىڭ ئېقىن بويلاپ كەتكەن ۋادىلىرىدا يېڭى تاش قورال دەۋرى يادىكارلىقلىرى كۆپلەپ ئۇچرايدۇ.

ستەين 1906 ـ يىلى دېكابىر ئېيىدا كونا لوپ يولىدىكى كاكىلىكنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئابدال بېلىقچىلار كەنتىنىڭ ئادەم ئىزى ئۆچكەن كونا يولى بىلەن مېڭىپ يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت كۆپلىگەن بۇيۇملارنى تاپقان. ئۇ ئۆزىنىڭ «سېرىندىيا» ناملىق كىتابىنىڭ 10 ـ بابىدا بۇ ھەقتە ئىزاھات بېرىش بىلەن بىللە كىتابىنىڭ 30 ـ نومۇرلۇق قىستۇرما رەسىمدە بۇ ھەقتە نۇسخىلار كۆرسەتكەن. ستەين 140 پارچە بۇيۇمنى تەتقىق قىلىپ ئۇنى مۇشۇ جاينىڭ مەھسۇلاتى دېگەن تونۇشقا كەلگەن. چۈنكى ياسالغان

توقۇلمىلارمۇ شۇ زامانلاردا پەيدا بولغان.
ئاقسۇ ۋىلايىتىگە تەۋە قارا يۇلغۇن دېگەن جايدىن چاقما تاش قوراللىرى بىلەن سۆڭەك بىگىز ۋە كۆپلىگەن گىل رەڭلىك كۆك نەقىشلىك كاش ئىدىش پارچىلىرى تېپىلغان. باي ناھىيىسىنىڭ قىزىل دەريا ۋادىسىدىن رەڭدار ساپال جام، رەڭدار ساپال كوزا ۋە تەشتەكلەر تېپىلغان. ئۇنىڭدىن تېپىلغان قۇلاقلىق ساپال كوزا بىر قەدەر نەپىس ياسالغان. قارا شەھەرنىڭ ئۇششاقتال قارا موران ۋادىسىدىن تاش چاق ۋە رەڭدار ساپال بۇيۇم سۇنۇقلىرى تېپىلغان.
ئالتايدىن قوش ساپاقلىق تاش كوزا، موڭغۇلكۈرەدىن تاش كوزا(ئاياغ)، قۇلاقلىق ساپال كوزا، غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى مازار دۆڭدىن تۆشۈك تېشىلگەن تاش پالتا، ھاۋانچا تېشى قاتارلىقلار تېپىلغان.
تەڭرىتاغلىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان ئۈرۈمچى، مورى، چىتەي قاتارلىق جايلاردىن بىر تۈتاش تاش ـ ساپال بۇيۇملار تېپىلغان. ھازىرقى كۈندە چىتەينىڭ بەنچىگۇ، مورىنىڭ سىداۋگۇ، ئۈرۈمچىنىڭ يۇئېرگۇ ۋە ئالغوي غوللىرى خارابە ئىزلىرى ئوتتۇرا تەڭرىتاغ يېڭى تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتى ئىزلىرى بولۇپ قالدى. مورى سىداۋگۇ جىلغىسىدىن ئېپتىدائىي ئوچاق، سۆڭەك بىزەك ۋە سۆڭەك يىڭنە قاتارلىقلار بىلەن ساپال بۇيۇملار تېپىلغان. ئۈرۈمچى يۇئېرگۇ ۋە ئالغوي غوللىرىدىن قەدىمكى تاش قەبرىلەر، رەڭلىك ساپال بۇيۇملار، سۆڭەك قوراللار بىلەن مىس بۇيۇملار كۆپلەپ تېپىلغان. پىچاننىڭ خىشچىيەنزى دېگەن يېرى بىلەن تۇرپاننىڭ ئايدىڭكۆل، يارغول، قارا خوجا، ئاستانە دېگەن جايلىرىدىنمۇ ئۇچلۇق تاش، تاش قىرغۇ، سىلىقلىغۇچى تاش، تاش مونچاق، تاش پالتا ۋە كۆپلىگەن ساپال بۇيۇملىرىنىڭ سۇنۇقلىرى تېپىلغان. بۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر قۇلاقلىق چەشكە، ئۇستى گىلرەڭ ئاستى قارامتۇل نەقىشلەنگەن ساپال قاچا، تېگى تۈز، بويىنى ئۇزۇن رەڭلىك ساپال چۆگۈن قاتارلىقلار بار.
قۇمۇل ـ ئاراتۈرك ـ باركۆل دىيارىدا تېپىلغان تاش قوراللار ئىچىدە قۇمۇل تۆمۈرتى سېرىق تۆپىلىكىدىن تېپىلغان تاش قىرغۇ، تاش مىغىز، كەھرىۋا قوراللار بىلەن يەتتە قۇدۇقتىن تېپىلغان چوڭ تاش پالتا ۋە كۆپلىگەن سىپتا تاش قوراللار تېخىمۇ يىراق زامانلاردىن ساقلانغان. ئاراتۈك(ئېۋىرغول) كارساك توقايلىقىدىن تاش ئوتىغۇچ، سوقما تام تېشى، تاش قاچا، سۆڭەك بىگىز، سۆڭەك پىچاق ۋە كۆپلەپ ساپال بۇيۇملار تېپىلغان. باركۆلدىن شۇ خىل تاش قوراللار بىلەن قوش قۇلاقلىق رەڭدار ساپال قومرا تېپىلغان. باركۆل داخې يېزىسىدىن تېپىلغان بىر قۇلاقلىق ساپال قاچىغا گېئومېترىك نەقىش سىزىلغان. قۇمۇل لاپچۇق قارا دۆڭ قەدىمكى

قەبرىلەردىن كۆپلەپ رەڭدار ساپال ئىدىش پارچىلىرى تېپىلدى. «موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى» دا قەيت قىلىنىشچە، «يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار جۇڭگونىڭ سەددىچىن رايونى، ئوردوس، رېخى ۋە لوپنۇر ئەتراپى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى يېنىدىكى تۇرپان بوستانلىقلاردىن تېپىلغان قېزىلمىلارغا تولىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ»①.

شۇ نەرسىنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، ئۇزاق سوزۇلغان ئانا ئۇرۇقى دەۋرى ئۇتۇق ۋە مۇتەپەككۇر، ئېتىقاد ۋە سەنئەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشتى. تىلنىڭ ـ بىر قەدەر ئېنىق، بىر قەدەر مۇرەككەپ لۇغەت فوندى ۋە گراماتىكىلىق تۈزۈلۈشىگە ئىگە بولغان تاۋۇشلۇق تىلنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ تۇنجى مەنىۋى مەدەنىيەت مەشئىلى سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ ئىلگىرىلەش يولىنى يورۇتتى. ئەجدادلىرىمىز تەپەككۇرى پادىلىق دەۋرىگە كۆرە يېڭى بىر تارىخىي شەكىلگە ئېرىشتى. ئەڭ ئىپتىدائىي ئېستېتىك تەپەككۇر ۋە مەنتىقىي تەپەككۇر ئۆز قۇدرىتىنى ماددىي ھايات ساھەسىدىمۇ يەنى ئەخلاق، ئېتىقاد ۋە بەدىئىي تەسەۋۋۇر ساھەسىدىمۇ نامايان قىلىشقا باشلىدى. قاچىلاش، ساقلاش بىلەن كىشىلەردە ئاددىي ھېسابات ۋە ئاددىي بەلگە ـ تامغا ئېھتىياجلىرى تۇغۇلدى. مونچاق، تەسۋىرىي شەكىلدىكى تىزىق تاش ـ سۆڭەكلەر بىلەن ئاددىي ئېروگلىفلىق بەلگە ـ تامغىلار مەيدانغا كەلدى. ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ تۈرلۈك ئۇندۇرمىلىرى مۇشۇ دەۋردە ـ مۇشۇ ئۇلۇغ پەيدا بولۇش ـ گېنېئالوگىيىلىك دەۋردە ئوچۇق ياكى ئۇندۇرمە ھالەتتە مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى.

يېڭى تاش قورال دەۋرى ناھايىتى ئۇزاق داۋام قىلدى. ئۇنىڭ داۋامىنى بىز كېيىنكى مېتال قوراللار دەۋرىدىمۇ ئۇچرىتىمىز. ئانا ئۇرۇقى جامائەسىمۇ ناھايىتى ئۇزاق داۋام قىلدى. ئۇنىڭ تەسىرى ئاتا ئۇرۇقى تۈزۈمى(پاترىئارخاللىق) جامائەسى ۋە ھەتتا سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر شەكىللەنگەن زامانلاردىمۇ ھەر خىل دەرىجىدە، ھەرخىل تۈستە داۋام قىلدى. يېڭى تاش قوراللار دەۋرى ۋە ئانا ئۇرۇقى جامائەسى مەركىزى ئاسىيا ئىنسان تۈركۈمى ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مەدەنىيەت تېپىنى پەرۋىش قىلغان ئۇلۇغ ئوماي ـ مۇقەددەس ئانا قارنى بولدى. مەركىزى ئاسىيالىقلارنىڭ ئانا ۋە ئايال ئوبرازىغا بولغان ھۆرمىتى، ئايالىلىقنى ئىلاھىيلاشتۇرۇشى ئۇلارنىڭ ئادەت ۋە ئېتىقادلىرىدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ ھال مورگاننىڭ «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق كىتابىدا ئارىيانچە ۋە تۇرانچە نىكاھ شەكلى تەرزىدە تەكىتلەنگەن.

مەركىزى ئاسىيا قەدىمكى خەلقلىرى تارىخىدا مىس ۋە تۇچ (برونزا) قوراللىرىنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى ۋە مال ـ چارۋىچىلىقنىڭ كېلىپ چىقىشىنى نامايەندە قىلغان تۇنجى قېتىملىق چوڭ كۆلەملىك ئىش تەقسىماتى ئانا ئۇرۇقى تۈزۈمىنىڭ بىر قانچە مىڭ يىللىق ئۇلىنى تەۋرىتىپ «ئائىلىدە ئىنقىلاب پەيدا قىلدى»②، نەتىجىدە «ئايال جىنسى ئىككىنچى قاتارغا سىقىپ چىقىرىلدى»③، ئاقىۋەت ئانا ئۇرۇقى جامائەسىنىڭ ئورنىنى ئاتا ئۇرۇقى جامائەسى ئالغانلىقى بىلەن تۈگەللەندى.

ئەلقۇت مەرىپەت توربىتىدىن ئېلىندى.
http://www.elqut.cn/e/action/ShowInfo.php?classid=112&id=25562

# ئۈچ خىل مىللەت ۋە مىللىيەتلىكتىكى ئۈچ خىل قىممەت

[پەلسەپىۋى ئەسەر]

بىز قەدىمكى يىپەك يولى خارابلاشقاندىن كېيىنكى كەنجى ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىنى باشتىن كەچۈرۈپ، كۆپ قىرلىق، كەسكىن رىقابەتكە تولغان بۈگۈنكى دۇنياغا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش قىممىتى بىلەن راۋاجلانغان مىللەتلەر قاتارىدا گۈللەپ راۋاجلىنىش قىممىتى ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسال (ئومۇملاشقان) ئەۋزەللىككە ئىگە بولغان رىقابەت ئىقتىدارىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. ۋەھالەنكى، پۈتۈن ھاياتىي كۈچ ئىقتىدارىنىڭ مەركەزلىشىش، مۇجەسسەملىشىشىدىن تەشكىل تاپىدىغان بۇنداق ئۇنىۋېرسال رىقابەت قىممىتى ھەر بىر ئىنسان ئۈچۈن، ھەر بىر مىللەت ئۈچۈن، ھەر بىر مەملىكەت ئۈچۈنمۇ ئاساسلىق ھايات ۋە قابىلىيەت دەرىجىسىدۇر. ئادەمنىڭ ھاياتىي كۈچى، ئىممۇنىتېت ھالىتى، مىزاج ـ خىلىتلىرى ئۇنىڭ ئىچكى ئەزالىرىدا مۇجەسسەملىشىپ، بەدىنىنى ئوراپ تۇرغان نۇر چەمبىرىكى ـ «ئائۇرا» جىلۋىلىنىدۇ. بىر مىللەتنىڭمۇ ئۆتمۈش تارىخى ئەمەس، ھازىرقى ئائىلە ـ جەمئىيەت، مىللەت ئەھۋالى، مەنىۋى ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى، ئىقتىدار ھالىتى ئۇنىڭ ھاياتىي سۈپەت ئىقتىدارىنى، رىقابەت ئىقتىدارى ۋە ئىجادىيەت كۈچلىرىنى ـ قىسقىسى، ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارىغا مەركەزلىشىشىدىكى سەۋەب شۇكى، يەر يۈزىدىكى نەچچە مىڭلىغان مىللەتنى، تارىختا نامى ئۆچكەن ياكى ھاياتىي ئىقتىدارىنى نامايانىدە قىلغان مىللەتلەرنى سېلىشتۇرۇپ ئۆلچەيدىغان، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە «پال» ئاچىدىغان بىرلا مىزان بار، ئۇ بولسىمۇ ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىدۇر .

ئېيتىش كېرەككى، ھەر بىر ئادەمنىڭ مەيلى تۇغما قابىل ياكى ساھىبجامال بولسۇن، مەيلى يۇقىرى دەرىجىلىك سىياسىيون ياكى جامائەت ئەربابى بولسۇن، مەيلى ئىقتىساد ياكى ئىلىم ـ پەن، سەنئەت بىلەن شۇغۇللانغان بولسۇن، ئۇنىڭ كامالەت ياكى مەئىشەت دەرىجىسى، شەخسىي ئىززىتى ۋە رىقابەت كۈچى، بەختى ۋە تەقدىر ـ قىسمەتلىرى ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ شەخسىي ئىرادىسى ياكى مۇناسىۋەت ئەۋزەللىكى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى ھالقىپ ـ قاڭقىپ چىقىپ كېتەلمەيدىغان، تەۋە ئېتنىك تۈركۈمنىڭ ئومۇمىي ھالەت چەمبىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. مانا بۇ شەخس تەقدىرىنىڭ مىللەت ھالىتىگە بېقىنىش

قانۇنىدۇر.
هازىرقى دۇنيا مىللەتلىرىنى ئۇلارنىڭ مەلىكە ـ كامالەت ۋە رىقابەت ئىقتىدارىغا قاراپ ئۈچ خىلغا بۆلۈش مۇمكىن. ئۇلار: «ئېتنولوگىيىلىك مىللەت»، «ئىجتىمائىي مىللەت» ۋە «سىياسىي مىللەت»تىن ئىبارەت.
«ئېتنولوگىيىلىك مىللەت» دېگەندە، ئومۇمەن مىللەتشۇناسلىق شەرتلىرى بويىچە ئۆلچىگەندە، مىللەتلىك شەرتلىرى تولغان مىللەتنى نەزەردە تۇتىمىز. ئۇيغۇرلار ئۆز تىل ـ يېزىقى، تارىخى، فولكلور بايلىقى، مائارىپ سىستېمىسى، مۇقام ـ مەشرەپ خەزىنىسى، كلاسسىك ۋە يېڭى زامان ئەدەبىياتى، توي ـ تۆكۈن ۋە ئۆلۈم ـ يېتىم يوسۇنلىرى، مىللىي مەدەنىيەت ئىرسىيىتى بولغان تىپىك ئېتنولوگىيىلىك مىللەتلىكى سۆزسىز. ئۇلاردىكى كۆپلىگەن ئىپتىخارلىق خاسىيەتلەر بىلەن بىر قاتار ئىللەتلەر، دەل مۇشۇ مۇقامغا يەتكەنلىك، ئەمما ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتەلمىگەنلىك بىلەن توغرا تاناسىپتۇر. كۆپ هاللاردا ئۇلار مىللەتنىڭ ئىپتىخارى ۋە ئار ـ نومۇسىغا چېتىلىدىغان نەرسىلەرگە كۈچلۈك غەزەپ ـ نەپرەت ئىپادىلىسىمۇ، ئۇنى ئاقىلانە تەهلىل قىلىش، راست ـ يالغانلىقىنى پەرقلەندۈرۈشتە ئاجىزلىق قىلىدۇ. مۇشۇ ئاجىزلىقىدىن ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە هەتتا ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىگە قارشى سۆز ـ چۆچەككە سېلىش مۇمكىن. مانا بۇ گۇماندا بولۇپ، ئىشەنچتە بولماسلىق، غەزەپتە بولۇپ ئەقىلدە بولماسلىقتۇر.
«ئىجتىمائىي مىللەت» دېگەنلىك ئېتنولوگىيىلىك مىللەتنى «تەبىئىي مىللەت» دەپ قاراشقا سېلىشتۇرما قىلىنغان. ئېتنولوگىيىلىك مىللەتتىن ئۆزىنىڭ بىر بالداق ئۈستۈنلۈكى بىلەن خاراكتېرلەنگەن مىللەتتۇر. ئەگەر بىز ئېتنولوگىيىلىك مىللەتنى ئومۇمىي تۇركۇم ئېڭى ۋە مىللىي هەمدەملىككە ئېرىشمىگەن مىللەت دەپ قارىساق، ئىجتىمائىي مىللەتنى بۇنداق ئاڭ، بۇنداق هەمدەملىككە ئېرىشكەن مىللەت دېيىشىمىز مۇمكىن. ئىجتىمائىي مىللەتنى ئېتنولوگىيىلىك مىللەتتىن ئۈستۈن قىلغان نەرسە ئۇنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە خاس بولغان تۇركۇم ئېڭى، كۈچلۈك ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچى، ئائىلىق ئەنئەنىۋىي مەدەنىيەت ئىزچىللىقى ۋە بۇ ئۈچىدىن مۇجەسسەم بولغان ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئۈستۈنلۈكىدىن ئىبارەت. دەرۋەقە، ئىجتىمائىي مىللەتنىڭمۇ بىر قاتار خۇنۇكلۈكلىرى، زەئىپلىكلىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلاردىن ئۇنىڭ ئەۋزەللىكلىرى ئاللىقانداق ئۈستۈن بولىدۇ. ئۇلار بىكار تەلەپ لايىغەزەللىك، تەلۋىلەرچە هەشەمەتخورلۇق، مىللەتنىڭ هەمدەملىكىدىن ئېشىپ چۈشكەن يۇرتۋازلىق، ئۆز مەنپەئەتى ياكى گۇرۇھ مەنپەئەتى ئۈچۈن مىللەت گەۋدىسىنى پېتىقلاپ دەپسەندە قىلىشتىن خىلىلا چەتلەشكەن. بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ

ئۆز قېرىنداشلىرىغا خەيرخاھلىق ـ تىلەكداشلىق قىلىش ئۇلارنىڭ دائىمىي ئالامىتى.

«سىياسىي مىللەت» دېگەن ئىبارە مىللەتلەرنىڭ كامالەت دەرىجىسىنى، «ئىجتىمائىي مىللەت» كاتېگورىيىسىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلغان بولۇپ، ئادەتتىكى سىياسىي سەلتەنەت مەنىسىگە قارىتىلمىغان. «سىياسىي مىللەت» ھازىرقى زامان مىللەتلىرى ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى مىللىي ـ ئەنئەنىۋىي مەدەنىيەت، مىللىي ئاڭ ۋە بىرلىك ھەمدەملىككە، رىقابەت ۋە ئىجادىيەت ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ بىر قاتار ئۆزگىچە ئالامەتلىرى بىلەنمۇ كۆزگە تاشلىنىدۇ. ئۇلار يالغۇز پەن ـ تېخنىكا، تاۋار ۋە سودىدا دۇنياۋى تەسىر قوزغاپ قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرمۇشنى تەشكىللەش، تۇرمۇش مەدەنىيىتى جەھەتتىنمۇ باشقا خەلقلەرنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىغان.

ئۇلار ئۆز مىللىي تۈركۈمىنى ئەۋزەللىك بىلەن گەۋدىلەندۈرۈپ قالماستىن، يەنە ئۆز ـ ئۆزىدىن ھالقىغان. ئۆز مىللىتىنىڭ ئىجتىمائىي مىللەت، «تەبىئىي مىللەت» چاغلىرىدىكى غەيرىي ئىنسانپەرۋەر، غەيرىي مەدەنىي ئىللەتلىرىنى ئاشكارا، سىستېمىلىق تەنقىد ـ مەسخىرە قىلىشقا تۇتۇنغان. بۇ ھەقتە ئەسەرلەر نەشر قىلغان، كىنو ـ فىلىملەر ئىشلىگەن;

ئۇلار نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ۋە ئاساسىي نەزەرىيە تەتقىقاتىدا، ئىنسانىيەت تارىخىنى كەلگۈسى كامالەتكە ئېرىشتۈرۈش ئىزدىنىشىدە ھەممىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. توپلىشىپ ياشايدىغان ياپونلار بىلەن تارقىلىپ ياشاش ئازابىنى باشتىن كەچۈرگەن يەھۇدىيلارغا نەزەر سالساقلا كۇپايە.

ياپونلار كىچىككىنە ئۇنۇمسىز، تاغلىق ئارالنى ماكان قىلغان، مەدەنىيەت تارىخىغا خېلىلا كېيىن قەدەم قويغان مىللەت. ئۇلاردىكى ياشاش رىقابەت كۈچى، تۈركۈم ئېڭى ۋە مىللەتنىڭ قاتتىق ھەمدەملىكىگە شۇ قەدەر زىچ مەركەزلەشكەنكى، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئۆز زېمىنىدىكى ۋە چەت ئەلدىكى ھەر بىر قەدىمى، ھەر بىر سۆزى، ھەر بىر ھەرىكىتىگە مىللىي نومۇس ـ ئىپتىخارىنى ئۆلچەم قىلغان. ئۇلار خەلق ئىگىلىكى بىلەن خەلق تۇرمۇشىنى يۇقىرى ئۈنۈمدارلىق مۇمكىنلىكى ئۈستىگە ئۆيۈشتۇرغان.

يەھۇدىيلارمۇ شۇنداق خەلق. ئۇلار تارىخىي ھادىسىلەر سەۋەبىدىن چەت ئەللەرگە چېچىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، نەدە تۇرمۇش پاراۋان بولسا شۇ يەرگە ئۆزىنى ئاتماي، يەنىلا كىچىككىنە بولسىمۇ، ئانا زېمىنى ئىسرائىلىيىگە تەخىرسىز توپلىنىپ، تېز ئارىدا كۈچلۈك رىقابەت قۇدرىتىگە ئېرىشتى.

ئەلۋەتتە، بىرىنچىدىن، ھازىرقى بۇ ئۈچ خىل مىللەت كاتېگورىيىسى تۇغما ياكى ئۆزگەرمەس قېلىپتا قويۇلغان ئەمەس. ھەرقانداق مىللەت ئۆزىنىڭ

يېتىلىش تارىخىدا بۇ پەللىلەرنى بېسىپ ئۆتۈشى ياكى چېكىنىپ تۆۋەنلەپ كېتىشى مۇمكىن. ئىككىنچىدىن، ھازىرقى زامان مىللەتلىرى ئىچىدىكى يۇقىرى كاتېگورىيىدە تۇرغان مىللەتمۇ تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئاجىزلىقلار، بوھران ۋە زىلزىلىدىن خالىي ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئالدىدىمۇ تېخىمۇ يۇقىرى كامالەتكە يۈزلىنىش مەسىلىسى مەۋجۇت.

مانا، ھازىرقى جاھان مىللەتلىرىنىڭ قول ئىلكىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى، تۇرمۇش رىزقى، يۈز ـ ئابرۇيى، مەتبۇئات نوپۇزى، تونۇلۇش دەرىجىسى، تەسىر دائىرىسىنى بەلگىلەپ تۇرغان ئۈچ تامغا!

مانا ئەمدى ئۆزىمىزگە قايرىلىپ قاراپ باقايلىچۇ!

ئۇلۇغبەگ پاجىئەسىدىن كېيىن ئەدەب ـ شائىرلىقتىن باشقا بىزدە كۆرۈنگەن ئالەمشۇمۇل ئالىملار چىقمىدى، مەنىۋى مەدەنىيەت خەزىنىمىز ھېسسىي سەنئەت ۋە ئەدەبىياتنى بىردىنبىر ئىپتىخار پەللىسى قىلىشقا مەجبۇر بولدى. قولىمىزنىڭ يەتكىنى ئۇسسۇل، دىمىمىزنىڭ يەتكىنى ناخشا بولدى! بىز «ئېتنولوگىيىلىك مىللەت» كاتېگورىيىسىدىكى «ناخشا ـ ئۇسسۇل مىللىتى»، «شېئىرىيەت مىللىتى» بولۇپ قېلىۋەردۇق. بوياقچىدىن ئارتۇقراق خىمىك، تۆمۈرچىدىن ئارتۇقراق فىزىكلىرىمىز بولمىدى...

سەنئەتتە داڭق چىقارغان، سەنئەتكە يۆلىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان سىگنالارنىڭ ئاقىۋەتتە يۇرت ـ ماكانسىز جاھان كېزىپ، تىلەپ ـ تېرىپ ياشاشقا چۈشكەن لاماكانلىقى بىلەن، تارىخ بورانلىرىدا چېچىلىپ، جەڭ ـ جېدەللەردە قىرىلىپ ھالى قالمىغان يەھۇدىيلارنىڭ نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ۋە ئۆتكۈر پەنلەرگە بولغان يۈكسەك ئېتىبارىدىن «ئالىملار مىللىتى»، قۇدرەتلىك، زامانىۋى مىللەت كامالىتىگە يەتكەنلىكىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرمىدۇق.

«شېئىر مىللىتى» دېگەن نام بىلەن «تالانتلىق»، «ئاتاقلىق» ئىبارىلەرگە مەست بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرىمىز نىمىشقا مىللىتىمىزنى «ئېتنولوگىيىلىك مىللەت»تىن ھېچبولمىغاندا «ئىجتىمائىي مىللەت»لىك مۇقامىغا كۆتۈرمىگەنلىكىنى ئويلاپمۇ كۆردۇقمۇ؟

ھەممىگە مەلۇم، ئۇلۇغبەگ پاجىئەسىدىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇرلار ھەرگىزمۇ نوقۇل «كەتمەن بىلەن ھوسۇل»، «ناماز بىلەن غۇسۇل»، «دۇتار بىلەن ئۇسسۇل»دىن ئىبارەت بارى ـ يوقى ئۈچلا شادىلىق پىرقىرىما چاققا بەند بولغان مىللەت ئەمەس ئىدى.

قېنى ئويلاپ كۆرۈڭچۇ، بۈگۈنكى كۈندە مەنسەپ تاپسا ئۈيمۇ ـ ئۈي زىياپەت، پۇل تاپسا مەككە ـ مەدىنىگە زىيارەت، بۇ ئىككىسى بولمىغاندا كاللا ـ پاقالچاق، ئۆپكە ـ ھېسىپ چاغلىق تىجارەتتىن باشقىسىغا قۇربىتى

يەتمىگەن خەلق يەنىلا كونا مۇقامغا يورغىلىسا، ئەسىر ئالماشقان بىلەن ئۇنىڭ رىزقى نېسىۋىسى ئالمىشارمۇ؟!

يېقىنقى بەش ئەسىر مابەينىدە «ئەۋلىيا چەتتىن، مۇرت بىزدىن» بولۇپ، ئىچكى نىزا ۋە تەپرىقچىلىكتە ئېرىشكىنىمىز زادى نېمە بولدى؟

يېقىنقى بەش ئەسىردىن بۇيان دىنىي مەزھەپچىلىك بىلەن مۇرت ـ مۇخلىسلىق پىرقىۋازلىق، يۇرتۋازلىق ـ مەھەللىۋازلىق، موللام ياكى ئەپەندىلىرىمىزدىكى كىچىك گۇرۇھۋازلىق، ئەل غېمىنى مۇز دەرياغا پىرقىرىتىپ چۆرۈۋەتكەن مەنسەپ ـ بالداق ھېرىسمەنلىكى، تۈركۈم ئېڭى ۋە مىللىي مەدەنىيەت ئىنكارچىلىقىنىڭ تەلۋە دەبدەبىلىرى بىلەن دەل ـ دەرەخسىز جەزىرىدىكى قۇيۇنتازدەك مەسئۇلىيەتسىز پىتنە ـ ئىغۋا تۆھمەتخورلۇق قاتارلىق ئالتە زەھەر تۇپەيلىدىن «ئوغۇز سۇتىدەك ئۇيۇماق» دېگەن مەنىدىكى «ئۇيغۇرلار» ئۇيۇشۇش كۈچىنى «ئېچىغان سۈت»كە ئايلاندۇرۇپ قويدى. نەتىجىدە «ئىسمىمىز ئۇيغۇر، ئىشىمىز ئۇرغۇي » بولۇپ چىقتى.

گەرچە تارىخىمىزنىڭ ئىپتىخارلىق سەھىپىلىرى بىر ـ بىرىدىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلەنسىمۇ، ئەمما بىر قەدەر كۈچلۈك ئۇيۇشقاقلىق ئۇلىدا جىلۋىلەنگەنىدى. ئۇيغۇرلار دىغار، هون، تېلى قەبىلىلىرى بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنى بىرلەشتۈرۈپ جۇرجان ۋە كۆكتۈرك خانلىقىنى غولىتىپ ، تاڭ سۇلالىسى سەلتەنىتىنى ئۆكتىلۈك ـ سۆيگۈن قوشۇنلىرى بىلەن تۇبۇتلەرنىڭ تالاڭ قىلغۇچ مۇھاسىرىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، يىپەك يولىنى نەچچە قېتىم ئۈزۈپ قويغان كۈچلەرنى تازىلاپ، سامانىيلارنى مۇنقەرز قىلىپ، ئۆز تەسىرىنى ئەرەب خەلىپىلىكىگىچە كېڭەيتىپ، ئۆز تىلىنى ئىمپېرىيە تىلى—ئەرەب تىلى بىلەن «بەيگىدىكى ئاتتەك» مەرتىۋىگە كۆتۈرۈپ، ئىچكى ئۇيۇشۇش ۋە سىرتقا قارىتا بىرلىك ـ ھەمدەمىلىكنىڭ شاراپىتىنى نامايىش قىلغانىدى. ۋەھالەنكى ، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىنى چېكىندۈرگەن، چىڭگىزخان سەلتەنىتىگە مەنىۋى ئوزۇق بېغىشلىغان بۇ خەلق كېيىنچە، ئەخمەتشاھ قاراقاش غەزىلىدىكى «ئات» ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى!

بىلىشىمىز كېرەككى، ئىنسانىيەت دۇنياسىدا بىزگە ئەقىل ـ ئىدراكىمىزدىن باشقا ھېچقانداق خىزىر رەھنەما ئەمەس!

(«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى» گېزىتىدىن ئېلىندى)

ئوكيان قامۇس توردىن ئېلىندى.

http://qamus.okyan.com/View.aspx?ID=8361

# مىللىي مائارىپ ۋە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر

«شىنجاڭ سەنئىتى » ژۇرنىلىنىڭ بۇ يىلقى خەنزۇچە 1 ـ سانىدا بېسىلغان ، خەن زىيۇڭ، لي لىن ئىسىملىك ئىككى ئاپتور يازغان«تەبىئەت، مەدەنىيەت، ئىنسان» ناملىق ماقالىنى ئوقۇپ، غەربى دىياردا ياشاپ كەلگەن يەرلىك مىللەتلەرنىڭ روھىيىتىدىكى ئاجىزلىقلار ۋە مىللى مائارىپىمىز توغرىسىدا ئويلىنىپ قالدىم.

ماقالىدە غەربىي دىيارنىڭ « تەبىئەت ئانىسى» مۇھىتىدا كۇچلۇك ، مىللى ئۇيۇشۇشچانلىق ئاجىز، سودا ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارى كۇچلۇك، سىياسى ئىقتىدارى ئاجىز، ھېسسىياتچان ئىقتىدارى كۇچلۇك ، ئەقلى بىلىش ئىقتىدارى ئاجىز، يېڭىلىققا قىزىقىش ئىقتىدارى كۇچلۇك، ئۆزىنى بىلىش ئەنئەنىسىنى قەدىرلەش ئىقتىدارى ئاجىز ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ ، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك ئائىلىسىنىڭ روھى مەدىنىيەت تۇزۇلمىسى بىلەن سېلىشتۇرۇلغان . ماقالە ئاپتورلىرى غەربىي دىيارلىقلارنىڭ ئۇيۇشۇش كۇچىنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ چەتكە قېقىش كۇچىدىن كۆپ ئاجىزلىقنى، تارىخقا ، ئاتا ـ ئانىغا، پېشقەدەم نامايەندىلەرگە، ئەنئەنىگە بولغان ھۆرمەت، ۋارىسلىق ۋە قەدىرلەش ئېڭىنىڭ ئۇنتۇلۇش، قەدىرلىمەسلىك، بېپەرۋالىقتىن كۆپ ئاجىزلىقنى تىلغا ئېلىش بىلەن بۇ مىللەتلەرنىڭ يادرو ھاسىل قىلالماسلىقى، تۆت ئەتراپىدىكى ئۇيۇشقان، يادرو ھاسىل قىلغان سىياسىي ھاكىمىيەت كونتروللۇقنى تەقدىر قىلغانلىقى، سەرگەردان مىللەتتىكى ، مەدىنىيەت نامايەندىلىرىنىڭ باشقا خەلقلەر تەزكىرىلىرىگە نامى چۇشۇپ قالغانلىرىدىن باشقىلىرى ئۆز تۆھپىلىرى بىلەن بىللە چەكسىز قۇم دېڭىزىغا غەرق بولىدىغانلىقىنى ئوچۇق ـ يورۇق بايان قىلغان.

ماقالىنى ئوقۇپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىر قاتار تارىخى ئەنئەنىۋى ئاجىزلىقلىرىنىڭ نوقۇل «تەبىئەت ئانىسى» قېلىپىدا شۇنداق ئەۋزەللىككە ئىگە بولۇپ يارالغان دېگىلى بولمىسمۇ، ھازىرقى ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ۋە روھى مۇھىتىدا ئېغىر دەرىجىدە ساقلانغان ئۇچ مۇھىم ئىللەت ۋە ئاجىزلىقنى قايتا ھېس قىلدىم . بۇ نۇقتىدىن يۇقىرقى ئىككى ئاپتورنىڭ ئوچۇق ـ يورۇق ئىلمي پوزىتسىيىسىگە تەسەننا ئوقۇش كېرەك.

مەن ئىلگىرى يېزىپ ئېلان قىلغان «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ـ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» ،«ھەسەتخورلىق ھەققىدە ھەسرەتلىك

خىياللار»، «مىللەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىشى ۋە سوتسىيالىستىك مەدىنىيەت ئۇچ بۇرجىكى»، « يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ مىللەت»، نامىلىق ماقالىلىرىمدە خەلقىمىزنىڭ روھىيەت تۇزىلمىسى، مەدەنىيەت پسىخىكىسى، تۇرمۇش شەكلى جەھەتلەردىكى بىر قاتار ئىللەتلەرنى يۇز خاتىرە قىلماي كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدىم . ئىچكى ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ (يۇرتۋازلىق، كەسپىي ھەسەتخورلۇق، پىتنە ـ ئىغۋاغا ھېرىسمەنلىك، ئۆزىدىن چىققان يارامىلىق كىشىلەرنى چۆكۈرۈش، بىر ـ بىرىگە ئورا كولاش، قەست قىلىش) بىزدىكى ئاساسىي ئىللەت ئىكەنلىكىنىمۇ كۆپ قېتىم تىلغا ئالغانىدىم.

ھېسسىياتقا بېرىلىش ، گاھى قەھرىمان، گاھى غەرىبان، گاھى خۇشخۇي، گاھى چۇشكۇن روھىيەتكە ئەسىر بولۇش، ئوقتەك قىزىپ نىكاھلىنىپ، تېزدىن سوۋۇپ ئائىلىنى ۋەيران قىلىش، غەزەپكە پايلىماي پاجىئە ھاسىل قىلىش، بىكار تەلەپ، سۆلەتۋازلىق قاتارلىقلارنى دائىم يولۇقتۇرۇپ تۇرىمىز. مۇھىمى شۇكى، مىللىتىمىز ئومۇمەن ئەقلىي، مەنتىقى، نەزەرىيىۋى، ئىلمىي تەپەككۇرغا نىسبەتەن ھېسسىيات ۋە ئۆز ئالدىدىكى روھىي كەيپىيات بويىچە پىكىر يۇرگۇزۇشكە ئېغىر دەرىجىدە مايىل . بىزدە شائىرلىق، يازغۇچىلىق، ئارتىسلىق، سازەندىلىك، ناخشىچىلىق خاھىشى ئىلمىي ۋە نەزەرىيىۋى جەھەتتىكى ئىجادىيەت ئىشلىرىدىن كۆپ كۈچلۈك.

بىزدە ئەنئەنىۋى ئاق تولىمۇ ئاجىز، ئاتا ـ ئانىلارنى، پېشقەدەم جامائەت ئەرباپلىرىنى، ئۇستازلارنى ھۆرمەتلىمەسلىك ، ئۇلارغا ۋاپاسىزلىق قىلىش، ئۆز تارىخىنى ئىزچىل ـ مەنتىقى چۈشىنىشنىڭ يېتەرسىزلىكى، قۇرۇق قايىلچىلىق ۋە ئەقىدىۋازلىق تۈپەيلىدىن تۈزۈكرەك ساقلاپ قالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىزمۇ يوق . تارىخىمىزنىڭ خېلى بىر قىسمى گاھىدا ئۇ ئىشان، گاھىدا بۇ خوجىنىڭ ئارقىسىدىن مۇرىت بولۇش بىلەن بىللە ئۆتۈپ كەتكەن . بۇلارنى ئويلىغىنىمىزدا دىققىتىمىز بىردىنلا مىللىي مائارىپىمىزغا بۇرالدى . مائارىپ ـ ئىنساننى تەبىئەت دۇنياسىدىن مەدەنىيەت دۇنياسىغا، جاھىللىق ئالىمىدىن ئارىفلىق ئالىمىغا قايتا تۆرەلدۇرىدىغان ئۇلۇغ بىناكارلىق ، مىللىي مائارىپ نىسپىي مەنىدىن ئېيتقاندا ، شۇ مىللەتنىڭ كونكرېت تارىخى، ئىجتىمائىي، مىللىي ۋە روھىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى ئاساس قىلغان، قاراتمىلىقى كۈچلۈك تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىدىن ئىبارەت.

ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللىي مائارىپ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان مىللىي مائارىپ ئۆز ئوبيېكتىلىرىنىڭ ھالقىلىق ئاجىزلىقلىرىنى ئېنىق بايقىغان ۋە قاراتمىلىققا ئىگە تەلىم ـ تەربىيە ۋاستىلىرىنىڭ

ئۇنۇمدارلىقىنى روشەن گەۋدىلەندۈرگەن بولۇشى لازىم. مېنىڭچە، ھالقىلىق مەسىلە ئۇيغۇر روھىيىتىدىكى ھېسسىيات قۇرۇلمىسىنىڭ تەپەككۇر قۇرۇلمىسىدىن ئۈستۈن بولۇش ھادىسىسىنى تەربىيە ئارقىلىق تەدرىجىي تەرتىپكە سېلىشتىن ئىبارەت. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلماي مىللەتنىڭ ئىچكى ئۇيۇشچانلىقى ۋە تارىخى، ئەنئەنىۋى ئىزچىللىق مەسىلىسىنى چۈشەندۈرگىلى، تەدرىجىي ھەل قىلغىلى بولمايدۇ.

مەلۇمكى،«مىللەتنىڭ مۇھىم بايلىقى ـ خەلقىنىڭ مەنىۋى قىياپىتىدىن ئىبارەت» (چېرنېشۋىسكىي)، خەلقىنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى ئاخىرقى ھېسابتا نەزەرىيىۋى تەپەككۇرغا باغلىق . نەزەرىيىۋى تەپەككۇر دەل ماركس تەرىپىدىن «ئۆز زامانىسىنىڭ مەنىۋى تاجى» دەپ ئاتالغان ئىلمىي تەپەككۇر ۋە پەلسەپىۋى تەپەككۇردىن ئىبارت.

مىللى مائارىپ ئۆز ئوبېكتىلىرىنىڭ نەزەرىيىۋى تەپەككۇر جەھەتتىكى ئاجىزلىقىنى يېتەرلىك مۆلچەرلىگەن ھالدا تەربىيلەنگۈچىلەرگە پەلسەپە، تەبىئەت پەنلىرى، قانۇنشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە تارىخى پەنلەردىن نۇقتىلىق تەربىيە بېرىشى، ئوقۇغۇچىلارنى ماتېماتىكا، لوگىكا ۋە سىياسىي ـ ئىقتىسادقا ئائىت پەنلەرنى ئىگىلىشىگە كۆپرەك ئىلھاملاندۇرۇشى كېرەك .

فېيختىۋانگېر «مەنتىقىي تەپەككۇر ئىنسانىيەت تەڭرىسى » دېسە، ئېنگېلىس «دۇنيادا بىرەر مىللەت قاتاردا تۇرمەن دېسە، نەزەرىيىۋى تەپەككۇردىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلالمايدىغان بولۇشى لازىم » دېگەنىدى. ئەلۋەتتە، بۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن شۇغۇللانماسلىق كېرەك، ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر يوق دېگەنلىك ئەمەس . بۇ پەقەت بىزدە ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە نىسبەتەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت كىتابلىرى ، گېزىت ـ ژۇرناللارغا نىسبەتەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىگە نىسبەتەن پەلسەپە، تەبىئەت پەنلىرى، ئىقتىساد ـ قانۇنشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىقتا ئوخشاش غوللۇق ئىلمىي، نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ۋاستىلىرى، ئىجادىيەت خاھىشى ۋە نەتىجىلىرى تولىمۇ كەم دېگەنلىك.

بىز ئائىلىلەردىن جەمئىيەتكىچە كىشىلەرنى قائىدە ـ پىرىنسىپلار بويىچە پىكىر يۈرگۈزىدىغان، سۆزلەيدىغان، ئۆز ھېسسىياتلىرىنى تىزگىنلىيەلەيدىغان، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان قىلالىساق، بالىلارنى كىچىكىدىن باشلاپ نەزەرىيىۋى تەپەككۇر يۈرگۈزۈشكە يېتەكلەپ، تەبىئىي پەن كۇرۇژۇكلىرىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلاردا نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ئېگىزلىكىنى ئىگىلەشكە ئىنتىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرەلىسەك، بۇ

مەقسەتتە بوشاشماي بىر قانچە يىل قېتىرقىنىپ ئىشلىسەك چوقۇم كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازىنالايمىز.
نەزەرىيىۋى تەپەككۇرنىڭ ئۈستۈن ۋە ئەۋزەل مۇھىتىنى يارىتىش، مىنىڭچە ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنىڭ ئاساسىي يېتەكچى ئېڭى ۋە تارىخىي خىزمىتى بولۇپ ھېسابلىنىشى كېرەك.

چوغدىل بىلوگىدىن ئېلىندى.
http://choghdil.blogbus.com/logs/53052581.html

# كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى

## مۇقەددىمە

ئىنسان _ ئۇچۇر سۈيىيكتى ئىقتىدارىغا ئىگە ئىجتىمائىي هايۋان . ئۇ ، ئۆزۈقلىنىش ۋە بىخەتەرلىك ئۇچۇرىغىلا ئەمەس ، يەنە زامان ، ماكان خاراكتېرلىك تامغىلىق ئۇچۇر ئىقتىدارىغا ئىگە .
كىتاب _ يۈكسەك ئۇچۇر ۋە مۇقەددەس تامغىدىن ئىبارەت . ئىنسانىيەت يازما تارىخ ۋە كىتاب سەھىپىلىرىگە بىلىش ۋە ئىپادىلەش جەۋھەرلىرىنى يېزىق ئارقىلىق قالدۇرۇشتىن ئىلگىرى ئۆز تۇرمۇشى ، ئالەم قاراشلىرى ۋە روھىيەت ئۆركەشلىرىنى قىيا تاشلارغا ، قورچاق ياكى تاش ـ سۆڭەك ، برونزا بۇيۇملىرىغا ، كاھىش قاچىلارغا هەر خىل قىياپەتلىك ياكى سىمۇوللۇق رەسىم ، تامغا ـ بەلگىلەر بىلەن چېكىشكەن ، ماقال ـ تەمسىل ، ئەپسانە ـ رىۋايەت ، مەسەل ـ چۆچەك ، ناخشا ـ قوشاق شەكلىدە ئەقىل دەستۇرلىرى ئۇزۇشكەن . مانا بۇلار كىتاب شەكلىگە كىرمىگەن « كىتاب»تىن ئىبارەت .
هازىرغىچە يېزىق شەكلىدىكى ئەڭ قەدىمكى كىتاب _ ئىككى دەريا _ دەجلە ۋە فرات ئارىلىقىغا كۆچۈپ كەلگەن خەلقلەرنىڭ مىلادىدىن ئۇچ مىڭ يىللار ئىلگىرىكى لايدىن بىنا ۋە قەسىرلەر ياسىغاندا لاي تاختىلارغا يېزىلغان «پايتەخت قۇرغۇچى گىلگامىش» داستانىدىن ئىبارەت . بۇ تۇنجى ئۇچلۇق تاياقچە _ قەلەم بىلەن لاي تاختىلارغا يېزىلغان « كىتاب»تىن باشقا ، يەنە مىلادىدىن 18 ئەسىر ئىلگىرى مىخ يېزىق بىلەن يېزىلغان «كىتاب» بابىل شاهى هاممۇرابىنىڭ 282 ماددىلىق قانۇن دەستۇرى هېسابلىنىدۇ .
قەغەزنىڭ ئىخترا قىلىنىشىغىچە تېرە ۋە مەخسۇس تەييارلانغان تاختا ـ تارىشلار كىتابچىلىقنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى بولغان . قەغەزنىڭ ئىخترا قىلىنىشى كىتابچىلىق تارىخىدا ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى . شۇندىن باشلاپ خانلىق سارايلاردا مەخسۇس مىرزاخانىلار قۇرۇلۇپ، ئەسەرلەر قەلەم بىلەن كۆچۈرۈلىدىغان بولدى . كېيىنچە ، ياغاچقا خەت ئويۇش ئارقىلىق كىتاب ـ رىسالىلەرنىڭ نۇسخىسىنى كۆپەيتىش، ئارقىدىنلا تاش مەتبەئە كەشىپ قىلىندى . مىخ مەتبەئە هازىرقى زامان كىتابچىلىقىنى رەسمىي نەشرىيات كىتابچىلىقىغا ئايلاندۇردى . كېيىنچە مىخ مەتبەئەچىلىك قوغۇشۇن تاياقچىلىرىغا ئاساسلىنىدىغان بولدى . بۈگۈنكى كۈندە ئېلېكترونلۇق مەتبەئە تېخنىكىسى مەيدانغا كېلىپ كەڭ ئومۇملاشماقتا . مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ داۋاملىق راۋاجلىنىشى خۇددى كىنو ۋە تېلېۋىزوردەك جەمئىيەت نەشرىياتچىلىقى بىلەن ئائىلە

نەشرىياتچىلىقى بىللە ساقلانغان يېڭى تۈزۈلمىنىڭ يېقىندىلا رېئاللىققا ئايلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە . بۇ ، ئىنسانىنىڭ ئۇلۇغ ئۆچۈر ئىقتىدارىنىڭ دولقۇنسىمان تەسىر دائىرىسىنى زامان ۋە ماكان جەھەتتە يېڭى پەللىگە كۆتۈرگۈسى .

## ئۇلۇغ روھىيەت خەزىنىسى

كىتاب _ كەڭ مەنىدە ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش تارىخى ۋە ئىنسانىنىڭ تەسەۋۋۇر بوشلۇقىنىڭ سەھىپىلەشكەن شەكلىدىن ئىبارەت . كىتاب ئالدى بىلەن ئىنسان قەلبىدىكى كائىنات . ياخشى كۆتۈپخانا ھەقىقىي مەنىسى بىلەن كائىناتنىڭ جاھاننامە ئەينىكى بولۇپ ، بۇ ئەينەكتە ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىمىزدىن ھالقىغان دۇنياۋىي ماھىيەتلەر جىلۋىلىنىدۇ . ئىنسان كىتاب ئارقىلىقلا پۈتكۈل تارىخنى قىياسىي ھالەتتە باشتىن كەچۈرىدۇ . ئەنگلىيىلىك مۇتەپەككۇر بېكون ئېيتقاندەك « كىتاب قىممەت باھا يۈكنى ئەجدادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزىدىغان كېمە». كىتاب بىزنى مۇنەۋۋەر مەدەنىيەتنىڭ ئىزاھلىغۇچىسى ، ۋارىسى قىلىدۇ . پۈتۈن ماددىي روزىغارلار ، بىنالار ، بانكىلار ، شەھەر ۋە مەملىكەتلەر ، ھەتتا پۈتۈن سۈرۈك مىللەتلەرمۇ يوقىلىپ كېتىدۇ ، پەقەت كىتاب يوقالمايدۇ . بىز كىتاب شاراپىتىدىن قەدىمكى ئەپسانە _ رىۋايەتلەرنى ، خانىدانلىقلار قىسسىلىرىنى ، پەلسەپە جەۋھەرلىرىنى ، ئەدەبىيات _ سەنئەت دۇردانىلىرىنى بىلەلەيمىز . ئىنسان ياراتقان مۆجىزىلەر ئىچىدە مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئىگە مۆجىزە پەقەت كىتابتۇر . كىتاب ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئۆلمەس روھى ، ئۇلۇغ تارىخىي سىمالارنىڭ ھەقىقەت يالقۇنلىرىنى تىرىكلىك دەرگاھىدا مەڭگۈ يېلىنجىتىپ تۇرىدىغان مۇقەددەس ئوچاق . ئەگەر كىتاب بولمىغان بولسا ، دۇنيانى مىڭلىغان قۇياشمۇ جاھالەت ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇشى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى ! مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ، پۈتكۈل ئىلىم _ پەن ، مەدەنىيەت ۋە تارىخ بىرلا خەزىنىگە ئىگە ، ئۇ بولسىمۇ ئۇلۇغ روھىيەت قەسرى بولغان كىتابتىن ئىبارەت .

كىتاب _ ھەر بىر شەخسنىڭ مەنىۋى فوندى ۋە ئۇنىڭ كامالەت گۇۋاھنامىسى . قەدىمكى رىم ناتىقى تىستىرون « كىتابسىز ئۆي _ جانسىز تەن» دەپ توغرا ئېيتقان . كىتابسىز شەخس مەيلى ئۇ باي ، مىراسخور ياكى ئالتۇن خەزىنە ئىگىسى بولسۇن ، ئۇ بەختسىز ۋە بەختسىزلىكىدىن خەۋەرسىز ناداندۇر ، ئۇ يۈز يىل ياشىسىمۇ ، مەدەنىيەت تارىخىدىن ساۋاتسىز ئۆمرىكۆتە بەندە ھېسابلىنىدۇ .

كىتاب ئۆز ئاشىقىغا چىنلىق ، ياخشىلىق ، گۈزەللىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر

بەخش ئېتىدۇ . نادانىنىڭ بىر ئەسىرلىك ئۆمرى بىلىملىك كىشىنىڭ يېرىم ئەسىرلىك ئۆمرىدىن كۆپ قىسقا ھېسابلىنىدۇ . كىتاب قەلبنى پاكلايدۇ ، ئۇنىڭ ئىنسانغا بېغىشلىغان نۇر ــ نۇسرىتىنى ھەر قانداق زىنندەت بۇيۇملىرىمۇ پەيدا قىلالمايدۇ . ئۇ قەلبنى نۇرلاندۇرۇپ ، كۆزى ۋە سۆزىگە مۇقەددەسلىك نۇرى ئاتا قىلىدۇ . كىتاب ئاشنالىرى خۇددى ئالماستەك يارقىن بولسا ، نادانلىق ئىجىللىرى بەئەينى گۆشىيىپ تۇرغان قارا تاشقا ئوخشايدۇ .

كىتاب ـ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت دەرياسى ۋە مەنىۋى قىياپەت مەكتىپى . لابولبى توغرا ئېيتىدۇ : « تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى ھەر بىر مىللەت ئاھالىسىنىڭ ئوقۇۋاتقان كىتابلىرىنىڭ سانى بىلەن ئۆلچىنىدۇ» . نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى پۇل تېجەش ئەمەس ، بەلكى نادانلىقتىن قۇتۇلۇش ۋە بۇ يولدا كىتاب بىلەن ھەپىلىششتۇر . تارىخ ئىسپاتلىدىكى ، مىللەتلەرنىڭ قەلب بايلىقى بىلەن قول ئىلكىدىكى بايلىق توغرا تاناسىپتۇر . « ئاۋۋال تائام ، ئاندىن كالام» دېگەن ئەقىدىگە چاپلىشۋالغان مىللەت گادايلىقتا ۋە ئۇنىڭ باش جىنايەتچىسى بولغان نادانلىقتا چىن ئەقىدە باغلىغان مىللەتتۇر . نادانلىقتا قارشى ئاتلىنىشتا جۇرئەت قىلغاندىلا بەخت يولى ئېچىلىدۇ ، بۇ ، ئەپسانە ئەمەس ، پولاتتەك ھەقىقەتتۇر . پۇل تاپقاندا ئۆيىنى كۆزنى چاقنىتىدىغان گىلەم ۋە زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن بېزىگەن ئائىلە بىلەن ئۆيىنى كىتاب ئىشكاپلىرى بىلەن بېزىگەن ئائىلىنىڭ قىممىتى پەرقلىقتۇر . تەرەققىي قىلغان ئەللەردىكى ئائىلىلەر ئۆز قىرائەتخانىسىغا ئىگە بولۇپ ، ئۇلار روناق تاپقانسېرى كىتاب سېتىۋالىدۇ ، ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى كىتاب مۇھىتىدا ئۆسىدۇ، ئۆرلەيدۇ . قالاق ئەللەردىكى ئائىلىلەر بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ . ئۆيىنى ئەينەك تام ، رەڭدار گىلەم ۋە ئىشرەت جاھازىلىرى بىلەن بېزىگەن ئائىلە كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى دۇنياسى خۇنۇك بولىدۇ ، ئۇلار مەغرۇر ، تەنتەك ، پۇلپەرەس ، سۆلەتۋاز بولۇپ ، ئۆزلىرى ۋە پەرزەنتلىرى تېزدىن چۈشكۈنلىشىدۇ . بۇ جەھەتتىكى مىساللار كۆز ئالدىمىزدا تولۇپ يېتىپتۇ !

كىتاب ـ لوقمان ھېكىم ، كىتاب ـ رۇستەم پالۋان ، كىتاب ـ بەخت قۇشى ئەنقا . بۇ ئاددىي تەسۋىر ئەمەس ، بەلكى مەڭگۈلۈك ھەقىقەت !

ئاڭ ، قاراش ، ئىستىل ، پوزىتسىيە ، مۇھاكىمە ، ئەدەپ ، ئەخلاق ، ئېتىقاد ۋە چارە ــ تەدبىر جەھەتلەردە بىر قاتار نورمالسىزلىق ، ھەتتا بۇزۇلۇش ، چىرىش ھادىسىلىرى يۈز بېرىدۇ . بەزىدە ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتتىكى تەكشىسىزلىك ، مەسىلەن ، نوقۇل ماددىي تاپاۋەتنى ياكى نوقۇل قانۇنىي جازالاشنى مىقدارى جەھەتتە ئۇتۇق ــ نەتىجە دەپ

قاراش ۋە ئەكس ھالدا بۇ جەھەتتە ئۇمىدسىزلىككە بېرىلىدىغان ئەھۋاللار خېلى كەڭتاشا ھاۋاغا ئايلىنىدۇ . رېئال تۇرمۇشىمىزدا ، كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىمىزدە كۆرۈلۈۋاتقان بەزى بىنورمال ئەھۋاللار بىزنى پاكىتقا ئىگە قىلىدۇ ، مەسىلەن ، ياشلاردىكى يۇقىرى ئىستېمال قىزغىنلىقى ، ھۆرمەتسىزلىك ، ئوقۇغۇچىلاردىكى ياسانچۇقلۇق ، ئويۇن ـ تاماشىغا بېرىلىپ كېتىپ كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇماسلىق ، ئوقۇتقۇچىلارغا ئوقۇتۇش ، ئىلمىي تەتقىقات سىرتىدىكى كىرىم بېسىمى ، ئۇلار دۇچار بولۇۋاتقان ھۆرمەتسىزلىك ۋە كەمسىتىشلەر ، نەشرىياتچىلىق قىينچىلىقى ، نەشىر ئەپكارلىرىدىكى ئىقتىسادىي ئۇنۇم قوغلىشىپ سەلبىي خاھىشتىكى باسما بۇيۇملىرىنىڭ يامراپ كېتىشى ، دوست تارتىششلار ، داۋالىنىش قىينچىلىقى ، « ئېتى ئۇلۇغ ، سۈپىتى قۇرۇق» دورىلارنىڭ كۆپلۈكى ، سەھىيە ئەخلاقىدىكى نورمالسىزلىق ، ئائىلىلەردىكى ماددىي پاراۋانلىقنى ئۆلچەم قىلىپ قايتا تەشكىللىنىش خاھىشى ، كۆپ قىرلىق سىرتقا بېرىلىش ھادىسىلىرى ، كىرىم ـ چىقىم ئالدىدا تەمتىرەپ قېلىش روھىيىتى ، ۋەھاكازالار بۇ خىل ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى بۇزۇلۇشنىڭ بىر قىسمى .

قارىغاندا ، ماددىي پاراۋانلىق قوغلىشىش ، مەنىۋى تۇرمۇشنى تولۇقلاشقا سەل قاراش ، ماددىي مەدەنىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ ئۆز ـ ئۆزىنى نەزەردە تۇتالماسلىق ، ماددىي مەدەنىيەت رىقابىتىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش ، ئۇنىڭ نېگىزى بولغان مائارىپ رىقابىتىگە ئاخىرقى ساھە قاتارىدا مۇئامىلە قىلىش ، رېئاللىقنى كۆرۈپ ، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ۋە يىراقنى كۆرەلمەسلىك ھادىسىلىرىنى بىر ۋارقىراپلا ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى قىلىدۇ . بۇ ، ۋاقىتلىقلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ھادىسە بولۇپ بىر مەزگىل ئەۋجىرەپ كەتسىمۇ ، لېكىن بەرىبىر تۈزۈلۈشكە يۈزلىنىدىغان ھادىسە . تارىخ _ ئىككى خىل مەدەنىيەتنى ئارقاق ۋە ئۆرۈش قىلىپ توقۇلىدىغان ئۇزۇن ھېكايە . ئۇنىڭدا يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇ مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان ئەبەدىيلىك ئابىدىلىرى بولۇشى ناتايىن.

## ئىككى مەدەنىيەت مۇۋازىنىتى ۋە ئىجتىمائىي بەخت

تارىختا مۇئەييەن ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي گۈللىنىش باشلىنىشى بىلەن ئەخلاقىي بۇزۇلۇش يۈز بەرگەن تىپىك مىساللار كۆپ بولغان ، مەسىلەن، گۈللەنگەن جۇنچيۇ ( ئەمىنىيە ) دەۋرىدىكى ئەدەپ ـ ئەخلاق چۈشكۈنلىكى كوك فۇزىنىڭ ئەخلاق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك قاراشلىرىنى ، چۇ يۈەننىڭ نەزمىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان . قەدىمكى گرېتسىيىدىكى ئەخلاقىي كۆڭۈلسىزلىكلەر سوقرات ۋە پلاتوننىڭ ئېتىكا ۋە مائارىپ

قاراشلىرىنى شەكىللەندۈرگەن . ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى مەنىۋى بۇزۇلۇش « مىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان . قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە يېزىلغان داستان « قۇتادغۇبىلىك» تە زامانىنىڭ بۇزۇلغانلىقى ھەسرەتلىك مىسرالار بىلەن بايان قىلىنغان . ياۋروپا مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى دەۋرىدىكى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلارنىڭ بىرى بولغان مونتېسكيۇ ئۆزى غايىۋى جەمئىيەت سۈپىتىدە تەشەببۇس قىلغان بۇرژۇئا جەمئىيىتىدە يۈز بەرگەن مەنىۋى چۈشكۈنلىكتىن پەرياد چەككەن . بۇ نۇقتىنى ماۋ زېدۇڭ « مانا بۇ شۇنداق جاھان» دېگەن مىسراغا يىغىنچاقلىغان

## كىتاب دېگىنىمىز ۋە غەۋۋاسلىق ماھارىتى

دەۋرىمىزدىكى كىتاب شۇ قەدەر كۆپەيدىكى ، ئۇنى رەقەم بىلەن ئىپادىلەشمۇ مۈشكۈل بولدى . ئەمما ھېلىمۇ كىتاب يۈزىگە چىقمىغان بوشلۇقلار ناھايىتى نۇرغۇن . دەرۋەقە ، «كىتابنى ئاچسىلا مەنپەئەت بېرىدۇ» ، ئەمما كىتاب دېڭىزىدا قانداق جاۋاھىرات يىغىدىغان غەۋۋاس بولۇش ، بۇ مۇھىم ماھارەت .

كىتابلارنى دېڭىز قىلىۋەتكەن نەرسە ئەسلى مەنبە ، ئاساسىي نەزەرىيە ، مۇتەپەككۇرانە مۇھاكىمە قىلغۇچى كىتابلارنىڭ كۆپلۈكى بولماستىن ، بەلكى تارماقلاتما ، يەشمە ، ۋەقە بايان ، ئىچ پۇشۇقى ، قۇراشتۇرما كىتابلارنىڭ كىتاب بازىرىغا كەلكۈندەك كىرىپ كېلىشىدىن بولدى . بۇ ھال ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىدىن كىتاب پەرق ئېتىش ۋە كىتاب تاللاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ . ئېيتىش كېرەككى ، ھەقىقىي دانىشمەنلەر كىتابنى ھەممىدىن كۆپ كۆرگەن كىشىلەر بولۇشى ناتايىن ، ھەقىقىي ئالىملارمۇ ئەڭ نۇرغۇن كىتاب يازغان كىشىلەر بولۇشىمۇ شەرت ئەمەس . بۇ بىزگە خۇددى سۇغا تاشلانغان نەرسىلەرنىڭ چۆكۈشى ياكى لەيلىشى ماكان ۋە زامان جەھەتتە بىردەك بولمايدىغانلىقىغا ئوخشاش بىر ھەقىقەتنى ، يەنى كىتابلار بىر قانچە سىزىق ۋە قاتلام ، تور ۋە قىممەتكە بۆلۈنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ .

كىتاب ئوقۇغۇچى كىشى ئۈچۈن ، ئومۇمەن ۋەزىيەت ۋە سىياسەتكە ئائىت كىتاب ـ ماتېرىياللاردىن تاشقىرى ، ئۈچ خىل كىتاب ئوقۇش تەۋسىيە قىلىنىدۇ :

بىرىنچى ، ئاساسىي بىلىم كىتابلىرى . بۇ خىل كىتابلار ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ ، يەنى چوقۇم ئالىي مەلۇماتلىق سەۋىيىگە ئېرىشىش ئۈچۈن شەرت ـ بالداق بولغان كىتابلار بىلەن مەلۇم ساھە بويىچە ئىزدىنىش ، تەتقىقات

ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن لازىم بولغان كىتاب ـ ماتېرىياللاردىن ئىبارەت . ئىككىنچى ، بىلىم قۇرۇلمىسىنى بېيىتقۇچى كىتابلار . بۇ خۇددى ئاۋئاماتكىغا يانداش يۇرگەن پاراخوت ـ كېمىلەرگە ئوخشاش ئالاقىدار ئوبيېكتلاردىن بىلىم ۋە ئۇچۇر بېغىشلىغۇچى كىتابلار بولۇپ ، ئاساسىي بىلىم كىتابلىرىنىڭ تاشقى پوستىنى تەشكىل قىلىدۇ .

ئۈچىنچى ، بەدىئىي لەززەت بېغىشلىغۇچى كىتابلار . بۇ خىل كىتابلارغا ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە ئائىت ئەسەر ياكى ئويۇن ـ كۆرگەزمىلەر ، كىشىلىك تۇرمۇشقا ئائىت ئۆرنەك ، قوللانما ، مەسلىھەت بەرگۈچى كىتابلار كىرىدۇ .

مېنىڭچە ، كىتابلارنى تاللاپ كۆرۈش بىلەن ئۇدۇل كەلگىنىچە كۆرۈش ، قاتلام ، نۇقتا ، چەمبەر تۇزۇلمىسىگە ئايرىپ كۆرۈش بىلەن خالىغانچە كۆرۈشنىڭ كىتاب كۆرگۈچىگە بېرىدىغان تەسىرى ، بولۇپمۇ نەچچە ئون يىلدا مۇنتىزىم ئوقۇتۇپ ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ چىقىشقا سېلىشتۇرغاندا هاسىل قىلىدىغان ئۈنۈمى ئوخشاش بولمايدۇ .

كىتاب كۆرۈش ئېغىر زېھنىي ئەمگەك ، شۇنىڭدەك يەنە كۆڭۈللۈك ساياھەت . ھەر خىل كىتابلارغا بولغان كىتاب كۆرۈش تەلىپى ۋە ئۇسۇلى بىردەك بولمايدۇ . بىر قۇر كۆرۈپ قويىدىغان ، مەلۇم باب ۋە سەھىپىلىرىنى تاللاپ كۆرۈدىغان ، تەپسىلىي كۆرۈدىغان ، تەكرار كۆرۈدىغان كىتابلار بولىدۇ . بەزى كىتابلارنىڭ پەقەت مۇندەرىجىلىرىنى ۋاراقلاپلا ، ئۇنىڭ ئاپتورىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى نەزەردە تۇتۇپ قويۇپ قويۇلىدۇ . ئومۇمەن تەپسىلىي ۋە تەكرار كۆرۈلىدىغان كىتابلار ئۈچۈن مەخسۇس ۋاقىت ، قەلەم ـ خاتىرە هازىرلىنىدۇ . ئۇنداق كىتابلارنىڭ بىر قانچىسىنى بىر يۇرۇش قىلىپ ، سىستېمىلىق كۆرگەن ياخشى . شەخسەن مەن بۇنداق كىتابلارنى رەڭدار قەلەم بىلەن خەت ، بەلگە ، سىزىق قويۇپ بويىۋېتىشنى ياخشى كۆرۈمەن ، ئۇنىڭدىن بىلىم ، ئىلھام ۋە كۆچمە تەسەۋۋۇرغا ئىگە بولىمەن ، بۇ خۇددى يالقۇندىن ئوت تۇتاشتۇرغاندەك بىر ئىش بۇ خىل كىتابلاردا چۈشىنىشلىك بولمىغان ئاتالغۇ ، مۇھاكىمە ۋە تەبىرلەرنىڭ ئۇچرىشى ناھايىتى ياخشى ئەھۋال . بۇ ، كىتاب كۆرگۈچىنىڭ ئۆزىدە يوق يېڭى بىلىمگە دۇچ كېلىشى بولۇپ ، بۇنداق ئەھۋالدا لۇغەت ـ قوللانمىلارنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ بىلىمنى ئۆزلەشتۇرۇۋېلىش لازىم . سەن ھەمىشە ئاممىباب، گېزىت سەۋىيىسىدىكى چۈشىنىشلىك ماتېرىياللارنى ياخشى كۆرسەڭ مەڭگۈ ئۆز ئىزىڭغا سەكرەپ قېلىۋېرىسەن . مېنىڭچە ، تۇگمەنگە ئوخشاش خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ قېلىش ياخشى ئەھۋال ئەمەس ، لۇغەت ئاختۇرۇشقا مەجبۇر بولغىنىڭدا ھۇرۇنلۇق بىلەن كايىماي يېڭى بىر بالداق

كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغاندەك روھلان !
مۇئەييەن مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بىر زىيالىي ئۈچۈن كىتاب ئوقۇش ئالدىدا «ئېھتىمال مېنىڭ خاتا بولۇشى مۇمكىن» دېگەن قاراشتا بولۇشنىڭ پايدىسى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ . ئەكسى ھالدا ئوقۇغاندا ئۇ كىتابتىن ھېچنەرسە يۇقماسلىقى ، ھەتتا « بۇ ئەرزىمەس ئەسەر ئىكەن» دېگەن قاراش تۇغۇلۇشى مۇمكىن.

## كىتاب مەدەنىيىتى ۋە مىللەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتى

كىتاب ئوقۇش مەقسەت ئەمەس ، ۋاسىتە . بارلىق تەلىم ـ تەربىيىنىڭ تۈپ مەقسىتىگە ئوخشاشلا ، كىتاب ئوقۇشتىكى مەقسەتمۇ مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى يۈكسەلدۈرۈشتىن ئىبارەت . تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى مىللەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى تۈزەش ۋە يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ئاساسلىق بىر ھالقىسى .
شۇنى ئېنىق ئېيتىش كېرەككى ، كىتاب ئوقۇشتىن مەقسەت نوقۇل ئالىم بولۇش ئەمەس . مۇھىمى ھەقىقىي ئادەم بولۇش بولۇپ ، بۇنى ئومۇمىي خەلققە كۆتۈرۈپ ئېيتقاندا ، پۈتۈن مىللەتنىڭ بىلىملىك ، روھىي دۇنياسى باي يېڭى ئەۋلادلىرىنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت . بۇ ، شەخسنىڭ كىتاب ئوقۇشى ، ئائىلىلەرنىڭ كىتاب زاپىسىغا ئىگە بولۇشى ، مەكتەپلەرنىڭ كىتاب تەربىيىسى ۋە نەشرىياتلارنىڭ كىتاب چىقىرىشى قاتارلىق بىر قانچە تەرەپنىڭ ئورتاق مەقسەت ۋە غايىدە پائال ماسلىشىشىنى تەلەپ قىلىدۇ .
بىز « يېڭى يىپەك يولى» ئېچىلىش ئالامەتلىرى بىلەن تولغان دەۋردە ياشاۋاتىمىز . ئۆسمۈرلەر ، ياشلار ، ياشانغانلار ، ئەرلەر ، ئاياللار كىتاب ئوقۇشى ، كىتاب ئۆستىدە پاراڭلىشىشى ، ھەممە ئائىلىلەردە كىتاب ئىشكاپلىرى ، كىتاب ئۆيلىرى بەرپا قىلىنىشى ، پەرزەنتلەر ئۈچۈن ياخشى كىتاب مۇھىتى يارىتىلىشى ۋە بۇ خىل زۆرۈرىيەت چوڭقۇر ھېس قىلىنىشى لازىم . ئۆيگە كىتابنىڭ كىرىشى زىبۇ ـ زىننەت ۋە پەرداز بۇيۇملىرىنىڭ كىرىشىدىن ئاۋۋال ۋە ئەۋزەل ئورۇنغا قويۇلىدىكەن ، ئىجتىمائىي ۋە ئائىلىۋى بەخت بىزگە تەبەسسۇم قىلىشقا باشلايدۇ . بىزدە نادان ھالەتتىكى باياشاتلىق بىلەن ئەمەس ، مەدەنىي ھالەتتىكى باياشاتلىق بىلەن ئېتىخارلىنىدىغان كەيپىيات تۇرغۇزۇلغىنى ياخشى . بىلىش كېرەككى ، مەدەنىيەتسىز ئائىلىلەرگە چۈشكەن ئەنقا ( بەخت قۇشى )نىڭ سايىسى بىردەملىككلا !
نەشرىياتچىلىق مىللەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتى ۋە كامالىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە غايەت مۇھىم « مەنىۋى رىزىق دەرگاھى» ! گېزىت ـ ژۇرنال ،

نەشرىيات مۇھەررىرلىرى مىللىي مەدەنىيەت بىناكارلىقىنىڭ مۇقەددەس بۇرچ ئۆتەيدىغان ئىنژېنېرلىرى . ئۇلار خۇددى دىن قىسسىلىرىدە سۆزلەنگەن مالائىكىلەردەك يىراقنى كۆرەرلىككە ، تەخىرسىز ۋاقىت قارىشىغا ۋە مۇقەددەس پاكلىققا ، دانىشمەنلەردەك خەلققە ، ئەقىلگە ، بىلىمگە ، ھەقىقەتكە بولغان ئوتلۇق مۇھەببەتكە ، بىناكارلاردەك قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى تاللاش ، ئورۇنلاشتۇرۇش ، نۇرلاندۇرۇش ئىقتىدارىغا ، گېئولوگلاردەك جاپا چېكىپ بايلىق ئىزدەپ تېپىش روھىغا ئىگە بولىدىكەن، خەلقىمىزنىڭ « مەنىۋى رىزىق دەرگاھى» پىداكار تۆھپىكارلار سارىيىغا ئايلىنىدۇ .

نەشرىياتچىلىق خەلق تارىخىدا مىڭ يىللار مەدھىيىلىنىدىغان ياكى ھەسرەتلىنىدىغان ھالقىلىق ئورۇندا تۇرىدۇ . ئۇ ئادەتتىكى فىرما ياكى سودا شىركىتى ئەمەس ، خەلقىمىز تارىخىدا خەتتاتلار بىر قانچە ئابىدە ۋە تۆرپان تېكىستلىرىنى يېزىپ قالدۇرمىغان بولسا ، يۈزلىگەن دىۋانلارنى كۆچۈرۈپ قالدۇرمىغان بولسا بىز قايسى يۈلتۈزلار بىلەن مەدەنىيەت ئاسمىنىمىزنى يورۇتقان بولاتتۇق ! ؟ نەشىر ئەپكار _ ئىستراتېگىيىلىك بىناكارلىق . ئۇ ئۇل ئاساس ، نۇقتا ، دائىرە ، ئىچكى ـ سىرتقى چەمبەرنى پەرقلىق ھەم ئەتراپلىق پىلانلاشنى تەلەپ قىلىدۇ . نەشىر ئەپكار _ مىللىي مەدەنىيەتكە تارىخىي خاراكتېرلىك قان ئىشلەپچىقارغۇچى ئورگان.

## خاتىمە

بازار ئىگىلىكىگە يۈزلىنىش مەدەنىيەت ، مائارىپ ، كىتاب ئوقۇش ۋە ئىلىم ـ پەننىڭ ئەرزىمەسلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ ، ئەھۋال دەل ئۇنىڭ ئەكسىچىدۇر ، بىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتتە ، ئىقتىسادىي ۋە كىتابىي بايلىقتا زامانىۋى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلۈشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ . باھار ئۆزى شامال ئەمەس ، ئەمما باھار شامال بىلەن كېلىدۇ . يېڭى شەيئىلەر تولا ھاللاردا ئۆزىنىڭ دەبدەبىسى ۋە چاڭ ـ توزانلىرى تەرىپىدىن روشەن كۆرۈنمەيدۇ . ھازىرقى بىر مەزگىللىك ھودۇقۇشمۇ شۇنداق .

كىتاب _ ئىنسانىيەت ئۆز قولى بىلەن بىنا قىلغان ھەقىقىي ۋە بىردىنبىر ئەلئىبھرام . ئۇ ھەممىنى ، پۈتكۈل ماھىيەت ۋە ھادىسىلەرنى ئۆزىگە جۇغلىغان . كىتابقا تەڭ كېلىدىغان ئىنسانىيەت جۇغلىغان ئىككىنچى بىر خەزىنە مەۋجۇت ئەمەس ! بۇنىڭدىن خەۋەرسىزلىك كىشىلىك دۇنياسىدا تېخىرقاپ يۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس!

ئەسلى مەنبە: قاشتىشى تورى

# ئوقۇتقۇچى توغرىسىدا

مائارىپتا مۆۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ سىرى – ئوقۇتقۇچىغا ھۆرمەت تۇرغۇزۇشتۇر .

– ئېمىرسون (ئامېرىكا)

ئوقۇتقۇچى – ھۆرمەتلىك نام . شۇڭىمۇ بۇ نام توغرىسىدا مەدھىيە يازمىغان، ھېكمەت پۇتمىگەن مۇتەپەككۇرلار بولمىسا كېرەك . چۈنكى ئوقۇتقۇچى ئىنسان قەلبىگە تۇنجى مەرىپەت نۇرىنى ئېلىپ كىرگۈچى مەشئەل ! ئۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئاسمىنىنى يورۇتقۇچى قۇياش ! مىللەتنىڭ باغۋىنى ، دۆلەتنىڭ مۇرەببىي.« ئىنسانىيەت روھىنىڭ ئىنژېنېرى »

ئوقۇتقۇچى – ياش ئەۋلادلارنىڭ ئىلىم – پەن دۇنياسىدىكى تۇنجى ھامىيسى ! ئۇ ، بىلىم خەزىنىسىنىڭ ئالتۇن ئىشكىنى ئاچقۇچى ، ئەقىل دۇردانىلىرىنى چاچقۇچى. ھېكمەت قامۇسىنىڭ مەنىلىرىنى يەشكۈچى ، تارىخ بىلەن ماكان ، تىلسىم بىلەن زامان ئارىسىدا پەرۋاز قىلىپ ، مۇتەپەككۇرلار بىلەن سۆھبەتلەشكۈچى ، ھەقىقەت مەرۋايىتلىرىنى تەشكۈچى زەكىي ئۇستاز – پىداكار جەڭچى ، مېھرىبان ، ساپ قەلب ئىگىسى .

ئۇلۇغ ئوقۇتقۇچى – ئۇستازلارسىز ئۇلۇغ مەرىپەت ئەزىمەتلىرى ۋايىغا يەتمىگەن بولاتتى . ئەپلاتوننىڭ ئوقۇتقۇچىسى سوقرات ، ئارىستوتېلنىڭ ئۇستازى ئەپلاتون ، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ ئۇستازى ئارىستوتېل بولغىنىدەك ، ئابدۇراخمان جامى ئەلشىر نەۋائىنىڭ يېتەكچىسى ، سەددىدىن قەشقەرى جامىئىنىڭ ئۇستازى ئىدى .

ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بەزى مەشھۇر مۇتەپەككۇرلار ھەتتا ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان . مەسىلەن : ھىپوگرات ، فارابى ، ئىبن سىنا ، تاتاتۇڭا ، شۇەنزاڭ ، گېگىل ، كوڭزى، قېدىرخان ، ھۇۋەيدا ، ئابدۇقادىر داموللا ، مەمتىلى ئەپەندى قاتارلىقلار شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئوقۇتقۇچىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىككى مۇھەببەت رىشتىسى يەنى كەسپكە بېغىشلانغان مۇھەببەت بىلەن ئىلىمگە بولغان مۇھەببەت گىرەلەشكەن بولىدۇ . ئۇ ، ئۇشېنىسكىي ئېيتقاندەك « مەنسەپدار تۆرە ئەمەس ، مەنسەپدار تۆرە – ئوقۇتقۇچى ئەمەس.»

ئەمما ، تا ھازىرغىچە نېمە ئۈچۈندۇر ئوقۇتقۇچى ، جەمئىيەت يېتەكچىلىرى،

ئەھلى ـ جامائەت ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پەرزەنتلىرى ، تۇغقان ـ دوستلىرى ئوقۇتقۇچىدىن ئىبارەت بۇ ھۆرمەتلىك نامنى ، ئوقۇتقۇچىدەك بۇ تارىخى كۈچنى ، ئوقۇتقۇچىلىقنىڭ مەنىۋى شەرتلىرىنى بىردەك ھېس قىلغان ، چۈشەنگەن ، قەدىرلىگەن ئەمەس . نەتىجىدە مائارىپتا بىر قاتار كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان مەسىلىلەر ساقلانماقتا .

ئىككى ئۇلۇغ ھامىي ۋە بىر مۇقەددەس قەلب

ئىككى ئۇلۇغ ھامىينىڭ بىرى ئانا ، يەنە بىرى ئوقۇتقۇچىدىن ئىبارەت . ئۇلارنى بىلمەك ھەرقانداق بىلىشنىڭ مۇقەددىمىسى ۋە شەرتى ، ئۇلارنى قەدىرلىمەك ھەرقانداق مۇھەببەت ۋە كامالەتنىڭ بوسۇغىسى ! ئوخشاشلا ، ئۇلارنى خارلاش بارلىق خارلىنىشنىڭ سەۋەبى ۋە باشلىنىشى !

ئانا ـ بارلىق خىسلەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن پوئېزىيىلىك ئىبارە . ئەنگلىيىلىك يازغۇچى تېككىرىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا « پەرزەنت دىلى ۋە تىلىدىكى تەڭرى » . شۇڭا ئۇ ھەممىيلەن باش ئېگىدىغان ئۇلۇغ مېھىر ـ مۇھەببەت مۇئەككىلى ، تۇنجى تەلىم ـ تەربىيە مۇرەببىي . بالزاك ئېيتقاندەك « مىللەتنىڭ كېلەچىكى ئانىلار قولىدا » .

ئوقۇتقۇچى بولسا ئىنسانىي شەكىللەندۈرگۈچى يەنە بىر ئۇلۇغ سىما. ئۇ ئىستەك ئويغاتقۇچى ، تەپەككۇرغا يېتەكلىگۈچى ، ئەقىل ئىزلىگۈچى ۋە كامالەت يولىغا باشلىغۇچى ، ئوقۇتقۇچىنىڭ پىداكار قەلبى ، تەپەككۇر خەزىنىسى ئانىنىڭ ئۆز پەرزەنتىگە بەخش قىلغان ئانىلىق پەرۋىشى ۋە ئانىلىق تەربىيىسىنىڭ يېڭى قاتلامدىكى داۋامى بولۇپ ، بۇ ئىككى ئۇلۇغ تەربىيىچىنىڭ يۈرىكى بىر .

ئەمما نېمە ئۈچۈندۇر ھەممە پەرزەنت ، ھەممە شاگىرت ، ھەممە جامائەت بۇ ئىككى زاتنىڭ بىر ـ بىرىگە تەققاس قەدىر قىممىتىنى ۋە ھۆرمىتىنى دېگەندەك چۈشەنمەيدۇ . ئوخشاشلا ھەممە ئانىلار ۋە ئانا بولغۇسى قىزلار ، ھەممە ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇتقۇچى بولغۇچى ئوقۇغۇچىلار مىللەتنىڭ مەنىۋى ساپاسىنى بەلگىلەيدىغان ئىككى ھالقا ـ ئانا ۋە ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆزى قانداق ئاڭ ۋە قانداق سۈپەتكە ئىگە بولۇشى لازىملىقنى دېگەندەك چۈشەنمەيدۇ . بىلىش كېرەككى بۇ بىر پاجىئەلىك ھادىسە !

بىزدە « زېھىن سىناش » دەپ ئاتالغان ئەنئەنە بويىچە « تاپقۇرلۇق » دېيىلىدىغان مۇسابىقىلەردە مەشھۇر كىنو چولپانلىرى ۋە ناخشا ـ ئۇسسۇل چولپانلىرىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىدۇ ، ئۇلارنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى ھەممىيلەن بىلىدۇ ـ يۇ ، مەشھۇر مۇئەللىملەر ، ئالىملار ، كەشپىياتچىلار ، ئەدىبلەرنىڭ ناملىرى كەمدىن ـ كەم تىلغا ئېلىنىدۇ ، ھەتتا ئېلىنمايدۇ ، ئۇلارنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ۋە قازانغان ئۇتۇقلىرىدىن ناھايىتى كۆپ

كىشىلەر خەۋەرسىز . بۇنىڭ سەۋەبى ئوقۇتقۇچى ئوبرازىنىڭ ئۇلۇغ مۇرەببە دەرىجىگە كۆتۈرۈلۈپ تەشۋىق قىلىنمىغانلىقىدىن بولغان . بۇ ناھايىتى نازۇك « بوش قالغان » ئۇللۇق خىزمەتتۇر .

ئەجىرلىك ، ئەمما جاپاكەش كىشىلەر

ئوقۇتقۇچىلار تارىختىن بېرى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈپ كېلىشتى . ئۇلار خۇددى قىزىل قان دانچىلىرىدەك ئىنسانىيەت گەۋدىسىنىڭ ھەممە قىسمىغا تارقالغان، ئۇلار كۆتۈرگەن مەرىپەت مەشئىلى يىراق چۆل ـ جەزىرە ، تاغ ـ جىلغىلاردىن تارتىپ ئاۋات شەھەرلەرگىچە ھەممىلا يەرنى يورۇتماقتا. ئۇزاق يىللىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا كۆرگەنلىرىمىز بويىچە ئېيتقاندا ئومۇمەن ئوقۇتقۇچىلار بىر قانچە قۇرلا كىيىمنى يۇيۇپ ، تازىلاپ كىيىپ، كىچىككىنە ئائىلىسىنى قاتتىق تېجەشلىك بىلەن باشقۇرۇپ كىشىلەرگە يول بېرىپ يول تالاشماي ، قول بېرىپ قول تالاشماي ياشاپ كەلدى . ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرگەندە كۆرۈدىغىنىمىز تامدىكى گىلەم ئەمەس دۇنيا خەرىتىسى ، مەرەپكە تىزىلغىنى قېلىن يوتقانلار ئەمەس ، دېرىزە تۈۋىدىكى شىرەگە قويۇلغان كىتاب ـ دەپتەرلەر بولدى ، ھەرخىل نامراتلىق كېسەللىكلىرى بولۇپمۇ سىل كېسىلى ئۇلارنى تېخىمۇ ياداڭغۇ ، ئاۋاق قىلىپ قويىدى .

يېقىندا بىر باجگىرنىڭ بىر پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى توغرىلىق تولىمۇ مەنسىتمەسلىك بىلەن مەغرۇر ئاھاڭدا « كىمكى دەپتىمەن ، ئۇ بىر ئەپەندىكەنغۇ ناھايىتى! » دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم . بۇ سۆز ئادەتتىكى بىر باجگىرنىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆز بولسىمۇ ، ئۇ پۈتۈن جەمئىيەتتە ، سىياسىي ، مەمۇرىي، مالىيە ـ سودا ، كىنو ـ تىياتىر ، ھەربىي ـ ساقچى خادىملارغا سېلىشتۇرغاندا ئوقۇتقۇچىنىڭ جامائەتچىلىك نەزىرىدە قانچىلىك ئورۇنغا قويۇلۇۋاتقانلىقىنىڭ بىر روشەن مىسالى .

راست ! ئۇلارنىڭ قوللىرىدا سىياھ ، ئۈستىدە بور توزانلىرى بار .ئۇلارنىڭ يانچۇقىدا ياكى رېزىنكە تامغا ياكى پۇل چېكى يوق . ئۇلارنىڭ بىر قىسمى خۇددى ئەختەم ئۆمەرنىڭ « قارا جاڭگال » ھېكايىسىدىكى « جاڭگال پەرىشتىسىدەك » بىكارغا دېگۈدەكلا خىزمەت قىلماقتا. مۇشۇنداق ئەپەندىچىلىك ، مۇشۇنداق خانىملىق بىلەن ۋىجىك قېرىغان ، كېسەل ئازابىغا چۆكۈپ قالغان ، كىشىلەر نەزىرىدىن ئۆنتۈلۈپ كەتكەن مويسىپىت ئۇستازلار ئازمۇ ؟ ئۇلار « ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى » نىڭ داغدۇغىسىدىن باشقا ھېچقانداق ئەمەلىي نەپكە ئېرىشەلمەيدىغۇ ؟! ئۇلار پېنسىيىگە چىققان پېتىچە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ . ئۇلار قاتلاملارنىڭ ئەڭ تېگىدە ، ھالقىلارنىڭ ئەڭ كەينىدە تۇرىدۇ .مەسىلە شۇ يەردىكى ، دەل

مۇشۇ ئوقۇتقۇچىلار ئەڭ يۇقىرى ۋە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى تارىخىي بىناكارلىق ـ ئىنسان قەلبىنى يارىتىدىغان ئېنژېنېرلاردۇر.شۇنى بىلىش كېرەككى ئوقۇتقۇچى ئەزىزلەنگەن جاي دەل بەخت قۇشى بولغان ئەنقانىڭ تۇخۇم باسقان ماكانىدىن ئىبارەت. ئوقۇتقۇچى ئەزىزلەنمىگەن جاي ـ ئالتۇن كۆمۈلگەن خارابە ئۈستىدە هۇۋقۇش هۇۋلايدىغان ماكاندىن ئىبارەت .

تۆلەپ بولمايدىغان قەرز ، كەچۈرۈپ بولمايدىغان ۋاپاسىزلىق

«ئەجدادلارغا قىلىنغان هۆرمەتسىزلىك ئەخلاقسىزلىقنىڭ بىرىنچى بەلگىسى .»

ـ (پۇشكىن)

ئۇستازلارغا قىلىنغان هۆرمەتسىزلىك بارلىق هۆرمەتسىزلىكنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قاباهەتلىك شەكلى. ئۆز ئاتا ـ ئانىسىدىن ، ئۆز ئۇستازلىرىدىن، ئۆزى تەربىيە ئالغان مۇئەللىمدىن پەرزەنتلەر ، ياش ئەۋلادلار تۆلەپ بولغۇسىز قەرزدار ، ۋەهالەنكى ، بىزدە ئۆز ئۇستازىنى هاقارەتلەشكە ، ئۆز مۇئەللىپىگە خىيانەتكارانە هەرىكەتتە بولۇشقا ، ئۆز ئوقۇتقۇچىسى ـ يېتەكلىگۈچىسىنىڭ ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە چاڭگال سىلىشقا ، ئۇلارنىڭ جىسمانىي ، مەنىۋى ۋە ئىلمىي جەهەتتىكى خاتىرجەملىكىگە زىيان ـ زەخمەت قىلىشقا پېتىنىدىغان تۇزكور شاگىرتلارمۇ بار . مېنىڭچە، ئۆزى سۆيۈپ ، پەرۋىش قىلغان ئوقۇغۇچىسىدىن كۆرگەن ۋاپاسىزلىقتىنمۇ ئارتۇق ئازاب بولمىسا كېرەك .

هەر دەرىجىلىك مائارىپ تارماقلىرى ۋە مەكتەپلەرنىڭ رەهبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ بىرەر كان ، بىرەر كارخانا ياكى بىرەر مۇلازىمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئەمەس ، بەلكى ئوقۇتقۇچىلار توپلانغان ، مائارىپ بىناكارلىقى ئادا قىلىنىۋاتقان ئورۇننىڭ تەشكىلاتچىسى ، پاسبانى ، مۇلازىمى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىقى كېرەك .مائارىپ ئۆز ماهىيىتى بىلەن تۆرىلەردىن خالىي ماكان بولۇش كېرەك .ئۇنىڭدا كىبىر كۈلكىلىك ، كۆچ كۆرستىش ئەخمەقلىق ، هەممە ئىشتا ، هەر دائىم ئوقۇتقۇچىلارنى قىممەتلىك ئورۇنغا قويۇپ قەدىرلەش ئارقىلىقلا خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئاسمىنى يورۇيدۇ . پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلار تېخىمۇ قەدىرلەشكە ، دائىم ئەسلەپ تۇرۇشىمىزغا تېگىشلىك ئىنسانلاردۇر. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئەجدادلارغا ، ئىلىم ـ مائارىپ پېشۋالىرىغا هۆرمەت قىلىش ئېڭى ، ئەنئەنىسى ۋە ئەخلاقى . بۇنداق ئاڭ ، ئەنئەنە ۋە ئەخلاق بولمىغاندا هەرقانداق «ئەقىل» ، «قابىلىيەت» ، «تەدبىر» تېگى تۆشۈك كورىدەك ئەسقاتماس بولۇپ قالىدۇ .

ئۆز ئوقۇتقۇچىلىرىغا رەهبەر بولغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ «چوڭچە

خوراز» ئەلپازى ئوقۇتقۇچىلارغا بەكمۇ هار كېلىدۇ . ياش پەرقىگە كەلگەندە « ياشلىق بىلەن قېرىلىق ئارىسىدىكى مۇساپىنىڭ بەكمۇ قىسقا» ـ (مونتىسكيۇ ) ئىكەنلىكىنى ، بۇ ئارىدا زامانداش بولۇشقا كاشىلا قىلىدىغان مىڭ يىللارنىڭ يوقلىقىنى ئەقىل بىلەن ئويلاش كېرەك.

ئوقۇتقۇچىنى ئۇنىڭ ئائىلە ئەزالىرى ، تۇغقانلىرى ، دوستلىرى قوللىشى ، هۆرمەتلىشى ئىنتايىن مۇهىم . دەرۋەقە ، بىر قانچە قېرىنداش ئىچىدە «ئەپەندى» بولغىنىنىڭ كىرىمى تۆۋەن ، ئۆسۈشى ئاستا ، قوشۇمچە تاپاۋىتى يوق بولۇشى مۇمكىن . ئەمما بۇ هەرگىزمۇ ئەجرى كەم ، تۆهپىسى يوق دېگەنلىك ئەمەس . باشقا بايلىق ۋە كىرىملەر ئىستېمال بولۇپ تۈگىسىمۇ ، لېكىن ئىلىم پۈتمەس ـ تۈگىمەس بايلىق . ئوقۇتقۇچىنى كەسىپ ئالماشتۇرۇشقا ، مەنسەپ تۇتۇشقا دەۋەت قىلغان ئايال ئەسلىدە ئۆز ئېرىگە ئىختىيارلىق بىلەن ئەمەس نائىلاج تەگكەن ئايال . ئۇنداق ئايال ئۆز ئېرىنى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى بىلەن قوشۇپ تونۇپ سۆيگەن ئايال ئەمەس . مېنىڭچە بۇنداق ئايالالار يات ـ ياتلا ئېرىنى پەسلەشتۈرىدىغان كوتۇلداشلارنى قىلماي تۇرالمايدۇ . مەن ئويلايمەن ، ئائىلىدە ئوقۇتقۇچىغا ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالغانلىقى تۈپەيلى ئىپادىلىگەن هۆرمەتسىزلىك پۈتۈن ئىجتىمائىي هۆرمەت ـ ئېتىبارسىزلىقلارنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس .

تەربىيىلىگۈچى چوقۇم تەربىيىلەنگەن بولۇشى لازىم .

بىز يۇقىرىدا « ئوقۇتقۇچى » دېگەن سۆزنى ئۇنىڭ ئەسلى ماهىيىتى بويىچە تەرىپلىدۇق ۋە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئومۇمىيۈزلۈك هۆرمەت تىكلەشنى تەكىتلىدۇق. هەممىگە مەلۇم ، ئوقۇتقۇچى كونكرېت ئىنسان . ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچى دېگەن شەرەپلىك نامغا لايىق ياكى ئەمەسلىكى كونكرېت ئوقۇتقۇچى مەسىلىسىدۇر. گېيوتى توغرا ئېيتقانىدى: «تەربىيىدە پۈتۈن مەسىلە ئوقۇتقۇچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىگە باغلىق»

تەربىيە بىرىنچىدىن « ئۆلۈغ ئىش »، « ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى تەربىيە بىلەن هەل قىلىنىدۇ .» ـ ( بېلىنسكى ) ؛ ئىككىنچىدىن تەربىيە « ۋىجدان ئىشى » ـ (گېيوتى ) . شۇڭا ئوقۇتقۇچى ئۆز كەسپىنى ئەقلى ، قەلبى ۋە ۋىجدانى بىلەن سۆيۈشى ، ئۇنى ئۇلۇغ تارىخىي تەرەققىياتقا ئاتلىق بىرلەشتۈرۈشى لازىم . ئۇ جاپادىمۇ ، هالاۋەتتىمۇ ، ئۇنۇۋان ئالغاندىمۇ ئۆزىنى تۈپ ۋىجدانى ئۆلچەمدىن يىراقلاشتۇرۇپ قويماسلىقى لازىم .

ئوقۇتقۇچى تەربىيىچىدىن دائىم ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيىلەپ تۇرۇشنى شەرت قىلىدۇ. « ئوقۇتۇش ئىككى هەسسە ئوقۇش دېمەكتۇر.» بولۇپمۇ هازىرقى دەۋردە ئوقۇتقۇچى هەر كۈنى ئۆزىنىڭ بىلىم فوندىنى بېيىتىپ ۋە يېڭىلاپ

تۇرماي ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى مۇمكىن ئەمەس . بىلىمسىز ، بىلىمى تۆۋەن ياكى بىلىمى كونىرىغان كىشىلەرنى يۇقىرى سىنىپ (مەكتەپ ) ياكى ئوقۇغۇچىلىرى ئاسانلا بايقاپ ئالالايدۇ . مۇھىمى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچى نامىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان «غەيرى ئوقۇتقۇچى » لارنى ياكى مەخسۇس تەربىيىلەپ ياكى خىزمىتىنى يۆتكەپ ئاساس مائارىپ سېپىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنى مائارىپ فرونتىنىڭ زەربىدار ئەترىتىگە ئايلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ . بۇنىڭسىز ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس .

ئوقۇتقۇچى يەنە ئوقۇغۇچىغا بىلىم بېرىش ئاساسىدا پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدىغان بولۇشى لازىم . چۈنكى « مەدەنىيەتنىڭ بۈيۈك ۋەزىپىسى ئىنساننى پىكىر قىلىشقا ئۆگىتىشتۇر». - ( ئېدىسون ) بىلىم - ئىگىلەنگەن ھەقىقەتنى بىلىۋېلىش بولۇپ ، پەقەت پىكىر قىلىش قابىلىيىتى ئارقىلىقلا بىلىمنى راۋاجلاندۇرۇش ، ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش مۇمكىن .

تەربىيە يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا ئۈلگە كۆرسىتىپ يېتەكلەش دېمەكتۇر . ئوقۇتقۇچى دەرس ئارقىلىق ، تەجرىبە ئارقىلىق ئىلمنى ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۈلگىلىك ئىنساننى نامايان قىلىدۇ . بۇ ، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز كامالەت يولىغا قويۇپ توختىماي ئىلگىرىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ . شۇ چاغدىلا ئوقۇتقۇچى ھەقىقىي تەلىم - تەربىيە ساھىبى بولۇپ يېتىشىدۇ .

خۇلاسە

رېئال دۇنيا ئىچىدە تۇرۇپ كەلگۈسىگە نەزەر تاشلىغاندا ئائىلە بىلەن ئانا ، مائارىپ بىلەن ئوقۇتقۇچىنىڭ مىللەتنىڭ مەنىۋى ساپاسىنى بەلگىلەشتىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى جەمئىيەتتىكى ئومۇمىي كىشىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىپ ، ئومۇمىي ئاڭ دەرىجىسىگە ، ئەقىدە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلىنىدۇ . ئوقۇتقۇچىنى ھۆرمەتلەش بىلەن ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنىڭ ساپاسىنى بىللە چىڭ تۇتۇش ئۇنىڭ مەركىزىي ھالقىسى .

ئەترگۈل بلوگىدىن ئېلىندى

# رۇبائىياتتىن پارچىلار

(1)

گۈل ئېچىلماس گۈلگە گۈل دەۋران باھارىڭ بولمىسا ،
سايرىماس بۇلبۇل كەبى گۈل ئىختىيارىڭ بولمىسا.
زىننەت ھەم تىلەش بىلەن شۆھرەت ساڭا بولماس رەپىق،
قايغۇ يا شادلىقتا تۇتقان پەخرۇ، ئارىڭ بولمىسا.

(2)

قايسى بىر رەڭدار چېچەكنىڭ ھۆسنى دىدارىڭچە بار،
قايسى بىر ياقۇت قەدەھنىڭ كەيپى خۇمارىڭچە بار.
گۈلگە بۇلبۇل، جامغا مەيخور بەند ـ شەيدا بىگۇمان ،
قايسى شەيدانىڭ پىراقى مەن گىرىپتارىڭچە بار؟

(3)

مەيلى شاھ، مەيلى گاداي ئىلكىدە بىر خەزىنە ياتۇر،
ئول ئۆمۈر گويا راۋان دەريا كەبى تىنماي ئاقۇر.
شاھلار ئاۋارە بولغان خەزىنە ـ چىن خەزىنە ئەمەس،
شەخسى خىسلەت ئېتىبارىڭ ئۈستىدە باشىڭ قاتۇر.

(4)

گۈل تولۇپ تۇرغان بېغىڭغا كۆرگىلى رەنا كېلۇر،
يەر تاياپ ياتقان چېغىڭدا يانىڭغا دەنا كېلۇر.
بەزىدە دەريا قۇرۇق، بەزەن باسار چۆلنى قىيان،
رەڭمۇ رەڭ ئۇبرازغا باق، شەكلىدىن مەنا كېلۇر.

(5)

ئاينى تۇتماق، كۆككە ئوق ئاتماق ساڭا شۆھرەت ئەمەس،
تاجۇ ـ تەختىڭگە پۈكۈنمەك بىلدۈرەر ھۆرمەت ئەمەس.
ياخشىلىق ئەل شەنىنى، ئەل بەختىنى مىزان قىلار،
ئەل ئۈچۈن چەكسەڭ رىيازەت ـ ئۇ بەخت، ھەسرەت ئەمەس.

(6)

خار بولۇپ ئاپتاپتا ياتساڭ كىم سېنى خار ئەيلىمەس،
جۇرئىتىڭ بولمايدىكەن كىملەرمۇ دىشۋار ئەيلىمەس.
قۇت تېپىپ شاھ تاجىدا قىلساڭ جۇلا زۇمرەت بولۇپ،
ھەرقاچاندا، ھەر زاماندا كىم سېنى يار ئەيلىمەس؟

(7)

قوي جاھان مەغرۇرلۇقىڭ، ئىسراپ ساڭا شۆھرەت ئەمەس،
ھەم تېجەش، كەمتەر ياشاش بەختىڭ ئۇچۇن كۈلپەت ئەمەس.
بولدى رىم ئاخىر ھالاك كەيپى - ساپا، شۆھرەت بىلەن،
كىم پېتىنغاي ئېيتقىلى - بۇ كۈن يەنە قىسمەت ئەمەس.

(8)

تاماخورلۇق خۇنۇك ئىللەت، ئۇنىڭدىن سورىما ۋىجداننى،
كۆزىنىڭ ئاچلىقى ھەتتا گۆرىگە تاشلىغاي جاننى.
تامادىن مۇددى'ئا پۈتمەس، تاماخور نەپسى بىر تويماس،
ئۇنىڭدىن قايسى ئىللەت زور يوقاتقان قەدرى ئىنساننى؟

(9)

تەسەۋۋۇر ئەتمىكىم شەرتتۇر توپادىن تۇتىيا ئىزلەپ،
تەپەككۇر قىلمىقىم ھاجەت ئاۋامدىن ئەۋلىيا ئىزلەپ.
بىھەد ھادىس جاھان ئىچرە كەرەمدىن ئۆزگە شۆھرەت يوق،
بېزە قەددىڭنى ئەي دانىش مۇشەققەتتىن زىيا ئىزلەپ.

(10)

پىراق ئوتۇڭ كاساپەتتۇر، سېغىنماق دەشتى ئاپەتتۇر،
چۈشەش گويا سا'ئادەتتۇر ، ۋىسالىڭ مىسلى ئامەتتۇر.
دېمە لەۋزىمنى دەرۋىش ھالىدا ئېيتقان جۇنۇن ئەھدى،
قەلەندەر قەلبىدە ئىدراك - جاھان شاھى رىياسەتتۇر.

(11)

تەكەببۇرلۇق نىشان بولغاي ـ ئەقىل كور بولسا ئامەتتىن،
كىبىر كۆلگەن چېغى قالماس نىشانە ئىستىقامەتتىن.
تەكەببۇرلار ئۆمۈر دەرياسىدا بۇژغۇننى دۆلەت دەر،
قومۇشتا بولمىغاي خىسلەت چىنارلىق قەددى قامەتتىن.

(12)

شېئىر شۆھرەت ئەمەس، ئەمگەك ـ ساپاسى ھېس ۋە ئىدراكتا،
سىياقىڭ قانچىلىك بولسا كۆرۈنگەي سۆزدە ـ ئەينەكتە.
تەپەككۇر كانىنى قازماي، تەسەۋۋۇر تىكلىمەك مۈشكۈل،
جاۋاھىر تاپقىلى بولغاي كۆڭۈل كەڭ بولسا كۆكرەكتە.

(13)

سابا يىغلايدۇ ئاھ ئېيتسام چىدالماي نالە ـ زارىمغا،
زېمىن تەۋرەيدۇ داد ئېيتسام مېنىڭ مۇڭلۇق قارارىمغا.
يۈرۈپ مەن بىپايان يوللار ئارا سەرگەشتە دەرۋىشتەك،
بىلەلمەسمەن نەسىبى تەقدىرىم قايغا بارارىمغا.

(14)

پىداكارلىقتا مەن ـ مەن دە، ئۆزۈڭنى دالدىغا ئالماي،
قۇسۇر يۈز بەرسە مەن ـ مەن دە، گۇناھنى ئۆزگىگە ئارتماي.
ھالاۋەتتە دېمە مەن ـ مەن، ياراشماس مەردكە مەنمەنلىك،
نەزەر سال شۇنچە مەنمەنلەر ياتار قەبرىدىن ئارتماي.

(15)

گەر ۋەتەن دەپ كۈيلىسەم نەزمەم ئىچىدىن بال ئاقار،
سىنە ـ قەلبىمنى ھېسابسىز سۆيگۈ ئىلھامى قاقار.
بۇ ئانا تۇپراققا شان قوشماق ئۇغۇللۇق ئىستىكىم،
قىلسا پەرۋاز مىسلى سۇمرۇغدەك ئاڭا ئالەم باقار.

(16)

سىزگە سۇندۇم نەزمە دىۋان ـ بىر قۇتا مارجاننى،
ياكى سۇندۇم زەر قەپەسدە بۇلبۇلى خەندانىنى.
ئەتىۋارلاپ ئەتىردەك قىلماڭ ئۇنى شىشىگە بەند،
ھەر نەزم بىر گۇل، كېزىپ تىزدىم ۋەتەن بوستانىنى.

(17)

كۆڭۈلنىڭ قۇلۇپىنى ئاچقاي سۆزۈڭدە بولسا گەر ھېكمەت ،
جېدەلنىڭ ئۇرۇقىنى چاچقاي سۆزۈڭدە بولسا گەر ئىللەت.
كىشىلىك قەدرى سۆز بىرلە، ساپايىڭغا سۆزۈڭ شاھىد،
گۈزەل سۆز قۇت ئاتا قىلسا، خۇنۇك سۆز يەتكۈزەر كۈلپەت.

(18)

جاھالەت بىر خۇنۇك تۈنكى ، بۇ تۈن پەردىسى غەپلەتتە،
بۇ غەپلەت بىر چۈشەكەشكى ، ئۇنىڭ ھەر ئەۋجى دەھشەتتە.
نادانلىق تۈپەيلى پىتنە ـ بوھتان ، رەشك ـ ھەسەت قاينار،
ئاڭا ئەل ئاشىقى قاخشار كۆرۈپ بۇ ھالنى ھەسرەتتە.

(19)

كىشىنىڭ خۇلقى ـ مەيلىدە تەپەككۇر سايىسى باردۇر،
ئۇمىد تۇغقان كىشى ھەر خىل ، ئۇنىڭ ئۆز غايىسى باردۇر.
مەگەر تەن ۋەجنى مىزانغا سالساڭ، پەرقى ئاز، ئەمما
قەلبلەر پەرقى يەر ـ ئاسمان ، ئۇنىڭ نە چارىسى باردۇر.

(20)

قىسمىتى قامۇس ھاياتنىڭ، ھەر بېتى راھەت ماڭا،
مەيلى قايغۇ، مەيلى شادلىق ، كەلگىنى ئامەت ماڭا.
بولسا گەر قەلبىمدە ھېكمەت قىلغۇسى جۇتنى باھار،
بولمىسا قەلبىمدە ھېكمەت ئامىتىم ئاپەت ماڭا.

(21)

نىتەي ، ئاپەت مۇھەببەتتىن يۈرەكتە بولدى ئوت پەيدا،
تۈتەكسىز ئۇشبۇ ئاتەشنى كۆرۈش تەس بولسا دىل ئەما.
چىراغ پەرۋانىسىن كۆرگەن چېغىمدا ئويلىمايمەن ھېچ،
مېنى قىلدى نەسۇەم ئاقىۋەت پەرۋانىغا سىما.

(22)

ھەسەتخور بولسا باغۋەن نە ئېچىلغاي باغدا گۈل رەنا؟
ئۆزىنى پىتنىچى ـ بۇلبۇل دېسە خەندىدە نە مەنا؟
بىراۋلار زەمزەمىن ماختاپ ، تۈكۈرسە ئۆز بۇلاقىغا،
بولۇر چۈللۈك مۇكاپاتى قىلىپ نەم قەترىگە تەشنا.

(23)

كۆرۈپ مەستانە بولدۇم مەن ۋاپادىن بىخەۋەر يارغا،
مۇھەببەت مەشئەلىن ئۇشلاپ ئېرىشتىم نارى گۈلزارغا.
كۆڭۈلدىن ئاچمىدى خىلۋەت، لىۋىدىن سۇنمىدى شەربەت،
پىراقى مەھلىيا قىلدى چېكىمسىز جاننى كۆكنارغا.

(24)

كىشىنى ئوت ئارا تاشلاپ تۇتۇنما ئۆزگە بىر كارغا،
كەچۈرگىن بولسا گەر نۇقسان، ساخاۋەت قىل ئەيىبكارغا .
كۆڭۈلنىڭ كەڭلىكى دۆلەت، زەھەر تۇتماق ـ زەھەر يۇتماق،
ھەسەتتىن دارغا ئاسقاننىڭ يېزىلمىش قىسمىتى دارغا...

(25)

قاقاقلاپ كۈلمىكى زىننەت گۈزەلنىڭ شادۇ ـ خەنداندا،
دۇتارنى چالمىقى راھەت ئۇنىڭ رەڭدار پېشايۋاندا .
بۇگۈن مەن توز بىلەن گويا بۇ باغدا سەيلەدە بولدۇم،
يۇمۇلغايمۇ كۆزۈم ئەتە ئۇنى كۆرمەستىن ئارماندا؟

(26)

قونىدۇ سۇمرۇغ چىنارغا، بەزىدە قاقشالغىمۇ،
خىسلىتىڭ ھەم قىسمىتىڭ تەسىر قىلۇر ئىقبالغىمۇ.
گەرچە ھېكمەت قامۇسىغا مەنا ئېيتساڭمۇ، يەنە
بەزىدە ئوخشايدۇ ھادىس رەمچى سالغان پالغىمۇ.

(27)

تۇمان باسماس ھاۋا بولماس پايانسىز دەشتۇ ـ دەريادا،
گۇمان كىرمەس كۆڭۈل بولماس نە دانا پاكى تەرسادا.
گۇمان بىرلە يېكىر قىلما، ئەقىل زېھنىڭ قۇياش بولسۇن،
يېكىر تەختىڭگە شەيتان شاھ ـ گۇمان بىرلە تەمەننادا.

(28)

پىراق ئوتۇڭ كاساپەتتۇر، سېغىنماق دەشتى ئاپەتتۇر،
چۈشەش گويا سائادەتتۇر، ۋىسالىڭ مىسلى ئامەتتۇر.
دېمە لەۋزىمنى دەرۋىش ھالىدا ئېيتقان جۆنۈن ئەھدى،
قەلەندەر قەلبىدە ئىدراك ـ جاھان شاھى رىياسەتتۇر.

(29)

سېنىڭ جادۇ كۆزۈڭنىڭ تۇتقۇنى بولۇپ يوقالغانمەن،
ئۆزۈمنى ئاختۇرۇپ تاپسام چېچەك بوستانىغا تولغانمەن.
تەقەززا ئەيلىمەس بۇلبۇل كەبى قەلبىم قەپەسگاھنى ،
قىزىلگۈل دەپ تىكەنلەر دەستىدىن قانغا بويالغانمەن.

(30)

لاۋازىملىق ئەمەس دوستلۇق، ئۇنىڭ يىلتىز ـ شېخى ھۆرمەت،
مەگەر دوستلۇققا دان تىكسەڭ، ئۇنىڭ ياپراق ـ بىخى ھۆرمەت.
ئۇنى بۇ، بۇ ئۇنى ئىشقا سېلىش دوستلۇق ئەمەس، لاپقۇت،
غەرەز شۇ بولسا دوستلۇقتىن ئۇنى سەن باشتىراق تەرك ئەت!

(31)

ئۇلۇغ خاھىش بىلەن ئاقسۇن ئاياقىڭ ئاستىغا قانىم.
كى تۇپراق ئاستىدا كۆرسەممۇ بەختىڭنى قەدىردانىم.
شەپەق ئاسمانىدا ھۆردەك بەلەن ئاۋاز بىلەن ئۇچساڭ،
نىچۈن كۆلمەس قۇچۇپ شەبنەم لەھەت ئۈستىدە رەيھانىم؟

(32)

مەيلى سەن ھايات دەپ ئۆزۈڭنى بەزلە.
مەيلى سەن ئۆلۈم دەپ ئىبادەت ئىزلە.
ھەق ـ ناھەق چىرمىشىپ كەتكەن ئالەمدە.
ئىلىمنى قەدىرلەپ ھەق سۆزنى سۆزلە.

(33)

سېنىڭ ئوقيالىرىڭ قىلدى تىنىمنى توزۇتۇپ ۋەيران.
شىپا قىلما تېۋىپ بەس! ئول بولۇپ قالسۇن ساداق ئورمان.
سېنىڭ ئەپسۇنلىرىڭ گويا قىلىچتەك تىلدى سىنەمنى،
يارامنى تىكمە، قان دەرياسىدىن ئۈزسۇن كېمەڭ ھەر يان.

(34)

ئەرك ئۈچۈن جاندىن جۇدا بولماق شەرەپكە ئىپتىدا،
لەنىتى كۈندۈر ياشاش بولماي خالايىققا پىدا.
ئۆز ئۆيىنىڭ راھىتى ئالدارمۇ مەردىنىڭ قەلبىنى؟
تېخى غۇربەت زەنجىرى تۇرسا غېرىبلار بوينىدا.

(35)

«قادىر ئاللا» ئوت ئەمەس، تۇپراقتا تەن قىلسا بىنا،
خۇددى ئوت كەتكەن بىنادەك مەن پىراقتا مۇپتىلا.
گەرچە سۇ ئوتنى ئۆچۈرسە ، كۆزدە ياشىم ياغ پەقەت...
كۆز يېشىم ئوت ئۈستىگە ئوتنى قوشۇپ بولدى بالا.

(36)

كۆڭۈل بىر قۇش، گۈزەل سۆز دان ـ ئوزۇقى،
بۇ دان ـ ئوزۇقتا ھەم بار قۇش تۇزىقى.
گۈزەل سۆز بولسا گەر دىلدىن بېشارەت،
ئۇنىڭ مەغرۇر لەپىلدەر غەلبە تۇغى.

(37)

مىللەتنى مىللەتنىڭ تىلىدىن بىلدىم.
مىللەتنىڭ تىلىنى ئېلىدىن بىلدىم.
ئۆز تىلىنى خار قىلغان مىللەت خار مىللەت،
ئۇلارنى بىخۇدلار خىلىدىن بىلدىم.

38

مۇھەببەت ئىز قويماس كەش كېيىپ كېلەر
سېھىرلىك قارماقتەك كۆڭۈلنى ئېلەر
ئۇ شۇنداق ئوغرىكى، ئوغرىلانغۇچى
تەڭرىدىن ئوغرىغا شاپائەت تېلەر

39

كۆزۈڭدە قەھرىلىك چاقماق،ئاقار مەڭزىڭدە يامغۇر ياش،
كى شەبنەم تىترىگەن بەرگتەك يۈزۈڭدە يالتىرار ئوتقاش.
بەئەينى تالى مەجنۇندەك،شامال سەرسانى سۈمبۈل چاچ،
گۈرۈلدەپ تەۋرىدى ئالەم ساڭا بولغان كەبى ھېسداش .

40

يامانلىق قىلمىغان ئادەم تاپار ھەر ئىشقا ئاسانلىق،
ئۇنى تەقلىد قىلالماس ئەمرى بىرلە شاھى ـ سۇلتانلىق.
ئۇرۇق چاچ ياخشىلىقتىن، بىھوسۇل ئاپتاپتا قالساڭمۇ،
كىشىلىك رەھمىتىدىن بولغۇسى ئۆمرۈڭ باراقسانلىق.

**41**

ھايات تاتلىق، ھاياتلىققا يېتەلمەس، بولسا ھەر تاتلىق،
ھاياتلىق پەيتىنى قەستلەپ قازا يۈرەرمىش قارا ئاتلىق.
ھايات لەززەتلىرى ئىچرە ئۆزىن بىلمەك بۈيۈك خىسلەت،
نە قىلسۇن قەلبى ئەمالار ئارا ۋىجداندا ئاباتلىق.

**42**

دېمە سەن نەپسى شەيتاننى جاھاندا بەختۇ - ئامەتلىك،
ئۇنىڭ رەڭۋازلىغىنى بىلمىگىن شۇنچە كارامەتلىك.
يىراقتىن گەر سىنى ئول قىلسىمۇ جادۇ بىلەن مەپتۇن ،
يولۇقما كۆكسىدە يالقۇنى ئەجدەرھا ھالاكەتلىك.

**43**

ئۆمۈر گۈلشەنلىرىڭ ئەلۋەك ،خەلقنى دىلغا جا ئەتسەڭ،
كۆڭۈل ئەينەكلىرىڭ روشەن ، ئىلىمگە ئىلتىجا ئەتسەڭ.
سائادەت- ئول سائادەتنى ئۆتۈنمەك بىرلە بولغاي تەل،
سۈلايمان ئامىتىڭ بەربات... ھەسەتنى مۈددىئا ئەتسەڭ.

**44**

گۈلاپ ئىچكەن بىلەن قۇزغۇن ، بولالماس ھېچقاچان بۇلبۇل،
ئۇنىڭ زەۋقىدە قان زاھىر ، نە قىلسۇن لالە ھەم سۇمبۇل.
جاھان قىسمەتلىرى كۆپ ... ناگاھان بۇلبۇل قەپەسكە بەند،
رىيا ، تەقۋا بىلەن قۇزغۇن قىلۇر گۈلشەن ئارا غۇلغۇل....

**45**

كۆيۈپ چوغ ئۈستىدە سەندەل تىنىم ، دەۋراننى ئۆتكەزدىم،
كى سەييات ئالدىدا بولغاچ ئىپارىم دەشتۇ - چۆل كەزدىم.
يىپەك بەرگەچكە بەند بولدۇم قۇرۇتتەك مەن غوزەك ئىچرە،
يېنىپ شامدەك ئادا بولغان گۈزەللىك مەنىسىن سەزدىم.

46

مىسىر شاھىدىن ئەبزەلدۇر غېرىب بولسامىۇ كەنئانىم،
سۇلايمان تەختىدىن يۈكسەك قاداق، دەرۋىش سۈپەت جامىم.
ساڭا كۆيمەك ، سىنى سۆيمەك ـ ئەزەلدىن ئىپتىخارىم شۇ،
سېنىڭ ئىشقىڭدا جان بەرمەك مىنىڭ قەلبىمدە ئىمانىم.

47

بەختسىز سۆيگۈ ئەلادۇر ، مۇھەببەتسىز سائادەتتىن،
بەختلىك تۇرمۇشۇڭ ـ ناپاك ، جۇدا بولسا ساداقەتتىن.
ساداقەت جامىدا مەي ئىچ، مۇشەققەت كانىدىن زەر قاز،
كىشىلىك ئەركى يۈكسەك تەخت غۇرۇرى يوق ئىناۋەتتىن.

48

ئىلىم باشقا، تالانت باشقا، غۇرۇر ۋىجدان يەنە باشقا،
بۇلۇر ساھىبقىرانلىق ئۈچ پەزىلەت كەلسە بىر باشقا.
بۇنىڭ بىرلە بەخت پۈتمەس، ئۇنىڭسىز ئامەتلەر كۆپ،
بەخت بابىدا قۇر ئاچساڭ يېزىلمىش قىسمىتىڭ باشقا...

49

شىرنى يەڭگەن ئەزىمەت، شېرىن سۆزگە ئەل بولدى،
يامغۇر سۈيىدىن قېچىپ يولۇققىنى سەل بولدى.
گۈزەللەرنى ئاختۇرۇپ، يۈرگەن ئىدى مەنسىتمەي،
ئاخىرىدا تاپقىنى دىلى ئەما «چەل» بولدى.

50

ئۆمۈر بىر دەرەختۇر يېتىشتۇر مىۋە،
ئەجىر قىل «ئاغزىمغا ئۈجمە چۈش» دىمە.
ئۆزگىنىڭ بېغىدا يايرىغان چېغىڭ،
ھەسەتتىن كۆرەلمەي چىللىما دىۋە.

51

ئادەمنىڭ يورىكى قۇدرىتى چاغلىق،
بۇ قۇدرەت مۆجىزى ئەقىلگە باغلىق.
ئەقىلغۇ نىسىۋە ئادەملەر ئۇچۇن،
ۋە لېكىن ئەل ئىچرە دانا ساناقلىق.

52

بەش كۇنلۇك ئۆمۈر دەپ ئۇمىد ئۈزمىگىل،
ۋە يەنە ئۆلمەسكە پىلان تۈزمىگىل.
هاياتنى قەدىرلە ،زىننەتلە، رەتلە،
دەريادىن گۆھەر سۈز، لۆجە سۈزمىگىل.

53

كۆڭۈل گۈلشەن، كۆڭۈل غەزىنە،كۆڭۈل شەربەت،كۆڭۈل ئالەم
كۆڭۈلگە گەر گۈزەللىك هەم كەرەملىك بولسا يار هەمدەم
كۆڭۈل دەۋزەخ، كۆڭۈل زىندان، كۆڭۈل ئاغۇ، كۆڭۈل ئاپەت،
كۆڭۈلگە گەر خۇنۇكلۇك هەم قاباهەت پۈكسە هەر ئادەم.

54

سىرىڭنى ئېيتما دۈشمەنگە، ئۇنى هەم دوستقا پىنهان تۇت،
بەختسىزلىك بالا ـ دەشتىدە بىل يالغۇز دەرەختۇر قۇت.
رەقىبىڭ ئايلىنۇر دوستقا، بولۇرلەر دوستمۇ هەم دۈشمەن،
پەلەك ئايلانما چەرخكى، سەۋەپ سورىساڭ ئۇ تىلسىز بۇت.

مەنبە: شائىرنىڭ «رۇبائىيات» ناملىق كىتابى

# قەشقىرىم

شەرق بىلەن مەغرىب ئارا نامىڭ نۇر ئەفشان قەشقىرىم،
تارىخىڭ، زاتىڭ سىماسى دىلدا ئايان، قەشقىرىم.
ئوق بىلەن يا ئىلكىدە ئارتۇچدا ئەۋلادىم ئىزى،
سەندە پامىردا تېپىلغان كونا گۇلخان قەشقىرىم.

دەسلىپا تاش كەتمەننى بىرلەن بىنا ئەيلەپ ئېكىن،
تۇنجى بوز ـ چەكمەن بىلەن ئۇستىنى ياپقان، قەشقىرىم.
ئول ئوغۇزخان دۇلدۇلى باغرىڭدا كىشنەر تىك تۇرۇپ،
قوۋمى ئۇيغۇر بايرىمى سەندىن قۇتاتقان، قەشقىرىم.

كۇلدى لوپنۇردا مەلەك مىلادىدىن مىلاد بۇرۇن،
جامى جەمشىت ئەكسىدە هۆسنۇڭ نامايان، قەشقىرىم.
بىر تۇمەن كېيىك تېرىگە «ئاۋىستا» نى پۈتكەن چىغى،
ئۈچە، ياقۇت، قاشى بىرلەن نەقشى تاپقان، قەشقىرىم.

ئالدى هەم ئارقىغا تەڭ ئوق ئۈزدى لاچىن لەشكىرىڭ،
قەي ئېلىنىڭ خۇسراۋى يانىڭدا ۋەيران، قەشقىرىم.
باشىڭدا بۈركۈت دوبۇلغا، كۆكسى زەر ساۋۇت ئېگىن،
قەهرىمان ئەپراسىياپقا بارگاھ، قەشقىرىم.

يۇمسا كۆز ئېفرات، ئەجەم، باش ئەگسە هىندۇ قوشمۇ هەم،
سەندە ئىسكەندەر چېكىندى، شانى ئاسمان قەشقىرىم.
رىم بىلەن تاكى يىراق چىنگىچە كارۋان مەنزىلى،
ئىستىقامەت ئەهلىگە ئالىپتا داستىخان، قەشقىرىم.

مەستىكى رۇم، چىن تاۋارى، هىندۇ ئەنبەرىن يېپىپ،
كۈللى ئالەم قىزلىرىنىڭ زەۋقىن ئالغان قەشقىرىم.
تەڭرىتاغدا بارگاھ قۇرغان سىياق تەڭرى ـ ئىلاھ،
چوڭ قۇرۇمدا قاش يەنە ئالتايدا زەركان، قەشقىرىم.

ساك ۋە يۇرچى كونا زەرگەر، شاھىدى مىڭ - مىڭ لەھەت،
كۇن، يورۇقلۇق، پاكلىقتىن دىلدا ئىمان، قەشقىرىم.
تارمۇ باغراش ۋە ئورخۇنلاردا كۆپلەپ قالدى باغ،
باغۇ - بوستانلار ئارا شاھانە ئەدنان قەشقىرىم.

پىرى شامان داپ ئۇرۇپ ئەلگە سەھەتلىك ئىزلىگەن،
ئاتەشى زەردۇشت چىغى نۇردىن زەرەپشان قەشقىرىم.
مىڭ ئەدەپ كەپتەرلىرىن ئاسمانغا قويىدى بۇددىھا،
نەقشى سەنئەت بابىدا «مىڭ ئۆي» ياراتقان قەشقىرىم.

ئىشقى دەرياسىدا ئۈزگەن مۇندا تاھىر - زۆھرە ھەم،
قىسسىسى مىڭ يىل بۇرۇن تىللاردا داستان قەشقىرىم.
ئول گۈزەل ئەرمەن قىزىنى بەند ئېتىپ ئۆز قەلبىگە،
پەرھادىڭدىن ئۆزگە كىم ئىشق ئىچرە سۇلتان قەشقىرىم.

سەندە قايتا ئالدى تەلىم خۇيلىن ھەم كومراجىۋا،
رەقس - چالغۇ سازنى كەڭ ئالەمگە يايغان قەشقىرىم.
نالە ئىزھارىم تالاي چۆل ئۈستىدە يىغلار بۇلۇت،
ئۇستىخانىم بىر ئەمەس، مىڭلارچە بارخان، قەشقىرىم.

قۇم دۆۋىسى قانچە ئىزگۇ يۇرت - ماكانىنى قىلدى غەرق،
ئەگدى قەددىڭنى ئۆزۈڭدىن پىتنە - بوران، قەشقىرىم.
باشىدا پاك سەللىسى سۇتۇق بۇغرا ئاتام،
قايتىدىن جىسمىڭنى يۇيدى نۇرى ئىرفان، قەشقىرىم.

ھىكمىتىڭ خارابىدە جەم قىلدى مەشرىق غەربنى ھەم،
شۆھرىتىڭنى كۆككە يايدى تۈركىي دىۋان، قەشقىرىم.
«قۇت بىلىگ»جاۋاھىرىن ۋايىگە يەتكۈزدى يۇسۇپ،
يەسەۋى ھېكمەتلىرىدەك دۇرى رەيھان قەشقىرى.

بولدى ئۇستاز سەددىدىن قەشقەر مۇبارەك جامىگە،
مىر ئەلشىر نەزمىگە دۇرنى چاچقان قەشقىرىم.
مالىك، ئەھمەت قەشقىرى تۈزدى سەمەرقەنت ھۆسنىنى،
مىرزا ھەيدەر قەلبىگە ئاتەشنى سالغان، قەشقىرىم.

تەمبۇرىدە «چەببىيات»، قەلبى ناۋا ئامانىنسا.
قۇتلۇق«ئون ئىككى مۇقام»دا مەڭگۈ مۇزگان، قەشقىرىم.
ئىككى كۈن ـ تۈن چالسىمۇ پۈتمەس ساتارىڭ نالىسى.
ئىزگۈ، كۆرك، سۆيگۈ، ناۋادا سەن جاھان خان، قەشقىرىم.

خىرقىتى، مەشرەپ، زەلىلى، نۆۋبىتىدىن تا بۇ دەم،
ئەرشى ھەم خامۇشىنى باغرىغا باسقان قەشقىرىم.
قالدى خاكىڭ قوينىدا نىزارى تۇردۇم بۇلبۇلى،
سادىقىڭ يازمىشلىرى خۇنابى ئەبغان، قەشقىرىم.

قۇم بېسىپ يېپەك يولىن كەتتى ئەسىرلەپ قۇت قۇشۇڭ،
كۆزلىرى ئۆچمەس ئۈمىد كۆكىدە چولپان قەشقىرىم.
بولدى يات قۇرداشلىرىڭ، كەستى شېخىڭنى ئوت چېقىن،
ئۈنتۈدى شەجەرەڭنى ھەم قوينىدا جانان، قەشقىرىم.

بىر رىۋايەتتەك بۇدەم نامىڭنى ئەسلەر كەڭ جاھان،
بىر زامان ئىقلىم كۆزىدە شاھى مارجان  قەشقىرىم.
سەن گويا «ئەسھاب كەھب» دە كۆپ ئەسىر ياتقان يىگىت،
نۇر پېشانەڭدە يەنە تەقدىرى جەۋلان قەشقىرىم.

سەن قالۇرسەن بىز كېتەرمىز بۇ نەپەس گويا رابات،
ئېتىبارىم تەختىدە تۈز ھەققى خاقان قەشقىرىم.
مېھرى سۆيگۈڭ ئاتەشى قىلدى مېنى يۇرت ئاشىقى،
خاكىڭا بېشىم قويسام، بۇ كاتتا دەرمان، قەشقىرىم.

سۆزلە سوقرات، ئەپلاتۇن ، كۇڭفۇزى، ساكيامۇنى يەنە،
سىز گۇناھ دەمسىز ماكانىن سۆيسە ئوغلان، قەشقىرىم.
مەن گۇناھ دەرمەن جىمى بەڭۋاشلىقىم ، بىخۇتلۇقۇم،
مەن ساۋاب دەرمەن تاۋاپ ئىلماقنى ھەر ئان قەشقىرىم.

روھى شەيدالىق تېشىپ شەيدائى يازدى ئىشقىنى،
قۇت ماڭا كۆكسىنى ئاچسا ئۆز قەدىردان قەشقىرىم.
پىتنىلەر ھەريان ھۆرۈپ باغىم تۇزۇتسا ئەيىب ئەمەس،
ئىشقىدىن دەرد تارتمىقىم پاك خەير ـ ئېھسان، قەشقىرىم.

قىل ھەزەر بىر جىننى گەر ئىشقتىن پاسات سۆزلەر ساڭا،
ئەقىل ـ ھېكمەتسىز سانا ـ ئۇل لاپى شەيتان قەشقىرىم.
ئاز ئەمەس پىرقە ـ نىزا، پىتنە تۇپەيلى تارتقىنىڭ،
توختىماي ماتەم يېشىڭ بىرقانچە دەۋران قەشقىرىم.

ئەمدى جان باغىدا تۈزدۈم ئۈشبۇ ئىشقىڭ نامەسىن،
زەررە تۇپراقى شۇدەم تەختى سۇلايمان قەشقىرىم.

مەنبە: قامۇس ئوكيان تورى
http://qamus.okyan.com/View.aspx?ID=8408

## «تاك بۆشۈكىدە»

قايتا تۇغۇلدۇم تاك بىلەن
تاك بۆشۈكىگە بۆلۈنۈپ ،
كۈلدۈم
شەبنەم قۇچقان چېچەكتەك
شەپەق دۇنياسىغا چۆمۈلۈپ.

مەنبە: ئەتتىرگۇل بىلوگى

## ۋەتەن

ۋەتەن سەن سۆيگۈ مىزانىم، گۈزەللىك بىنەزەر سەنسىز،
تاپالماس ئېيتخار ئۆمرى تۈغۈلغان بىرلە ئەر سەنسىز.

ۋەتەن ـ مىراجى ئەرشىمسەن، خالايىق خالىقى ئالەم،
ئىناۋەت تاپمىغاي شۆھرەت، ھاياتلىق ئۆتسە گەر سەنسىز.

مەگەر پەرۋان دېسەڭ ، شەمئىم ئۆزۈڭسەن چەشمەئى ئەنۋەر،
پىراقۇ شەۋقى ئىشقىڭدا ماڭا تۈندۈر سەھەر سەنسىز.

ۋەتەن شەيدايى ئوغلانىڭ قىلالماس تەركى شەيدالىق،
ماڭا ئار شاھى ئىسكەندەر ئېرىشكەن قۇت زەپەر سەنسىز.

مەنبە: ئەتتىرگۈل بىلوگى

# سۆيگۈ

قايسى پەرۋان ئوت ئارا ئۆرتەنمىدى؟
ياكى ئوت پەرۋانىگە گۈلشەنمىدى؟!

قايسى بۇلبۇل گۈلگە شەيدا بولمىغان؟
ياكى گۈل بەرگىدە شەبنەم قەنمىدى؟

شامغا پەرۋان بولدى شەيدا كۆيدى ھەم،
يا ئىشق سەۋدالىقى سەھۋەنمىدى؟

تۆكتى قان پورەك كۆرۈپ بۇلبۇل سەھەر،
ياكى گۈل بۇلبۇل بىلەن بىر تەنمىدى؟

بىلمىدىم قەلبىمدە ئەلگە زور ئىشق،
يا مەلەك دىلغا ئۈنى تەرگەنمىدى؟

ئەي ۋەتەن ئىشقىم ساڭا، زەۋقىم ساڭا،
تەڭرى يا خاكىڭغا ماگىنىت كۆمگەنمىدى؟

ياكى شەيدايى تۇغۇلماقتىن بۇرۇن،
روھى سۆيگۈ ئابىغا چۆمگەنمىدى؟

مەنبە: ئەتتىرگۈل بىلوگى

# قارلىق تاغ شەجەرىسى

(مۇقەددىمە قىسمىدىن پارچە)

كۆن تاغقا چاپلاشتى چاچرىتىپ شەپەق،
قىزىل لاك سۈركىدى لىۋىگە ئۆپۈق.
بوغدانىڭ ئالدىدا شۈدەم بولدى تەق،
ئالمىرۇق، ھالۋايى، سەبدەرەڭ يوپۇق.

نە قىسمەت چەكمىگەن قارلىق تاغ - دىيار،
ئەزىمەت پەرزەنتلەر قىسمىتىسىمان.
ئۇنىڭدا مىڭ - مىڭ يىل ھېكايىتى بار،
ھەر ئۆركەش مىسالى بىر قىسسە داستان.

ئوغۇزخان، ئۇرۇمقان، ئايچۈرەك - ماناس،
سۈغارغان خاكىڭنى تۆكۈپ ئىللىق قان.
قانچىلىك تەڭرىقۇت ، تېكىنلەر قىيقاس -
كۆتۈرگەن جەڭلەرگە سەن شاھىت ماكان.

نۇزۇگۇم، گۈلەمخان قىسقىسى سەندە،
سەرگەردان مەشرەپكە سەن بولغان پاناھ،
سەن ماڭا ئىشتىياق سالغان نىكەمدە،
قارلىق تاغ ئۆزۈڭسەن ئىلھامغا دەرگاھ.

# ئىبرەت ۋە ھېكمەت

ئەقىلسىز دوستۇڭدىن، دۈشمەن تاپ دەنا،
يېڭىلىسەڭ بۇنىڭدا بىر ھېكمەت مەنا.
نادانىنى يەڭمەكنى چاغلىما زەپەر،
ئەرزىمەس قىلماقلىق ئۇڭا تەمەننا.

چىن دوستنى تاشلىما ھەسرەت چېغىدا،
ئارتۇقچە ھەم يۈرمە شاتلىق بېغىدا.
دىل تۇرۇپ دىلدارسىز تۇتما دىلىڭنى،
ۋە ئۇنى رەنجىتمە ھەسرەت بېغىدا.

رەنامۇ مۇھتاجدۇر ئاۋام سۆزىگە،
ئەقىلمۇ كۈچ تاپار ئەلدىن ئۆزىگە.
ئۆزگىلەر سۆزىنى سىناپ پەرق ئەتكىن،
كۆز تۇرۇپ ئالدانما ئۆزگە كۆزىگە،

تەپەككۇر بايلىقىڭ چۈشەنسەڭ ئىبرەت ،
ئىبرەتسىز جۇلاسىن يوقتار ھېكمەت.

# شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسۇل سەنئىتى

# نامىلىق كىتاپتىن پارچىلار

### يۈەن جىك

بولدى ئۇيغۇرچە ياسانماق قىز ـ ئايالىلار مەشغۇلى،
زور ماھارەت بولدى چالماق سازنى ئۇيغۇرلارىسىمان.
سۇمرۇغ ئاتەشنىڭ ساداسى مۇڭ بىلەن تولسا ئەگەر،
نەۋ باھار بۇلبۇل كۈيى ياڭرايتتى بىر سالقىن ھامان.
ئاتقا ئۇيغۇرچە مىنىش،زىبۇ ـ زىنىنەت تىل ئۆگىنىش ،
بولدى بەس ـ بەسلىك ھەۋەس بۇ ئەللىك يىلدىن بۇيان.

تىل بىلەر سازەندە ئۇيغۇر قاش تېشى چالغۇ چېكىپ،
تۇرىدۇ گەنجۇ ئۇسۇلى بىزنى شۇنچە جەلپ ئېتىپ.
ھەزرىتىم ئىش جىقلىقىدىن ئۆزلىرىگە داتلىماي،
تىڭشىماق ئەۋزەل بۇ سازنى ئۇيقۇلۇق تۈندىن كېچىپ.

### خۇا رۈي

شاھىمىز چىققاندا چىللە نەزرە ـ ئايەم قىلغىلى،
بىللە چىقماقچى خېنىملار بەلگىلەندى ئەۋۋەلى،
مىنگىنى ئۇيغۇر ئېتى،ئۇيغۇر لىباسى كىيگىنى،
جىلۋە قىلدى شۇ لىباستا تال چىۋىقتەك بەللىرى.

### جۇفۇ .

تاش ماكان ئۇيغۇرلىرى بۇ شەرققە قۇملۇقتىن كېلىپ،
كۆز ھاۋاسىن ئەسكە سالدى قولىغا نەينى ئېلىپ.
تۈن ئارا يامغۇر بۇلۇتنى ئۇچۇرۇپ كەتتى يانا،
يەرگە نۇر چاچماققا چىقتى ئايمۇ ئاسمانغا يېنىپ.

### شۈي فۇك

كونا نەغمىلەر چېلىنماي قالدى كەيىۈەن يىللىرى،
زوق ئېلىپ تۇرغاچ يېڭى كۈيدىن كىشىنىڭ دىللىرى.
ئۈچ قېتىم ئىسقىرتسا فىك ۋاڭ قاش تېشى نەينى ئەگەر،
چۆمدى خۇشبۇيغا قەدىمى گۇ ئېلىنىڭ ساھىلى.

## گۇ كاڭ

بۇ يېڭى كۈي ـ نەغمىلەر كەلدى قاياقتىن ئۇشبۇ تۈن،
ئاشۇ تىنچ يىللارنى ئەستە قايتا قوزغاپ مۇڭ بۈگۈن.
ھىچ كىشى ئالمايدۇ «فاچۈي» نەغمىسىنى ئاغزىغا،
كۆكمۇ تولدى شايى ـ ئەتلەس ئەيلىگەچ پەرۋاز پۈتۈن.

## شۈي نىڭ

ھەممە جايدا بۇ غەزەل ھەم ئېيتىلۇر ئات ئۈستىدە،
قالمىغاچ قايغۇ ـ نادامەت ھىچ كىشىنىڭ كۆكسىدە.
چۈشتە تاپقاندەك ئېرىشتۇق بۇ ساماۋى نەغمىگە،
قالدى «گۇڭ شىياڭ» كۈيلىرى ھەم ئوخشىماي ھېچ نەرسىگە.

## لى چې

جەنۇب تاغ قومۇشىدا ياسىلىدۇ بالىمان،
بۇ مۇزىكا ئەسلىدە كۈچا شەھرىدىن چىققان.
غارايىپ بوپ ئۆزگەردى خەن يېرىدە كۈيلىرى،
ئۇنى لىياڭجۇ ئۇيغۇرى چالىدۇ بىزگە بۇ ئان،
ياندا تۇرۇپ ئاڭلىغان كىشىلەر پەرياد چەكسە،
يۇرت سېغىنغان مۇساپىر كۆزلىرىدە ياش راۋان.

## لى رۈي

لىياڭجۇنىڭ ئۇيغۇرلىرى قايناپ ئۇسۇل ئوينىغان،
قاڭشار بۇرۇن، ئەتلىرى ئاپئاق قاش تېشىسىمان.
يەرگە تېگىپ سۆرىلىپ تۇرسا شۇڭدەك پوتىسى،
كاناپ كۆينەك پەشلىرى قايرىلىپتۇ ئىككى يان.
چېدىرنىڭ ئالدىدا ئۇ ئۆز تىلىدا شۇرلاپ،
كۆكرەك سىلاپ، يەڭ تۇرۇپ چۈشتى ئۇسۇلغا شۇئان.

قاش ئۇچۇرۇپ، كۆز ئېتىپ شىرداق كىگىز ئۈستىدە،
مارجان بۆكى يېنىدىن ئاقتى تەرلىرى راۋان. ،
يالتىرىدى ئۆتۈكى يورۇق چىراغ ئالدىدا،
مەس كىشىدەك ئۆزىنى تاشلىغاندا ھەر تامان.
پېقىرىسا، تىز قويىسا چۈشەر چالغان پەدىگە،
بەلگە قويىسا قولىنى خۇددى ئايغا ئوخشىغان.

بەي جۈيى

كۈن پېتىشقا قاراشتى شىرلار قايرىپ بېشىنى،
نالە ـ نەرە قىلغىنىدا ھەممە تۆكتى يېشىنى.

مەنبە: ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسۇل سەنئىتى» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

# سەۋدالىق تەئەججۈپنامىسى

## ئاپتوردىن

ئەسسالام كىتابخان !

بۇ ، تارىخنىڭ سەۋدالىق يىللىرى يېزىلغان تەئەججۈپنامە . بۇنداق يىللارنى ئاپەت دەپ ئاتىساق ئاپەتلىرى تولىمۇ پاجىئەلىك . بۇنداق يىللارنى ئامەتلىك دەپ ئاتىساق ئۇنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ تەجرىبىلىرىنى تورلاپ ، زۇلمەتنى يېڭىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە قوشقان تۆھپىسى ھېكمەتكە باي قىممەتلىك ئامەت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ . بۇ ، ھەقىقەتەن سەۋدالىق يىللىرى ئىدى . سەۋدالىقنىڭ پاجىئەسى ئىچىدە ، سەرسانلىق ئىچىدە كۆتۈلمىگەندە كونا يوشۇرۇن خەزىنىگە ئېرىشىپ قېلىش مۇمكىنچىلىكى نۇرغۇن خەلق چۆچەكلىرىدە ئىسپاتلانغانغۇ ؟

مەن دانىشمەنلەردىن سەبىي باللارغىچە ئۇرۇكۈگەن ، تېخىرقىغان ۋە ئەندىشە ۋەھىمىسى ئىچىدە سەۋدالىق روھىيىتىگە ئەسىر بولغان يىللاردا ئۆزۈمنى سەۋدالىقتىن خالىي قىلالمىدىم . بۇ خىل سەۋدالىق ئۇزاق قەرەللىك ئۇيقۇ شارابىدەك مېنىمۇ ئۇزاق يىللارغىچە مەستلىك ئۇيقۇسىغا غەرق قىلغانىدى . قاباھەتلەرنى ھېس قىلىپ ھېكمەتلەرنى چۈشىدىم . بىراق ، چۈشىگەنلىرىم سەگەكلىك تەپەككۇرىدىن كۆرە تولاراق سەۋدالىق شۇئىرلاشلىرىغا ئوخشاپ كەتتى . مەن ھۆرمەتلىك كىتابخاندىن مېنى كەچۈرۈشىنى ۋە ساقىينىڭ ئىچۈرگەن شارابىغا تاقابىل تۇرالماسلىقىمنى چوڭقۇر ھېسداشلىق ئىچىدە نەزەرگە ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن .

« سەۋدالىق تەئەججۈپنامىسى » تۆت مونولوگلىرى سۈپىتىدە سەۋدالىق يىللىرىدىكى سەۋدالىق خاتىرىسى بولۇپ مەيدانغا كەلگەن .

« سەۋدالىق تەئەججۈپنامىسى» كاككۇكنامىدىن باشلىنىپ ، مارجاننامە ، سۈمۈرغنامە ، جاھاننامە ، ئارقىلىق داۋاملىشىپ ، نىجاتنامىدە ئاخىرلىشىدۇ . مەن بۇ بەش نامىنى نەشر قىلىش ئۈيىدا يازمىغانىدىم ، كىشىلەرگە كۆرسىتىشكىمۇ ئەندىشە قىلاتتىم . يەنە نېمىشقىدۇر ئەينى يىللارنىڭ تەپەككۇر ھودۇقۇشلىرىنى جامائەتچىلىككە تاپشۇرغۇم كەلدى . بۇنىڭدىن مەقسىتىم ، زامانداشلىرىمنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىش ۋە گۆدەك پەرزەنتلەرگە ھەقىقىي يورۇقلۇق ، گۈزەللىك ۋە ياخشىلىقنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ھېس قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت .

## بەرىنجى باب. كاككۇكنامە

1

ساقاللىرى كامپۇردەك ئاقارغان ، كۆزلىرى چوڭقۇر دېڭىزدەك ئەقىل بىلەن تولغان ھېكىم: ئىلھامنىڭ ھەقىقىي مەبۇدىسى مۇسىي ( گرېك ئەپسانىلىرىدە سۆزلەنگەن ھۈنەر ـ سەنئەتنىڭ توققۇز مۇئەككىلى ) ، دېگەندە ، ئۇنىڭ بېغىدىكى قەپەستە سايراۋاتقان كاككۇك قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى . كاككۇك : بەدىنىم پەي زىننەتلىرى بىلەن ياشناپ تۇرسىمۇ ، سەرگۈزەشتلىرىم سېنىڭدىن ئارتۇق . ئىلھامنىڭ ھەقىقىي مەبۇدىسى مۇسىي ئەمەس ، بەلكى قەپەس ، دېدى . كاككۇك ھاياجانلاندى ، قەلبىدىكى ھارارەت ، كۆزىگە ياش زۇمرەتلىرىنى تاقىغاندى . ئۇ ئەركىن ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بىر توپ تورنىغا قاراپ ، قەپەس روجەكلىرىنى سىقىملاپ ، كۆكسىنى قەپەس شادىسىغا ئۇرۇپ سايراپ كەتتى . ھېكىمنىڭ زوقلانغىنى ئۇنىڭ نالىسى بولغىنىدەك ، ئۇنىڭ نالىسى قان قۇسقان كاككۇكنىڭ شېئىرىيەتتەك ھەقىقىي قەلبى ئىدى .

2

مەن كىچىك قۇشمەن ، جەك دۇمبىقىدەك نەرە ياڭرىتالمايمەن . مەن كىچىك گىياھ ، ئالەمنى مەھلىيا قىلىدىغان خۇش پۇراقنى تارقىتالمايمەن . مەندە رەشك ۋە ھەسەت ماجىراسىنىڭ ھەشەمەتلىك بۇژغۇنلىرى يوق .

3

مۇھەببەتنىڭ مەڭگۈ يېڭىلىپ ۋە ئەبەدىي تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان مەنىۋى جەننىتى نەدىكى ، مەن ئۇنىڭدىن شېئىرىيەت ئىلاھىنى ئىزدەيمەن .

4

بىقارار ئالەمدە خۇشاللىقلىرىمدىن ۋەھىمە قىلىپ غەمكىن بولىمەن ، غەمكىنلىكىم ئەۋجىگە يەتكەندە قاقاقلاپ كۈلىمەن . بۇلاق سۈيىگە قاراپ نىدا قىلىمەن : خۇشاللىقلىرىم سېنىڭ ئىلتىپاتىڭ ، گۈزەللىكلىرىم سېنىڭ ئىنئامىڭ ، ۋەھىمىلىرىم سېنىڭ سالغان قورقۇنچۇڭ ، جاراھەتلىرىم مۇشتۇمىلىرىڭنىڭ ئىزناسى . ئۆز ـ ئۆزۈمگە قاراپ قاقاقلاپ كۈلىمەن ، قاقاقلاپ كۈلىمەن ، مەن تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى ، سېنىڭ ئەلپازىڭنىڭ ئەينىكى . . .

5

ئۈمىد تاڭ شەپىقىنىڭ رەڭدار كۆڭلىكىنى كىيىپ قاقاقلاپ كۈلگىنىدە ،

ئۈمىدسىزلىك گۆگۈم ئوتقېشىنى قارايتىپ ، لام ـ جىم دېمىدى . ئۈمىدنىڭ تەنتەكلىكى بىلەن ئۈمىدسىزلىكنىڭ تەمكىن سىپايىلىكى ئارىسىدا تېڭىرقاپ شۇرلايمەن .

6

ھىجران دەشتىدە تۇرغىنىڭدا ساڭا ئىلھام بېغىشلىغان نەرسە ۋىسال ئۈمىدى . ۋىسال بېغىدا سېنى ئالدىراتقان نەرسە ھىجران ۋەھىمىسى . ۋىسال قەدرىنى كۆتۈرگەن نەرسە ھىجران ، ھىجران قەددىنى رۇسلىغان نەرسە ۋىسال ...

7

يوقلۇقنىڭ ئۈمىدى موللۇقنىڭ ۋەھىمىسىدىن ئۈستۈن .

8

ئۈمىد خۇشاللىقى بىلەن ئۈمىدسىزلىك ھودۇقۇشى تۆت كوچا ئاغزىدا دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ خالىغىنى شاراب ئىدى . چۈنكى ئۇ : ئىختىيار يىلپىزىغا سۇمۇرغ قانىتىنى قوشىدىغان خىيالىي سايە . ھاقارەتلەنگەن روھ شاراب ئىچىدە غالىب .

9

دەريالار سۆيگۈسىنى يادىمغا ئالغىنىمدا كۆزۈمدىن دەريالار ئاقىدۇ . تاغلار پىراقىنى ئەسلىگىنىمدە چوڭقۇر دېڭىز تېگىگە پاتىمەن .

10

مەن ساڭا تەقلىد قىلىمەن . زېمىننى سۆيگەن يامغۇر ، چىمەننى ئارىلاپ ئاققان تاغ سۈيى ، قىياغا مەڭزىنى ياققان ئۆركەش ، ئانا باغرىدىكى بوۋاق ، تۆگە ئايىغىدىكى بوتىلاق ، دالا قوينىدىكى خۇشبۇي گىياھ ، جانان لېۋىدىكى تەبەسسۇم ... ئىھ ، ئالەمنىڭ غەرەزسىز پاك مۇھەببىتى ، مەن ساڭا تەقلىد قىلىمەن .

11

مېنىڭ كۆز ياشلىرىم ئازغان چېچىكى ئۈستىدە تىترەپ تۇرغان ئېغىر شەبنەم . مېنىڭ كۆز ياشلىرىم زېمىنغا تۆكۈلگەن گۈل بەرگىنىڭ مەرسىيىسى . ئۇ زېمىن يۈزىنى غۇنچە گىلەم بىلەن ياساندۇرىدىغان يېشىل باھارنىڭ قەسىدىسى .

12

نۇرانە شولىنىڭ ھەۋىسىدە تۇرغىنىم يوق . ئۇچقان يۇلتۇزدەك قاراڭغۇلۇق ئالىمىگە قاراپ سىيرىلاي ، نۇرانە شولا كەينىمدە قالسۇن .

13

گۈزىلىم ! ئەينەك بىلەن ھەپىلىشىش ساڭا ئوشۇقچە . قارا ، مېنىڭ

مىسرالىرىمغا . كۆزەت ، مەرمەر ھەيكىلىڭنىڭ ياسىلىشىنى ... مۆھەببەت مۆشتىقىم ! قەدىر ـ قىممىتىڭنى ساختا شۇئىرلاشلاردىن ئەمەس ، ھەقىقىي شېئىرىيەت بىناسىدىن ئىزدىگىن . بۇ بىنا _ مەڭگۈ توزۇماس چېچەك بىلەن گۈلىستان ...

14

ھەسەل _ چېچەك شىرنىلىكىنىڭ جەۋھىرى ؛ شېئىر _ گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ كرىستالى .

15

قاش يالىرىك بىلەن كىرپىك ئۇقلىرىڭ ماڭا يۇرۇش باشلىغاندا غالىبسەن . قەلبىم قۇدرەتلىك قوشۇنۇڭغا تۇتقۇن بولغىنىدا مەغلۇپسەن !

16

ئىنسانىيەت ئۆزى ياسىغان ئاجايىپ سۈرەتخانىغا كىرىپ قالدى . ئۇ : رەسىملەرنىڭ تىزىلىپ ، ھەيكەللەرنىڭ جانلىنىپ ، ئۆز ئىختىراچىسىغا « شاھ ! » دېيىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈپ ، ۋەھىمىلىك چۈش ، شۈبھىلىك مۇھاكىمە ئىچىگە قامىلىپ قالدى ...

17

ساداقەت _ مۇھەببەت دېڭىزىدىكى گۆھەر خەزىنىسىنىڭ ئومۇمىي ۋەجى . گۈزەللىك _ ساداقەت بىغىدا گۈزەلنىڭ سۇمۇرغدەك قايتا تۇغۇلغان يېڭى قىياپىتى . يۈكسەكلىك _ ساداقەت بىلەن گۈزەللىكنىڭ مېنى مەھلىيا قىلغان كارامىتى .

18

ئەندىشە چەكمىگىن ! چېچەك يەرگە غۇلىمىدى ، بەلكى مېۋە قەلبىدىن ماكان تۇتتى . ئىشەنمىسەڭ قارا : بىپايان باغلار باھار بەزمىسىدە چېچەكتىن شەپەق ياساپ سېنى مەپتۇن قىلدۇ . بىخلىنىڭ سېخىيلىق قۇياشىنى كۆرەلىشى مۇمكىنمۇ ؟ ...

19

كاككۇك ! سەن ھاۋا بوشلۇقىنىڭ ئەركىن مەلىكىسى ، قەپەس ئىستىقامەتگاھىنىڭ مەردانە غەزەلچىسى ، زېمىن يايلىقىنىڭ ئەركە ساياھەتچىسى . ئىنسان ئۈچۈن پەلەكنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيمەن ... ئانا باغرىدا ئەركە ، تەسەۋۋۇر كۆكىدە ئەركىن ئۆسكەن ئوماق بالىنىڭ كىشىلەر ئالدىدا خۇشامەتچى بولمىغانلىرىنى ئاز ئۇچراتقىنىم ئۈچۈن ھەسرەتلىنىمەن ...

20

گۈزەللىكنىڭ مەڭگۈلۈك كۆلكىسىدە تەبىئەتنىڭ نىسبەتلىك مۇزىكىسى

تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ . قايغۇ مۇشۇ كۆلكىنىڭ ۋەھىمىسى !

21

نىقابىڭ ئۆتكۈر زۇلپىقارىڭنىڭ تەمكىن غىلاپىغا ئوخشاش ، كۆزۈمنى قاماشتۇرۇپ ئەقلىمنى تەڭپۇڭدىن خالاس قىلىدىغان نۇرانە جامالىڭنىڭ رەھمدار يېپىنچىسى . يۈزۈڭدىكى نىقابىڭنى ئېلىۋەت ، بۇ ماڭا مۇقەددەس ئىلتىپات ! ئۆتكۈر زۇلپىقارىنى سانجى ، بۇ ماڭا يېڭى ھايات !

22

ھەسەلچى ھەرە خۇش پۇراق گۈلشەنلەردىن بال نەزمىسى يارىتىدۇ . گۈلچى كېپىنەك باشقىلارنىڭ ھەمدۇساناسىدىن تەمەنناغا تولىدۇ . تارىخنىڭ مەسخىرىسى _ روھىيەت جەھەننىمى . كەلگۈسىنىڭ بارىكاللىسى _ مەنىۋىيەت جەننىتى .

23

بورانلار ھۇۋلايدۇ . مەن چوڭقۇر خىيالغا چۆكىمەن . بورانلار ھۇۋلايدۇ . مەن تارام ـ تارام ياش تۆكىمەن . بورانلار ھۇۋلايدۇ . مەن قاقاقلاپ كۈلىمەن . بورانلار مەجنۇن تەبىئەتنىڭ مەسخۇي پوپوزىسى . ئۇنىڭ ھۇۋلاشلىرىنىڭ ئەۋجىدىن ئەجدىھا سۈرەتلىك جۇدۇن دېۋىسىنىڭ ئۆلۈم نوپۇزىنى سېزىمەن . مېنىڭ قورقىدىغىنىم گۈلشەننى ناز ۋە سۆلكىتى بىلەن رەخمۇرەك چېچەك بىلەن زىننەتلىگەن ، خۇش پۇرىقى بىلەن مەھلىيالىقنىڭ ھېكمىتىنى تونۇتقان ، ئەتىرگۈلگە بۇلبۇلنى ، مەشۇقىغا ئۆز مەھبۇبىنى ئاشىق قىلغان مۇھەببەت ئىلاھىنىڭ ساخاۋەتلىك نوپۇزى . ئۆلۈم نوپۇزىدىن چۆچۈش ئارسىزلىق ؛ مۇھەببەت شەپقىتىدىن سىرتتا قېلىش شەۋكەتسىزلىك . قاقلاپ كۈلگىنىمدە ئەنبىيالار ھاياجانلىنىدۇ .

24

گۈلگە مەپتۇن بولساڭ ، ئۇنى ئۆز پايىسىدىن جۇدا قىلما . گۈزەللىككە مەپتۇن بولساڭ، ئۇنىڭ ئىختىراجىلىرىنى ئاسرا .

25

گۈزىلىم ! سۈرمە ئىشلەتمىگىن ، قېشىڭنىڭ قارىلىقىنى تونۇپ يەتمىدىڭمۇ . پەرىشتەم ! گۈل قىسمىغىن ، ھۆسنۈڭدىكى چىمەنلەرنى ئىقرار قىلمىدىڭمۇ . سەن گۈزەللەرنىڭ مالائىكى ، گۈزەللەرنىڭ نەمۇنىسى . بۇ سېنىڭ ئەڭ ئېغىر ، ئەڭ قايغۇلۇق قىسمىتىڭ !

26

ھەسەلچى ھەرە ئۆز پادىشاھىنى خۇش پۇراق بال جەۋھىرى بىلەن باقىدۇ . ھەسەلچى ھەرە پادىشاھى ئىشچى ھەرىسىنىڭ بېشىنى ئۈزۈش ئالدىدا تەنتەنە بىلەن : ۋاپاغا جاپا قىلغان ، دەپ ۋارقىرايدۇ . _ دەرھەققەت ، _

دەيدۇ باشقا ئىشچى ھەرىلىرى ، _ چۈنكى ھەرە پادىشاھىنىڭ ئىككى بىقىنىدا تەرسانىڭ غەزىپىگە قۇدرەت بېرىپ تۇرىدىغان شەمشەر قانىتى ئارتۇق .

27

سەن شىشە قەدەھكە مەي قۇيغاندا ، مەن كۆز چانىقىمغا مەرۋايىت تىزدىم . سەن شارابىڭنى لېۋىڭگە تەگكۈزگەندە ، مەن سۆيگۈ كەلكۈنىدە بىھوش ئاقتىم . سېنىڭ ئىشىڭ : ساقىيدەك قەدەھ كەينىگە ، چولپاندەك بۇلۇت ئارىسىغا يوشۇرۇنماق . مېنىڭ ئىشىم : پاتقاقلىق دالادا جۇنۇنلۇق پېرىسىنى ئۇينىماق .

28

كۆلكىلىرىڭ چېچەك گۈلزارىدىن ئۇرغۇغان خۇش پۇراق . سېنىڭ يىغاڭ بوستانغا چېچىلغان يامغۇر ئۈنچىسى .

29

گۈزەللىكىڭ تەمەنناسىز تەبىئەتنىڭ تېپىلغۇسىز ئىنئامى . ئۇنىڭ قوزغايدىغىنى مۇھەببەت بىلەن رەشك . مۇھەببىتىم تۇپەيلى سېنى ئۇلۇغلايمەن . ئۇلار رەشكلىرى تۇپەيلى ھەسەت ۋە ئىغۋا توقۇشىدۇ . بۇلبۇللىرىڭنىڭ مەدھىيىسى بىلەن بىھوش بولما . ھۆۋقۇشلىرىڭنىڭ پىتنىسى بىلەن ھالىڭدىن كەتمىگىن . يۈكسەكلىك راۋىقىغا چىقىپ ئالەمنى كۆزەت . ئۇنىڭسىز گۈزەللىكىڭ ھاقارەتلەنمىگىنى يوق !

30

قورقۇپ تۇرساڭمۇ يەنىلا ئۈمىدلىنىپ تۇرىدىكەنسەن ، سېنىڭ مايىل بولىدىغىنىڭ خۇشامەتتىن ئىبارەت بولىدۇ . خۇشامەت _ روھىيەت تىلەمچىلىكى .

31

شېئىرىيەت دىۋانى _ توزۇمايدىغان گۈل سېۋىتى . ئېھ ، ئىدراك ۋە تەپەككۇر دۇنياسىنى مەپتۇن قىلغان گۈزەللىك ! مېنىڭ شېئىرلىرىم سېنىڭ مەڭگۈلۈك سەپىرىڭگە پەقەت بىر قونالغۇلۇق ھەدىيە بولالىسا ئىدى . . .

32

بىلىم ، قابىلىيەت ، ۋىجدان ۋە قىسمەتكە ئوخشاشلا ، مۇھەببەت ، گۈزەللىك ، ساداقەت ۋە ئاقىۋەتلەرمۇ بىر ـ بىرىدىن ئايرىم نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى ئويلىغىنىمدا ، ئۇلارنىڭ رىقابىتىدىن چۆچۈيمەن . ئۇلارنىڭ مۇجەسسەملىگىنى ئىزدەيمەن .

33

ياشلىق سۈبھىسىدە گۈزەللىك بىر مەھەللىك سۆيگۈ نەغمىسى بىلەن

تەبەسسۇم قىلغىنىدا ، قېرىلىق گۈگۈمىدا يۈكسەكلىك مەڭگۈلۈك ھېكمىتى بىلەن سېنى چاقىرىپ پىچىرلايدۇ . ئۇنىڭ دېگىنى تولىمۇ ئاددىي ، بىراق قىيىن بەرگىنە سوئال : دۇنيانى تونۇدۇڭمۇ ؟ ...

34

هادىسىلەر دۇنياسىغا يوشۇرۇنغان ماھىيەتلەر قەسرىگە كۆزۈم چۈشكەندە ئىختىيارسىز مەپتۇن بولىمەن . بۇ يەردە ماڭا ئۆز جامالىنى كۆرسىتىۋاتقىنى ھەقىقەتلەر پەرىسىدىن ئىبارەت . ئاشىقلار پاجىئەسىدەك ئۇنىڭمۇ پاجىئەلىرى ئېغىر ...

35

سۆيگىن مېنى ، جىگىرىم ، كەچ كىرىپ قالدى ، سۆيگىن . چۈشىگەندە گۈلشەن چۈشەرسەن . ۋىسال خۇشاللىقلىرىمنى تەسەۋۋۇر يالقۇنلىرى بىلەن شولىلاندۇرۇپ ، مەنمۇ بۇلبۇل بىلەن گۈلنىڭ سۆيۈشكىنىنى چۈشەرمەن .

36

نۇر _ ئاسمان جامىدا جۇلا قىلغان ، قارا بۇلۇتنى مەستلىكتىن قىزارتىۋەتكەن سېھىرلىك شاراب . ھايات _ ئۆلۈم دېڭىزىدا نۇر چېچىپ كېتىۋاتقان ماياكلىق كېمە . ئۆلۈم _ ھاياتنىڭ قەرزىنى قىستاپ يۈرگەن سۈتخور ، يۈرەكسىز مۇھەببەتنىڭ ئاشىقى ، مۇزلىغان ۋۇجۇدنىڭ مۇرەببىي . ئۆلۈم ۋەسۋەسىسىنى يېڭىپ ، ھاياتنىڭ نۇرانە تەبەسسۇمىدىن زوقلىنىمەن .

37

ئاي ھۆسنىنى يۈزۈڭگە بەردىڭ ، نېمە ئۈچۈن ؟ تۈن رەڭگىنى چېچىڭغا بەردىڭ ، نېمە ئۈچۈن ؟ مېنى ئىشقىڭ تۇپەيلى ھايات ۋە مامات ئارىسىدا شەرمسار قىلىش ئۈچۈندۇر!

38

گۈللىرىڭگە زوقلىنىمەن ، يوپۇرماقلىرىغا ئېھتىرام بىلدۈرىمەن . چېچەكلىرىڭ خېرىدارلىق تاپقاندا تەمەننا قىلمىغىن ، سېنىڭ قەدرىڭنى ئاشۇرغىنى ۋاپادار يوپۇرماق .

39

قەدىمىي زېمىندا يارالغان قەدىمىي ئەپسانىدىن خاۋاتىرلىنىمەن : ترۇيالىقلار بىلەن گرېكلەر تىغ سوقۇشتۇرغاندىكى چاقماق ، ئېلىنانىڭ ترۇيا سېپىلىدا ئاققۇزغان يامغۇردەك كۆز يېشى ، ھەسەت ۋە جېدەلگە تۈگۈن بولغان گۈزەللىك ئىقتىدارى ، ئېرىدانىڭ ئىلاھلار ئارىسىغا سالغان رەشك ۋەسۋەسىسى ، ئاپوللۇ بىلەن ئافىنانىڭ پايپېتەكلىكى ، زېۋسنىڭ بىپەرۋالىقى مېنى چۆچۈتىدۇ . گۇناھسىزلار قۇربانلار تويىغا

ئايلانغانسېرى، ئەيىبلىك ئىلاھلار ئەۋجەرەپ كەتمىگەندۇ ...

40

تەقدىر _ بۇ قىسمەت ۋە ئىرادىنىڭ جېڭى . قايغۇ ياشلىرى _ بۇ تەقدىر جېڭىدە ئىرادىنىڭ ئاققۇزغان پاك قېنى . قىسمەتسىز مۇھەببەت سەپەرگە چىقمىغان كېمە . پاراغەت شەربىتىدىن سىياھ ياساپ بولمىغىنىدەك ، تۇرغۇنلۇق قومۇشىدىن قەلەم ئۆستۈرگىلى بولاتتىمۇ . گۈزەللىك چېچىكى يۈكسەكلىك خۇش پۇرىقىنى چېچىپ تۇرغىنىدا تەقدىر ئەجدىھاسىغا قىلىچ كۆتۈرمەي تۇرالامسەن !

41

تىكەنسىز سېرىق چېچەكنىڭ مەپتۇن قىلارلىق خۇش پۇرىقى يوق .

42

قايغۇ _ خۇشاللىق كۆلكىلىرى قاچىلانغان قاپ .

43

بەخت دەرگاھىدا مۇلايىم تەبەسسۇم قىلىشنى ، بەختسىزلىك ئىلكىدە قاقاقلاپ كۈلۈشنى ئۆگەن . ئازغان شوخىسى ئالدىدا سۇمۇرغ گەۋدەڭنى ئەگمە .

44

كۆز ياشلىرىڭنىڭ ئۈنچىلىرى خۇشاللىق شولىسى بىلەن سۆيۈشكەندە مەڭزىڭدە ھەسەن ـ ھۈسەن جۇلا قىلغۇسى .

45

شېرىندەك جانان بىلەن ئۈمىد تۇلپىرى ئۈستىدە خۇشال ئۇچرىشىشنى بىلگىن ؛ خىسراۋدەك خاقان بىلەن ئۈمىدسىزلىك غارى ئالدىدا قاقاقلاپ سۆزلىشىشتىن يانما !

46

خۇش پۇراق تۆكۈپ تۇرغان نەرسە چوغ ئۈستىگە تاشلانغان سەندەل ياغىچىنىڭ ۋىدالىق يىغىسى . مەشۇت بېرىۋاتقان نەرسە ئۆلۈم زىندانىغا بەند بولغان غوزەك قۇرتىنىڭ پىداكار جەستى . شام ئۆز ھاياتىنى نۇرانە يىغىسى بىلەن ئاخىرلىتىدۇ ؛ ئىپار كېيىكى بىباھا مۇشكى تۇپەيلى سەييات قولىدا بىگۇناھ جان ئۈزىدۇ . پەزىلەتلىرىڭنىڭ قىممىتىگە تەمەننا قىلماي، ئۇنىڭ قىسمەتلىرىگە پەخەس بول .

47

ئۇ تېخى سەبىي ئىدى ... ئۇنىڭ ئالدىغا سۈرەتلەر ئالبومى بىلەن شېئىرلار دىۋانىنى قويدۇم . ئۇ خېنە ياققان ئىنچىكە قوللىرى بىلەن شېئىرلار دىۋانىنى بىر چەتكە سۈرۈپ قويۇپ ، مەھلىيا ئوتىنى بىئارام تۇتاشتۇرىدىغان گۆھەر

كۆزنى ئالبوم سەھىپىلىرىگە تاشلىدى . ئۇنىڭ كۇلۇپ تۇرغان كۆزىگە پۈتۈن سۈرەتلەر كۇلۇپ جاۋاب قايتۇرۇشقا مەجبۇر قىلىنغاندەك ئىدى . مەن چۈشەندىم : ئۇ ھېسسىيات كەپتىرىنى سۆيگۈ ئاسمىنىغا ، ھەسەلچى ھەرىسىنى گۈلىستان سەپىرىگە تېخى ئۇزاتمىغانىدى ... ئۇ تېخى گۆدەك ئىدى ... ئۇنىڭ شېئىرلار دىۋانىغا شەيدا بولىدىغان چېغى ، ئۇنىڭ قەلبى تەنھا گۈزەللىكنىڭ شىكايىتىنى ئاڭلاپ ، كۆكسى سۆيگۈ ئوقى بىلەن جاراھەتلىنىپ ، كۆكسى چىمەن تىكەنلىكى بىلەن شىكەستىلەنگەندىن كېيىنلا باشلىنىدىغانلىقىغا شۈبھىلەنمەيتتىم

48

گۈزەللىك ! سېنى ئىزدەپ ھەشەمەتلىك قەسىرلەرگە تەلپۈنمەيمەن . مۇھەببەت ! سېنى ئىلىكمگە ئېلىش ئۈچۈن يىراق ئەھلىسەلىپ ( ياۋروپا خرىستىئانلىرى بىلەن ئەرەبلەر دۇنياسى ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان دىنىي ئۇرۇشلارنى كۆرسىتىدۇ )كە قاتناشمايمەن . ئەقىدەم شۇكى : غالىبنىڭ نەيزە ـ سادالىرىغا تۇتقۇن بولغان ۋىسال مۇقەددەس مۇھەببەت ئەمەس ، بەلكى مەنىسىز مۇردىنىڭ قالدۇقى ... مېنىڭ ئىزدەيدىغىنىم تەلۋىلىك بىلەن ئىزدەش ؛ مېنىڭ رەت قىلىدىغىنىم مەغرۇرلۇق بىلەن رەت قىلىش .

49

شېئىر ۋە ناخشىلىرىم بىلەن سېنى كۈيلەيمەن . ئۇنىڭسىز سۆيگۈ خۇپىيانە ھەسرەت چېكىش . تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرلىرىم بىلەن سېنى ئۇلۇغلايمەن ، ئۇنىڭسىز قەدىرلەش مەبۇدقا چوقۇنۇش .

50

شېئىرلىرىم _ ھاياتنىڭ رەڭدار شەپىقى . ئالەم بىنا قىلغۇچى براخما ( بۇددا دىنىدىكى بىر ئىلاھ ) دۇنيانى ئىخترا قىلغىنىدەك ، مەن گۈل ۋە نۇر بىلەن ياقۇتتەك ئاسمان ، رەڭدار بۇلۇت ۋە ھەسەن ـ ھۈسەن ياسايمەن . مېنىڭ ھۈنىرىم ئىلھام مەبۇدىسىنى جاھاننامە ئەينىكىدە كۆرسىتىپ ئۇنى بەشەرىئەت ( ئىنسانىيەت دېگەن مەنىدە )كە سوۋغا قىلماق .

51

گۈزىلىم ، پەرىشتىدەك گۈزەللىكىڭگە تەمەننا قىلمىغىن . بىقارار گۈزەللىك سېنىڭ ھۆسنۈڭدە جىلۋىلىنىپ مېنى ئالدىغىنىدەك ، مېنىڭ جىسمىمغا شولا سېلىپمۇ سېنى ئالدايدۇ .

52

كۆز يېشىمنىڭ ئۈنچىلىرى مەڭزىڭنى زىننەتلىسە ؛

ئاھۇ پىراقىمنىڭ ئىزغىرىن شامىلى مۇشكىن چاچلىرىڭنى ئەتىۋارلاپ سىلىسا ؛

يېرىلغان يۈرىكىمنىڭ بىگۇناھ قېنى لەۋلىرىڭنى لاكتەك بويىسا ؛
شېئىرلىرىم بىلەن ساڭا غۇلمايدىغان ھەيكەل ياسسام ...
بۇلار ، مېنىڭ ئەڭ چوڭ كۆڭۈل ئازادىلىكىم !
53
دېڭىز ، ئېھ جاھان دەرۋازىسى ، دوستلۇق بوسۇغىسى ، دۇنيانىڭ دەرسخانىسى ، ئالەمنىڭ ئەينىكى ، سەن زېمىن كۆكسىدىكى يۈرەك . سەنسىز ئالەم نادان ۋە تەرسا .
54
سۆيگۈ دېمەك قاناتسىز قۇشنىڭ ئۇچۇش ئىستىكى .
سۆيگۈ دېمەك ھاياتلىق ئۈمىدىنىڭ دېرىكى .
سۆيگۈ دېمەك ھېسسىيات يۈرىكىنىڭ ئىدراكى .
سۆيگۈ دېمەك ئىختىيار مۈلكىنىڭ سۇلتان بېگى .
55
ئاشىقىم ! بىر جۈپ بۇلبۇلدەك سايرىشىپ ، ناخشىلىرىمىزنى ئاڭلىشىپ ، بىر جۈپ چېچەكتەك ئېچىلىپ ، خۇش پۇراق بىلەن بىر - بىرىمىزنى زىياپەت قىلايلى .
مەن ناخشا ساتقۇچى ياكى ناخشا بىلەن كۆڭۈل ساتقۇچى ئەمەس . ناخشىنى ئۆگىنىپ بولمايدۇ ، پەقەت ئۇنى تەكرارلاشنىلا ئۆگىنىپ بولىدۇ .
شۇنداق . مۇھەببەت تۆگىمەيدىغان ناخشىنىڭ ئۈزۈلمەيدىغان بۆلىقى .
56
بۇلبۇل سايرىغان شاخنىڭ ئۇنچىلىرى چوغدەك قىزىل ،
سۆيگىنىڭدە قالدۇرۇپ كەتتىڭ چېكەمدە قان قىزىل .
ئەتىرگۈل ئۇنگەن توپا خۇشبۇي گويا سەبدە چېچەك ،
بىز سۆيۈشسەك گۈل بەرگىمۇ ئۆزگىرىپ بولغان قىزىل .
57
قارا چېچىڭ خىيالى بىلەن سىنەمدە ئىلھام قوزغايمەن . قەلىمىمنى كۆز يېشىم بىلەن ئۇچلاپ بىلەيمەن . ئەتىرگۈلدىن سىياھ ياسايمەن . ئۆمرۈم بويى سېنى كۈيلەيمەن .
58
ئەۋەتكەن گۈلدەستەڭنى پۇراپ بىھوش بولىمەن . ئىجازەت قىلساڭمۇ سۆيۈشكە پېتىنالمايمەن .
59
مېنىڭ شېئىرلىرىم مۇھەببەت ئىلاھىنىڭ شىكايەتنامىسى . مېنىڭ شېئىرلىرىم ھاياتلىق سەپىرىدىكى بىر ئەۋلاد ئىنسانىيەتنىڭ ئۆتەڭخانىغا

قالدۇرىدىغان قونالغۇلۇق خاتىرىسى . مېنىڭ شېئىرلىرىم بالدۇر يورۇپ كەتكەن ئاشقىنىڭ كەينىدىن كېلىدىغان مەشۇقىغا يوللىغان ئامانەتنامىسى .

**60**

گۈزىلىم ، سەن قېرىمايسەن . قېرىيدىغىنى كۆزۈمنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى .
گۈزىلىم ، سەن ھەسرەتلەنمەيسەن . ھەسرەتلىنىدىغىنى ئۆمۈر چەكلىملىرى تۈپەيلى ھايات دۇنياسىدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقان مېنىڭ قەلبىم .
سەن شېئىرلىرىم بىلەن ياشايسەن . مەن بولسام زېمىن بىلەن مەڭگۈ قۇچاقلىشىمەن .

**61**

ھەقىقىي گۈزەللىكنى ھەقىقىي شائىرنىڭ قەلبىدىن ئىزدە . ئۇنىڭ قەبرى دىۋان گۈلزارىدىكى سۆيگۈ ھەيكىلىنىڭ ئاستىدىكى مىسرالار ئارىسىدا . ئۇ يازمايدۇ ، ئىلھام بېغىشلايدۇ .

**62**

يار چىشلىگەن غورا ، ۋازىغا تىزىلغان ئالمىدىن لەززەتلىك .

**63**

مەن ھاياتىمنىڭ سەرگەردانى ، ئۇنى ئىزدەيمەن . مەن قەلبىمنىڭ باغۋىنى ، ئۇنى پەرۋىش قىلىمەن . بېغىمنىڭ باراقسان مېۋىلىرى ئالدىدا ئەما مەن ، ئۇنى كۆرەلمەيمەن. ئۇنىڭ شېرىن ھىدىنى سېزىمەن ، ئۇنى تۇتالمايمەن .
سەھەر ئويغاندىم ، قۇشلار بىلەن تەڭلا .
گۈل ئىبادەتخانىسىغا يول ئالدىم ، تاڭ نەسىمى بىلەن تەڭلا .
شەبنەم شارابىنى ئارقا ـ ئارقىدىن يۇتتۇم ، قىزىللىق ئىچىگە _ چېچەك ۋە خىجىللىق ئىچىگە غەرق بولدۇم ، بۇلبۇل بىلەن تەڭلا .
گۈل ئىبادەتخانىسىدا تىلەندىم ، ئېھ گۈل ! مېنىڭ گۇناھلىرىمنى كەچۈرگىن . مېنىڭ گۇناھلىرىم شېئىرىمدا . ئۇ روھىيەت كائىناتىدىكى قەلب يۇلتۇزى . ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئېغىرلىق يوق . پۈتۈن ئېغىرلىق مېنىڭ گۇناھلىرىمدا .
خىجىللىق ئىچىدە جاكارلىدىم : ئېھ گۈل ! مېنىڭ شېئىرلىرىمنى قوبۇل قىلغىن . مېنىڭ ھاياتىم شېئىرىمدا . ئۇ مېنىڭ ئاشىقلىق ئەرزنامەم ، بۇ ، سېنىڭ گۈزەللىكىڭ ئىقرارىم ، بۇ ، مېنىڭ ساڭا ئاتىغان مەرۋايىت خەزىنەم .

**65**

زېمىن بولۇشنى خالايمەن ، زىلۋا بويۇڭ ئۇنىڭدىن مەدەت كۈتسە ؛

سۇ بولۇشقا ھەۋەس قىلىمەن ، سۇمبۇل چاچلىرىڭ ئۇنىڭغا چۇمۇلسە ؛
يورۇقلۇق بولۇشنى ئىستەيمەن ، قارا كۆزۈڭ ئۇنى سۇمۇرسە ؛
شامال بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن ، ئىپار گەۋدەڭ ئۇنى خۇشبۇي قىلسا .
66
مۇھەببەت زۇمرەتلىرىنى ئىزدەپ ، شېئىرىيەت گۈزەللىكىنىڭ يۇكسەك مۇنارىنى تىكلە . مۇھەببەت سۇ تېگىدىمۇ ئەمەس ، يالقۇنلۇق ئوت ئىچىدىمۇ ئەمەس . بوران ـ جۇدۇنلار ئىچىدە ئەمەس ، ماموق بۇلۇتلار قوينىدىمۇ ئەمەس ... مۇھەببەت بۇلارنىڭ گىرەلەشكەن جايىدا ، تۆت كوچىنىڭ ئاغزىدا .
67
ئارام ئال ، بۇلبۇلۇم ، چارچىدىڭ ، ئارام ئال . ئۇيقۇ بىلەن ئۆتكۈز ئايدىڭ ئاخشامنى. مەن داۋاملىتاي سېنىڭ مۇڭلۇق ناخشاڭنى .
ئارام ئال ، گۈزىلىم ، چارچىدىڭ ، ئارام ئال . ئۇخلا چېچىڭ بىلەن يېپىپ كۆكسۇڭنى . مەن سىزاي زوقۇم بىلەن سېنىڭ گۈزەل ھۆسنۇڭنى .
68
مەن مۇھەببىتىمنى ئىزدەيمەن . ئۇنىڭدىن يوقالغان ئۆزۈمنى دېرەكلەيمەن .
مەن مۇھەببىتىمنى تۇتۇۋالىمەن ، ئۇنىڭدىن قەقنۇستەك قايتا تۇغۇلىمەن .
69
گۈزەللىك قىچقىرىپ سېتىلىدىغان تاۋار ئەمەس .
ئۇ ، ئالەمنىڭ ۋۇجۇدى .
مۇھەببەت تەرسانىڭ مەزھىپى ئەمەس .
ئۇ ، ھاياتنىڭ نۇرى .
70
مۇھەببەت _ ئوچۇق خۇپىيانىلىك ، ئۇ تارتىنىش قۇتىسىدىكى ئوت مەلىكىسى .
مۇھەببەت _ خۇپىيانە ئوچۇقلۇق ، ئۇ چوغ تاجىنى تاقىمىغان چاقماق شاھزادىسى .
71
خۇشاللىقلىرىڭدىن قايغۇ شارابى ئىچىتما . مەستلىك قۇيۇنى مەيخاناڭنى ۋەيران قىلىدۇ .
قايغۇلىرىڭدىن شادلىق مەيزابى ھازىرلا . مەشرەپلىرىڭنىڭ ھەلقىسى بىخۇد ئۆتمىسۇن .
72
سەيياھ ۋە قەقنۇستىن ئىپتىدا بولغان ئاھاڭ ، داۋۇت ۋە سۇلايماندىن

ئاپىرىدە بولغان مۇزىكا ، قەلەمدىن قەدىم ، قەغەزدىن پىشقەدەم بولغان بۇ
ناۋانى سۇ توپانى ، ئوت قىيامىتى ۋە ئىمامى مەھدىنىڭ ئاخىر زامانى
ئاياغلاشتۇرالمايدۇ . ئۇ ئىنسان جەۋھىرىنىڭ ھايات كەۋسىرىدىن ئالغان
قۇدرىتى ، يۈرەك قۇشىنىڭ ئەقىل گۈل قاچىسىدىن ئىچكەن شەبنىمى .
سەن ئۇنىڭغا يېڭى گۈلىستان بېغىشلا ! ئۇ ساڭا يېڭى تۇيغۇ
بېغىشلىغۇسى ...

73

لالە غۇنچىلىرىغا بىتاقەت بۇلبۇل : ئەي گۈلۈم ئېچىلساڭچۇ ، دېدى .
لالە غۇنچىسى گۈل بەرگىنى ئاچتى . لالىلەر بۇلبۇلنى ئورىۋېلىشتى . بىراق،
بۇلبۇل خۇشال بولمىدى .
بۇلبۇل گۈل لالىرىگە قاراپ نىدا قىلدى : ماڭا كېرىكى گۈزەللىك خەزىنىسى
ئەمەس ، ئۇ چىرايلىقلىقنىڭ زىندانى ، بېزەكلەرنىڭ قەپىسى ؛ ماڭا كېرىكى
ئىشق ـ مۇھەببەت بولغان سىنەڭدىن ئۇرغۇپ چىقىپ ، بىئارام كۆڭۈلگە
ئارام بېرىدىغان بىباھا يۈكسەك سۆزلىرىڭ ، دېدى .
لالىلەر قاقاقلاپ كۈلۈشتى ، ئۇنىڭ خۇش پۇرىقى چېچىلدى . شەبنەم
پىيالىلىرىگە مەيلەر قۇيۇلدى . ئىشق بىلەن كۈيلەنگەن يۈكسەكلىك
گۈزەللىكنى ھېكمەت دۇرلىرى بىلەن شولىلاندۇرغانىدى .
بۇلبۇلنىڭ كۆڭلى ئېچىلدى گۈلزار ئاشىقى ، بۇلبۇلى ئازادىگە ئايلاندى .

74

كۆزۈم گۈزەللىكنىڭ چىنلىقى ئۈچۈن شاھىت . سۆزۈم ئۇنىڭ ئىقرارنامىسى .
ھاياتىم ئۇنىڭ ھىمايىچىسى بولمىغان قۇربانى .

75

سەن ھەقىقەتنىڭ خۇش پۇراق بىلەن بىشارەت بېرىدىغان ئىلاھى .
سەن ماڭا سىر ، چۈنكى : سېنىڭ بەدىنىڭ ئىپار بىلەن يۇيۇلغانمىدۇ ياكى
سېنىڭ ئىچكەن سۈيۈڭ ئىپار بۇلىقىنىڭ شەربىتىمىدۇ ۋە ياكى سېنى
گۈزەللىكلەر ئىلاھى خۇش پۇراقلار دەرياسىغا چىلىغانمىدۇ ، بۇ ماڭا
يوچۇن .
مەن پەقەت سېنىڭ جىگدىلىك مەھەللىدە تۇغۇلۇپ ، جىگدە چېچىكى قىسىپ
ئۆسكىنىڭنىلا بىلىمەن . شاپتۇللۇق باغ مەھەللىلىرىدىن سېنىڭچە
خۇشئىپار چىقمىغان .

76

تەبىئەت بىر ئۇلۇغ گارمونىيە ، بىر ئۇلۇغ مۇھەببەت ماگنىتى ...
تەبىئەت سۆيىدۇ ئۆز مەشۇقىنى ، سۆيگۈدىن راۋاندۇر بىپايان ئالەم ،
بىلىمەن يارالغان تۇرۇپ سۆيگۈدىن ، شۇ سۆيگۈ تۈپەيلى گۇناھكار ئادەم .

77

مۇھەببەت يەلكىنىگە چۈشكىن ، پاجىئەلەر دېڭىزىغا راۋان بول .
يۈكسەكلىك تۈلپىرىغا مىنگىن ، كىشلىك دالاسىغا چاپ .

78

ئاھ ، مۇھەببەت ، مۇھەببەت ...
سەن سېھىرگەرنىڭ نەي ساداسى ئەمەس ، شەيدايىلىقنىڭ مۇناجاتى : سەن ئېزىتقۇلۇق تۇمانلىرى ئەمەس ، ئارزۇلۇق ئۈمىدنىڭ گۈزەل پەرىشتىسى : سەن ئۆتمۈشنىڭ ھەسرىتى ئەمەس ، كەلگۈسىنىڭ شولىسى .

79

ئاي يورۇقى ، يېقىملىق يېرىم قاراڭغۇلۇق .
مەي تەسىرى ، نازۇك يېرىم ھاياتلىق .
سەن بىلەن سەيلە قىلىپ كۆزلىرىڭگە يېنىپ ـ يېنىپ قارىماق ،
ۋىنوسىزمۇ مەست قىلىدىغان شېرىن ئىچىملىك ...

80

ھايات ئۈمىدى چوڭ گۈلخان ، مۇھەببەت ئۇچقۇنى ئۇنىڭدىن تارار .
مۇھەببەت ئۇچقۇندىشى لاۋادەك يالجىتىدۇ ئىختىيار .
بايلىق بىلەن نامراتلىق ئۇنى قىلار ئوخشاشلا بىقارار .

81

مەيلى سەرۋىي قەددىڭدە ياسا پاجىئەلىك دار ، مەيلى ئۇنىڭدا مەن قالارمەن ئەيساغا ئوخشاپ ئۈمۈرۋار .
مەيلى چىمەن كۆكسۈڭنىڭ دالاسىغا تاشلانسام ، مەيلى يۈسۈپتەك ماكان بولسۇن ماڭا چاھۇغار .
مەيلى بۇدۇر چاچلىرىڭ ئۇيۇقۇنىغا غەرق ئېتەي ، چورتان بىلىق يۇنۇسقا بولغان كەبى ساھىپكار .
مەيلى ئىشقىڭ پىراقى ئوتقا سالسۇن قەقنۇستەك ، بولسام لېۋىڭ ئابىدىن تىرىلمەككە ئۈمىدۋار .

82

مۇھەببەت ، ئىناۋەتلىك سەزگۈ ، شېرىن زوراۋانلىق ...
ئۇنىڭ ئالامەتلىرىنى ھېس قىلىمەن ، ئۇنىڭ ماھىيەتلىرىنى چۈشەنمەيمەن .
ئۇنى چۈشىنىپ بىلىشكە ئاجىزمەن ، چۈشەنمەي قۇربان بولۇشقا قۇدرەتلىكمەن . بۇنىڭ شاھىتى : ۋاپاسىزلىق ئالدىدا زارلانمىغانلىقىم ...

83

ئۈمىد ، ئۈمىد ، ماڭا كېرىكى ئاشۇ نۇرانە ئۈمىد ... ئۈمىد ئۇ نېمە ئىدى ...

ئۈمىد _ قاراڭغۇ كېچىدىكى شولىلىق چىراغ .
ئۈمىد _ تەسەۋۋۇر دەرىخىدىكى رومانتىك قۇش قونىدىغان چاڭگا .
ئۈمىد _ رېئاللىقتىن بىزار بولغان مېڭىنىڭ لىرىك ئايۋاندىكى شېرىن چۈشى .
ئۈمىد _ روھىيەت شىپاگىرىنىڭ تۇتىيا دورىسى .
ئۈمىد _ پىل جىسمىنى پەيدەك ئۇچۇرىدىغان قانات .
ئۈمىد _ يۇلتۇزلار چاچقۇلىرىنى سامادا ئارقانسىز كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان ماگنىت .
ئۈمىدسىزلىك _ قىيامەت . . .

**84**

ئاي يورۇقى مەيتۇن قىلمامدۇ سېنى ، دىل شاۋقۇنى مەجنۇن قىلمامدۇ سېنى .
سالقىن شامال قۇندۇز چاچلىرىمنى يۇزۇڭگە ياپقاندا ، ئىللىق سۆيگۈ تەسىر قىلمامدۇ ساڭا . ئىككى سىنە ، زىل - بوم تار بىر چېلىنسا هايات زوقىن ئەسىر قىلمامدۇ ساڭا . مەن ساڭا ئوقۇغاچ مەدھىيە - ساما ، يۇلتۇزلار ئويناپ ساما . بەلكىم شۇڭا ئېگىلگەندۇ يادەك ساما .

**85**

ئىككى يۈرەك قىسمەتىنىڭ ئۇلى ، ئىككى يۈرەكتىن قىسسە باشلىنىدۇ .

**86**

بارلىق ياخشى ئارزۇلىرىڭنى هايات ۋاقتىدا بەجا قىلىپ ، بارلىق ياخشى ھىممەتلىرىڭنى ئۇنىڭ بېشىدىراق تۆگەتكىن . ئۆزۈڭ توغرىلىق دوزاخ قايغىسى ئالدىدا ئاقلىغۇچىلىق قىلما ، جەننەت ئىشىكى ئالدىدا ھەسرەت چەكمە .

**87**

سەن ئەجدادىڭدىكى ، ياق - ياق ، پۈتۈن ئىنسانىيەتتىكى ھەممە گۈزەللىكلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ۋارىسى . سېنىڭ قەلبىڭ ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ ئەسلىمىسى ، ئۈمىد - ئارزۇلىرىنىڭ شولىسى .سەن ئىككىنچى ئېلىنا ، ياق - ياق گۈزەللىكنىڭ بىغۇبار ئۆلگىسى .

**88**

ۋاقىت زومىگىرى سېنىڭ ھۆسنۈڭدىكى گۈزەللىك خەزىنىسىگە چاڭ سالىدۇ . ھەسرەت زىمىستانى قۇندۇز چېچىڭغا قىرو تاشلايدۇ . ھەۋەس كۆزلىرى خېرىدارلىق زوقىنى بىۋاپالىق بىلەن گۆگۈمدىن تاشقا يۆتكەيدۇ .

**89**

بەخت سازىنى تەڭشە .

ئىككى تارنى بىر ـ بىرىگە مۇجەسسەم قىلغىن .
ماسلاشمىغان تارلاردىن مەرسىيە ئاھاڭى ئاڭلىنىدۇ .

**90**

ۋاقىتنىڭ ئەجدىھاسىدىن غالىب چىقىش ئۈچۈن شۇنداق گۈزەللىك چوققىسىغا چىققىنكى، كەلگۈسىدە جىسمىڭ تەبىئەت قوينىغا ، روھۇڭ خەلق قەلبىگە كۆمۈلىدىغان بولسۇن . ئالەمدىن كەتكەن گۈزەللىكنىڭ روھىيەت مەنىسىدىلا كىشىلەرنىڭ ئەقىل كۆزىنى قاماشتۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمسەن ؟

**91**

مۇھەببەت كۆزۈمگە سېھىرگەرلىك ئەينىكىنى تاقىدى ، ساڭا ئالتۇندىن ھەل يالاتتى .

**92**

ۋاقىت _ قۇدرەتلىك نوپۇز .
ۋاقىت _ رەھىمسىز زوراۋان . ئۇ شىر ۋە يولۋىزنى يىقىتىپ ، يۇلتۇزلارنى كۆچۈرۈپ ، سۆيگەنلەرنى چىرىتىپ ، سىرلارنى ئاچىدۇ . ئەسىرلەپ ياشىغان تۇتى ، يۈز يىللاپ ياشىغان ھېيلىگەر تۈلكە ، مىڭ يىللاپ كۆكىرگەن ئارچا ۋاقىت سەييادى ئالدىدا ئاجىز ئەسىرگە ئايلىنىدۇ . نۇھنىڭ كېمىسى ، پىرئەۋىن مۇمىياسى ، ساكيامۇنىنىڭ جەسەت ساندۇقى، ئىبراھىمنىڭ غارى ۋاقىت ئالدىدا زەئىپ . ۋاقىت ھاياتلىق ئورمىنىنى ئورىدىغان ئورغاق ، گۈزەللىك يايلىقىدا جەۋلان قىلىپ يۈرگەن ئۆتكۈر چالغا .
ئېھ ، سۆيۈملۈكۈم ، گۈزىلىم . پۈتۈن كائىنات زالىدىكى بىھېساب نەقىشلەر ئارىسىدا ساڭا يېتىدىغان ئۇلۇغۋار ئەسەر يوق . سەن ئەڭ ئالىي گۈزەللىكنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق ئۈلگىسى . قارا ، ئەنە ۋاقىت ، ئۇ يۇلتۇزلار ئارىسىدا پىرقىراپ يۈرمەكتە . ئۇ مېنىڭ تىنىقلىرىم ، سېنىڭ تەبەسسۇملىرىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنغان .
كەل سۆيۈملۈكۈم ، گۈزىلىم ، مېنىڭ قاناتلىرىم ئاستىغا كىرگىن . ۋاقىتنى قايغۇ ـ ھەسرەت ، ئارزۇ ـ ئارمان بىلەنمۇ ، ھۆسن ئالىپتىلىقى بىلەنمۇ ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمەيسەن . ئۇنى مەنىۋى گۈزەللىكنىڭ تىللاردا داستان بولىدىغان ئەسلىمىسى _ مېنىڭ شېئىرلىرىم يېڭىدۇ . ئۇ ئالەم سىرلىرى بىلەن تويۇنغان ، ئالەم ئەقلى بىلەن نۇرلانغان ، ئۆلمەسلىك ئالمىسى بىلەن ئۈزىنى زىننەتلىگەن ، ئۇ ياۋا گىياھ ئۇرۇقىدەك ھەمىشە تۆكۈلۈپ ۋە قايتا كۆكىرىپ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئۆلمەسلىك جادۇسى بىلەن سېھىرلەنگەن . ئۇنىڭغا قۇدرەت بېغىشلىغان نەرسە ، جىمىكى زېۋىسلارنىڭ

زىۋىسى بولغان ئىنسانىيەت .

93

مېنىڭ يۈرىكىم مۇھەببەت توپىسى بىلەن قاتۇرۇلۇپ ، ئىشق ئوتىدا پىشۇرۇلغان پىرامىدا .
ئۇنى نىل ياقىسىدىن ئىزدىمىگىن ، ئۇ مىسرالار دالاسىدىكى جەزىرىگە كۆمۈلگەن .
ئۇ يەردە ۋاقىت تورانلىرى بىلەن ئىقلىمنىڭ جۇدۇنلىرى يوق .

94

كۆزۈمنىڭ رەسىم رامكىسىدا سېنىڭ سۈرىتىڭ .
قەلبىمنىڭ شېئىرىيەت دىۋانىدا سېنىڭ روھىڭ .

95

سېنى سۆيىمەن ، بىلىپ ـ بىلمەي سېنى سۆيىمەن .
سېنى ياخشى كۆرۈشۈم بەخت ئەمەس ، ئۇ ئازابىنىڭ بېشارىتى . بەخت ، مېنىڭ بەختىم مېنىڭ سېنى سۆيۈشۈمدە ئەمەس ، سېنىڭ مېنى سۆيۈشۈڭدىلا .
سېنى سۆيىمەن ، بىلىپ ـ بىلمەي سېنى سۆيىمەن . مەشۇقسىز ئاشىقنىڭ مۇھەببىتى قىسمەتنىڭ ئېزىقتۇرۇشى ياكى شۇبھىلىك ئامانەت . ئۇ تەڭرىسىز ئىستىقامەتنىڭ ئەجىرسىز ئېتىقاد بولغىنىغا ئوخشاش بەختسىز بىچارىلىك . مېنىڭ ئىزدەيدىغىنىم : كۆڭلەكلىرى باغنىڭ چىتلىرىدا يىرتىلغان ، تەنلىرى تىكەندە قانىغان ، قىسمىتى غەزەل بولغان يۈرەكنىڭ بەختى _ ئەجىرلىك مەمنۇنىيىتى ...

96

مەشۇقى قولىدىكى خام چۈچۈك ئالمىنىڭ باققال ئالمىلىرىدىن لەززەتلىك بولغان تەمىدىن مۇھەببەتنىڭ بەختىنى سەزدىڭمۇ .
ئالما دۇنياسىغا غەرق بولۇپ ، ئالما يەپ ياشايدىغان قۇرتنى بەختلىك دەپ بىلەمسەن.

97

كاككۇك _ ئەرك سىيماسى ، قونۇپ ئۆتكىن ھەر بىر موھتاج چىمەنگە .
ئەركىن پىكىر _ ھەقىقەتنىڭ يالىڭاچ پەرزەنتى . ئۇ ئاپۇللونىڭ ئوت ھارۋىسى ياكى پۇساڭ دەرىخىدىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش قۇشى بىلەن بىللە يەر ـ زېمىن ، دېڭىز ـ ئوكيانلارنى كېزىدۇ . ئۇنىڭ قايغۇلىرى ئىنسانىيەتنىڭ دەرسلىكى . ئۇنىڭسىز گۈزەللىك ئۆزىنىڭ مېڭىسىنىمۇ ، قەلبىنىمۇ يوقاتقان ھەيكەلگە ئايلىنىدۇ .

98

ئەركىنلىك قۇشى كرىست دارىغا قونۇپ ئۆتىدۇ . ئۇنى ياكى كەمسىتىپ چىرىتىدۇ ، ياكى ئۇنى ئەتىۋارلاپ مەشئەل دەستىسى قىلىدۇ .

**99**

ئەي گۈلزار ئاشقى بۇلبۇل ، دېدى كاككۇك . ئۇ يەنە نېمىلەرنى دېگەنلىكى ئېسىمدە يوق . خىيالىمغا ئۇنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكى مەلۇم بولدى : سەن گۈللەر گۈزەللىكى ھەققىدە شائىرانە قەسىدە ، سازەندىلەردەك مۇڭلۇق كۈي بىلەن سايرىدىڭ. ئەمما ، مېنى تەئەججۈپ قىلغىنى ، سېنىڭ لالە پىيالىسىدىكى شەبنەم شارابىنى ئىچىپ، لەرزان مەستخۇشلۇق بىلەن مۇناجات ئوقۇشتىن يىراقلىشالمىغانلىقىڭ بولدى . قارا، قاناتلىقلارنىڭ ئەڭ كىچىكى ، سېنىڭدىن مىڭ ھەسسە زەئىپ بولغان قەيسەر پەرۋانىنىڭ جاسارىتىگە ! سەن ئۇنىڭ ئۆزىنى ئوتقا تاشلىغانلىقىدىن تەسىرلەنمەمسەن. ئۇ قەقنۇسنىڭ مۇرتى ، سەمەندەرنىڭ ئوقۇغۇچىسى .

ۋاھ ، پەرۋانە . سەن چىراغ مەشئىلىگە مەپتۇنلۇق ھېكايەڭنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن يېزىپ كېلىۋاتىسەن . سېنىڭ تىلىڭ يوق . شۇنداقتىمۇ سەن نەزمىسىز داستان ، ئاھاڭسىز سىمپونىيە . سېنىڭ قىسقىغىنا ھاياتىڭ تارىخسىز قەھرىمانىنىڭ شەجەرەنامىسى . سەن ھايات تۇترۇقلىرى بىلەن پارلاپ تۇرغان ھاياتلىق مەشئىلى ؛ زەردۇشت راھىبلىرىنىڭ ئاخرۇمازدىغا بولغان شەيدالىقى سېنىڭ ئالدىڭدا تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدۇ .

**100**

كاككۇك داۋاملىق سايرىدى . ئۇنىڭ قۇسقان نەزم قانلىرى ساقاللىرى كامپىردەك ئاقارغان ، كۆزلىرى چوڭقۇر دېڭىزدەك ئەقىل بىلەن تولغان ھېكىمنى سەۋدايى ھالىتىگە كەلتۈرگەنىدى .

سەۋدايى كاككۇك دېگەن تەئەججۈپلۈك سۆزلەرنى تەئەججۈپلىنىپ ئولتۇرماستىنلا تەكرارلاپ ، مېنىڭ قەلبىمدە بارلىق زورلۇقلارنىڭ شاھىنشاھى بولغان ۋاقىت قۇدرىتىنى يېڭىدىغان كىچىككىنە قەھرىمانىنىڭ مەيخانىسى تۇرۇپتۇ . بۇ ھاپىزنىڭ خانىقاسى ، تەرسانىڭ ئېھرامى ئەمەس . بۇ پەرۋانىدەك قەيسەر ۋە پەرۋانە ئۇۋىسىدەك كىچىككىنە يۈرەك . ئۇنىڭ رىتىمىدا جەننەت ھەۋىسى بىلەن دوزاخ ئەندىشىسى يوق . ئۇنىڭ ھاكىمى مۇھەببەت ۋە شېئىرىيەت ئىلاھىدىن ئىبارەت .

سەۋدايى ھېكىم قاقاقلاپ كۈلدى : ئۇنىڭغا قارشى ئېتىلغان ھەر بىر ساداق ئىنسانىيەتنى نادانلىق غارىدىكى پاسىق قاراڭغۇلۇققا ، رەھىمسىزلىك دەشتىدىكى دەھشەتلىك قان توپانىغا گىرىپتار قىلىش ئۈستىكىدە ئاسمان قېرىدىكى مۇبارەك ئاي بىلەن قۇياشقا تاش ئاتقاندەك ئېغىر گۇناھ ۋە بىھۇدە ئاۋارىچىلىك ...

كاككۇك قاناتلىرىنى رۇسلىدى . سەۋدايى ھېكىم ئۇنى قەپەستىن قويۇۋېتىپ دۇئا قىلدى. كاككۇك قاناتلىقلارنىڭ ئەڭ قەيسىرى بولغان پەرۋانە ئالدىغا زىيارەتكە كەتتى .
يۇلتۇزلار چاقنىدى ، گۈللەر تەبەسسۇم قىلدى .
ئۇلار مېنى گۇناھسىز دېيىشتى .

بىلقۇت توربىدىن ئېلىندى.

## ئىككىنچى باب. مارجاننامە

**36**

چەكسىز تەبىئەتكە قاراپ مېنىڭ باغرىمدا ھايات پىچىرلايدۇ .
كۆزلىرىم يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئالەمنى كۆزىتىدۇ . ئۇنىڭدا يورۇق جاھاندىكى سەرخىل ئۇنچە ـ مارجان خەزىنىسى بار . مەن ھەر كۈنى سېنىڭ تىلسىز ، يۇمران ، نازۇك جىسمىڭنىڭ توپا ـ چاڭلار ئارىسىدا ياللىغىداق يورۇپ ، ئۇسسۇزلۇقتىن تىترىگىنىنى كۆرگىنىمدە ، كىرپىكىمنى تىغ قىلىپ ئىككى تىزىق ئۇنچە ـ مارجاننى ئۈزىمەن . ئۇ شورلۇق تەم بىلەن مېنىڭ مەڭزىمدىن ئېقىپ سېنىڭ لېۋىڭگە تامچىلىغاندا، مۇرابا قاتمىسىغا ئايلىنىدۇ . ساڭا تەئەججۇپلىنىمەن .

**37**

ئاي ئىلاھى !
تاڭ سەھەردە نېمىشقىمۇ شەبنەم ياشلىرىڭنى تۆكىدىغانسەن .
كۆز يېشىڭنى شايى رومىلىڭ بىلەن سۈرتكىنىڭدە ، شەپەق شولىسىدا بۇ شەبنەملەرنىڭ بەدەخشان ياقۇتى ئىكەنلىكىنى بايقىدىم .
ئاي ئىلاھى ! بۇلۇتلار قەسرىگە كىرىپ كېتىۋاتقىنىڭدا لام ـ جىم دېمىدىڭ . بىراق ، ئۇنى ئېغىرلاشتۇرغان سېنىڭ ئاھۇ ـ پەريادىڭ . شەبنەم ياشلىرىنى قامال قىلغان بۇلۇت توسمىلىرى ئېغىرلىقىنى كۆتۈرەلمىدى . ئۇ كۆكۈم ـ تالقان بولغىنىدا زېمىننى قاتتىق يامغۇر باستى . مەن ئالقانلىرىمنى ھاۋاغا ئېچىپ ، لالە يوپۇرماقلىرىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ، تەرسالىقىدىن ۋەيران بولۇۋاتقان سۆرۈن بۇلۇتنىڭ كېيىنكى سەرگۈزەشتلىرىنى كۈتۈپ تۇردۇم .
لالە يوپۇرماقلىرى ئاستا پىچىرلىدى : كۆز ياشلىرى ئولىمپىك تېغىدىكى

ئىلاھلاردىن قۇدرەتلىك .

**38**

سەن بىر پارچە دالا گۈلخانىنىڭ يالقۇنى . سەن پەرۋانىلەرنى بەس ـ بەسكە سالىدىغان مەھلىيالىق چىرىغىنىڭ ئوت تاجى . جىمجىتلىق ئىچىدە تەپەككۇر قىلغىنىڭدا ، چاچقان شولاڭنىڭ ھەر بىر زەردىسىنى تالىشىپ ئەتراپىڭدا ھايات جېڭىنىڭ قايناملىرى بولىدۇقلىغانلىقىنى كۆرىسەن .

**39**

مەن كىچىككىنە ياۋا رەيھاننىڭ سۇسىرىغان چېچىكى . مېنى سۇغۇرۇپ تۇرۇۋاتقان نەرسە نەچچە مىڭ يىللىق مۇھەببەت شەبنىمى . يوپۇرماقلىرىم ئىشق پىيالىسىدەك سۈيگۈ شارابىدىن مەست بولدى .

ئالەمنىڭ ئەڭ كونا ، پاك مۇھەببىتىنىڭ شۇبىرلاشلىرى ھەر خىل تىل ۋە ئاھاڭلاردا مېنىڭ قۇلىقىمغا گۈزەللىكنىڭ گارمونىيىسىنى يەتكۈزدى .

مەن كىچىككىنە ياۋا رەيھان گۈلىنىڭ ئەمدىلا ئالەمگە كۆز ئاچقان چېچىكى . ھەيۋەتلىك ئىشق تەڭرىسىنى مەپتۇن قىلىدىغان بۇ شەبنەم زۇمرەتلىرىنى كۆتۈرۈپ چايقىلىشقا قۇدرىتىم يېتەرمۇ . مەن ئودىسسانىڭ ئېغىر ئوقياسىنى ، پەرھاتنىڭ ئالماس بازغىنىنى كۆتۈرەلەرمەنمۇ .

يېنىمدىن يەنە شۇبىرلاش ئاڭلاندى : جاسارەتلىك بولغىن ، مەن ساڭا مەڭگۈ تەئەللۇق .

ھاياجانلاندىم ، ئەلمىساقتىن بېرىقى كونا مۇھەببەت ئۆزىنىڭ پاكلىقى بىلەن مېنى قۇدرەتلىك قىلدى .

**40**

مەن توي قىلىۋاتىمەن ... ، مۇھەببەت شېخىدا بىخ چىقارغان قىزىلگۈل يۈرىكى بىلەن توي قىلىۋاتىمەن .

تۈن كېچىسى . چىراغ شەيدالىرى _ پەرۋانىلەر چوڭ گۈلخان ياسىدى . چىمەنلەر ماڭىمۇ گۈللۈك كىيىم كىيدۈرۈپ بېشىمغا گۈلتاجى تاقىدى .

گۈللەر ئارىسىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاي كۈلۈپ تۇرغان ئىشق ئىلاھىغا ئوخشايتتى .

شاماللار راۋابىنى ئالدى . شەبنەم شارابلىرى بىلەن مەست بولغان مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ، جۇملىدىن پەخىرلىكى مەنمۇ باغۇەنىنىڭ ئىجادىيىتى ئىدۇق . بىزنى يوپۇرماقلار يوپۇتۇپ تۇراتتى .

ئېسىمدە مۇشۇ كۆڭۈللۈك توي كېچىسى . مېنىڭ كۆرگەنلىرىم تىلسىز بۇلبۇلنىڭ ، سادىسىز ساتارنىڭ كۈيلەنمىگەن مۇقامى بولۇپ ، تىلىم ئۇچىدا ، يوپۇرماقلار ئارىسىدا قالدى .

**41**

مېنى زوق ۋە تەبەسسۇم بىلەن كۈلمىدى دېمىگىن . مەن مۇلايىم تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈشنى قانداق ئارزۇ قىلماي ... مەن تەبەسسۇم ۋە مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈشكە كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا تاقەتسىز توپلانغان ياش مونچاقلىرىم يۈزۈمنى قاپلايدۇ . مەن خىجىللىق ئىچىدە ئۈيىلىمەن .

مەن ۋارقىراپ ، پەرياد كۆتۈرۈپ يىغلىمايمەن . چۈنكى ، مەندە ئالەم قايغۇلىرىغا ھەيرانلىق يوق . ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا ناتونۇش ئەمەس . مەن مۇلايىم تەبەسسۇم بىلەن كۈلمەكنىڭ مەستانىسى . ئەمما ، قەلبىم بىلەن كۆز چانقىم ئاۋازسىز كۆز ياشلىرىنىڭ بۇلىقى .

سەن مېنى مەيۈس پىكىرلەرنىڭ مەپتۇنى دەپ ئەيىبلىمىگەن . ئۆزۈممۇ چۈشەنمەيمەن . پەرۋاز قىلىشقا ئىنتىلىپ قانات قاققان قۇشتەك قەلبىمنىڭ كۆز ياشلىرى دەرياسىدا بېلىق بولۇشىغا مۇيەسسەرلىكىنى چۈشەنمەيمەن . ئېھتىمالىم ، بۇ مېنىڭ مۇلايىم راستچىللىقىمدىندۇر .

ئالەم ئۆزىنىڭ سېھىرلىرى بىلەن ئۆز سىرلىرىنى مەڭگۈ يوپۇۋتالارمۇ ...

42

مەن كۆز ياشلىرىمنى سەبىيلىك بىلەن ئاققۇزۇپ تۈگەتتىم . ئۇنىڭ ئېرىتىلگەن ئۇنچە ـ مارجان ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەي . ئۇنىڭ ساقىندىلىرىدىن پەيدا بولغىنى يوپۇرماقلار تەخسىسىدىكى شەبنەملەر . ئۇنىڭ كۆل ئۈستىگە چۈشكەنلىرىدىن مەرۋايىت ۋە قىزىل مارجانلار تۆرەلدى . سىنىڭ مەڭزىڭگە چاچرىغانلىرىدىن ساڭا ھۆسن قوشۇلدى ، يۈزۈڭ بەدەخشان ياقۇتىدەك ، مەڭزىڭ يۈرتۇمنىڭ گىردە ، توقاچلىرىدەك قىزاردى . ئۇنىڭ ناگان ـ ناگاندا ئاپئاق سەھىپىلەرگە تامچىغانلىرىدىن نەزملەر پەيدا بولغانلىقىنى كېيىنچىرەك بايقىدىم .

مەن كۆز ياشلىرىمنى بىخەستەلىك بىلەن ئاققۇزۇپ تۈگەتتىم . ئۇنىڭ ئېرىتىلگەن ئۇنچە ـ مارجان ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەي . ئۇلار ئافرودىت ( يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى گۈزەللىك ئىلاھى )تىن ئىلگىرى ، قەقنۇستىن مۇقەددەم ، ئادەمنىڭ تۇنجى پەرزەنتىدىن ئىلگىرى يارالغانىكەن . ئۇنىڭدا كۆزنى غىدىقلايدىغان يۇلتۇزلارنىڭ ئايەتلىرى ، ئىزى قالمىغان سۇمۇرغنىڭ ۋەسىيەتلىرى ، زېمىن ئۈستىدە سۇ بىلەن شامالنىڭ ھۆكۈمرانلىق تالىشىش تويان تەزكىرىسى ، مۇزىكىنى ۋايىغا يەتكۈزىدىغان جىمجىتلىق ۋە قىيقاس ـ چۇقانغا تولغان ئۆلۈم دەبدەبىسى ئۆز نەمۇنىلىرىنى مۇمىيا قىلىپ كەتكەنىكەن .

چوڭقۇر مەيۈسلۈككە غەرق بولدۇم . دېڭىز ياقىسىغا ئۆرۈلگان بۇژغۇنلاردىن كىمدۇر بىرىنىڭ ئىلاھى نەۋھى ئاڭلاندى : كۆز ياشلار ئالەم يۈزىنى يېڭىلايدۇ، مارجانلار تاۋلىنىدۇ ، ئۇ قۇياشنىڭ پەرزەنتى ، ئىنسانىيەت

غەلىبىسىنىڭ بارىمتايى ( گۆرۈ ئورنىدا ساقلىنىدىغان شاھزادە ) ...

43

ھەقىقەت ۋە ئىلىم بىلەن بېزەلگەن كىچىككىنە تەپەككۇر يەلكىنىگە چۈشۈپ، قىيا ـ چىيالار دېڭىزىدا داۋالغۇپ ئىلگىرىلەۋاتىمەن . كىچىككىنە تەپەككۇر يەلكىنىگە چۇقانلار تۈتەك يېيىپ مېنى ھالسىراتتى . ھالسىزلىقتىن چۈشەكىدىم . مېنىڭ سۆيىدىغىنىم ، مۇھەببەت ۋە ھېسسىياتلار گۈلىستانىنىڭ مۇلايىم ، ئىللىق ، لەرزان مۇزىكىسى . ئۇ ئۈمىد تەشرىسىنىڭ شىۋىرلىشى . ئۇ قىيا ـ چۇقانلار بوتقىسىدىن قىزىل شاراب ئىشلەپ چىقىدىغان ئاجايىپ ھامى . قىزىل شاراب لېۋىمگە تەگمەي تۆرۈپ ئەندىكىۋاتىمەن . ھېسسىياتسىز ئەقىل ، مۇھەببەتسىز ھەقىقەت مېنىڭ سۆيگۈلىرىمگە مەنىسىزلىك بىلەن يوپۇرۇلمىغىيتى ، ئۇ خۇددى ئادەم چۈشىدە كۆرىدىغان جانسىز ئەرۋاھتەك ماڭا يوپۇرۇلمىغىيتى ... بۇ ئەرۋاھ ئۆز قۇدرىتىدىن قورقۇپ ئۆزىنىڭ زەپەر شارابىدىن پەرىشانلىق پەريادى چەكمەكتە .

44

مۇھەببەتتىن ئىبارەت ئادەم قەلبىدىكى ھېسسىيات يالقۇنى ئۆزىنىڭ نۇرانە غۇنچىسىنى ھەمىشە ئۆزىگە ناتونۇش نەرسە ئۈستىدىلا ئېچىلدۇرىدۇ . ئۇ ئالەمنىڭ ھەمىشە تەكرارلىنىدىغان ۋە پەقەت ناتونۇش مەشۇقىغا ئاتالغان لىرىكىسى .

ئۇ ئادەمنىڭ بارلىق ئەركىن ئارزۇلىرىنىڭ بىرىنچى ئەڭ چوڭ نوپۇزلۇق ھوقۇقى .

مەن ھاياتقا مۇھەببەت بىلەن ، ياشلىق چېچەكلىرى بىلەن قولۇمنى ئۇزاتتىم .

ھايات گۈزەلىدىكى چېچى ئاقارغان غۇربەت سەرگەردانلىرى ماڭا جاھانكەچتىلىك سەۋدالىرى بىلەن پىچىرلىدى : بەختسىز سەرگەردانلىق .

45

ئۆزۈم توغرىلىق كۆز ياش ئاققۇزۇشتىن تارتىنىمەن . مەندە مۇنداق كۆز ياشلار يوق !

سەن ئۈچۈن يىغلايمەن ! مېنىڭ ساڭا ئاتىغان ھەممە غەزەللىرىم ، قەسىدىلىرىم ، رۇبائىيلىرىمنىڭ ھەممىسىلا كۆز يېشىم بىلەن يېزىلغان . مەن ساڭا بەخت مۇئەككىلى ھۇمانىڭ ئەرۋاھىدەك شەپقەت بىلەن نەزەر سالىمەن . سېنىڭ ئالدىڭغا دۇچ كەلگەن ئۇيقۇندىن پەرياد كۆتۈرسەم ، سېنىڭ ھۆسنۈڭگە نۇر چاچىدىغان مەنزىرىدىن ھۇزۇرلىنىمەن . بۇلار ھەر ئىككىسىلا مېنى يىغلىتىدۇ ...

مېنىڭ كۆز ياشلىرىم ، ساڭا پۈتۈلگەن ، ساڭا ئاتالغىنى ئۈچۈن ، ئۇ شېئىرىيەتتىكى مەنىۋى مارجان . مەن ئۇنى ساڭا موھتاجلىق بوشۇكىدە قورقۇنچلۇق چۈشەكەۋاتقىنىڭدا ئاققۇزغانىدىم . سەن يېتىلگىنىڭدە بۇ مارجانلارنىڭ شەرھىسىنى چۈشىنىسەن . ئۇ چاغدا مەن ئۆزۈمنىڭ ئەرۋاھى سۈپىتىدە سېنى يۆلەيمەن .

**46**

ساما كۆز ياشلىرىدىن ئۈنچە ـ مارجان چېچىپ چىرايىنى ئاچتى ، سالقىن شامال شەپەق مەستخۇشلۇقىدا يېنىك تىندى ، مېنىڭ خۇشاللىقلىرىم چېكىگە يەتتى . يۈزۈمگە ئېغىر نىقاب تارتىپ ئاۋازسىز يىغلاش مېنىڭ ھازىرقى ئەڭ چوڭ پىغانىم .

**47**

ئارىمىزدا تام ـ توسۇق يوق ، بىر پارچە بۇلۇتتىن تامچىغان يامغۇر ئۆگزىمىزنى تەڭ يۇيىدۇ .
ئارىمىزدا قىسمەتنىڭ تاغ ـ دەريالىرى بىلەن بورانلار ھۇۋلايدۇ ، قېلىن دېرىزىمىزدىن باشقا ـ باشقا پەسىللەرنىڭ يورۇقى چۈشىدۇ .

**48**

ئېھ ، نۇر قۇچىقىدا ئەركىلەپ تۇرغان گۈزەل يۇلتۇز _ چولپان !
سەن مېنىڭ كۆز ياشلىرىمدا ئۆزۈڭنىڭ سان ـ ساناقسىز ئەكس شولاڭنى كۆرگەنسەن . مېنىڭ كۆز ياشلىرىم ھەسرەت شارقىراتمىسى ئەمەس ، ئۇ پەقەت پانىي ئالەم ھەقىقەتلىرىنىڭ خىيالىي ئەينىكى . ئەگەر تەمەننالىق بىلەن ئۆزۈڭنى قوياش مەلىكىسى دەپ ماختىنىشنى خالىساڭ ، بۇ ئەينەككە يولۇقما . ئەگەر ئۆزۈڭنىڭ چىنلىقى توغرىسىدا ساختىسىز دېرەك ئالاي دېسەڭ بۇ ئەينەككە قارا .
سەن گۈزەل يۇلتۇز . سېنى گۈزەللىكىڭنى مەدھىيىلەش بىلەنلا مۇكاپاتلىغىلى ، مەن ساڭا ئۆز لەززىتىگە گۈزەللىكىنى قۇربان قىلىۋېتىدىغان ھۆسن ئاچكۆزلىرىدەك نەزەر تاشلىغىنىم يوق . گۈزەللىكنى ئەقىل كۆزى بىلەن ، ئەقىل كۆزىنى دىيانەت قارچىغىسى ، دىيانەت قارچىغىسىنى نومۇس نۇرى بىلەن بېزەپ ، ئۇنى غۇرۇرنىڭ روھى بىلەن تولدۇرۇپ ساڭا تىكىلىمەن .
مېنىڭ كۆزۈم پانىي ئالەم ھەقىقەتلىرىنىڭ خىيالى ئەينىكى ، ئۇنىڭ ئىللىق ياشلىرىغا تاقەت قىل .

**49**

... شەپقەت ئىلاھى .
ئالەمدە ئاندىنىمۇ مۇقەددەس ، پاك ۋە تاقەتلىك : ئاندىنىمۇ يۈكسەك ، ئاق

دىل ۋە شەپقەتلىك ئىلاھنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم . ئۇ ھايات زەنجىرىنىڭ ھالقىسى .
شەپقەت ئىلاھلىرى ئىستىقامەت ۋە ئىلتىجا ، ھەمدۇسانا ۋە مۇناجات تەلەپ قىلىدۇ . ئانا _ بالا ئارزۇسىغا ئاشىق بولغان ، ئۆز قارنىدا پەرزەنت تۆرەلمىسىنى قان ۋە ھايات جەۋھىرى بىلەن تەييارلىغان ، ھاياتلىق سەلتەنىتى بولغان بالىنى ئۆز ھاياتىدىن ئەتىۋار بىلىپ بېشىدا كۆتۈرۈپ ئۆستۈرگەن ، پۈتۈن ئەقىل ۋە ئەندىشىسىنى پەرزەنت ئۈچۈن سەرپ قىلغان، ئۆزىنىڭ نادان ئوغلىنى ياكى تەنتەك قىزىنى تەخدىشى يوق ئىشتىياق بىلەن ھەمىشە سۆيگەن ، ئۇنىڭ تۆپىلى ۋاپاسىز مەھبۇبىنىڭ ئازاب ۋە ئېغىرچىلىقلىرىنى كەچۈرۈپ ، ھايات چاقچىسى بولغان ئائىلىنى جانلاندۇرغان ئەجىرلىك ۋە مىننەتسىز ئىلاھ .
مەن ھەيرانمەن : ئاسمان گۈمبىزى بۇلۇت ئىلاھى بىلەن چاقماق تەخرىسىگە تارلىق قىلىۋاتسا ، ئولىمپىك تېغى يۇنان خۇدالىرىنىڭ رەشكچىلىك مەيدانى بولۇپ تۇرۇۋاتسا ، دېڭىز ـ ئوكيانلاردا سۇ پەرىلىرى بىلەن دەريا مۇئەككەللىرى چۇقان سېلىپ تىنجىمىسا ، زېمىن ئۈستىدە جەڭ قەلەملىرى بىلەن قان سىياھلىرى نەرە تارتىپ ، سانسىز ئوتلۇق توپانلار پەلەككە ئەرۋاھتەك قول سوزۇپ ، قۇشلارغا ئورمان ، دەرۋىشلەرگە ئېھرام قالدۇرماي كۆيدۈرۈپ تۇرسا ، يەنە ئاسمان ، زېمىن ، دېڭىز ـ ئوكيانلاردىنمۇ كەڭرەك پاناھلىق جاي قالدىمۇ ...
ئانا ! سەن كۆكسى كەڭ ، ئۇمىدى پاك ، قەلبى ئىللىق ، تاقىتى تولۇق ، دىيانىتى ئۇلۇغ شەپقەت ئىلاھى .
سەنسىز ئالەم چاقى ئۈچۈپ كەتكەن ھارۋا ، ئەقلى كۆتۈرۈلگەن دانا ، ھاۋا قاپچىسىدىن ئايرىلغان بىلىق ، قانائەتسىز بۇركۇتتەك قىيا ـ چىيالىق قىيامەتكە بەند بولغان بولاتتى .
مەن ئايال جىنسىنى ئىززەتلەيمەن . شەپقەت ئىلاھىنى خاتىرىلە . ئۇنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزمە . ئۇنى ئۇلۇغ قىلغان نەرسە قان ئەمەس ، ئوتلۇق مۇھەببەت !

50

مەن قاقاقلاپ كۈلمەن . مەن ياخشىلىقلار ئىلاھىنىڭ ئالەمشۇمۇل كۈلكىسىنى تەكرارلايمەن .
ئۇ كائىنات قەلبىنىڭ گەۋدىسى !
ئىنسانىيەتنىڭ شاھىتى !
كەلگۈسىنىڭ ئۇمىدى !
ئۇ ئۆز ئىشىنى ئاخىرلاتقان جەھەننەمنى جەننەتكە ئايلاندۇرىدىغان ھەقىقي

باغۋەن !
ئۇ دېڭىز قارنىدىكى مارجانلارنىڭ جۇلاسى !
مەن موھتاجلىق ۋە قۇلچىلىق دۇنياسى ھېچقانداق ساختا نىقابسىز ئۇلۇغ ئىنسانىيەت باھارىغا ئايلىنىپ تارىخنىڭ تەنتەنىسىنى ئۆتكۈزگىنىدە بۇ كۈلكىنى يەنە تەكرارلايمەن .
بۇنىڭغا گۇمانلىنىش ئالەمنى ئۇنتۇغانلىق .

51

ئۇ بىر پارچە ئوت . ئوتنىڭ ۋەزنى بولمايدۇ . ئۇ ئۆز ـ ئۆزىنى تۇغدىغان، پەرىزات شەكلىگە كىرگەن دالا گۈلخانى . ئۇ ۋەزنى ئېغىر ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى كۆپەيتەلمەيدىغان سۇ ئىلاھىنىڭ ئاتىسى .
ئۇ بارلىق گۈزەللىكلەرنىڭ جەۋھىرى ! ئۇ يەنە بارلىق گۈزەللىكلەرنىڭ ئۆلۈم مەبۇدىسى ! ئۇ ئۆز ـ ئۆزى بىلەن جەڭ قىلىدىغان بەت جۇدۇن ئىككى باشلىق ئەجدىھا !
سەن ئەقىل ۋە دىيانەتنىڭ بىلەن ، نومۇس ۋە ئىپتىخارىڭ بىلەن بۇ پاراسەتسىز قەھرىمان ، شەپقەتسىز قوتازنى نوختىلا . ئەقلىڭ ئۇنىڭ پەرىزات ھۆسنى ، سېھىرلىك كۆزى ۋە ئەۋرىشىم چاچلىرى تەرىپىدىن يۇگەنلەنمىسۇن .
ھايات ـ مامات ئېلىشىشىدا ، سېنىڭ ئالدىڭدا ئالەم ئېغىر ھالسىرايدۇ . . .

52

ئالەم مۆرەككەپلىكلىكىنى سىغدۇرالمىغانلىقى تۈپەيلى جاراھەتلەنگەن سىنەم ئازابلىنىدۇ . مېنىڭ ھېسسىياتلىرىم مۇھىتىنىڭ سىگنالى !
ئەقلىيە سۆزلۈكلىرى ئۆز مەشۇقىنى يوقاتقان كىشىنىڭ ئاچچىق ھەسرەتلىرىنى داۋالالارمۇ . . .

53

سەن ھېسابسىز ئۇنچە ـ مارجان بىلەن قوينى تولۇپ مەغرۇر بۈركۈتلەر چاچرىتىپ ئۇيقۇندىغان دېڭىز سەن .
ئىللىق كۆز ياشلىرىم بىلەن نېمىگىدۇر بىردىن پەسىيىپ ھەسرەتكە چۆمدۈڭ .
سەن جىمجىت پىكىر سۈرۈشكە باشلىدىڭ .

54

سەن غەزەپ ئىچىدە يانغىنىڭدا قىزىل ياقۇتتەك چولپانسەن .
سەن قاقاقلاپ كۈلگىنىڭدە گۈلشەنگە چاپقان قۇلانسەن .
سەن جىمجىت خىيال سۈرگىنىڭدە ھېكمەتكە تولغان ئوكيانسەن .

سەن تەبەسسۇم بىلەن سۆزلىگىنىڭدە سېھرنى يېشىدىغان ئىرپانسەن .

55

هومېرنىڭ ئىككى داستانىدىن پىتنە ئىلاھى ئىرىدا بېشارەت قىلىپ ماڭا سەگەكلىكنى ھاۋالە قىلدى . ھىندىلارنىڭ « ماخاپخاراتا » ،« رامايانا >» داستانىدىن ئۆزۈمگە ئاگاھ بولۇشنى ئۆگەندىم . روھىيەتتە مۇشەققەت چەكمەي تۇرۇپ ، مەنىۋى يۈكسەكلىككە ئېرىشكىلى ، مەنىۋى يۈكسەكلىكسىز ئۆزۈڭنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ .

ساڭا بۇرۇلۇپ قارىغىنىمدا قەلبىمدە ئايان بولغىنى مۇنۇ : ... سەن مۇشكۇللۇكنى يېشىدىغان ۋە قايتا تۇغۇلىدىغان راما *دەك ساھىبقىرانسەن؛ سەن بىشما *دەك نازۇ نېمەتتىن ۋاز كەچكەن تەقۋاسەن ؛ سەن قارا مەلىكىدەك مېھىر ـ ساداقەت نەمۇنىسى ، ياندۇ * پەرزەنتلىرىدەك قەيسەر ـ قەھرىمانسەن . ( * راما ، بىشما ، ياندۇ _ ھىندى ئەپسانىلىرىدىكى تەڭرىلەرنىڭ نامى ) .

سېنى چۈشەنمەي ئۆزۈمنى بىلەلمەيمەن .

56

ياھ ! ئاققۇغا مىنىۋالغان تۆت باشلىق ئالەم بىنا قىلغۇچى براخما .

ئاھ ! دېڭىزدىكى ئەجدىھاغا مىنىۋالغان ھامىيلىق مۇئەككىلى بىشنۇ * .

ۋاھ ! يىلان شارپىنى بويىنغا ئورىغان ، ئاچكۆزلۈك ھالاكەت مەبۇدى سىۋا * .

( * بىشنۇ ، سىۋا _ ھىندى ئەپسانىلىرىدىكى تەڭرىلەرنىڭ نامى ) .

مانا بىر تىزىق تەڭرىلەر ...

ئۇسسۇل ئىلاھى ، جەڭ خۇداسىنىڭ ئاتىسى ۋە سېغىنىش مەبۇدى ئۆزىنىڭ زىددىيەتلىك ئىقتىدارلىرىنى بىر گەۋدىگە مۇجەسسەم قىلغان .

مەن ئەكسەدىيەت بىلەن تولغان قەدىمكى ئالەم ئەپسانىلىرىگە ، تۈنۈگۈنكى چىنلىقتەك تەئەججۈپلىنىمەن .

57

سەن سۇنغان گۇلرەڭ مەيزاب ئۇنتۇلۇپ كەتتى .

سەن كۆيدۈرگەن ياغ كۆيۈكى ساقىيىپ كەتتى .

سەن سانجىغان تىغ زېدىسى ئىزسىز تىندى .

سېنىڭ شېرىن شۇېرلاشلىرىڭ ۋە مەنىلىك سۆزلىرىڭ تۇماندەك تارقىلىپ كەتتى .

بىراق ، بىۋاپالىقىڭ ۋە ئۇنىڭ بوران ـ چاپقۇنىدا سالماق ـ سالماق تۆكۈلگەن ئاچچىق ـ ئاچچىق تەنىلىرى خۇددى باللىق چېغىدا تۇرۇپ قالغان قوغۇشۇن ئوقتەك سانجىپ ئاغرىتىدۇ . ئۇ نېمىنىدۇر پىچىرلايدۇ ، چۈشەندۈرمەكچى بولىدۇ . ئۇنى قايتۇرىدىغان داۋا يوق . مەن ئاق دىللىقىم

بىلەن مۇشۇ خىياللىرىمغا خىجىللىق ھېس قىلىمەن ...

58

ئىنسانىيەتنىڭ ھەر بىر تەنتەنىسىگە پۈتۈن قەلبىم بىلەن مەمنۇن بولىمەن . چۈيىۈەن « توققۇز نەزم»نى يازغاندا خۇش پۇراقلار ئىچىدە ئۇمىد شادلىقىدىن مەستلىك ھېس قىلىمەن . ئاجۇنا ( ھىندى رىۋايەتلىرىدىكى پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى ) ئاددىي پۇقراچە ياسىنىپ مۇجۇ ۋاڭ ئۆتكۈزگەن كۈيئوغۇل تاللاش مۇسابىقىسىدە نىشاننى چېنەپ قارا مەلىكىنى ئالغىنىدا ئەتراپتىكى ئاددىي جامائەت بىلەن بىللە تەنتەنە قىلىمەن .

ئودىسسا ئون يىللىق دېڭىز سەرسانلىقىدىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ ، ۋاپادار قېرى ئىتنى سىلىغاندا كۆزۈمگە ياش ئالىمەن ، ئۇنىڭ رەقىبلىرىنى يېڭىپ رەپىقىسى ۋە پەرزەنتىنى باغرىغا باسقاندا يۈرىكىم كۆكسۈمگە سىغمايدۇ .

« قۇرۇق شەھەر ھىيلىسى» ئالدىدا خىيالغا چۆكىمەن ، «مومىلانغان ساراي قەستى»گە خاۋاتىرلىنىمەن ، «ياغاچ قۇلان ھىيلىسى»دىن چۆچۈيمەن ، مەنسۇر ئەللاجىنى دارغا ئاسقاندا پەرياد كۆتۈرىمەن .

ئەخرەمەن بىلەن جەڭ قىلىمەن ، ئاخرۇمازدا بىلەن يورۇقلۇققا تەلپۈنىمەن . مانا بۇ مېنىڭ ئېتىقادىم ...

59

گۈزىلىم ، شەپەق ئۈستىگە چىقىپ ، ئالەمنىڭ ماھىيىتىگە قارا . بۇلۇت سۈپىسىدا تۇرۇپ زېمىنغا نەزەر سال . دۇنيا زىددىيەت بىلەن ، زىددىيەت بىۋاپالىق بىلەن ، قورۇقلۇق سۇ بىلەن ، كۈلكە كۆز ياشلىرى بىلەن چايقىلىپ تۇرىدۇ . ئۇ كۈلكىلىك پاجىئە ، پاجىئەلىك كۈلكە ئويۇنى . ئاچچىق يىغلاپ ئارقىدىنلا قاقاقلاپ كۈلگىن . بۇ ئۇنىڭ زاتىغا مۇناسىپ ھېكمەت ...

60

ھاياتنىڭ ھەر بىر پائالىيىتىدە ، ھەر بىر مەنپەئەتدارلىق بوسۇغىسىدا ، ھەر بىر ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئارىسىدىكى جەڭدە بىلىم ئەخلاققا ، ھەقىقەت پەزىلەتكە ئايلىنىپ تۇرىدۇ .

چۈنكى ، ئۇ ئۆز غۇرۇرىدا كەمتەر ، ئۆز ئىززىتىدە مەغرۇر .

61

كۆزنىڭ شاھىتلىقىنى پەرۋاسىز تاشلاپ ، قۇلاقنىڭ دەللىلىرىگە ئىشىنىپ كەتمە . كۆزنىڭ نوپۇزىنى بېسىپ چۈشكەن قۇلاق شۈبھىلىك شاھىت . كۆزنىڭ يېڭىلىشىگە ئىشەن .

كۆڭۈلنىڭ ئېزىقتۇرۇشىدىن چۆچۈيمەن . ئۇنىڭ يېنىدا ئاتىللانىڭ ھازىسى مېنى ھەسرەت شارابى بىلەن سەگەك قىلىدۇ .

62

مۇھەببەتنىڭ مەھلىيا كۆچىدىن سېھىرلەنگەن چېغىمدا ئۈمىدۋارلىق ھېس قىلىمەن . بۇنداق ماگنىتتىن ئايرىلغىنىمدا ئۈمىدسىزلىك تەرىپىدىن جادۇ قىلىنىمەن ، جەزب قىلىنىمەن .

63

بەخت مەبۇدى « قۇتلى » بىلەن گۈلزار ئاشىقى« بۇلبۇل » دىئالوگلاشتى .

قۇتلى : ساڭا بەخت كېرەكلىكىنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن .

بۇلبۇل : شۇنداق ، مەن ئۇنىڭغا تەقەززا .

قۇتلى : مەن ساڭا شۇنداق سائادەت ئەتگۈشتىرى ئىنئام قىلايكى ، ئۇنىڭ شاراپىتى سەن خالىغان چېغىڭدا ئەرشكە ۋە بېھىشكە چىقىپ ، ئۆلمەسلىك كەۋسەرلىرىنى ئىچىپ ، ھۆر ۋە رىزۋانلار بىلەن ئىشرەت سۆھبىتى قۇرالايسەن . ئۇنىڭدا ۋاقىتنىڭ تەھلىكىسى يوق .

بۇلبۇل : بۇ مەن ئۈچۈن ئۈمىدسىزلىك ياكى ئۆلۈم ئالدىدىكى خىيالىي ئۈمىد . مېنىڭ ئارزۇ قىلغىنىم بۇنىڭ ئەكسى .

قۇتلى : بۇ قانداق بەخت ؟

بۇلبۇل : قايغۇ ۋە شادلىقلار ئىقلىمى ، باھار ۋە زىمىستان دۇنياسى ، ئۈمىد ۋە كۈرەش مەيدانىدىكى قىسمەت ۋە جاسارەت بىلەن تولغان مۇشۇ ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ بەختى .

قۇتلى : ئەجەبا . . .

بۇلبۇل : چۈنكى ، ئۇنىڭدا ھادىسىلەردىن خالىي بولمىغان ۋە مېنىڭ سىنەمنى لەرزىگە كەلتۈرىدىغان ئىنسانىيەت تەقدىرى پەلەك بىلەن شاھمات ئويناۋاقتا . مەنمۇ ۋاقىت ۋەھىمىسى بىلەن قاتار تۇرۇپ ئويناۋاتىمەن . ئۇ مېنى ھالاك قىلىدۇ ، مەن ئۇنى قۇل قىلىمەن .

قۇتلى : خالىغىنىڭ بولسۇن .

64

سەن تەڭدىشى يوق گۈزەل .

سەن ئۇرۇقى يوق يېگانە تۇغما گۈزەل .

گۈزەلىم ، ئەدىپىنى بېرىش ۋە رەھىمسىز غەزەپ ئىنسانىيەتنى بالايىئاپەتكە گىرىپتار قىلىدىغان ھالاكەت مەبۇدىنىڭ خاسىيىتى ئىكەنلىكىنى سېزەمسەن . ئۇ ئاپەتنىڭ ئۇرۇقى ، داۋالغىلى بولمايدىغان بۇنداق تەبىئەت زىننەتلىگىلى بولمايدىغان يەر يۈزىنى دەزى ئالدىدىكى يارلىق . ئۇ مەغرۇرلۇقنىڭ تۇپان بالاسى ، ئۇ كائىناتنىڭ ئەڭ تەشۋىشلىك كالا دۇۋىسى .

ئۇتنىڭ كەينىدىن يۈگۈرمە ، ئۇ ئەرۋاھىڭنى ئاسمانغا ئېلىپ كېتىدىغان

ئەزرائىلنىڭ ئېتى ، ھالاكەت تەڭرىسى قىرغىنغا چۈشىدىغان قان سەھنىسى .

65

ھايات سۈيىنى مەنىسىز ئىسراپ قىلىسەن .
ئۇ ئاز قالغاندا ھەسرەتلىنىپ كۆز يېشى قىلىسەن .
ۋاقىت ئارقىدا پۇشايمان قىلىش ئورۇنسىز ، ئۆلۈم ئالدىدا ئېچىنىش پايدىسىز .

66

قۇشلار سايرىدى ، سەن تېخى ناخشاڭنى باشلىمىدىڭ .
شاماللار ئۇچۇرقىدى ( « چاپتى ، يۈگۈردى ، ئۇچتى » دېگەن مەنىلەردە ) ، سەن تېخى نىگاھىڭنى ئاچمىدىڭ .
گۈللەر ئېچىلىپ سولدى ، سەن تېخى تەبەسسۇم بىلەن كۈلمىدىڭ .

67

سېنىڭ ھەسەتخور قەلبىڭگە ئاق كۆڭۈللۈك زەپەر مەشئىلىنى ياققاندا ، سېنىڭ نادان ۋە جاھالەتلىك تەلۋە كۆكسۈڭدە نۇر مالائىكىسى تەبەسسۇم قىلىدۇ . سەن رەشكى تۈزىقىدىن قۇتۇلغاندا ، تۆت ئەتراپ ساڭا سۆيۈملۈك گۈزەل گەۋدىسىنى ئاچىدۇ . شۇ چاغدىلا سەن مۇھەببەتنى ۋە ئىززەتنى نومۇس ئىچىدە ھېس قىلىسەن . بۇنىڭ يولى بىر : مەغلۇبىيەتكە ھازىرلىنىش .

68

شېئىرلىرىم ئالەمنىڭ چوڭقۇر تەكتىدىن شۇئىرلايدۇ .
مەن مەشۇقۇم بىلەن ئىككى شەبنەم تامچىسىدەك بىر لالە يوپۇرمىقى ئۈستىدە ياتىمىز . ئۇ ماڭا : ئاڭلا ئەزىزىم ، سېنىڭ يۈكسەكلىكىڭنى شاماللار تەرىپلىمەكتە ، دېدى . مەن ئۇنىڭغا : تىڭشىغىن ئامرىقىم ، سېنىڭ گۈزەللىكىڭنى يوپۇرماقلار قوشاق قىلماقتا ، دېدىم .
ئۇ قىزىرىپ كەتتى . ئۇ شۇنداق قىزاردىكى ، بىر پارچە چوغقا ئوخشايتتى . مەن ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ قىزاردىم . مەن بىر قەدەھ قىزىل ئۈزۈم ھارىقىغا ئوخشاپ قالدىم .

69

قۇربىتىم يەتسە سەن توغرۇلۇق يېڭى « رامايانا » داستانى ( ھىندىلارنىڭ قەدىمكى خەلق داستانى ) يازسام .
سېنىڭ قەلبىڭ يەر ئانامنىڭ چوڭقۇر تەكتىدە تۇغۇلغان مىسلىسىز گۈزەل قىز شىدۇدىنىمۇ ساداقەتلىك ۋە مېھرلىك .
سېنىڭ سەرگۈزەشتلىرىڭ ئاسمان ئاتىنىڭ بەلەن يېرىدىكى قۇياش

دۆلىتىدىكى نۇرانە ساھىبقىران يىگىت رامانىڭ قىسمەتلىرىدىنمۇ تەسىرلىك .
مەن مەپتۇن بولىمەن . مەپتۇنلۇقتىن يىقىلسام ھوشۇمغا كېلىش يولىدا ئىلھام مەبۇدىسى مۇسىي ياكى كۇمۇش تارلىق ۋىنا چالغۇسىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن سامانىۋى مۇزىكانت نارۇت ( ھىندىلارنىڭ « ماخاپخاراتا » داستانىندىكى قەھرىمانىنىڭ نامى ) قاچان لەگلەك قۇشىنىڭ پەيىدىن قەلەم قىلىپ ، مېنىڭ لېۋىم ئۈستىگە سەن توغرىلىق لەرزان شېئىرىيەتنىڭ ئۈنچە مىسرالىرىنى تىزاركى . . .
ياھ ! ھالاكەت مەبۇدى سىۋا . ئەمدى سەن مېنى پىلە قۇرتىدەك قارىلىقتىن ئاققا ئايلاندۇرۇپ ئاندىن ۋەلى قىلماقچىمۇ ؟
ئېھ ! شېئىرىيەت مەبۇدىسى نارۇت ، سەن مېنى قاراقچىلىقتىن شائىرغا ئايلانغان ئاق چۇمۇل ساھىبى رودناكا ( بارمىچ )دەك توپىدا كۆمۈپ ( رودناكا _ ھىندىلارنىڭ «ماخاپخاراتا » داستانىدىكى قەھرىمانىنىڭ نامى ) ، يامغۇردا يۇماقچىمۇ ؟
ئاھ ! گۈزىلىم ، غوزەك ئىچىگە بەند بولۇپ قالمىساملا ياكى چۇمۇلە تېغىدا كۆمۈلۈپ قالمىساملا سېنى كۈيلەيمەن . چۈنكە مەن رامانىڭ ۋارىسى .

**70**

مەن سېنى سېغىنغاندا كۆز يېشىمنى دەريا قىلىمەن .
ئەتتىرگۈل بىلوگىدىن ئېلىندى. (ئەتىرگۈل بىلوگىدا باش قىسمى بېرىلمىگەنمۇ بولسا كېرەك. مەن قوشۇپ قوياي دىسەم مەندە بۇ كىتاپ بولمىغاچ قوشۇپ قويالمىدىم.ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەيىپكە بۇيرۇماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن)
مەنبە: ئەتتىرگۈل بىلوگى. (ئەتىرگۈل بىلوگىدىن ماجانىنامەنىڭ باش قىسمىنى تاپالمىدىم.ئۆزۈمدە ھەم بۇ كىتاپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن قوشۇپ قويۇشقا ئامالسىز قالدىم.ئۇشبۇ سەۋەب تۈپەيلى توردادشلاردىن كەچۈرۈم سورايمەن.)

## ئۈچىنچى باب .سۇمۇرغنامە

**1**

ئاھ ، سۇ . ئالمى قاسىراقلىرى بىلەن تولغان دېڭىز قەبرىستانى .
سەن قەدىمكى ئالەم رېئاللىقى ، ھازىرنىڭ گۈزەل ئەپسانىسى . مەن ئۇلۇغ ئىران شائىرى سەئىدىنىڭ بەختىيار داستانى « گۈلىستان»دىكى مۇنۇ جۈملىلەردىن ھاياجانلىنىمەن : « سۇمۇرۇغلارنىڭ تۇخۇمى قۇرۇغان ھالەتتىمۇ ، كىشىلەر ھۆقۇش قانىتى ئاستىدا ئارام ئېلىشنى خالىمايدۇ » .

مەن كاككۇكنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلەندىم ، مارجانلار قىسمىتىگە تەئەججۈپ قىلدىم ، جاھانىنامىگە قىزىقتىم .
كەل سۇمۇرغ ، ساڭا ئالتۇن كوكۇلىلىق بالدەك مېنىپ ئۇچاي ، ئاسمان قەھرىدە تۇرۇپ زېمىنغا قارايلى . بەلكى ، زېمىن ساماۋى ئالەم مۆتىۋەرلىرىگە باشقىچە كۆرۈنىدىغاندۇ ...

2

سۇمۇرغقا مىنىپ ئۇچقىنىمنى كۆرۈپ ، گۈزىلىم ، مېنى تاشلاپ كەتتى دېمىگىن . مەن سېنى تاشلىيالمايمەن . يۈرىكىم پىلتىڭلاپ ، كۆزلىرىم مىدىرلاپ تۇرغىنىدىمۇ ، ھەتتا ھاياتىم ياۋا گىياھتەك قايتا ئۈنۈپ ، قايتا تەكرارلانغىنىدىمۇ سېنى تاشلىيالمايمەن .
سۇمۇرغقا مىنىپ ئۇچقىنىمنى كۆرۈپ ، گۈزىلىم ، مېنى ساما خەزىنىسىدىكى گۆھەر سايلىقىغا كەتتى دېمىگىن . مەن موھتاجلىق دەشتىدە ھالسىراپ يىقىلغىنىمدىمۇ گۆھەر تاشلارغا قول ئۇزاتمايمەن .
سۇمۇرغقا مىنىپ ئۇچقىنىمنى كۆرۈپ ، گۈزىلىم ، مېنى ئاققۇغا مىنگەن براخماغا ياكى تورغا مىنىپ يۈرگەن جەڭ ئىلاھىغا تەققاسلاپ ماختانما . مەندە شۆھرەت شەيىقىدە ئويناپ ، كىبىرلىك بۇلۇتىدىن ھالقىش نىيەتلىرى يوق .
گۈزىلىم ، سۇمۇرغقا مىنىپ ساماغا كۆتۈرۈلگىنىمدە ، كۆزۈمدە مۆلدۈرلەپ تۇرغان ئىككى تامچە ياشنى كۆرگەنسەن . ئۇ مېنىڭ شۆھرىتىم ، ئۇ مېنىڭ گۆھەرلىرىم ...

3

ماڭا پەردىدىنىڭ بايلىقى ، جەمشىتنىڭ ئەيش - ئىشرىتى ، كىلىئوپاترانىڭ گۈزەللىكى ، خادىنتاينىڭ خەير - ساخاۋىتى كېرەك ئەمەس .
ماڭا كېرىكى سېنىڭ قەلبىڭ . ئۇ ، يەر بىلەن كۆك ئارىسىدىكى چىنلىق ، ياخشىلىق ، گۈزەللىك .

4

گۈزىلىم ، ئالتۇن سۇتىدە پەرىزاتتەك چۆمۈلۈۋاتامسەن .
ياق ، سامان ئىچىدىن دان تېرىۋاتىمەن .

5

مەن سېنى سۆيىمەن . سېنى سۆيمەسلىك ئېغىر گۇناھ . مېنىڭ ساڭا بولغان مۇھەببىتىمدە سەمىمىي - ساداقەت ، مەردانە شەيدالىق ، شېرىن لىرىكا ۋە چەكسىز ئۇماق تەلپۈنۈش يوشۇرۇنغان . ئۇ ئوتلۇق گۈل ، قانلىق چېچەك ، كۆز يېشى غۇنچىسى ...

مەن سېنى سۆيىمەن . باشتا بارلىق گۈزەللەردىن _ ئەپسانىۋى ياكى ھەقىقىي، شېئىر ياكى ھاياتتىكى باشقا بارلىق گۈزەللەردىن زوقلىنىپ تەسىرلىنىمەن . بىراق ، مېنىڭ سۆيىدىغىنىم جىگدە پۇرىقى ئىچىدە ئۆسكەن ، قارىقۇمچاق ۋە ماڭا ئاھاڭداش بولغان يېگانە سەنلا . مۇھەببەت قۇشى ئۆز ئورمانلىقىدا خەندان ئۇرىدۇ .

6

سەن ئاياللىق يۇلتۇزى . سەن ئۇسسۇل ئىلاھى .

سېنىڭ تەپەككۇرۇڭ تەبىئەتنىڭ مونولوگى ، سېنىڭ ئۇسۇلۇڭ تۇرمۇشنىڭ تراگېدىيىسى ، سېنىڭ ھاياتىڭ ئەركىنلىكنىڭ شەجەرىسى .

سۆيۈملۈكۈم ، خۇپىيانە سۆزۈمنى ئاڭلا : مېنىڭ سۆيگۈم تۈنجى ئۇچرىششىنىڭ لەرزىسى ئەمەس ، ئۇ مۇھەببەتنىڭ پىشقان قىيامى .

مېنىڭ ئارزۇيۇم سېنىڭ بىلەن شادىيانە خورنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈش .

7

مۇھەببەت بوستانىدا غەلىبىگە ئېرىشكەن چېغىڭدا مۇسەللەس ئىچكىن .

مۇھەببەت مەيدانىدا پاجىئەگە يولۇققان ۋاقتىڭدا ھومېرنىڭ ئىزىدىن ماڭ .

شېئىرىيەت ماددىي ۋە مەنىۋى موھتاجلارغا ئاتالغان ھامىيلىق .

8

گۈگۈم قوينىدا كەنجى ئۈتقاش . بۇلۇت كەينىدە تۈنجى گۈلدۈرماما بېشارىتى . ئېقىن سۇلار ھالسىزلانغان ، قىرچىن تاللار شامالنىڭ مەيلىگە تۇتقۇن بولغان ، تۈن يېقىنلاشقان . مەن ۋەھشەت ئىچىدە ۋارقىرايمەن ، يېنىپ ـ يېنىپ ۋارقىرايمەن . يىراقتىن كۈچەيگەن ئەكس سادا ، سىرلىق ۋە دەھشەتلىك ئەكس سادا ۋارقىرايدۇ ، يېنىپ ـ يېنىپ ۋارقىرايدۇ . ئۇ ئېھتىمال قامچىلانغان پرومىتۇس ...

9

خارلىغۇچىلارنىڭ خارلانمىغىنىنى كۆرەي ! خارلىق ساقلىنىپ تۇرغان ئالەمدە خارلىغۇچىلارمۇ خارلىنىدۇ . خارلانماسلىقنىڭ يولى خارلىماسلىق .

10

مۇھەببەت پەرىشتىسى ئافرۇدىتا قەلبىمدىن ئۈمىد چىرىغىنى ئېلىپ كەتسە كۆڭلۈم قاراڭغۇلىشىدۇ . تېڭىرقايمەن ، تەمتىرەيمەن . ئۈمىدسىزلىك مۇھەببەتتىن ئايرىلغانلىقتۇ ...

ھاۋا گۈلدۈرلىگەن كېچىسى قەلبىمگە ئىلھام مۇئەككىلى موسىينىڭ چىرىغى يېقىلىدۇ ، مەن ئىشق مەجنۇنلۇقىدىن ئىجادىيەت ئاگاھلىقىغا كۆتۈرۈلىمەن . مۇھەببەتسىز ئىلھام بولاتتىمۇ ... مەن شۇ چاغدىلا ئافرۇدىتا نامىغا مۇھەببەت ۋە ئەرك ، ھېسسىيات ۋە ئىدراك كەشتىسى توقۇيمەن .

ئىشق مەغلۇبىيىتىدىن ئىلگىرى ھەقىقىي ئىلھام غەلىبىسىنى كۈتۈپ بىھۇدە ئاۋارە بولمىغىن !

11

ئۈمىدسىزلىكنى نۆل قىلىپ ، سەن مۇھەببەتكە نەزەر سالغىنچۇ .
ئۇ _ مۇھەببەت _ تولغان روھىي خەزىنە !
ئۈمىدسىزلەرگە ۋارقىرايمەن : مۇھەببەت ئاداشقان يەلكەننىڭ ئالدىدا كۆرۈنگەن ئالتۇن قىرغاق !
ئۈمىد خىيالچىلىرىغا پىچىرلايمەن : ئۈمىد چەكسىز ئۈمىدسىزلىك ماغزاپلىرىدىن ھاسىل بولغان زۇمرەت قەلئە ...

12

گۈزەل كۆزلەر ، نازىنىن كىرپىكلەر ، شېرىن كۈلكىلەر ، ئاچچىق ياشلار ... بىللە كۈلگىنىمىز تېخى مۇھەببەتنىڭ شاھىتى ئەمەس ، پەقەت بىللە ئاققان ياشلىرىمىزلا ئۇنىڭ ئالامىتى ...
سەن بىر گەۋدىدىن ئىككىمىزنى ھاسىل قىلغانلىقىنى چۈشەنگىنىڭدىلا ، ئاندىن مېھرىبانلىق ۋە ساداقەت ھېس قىلالايسەن . مۇھەببەتنىڭ ئۇلى ساداقەت .

13

تىنچ ئاۋغۇست كېچىسى . ماموق بۇلۇتلار قۇچىقىدا ئاينىڭ مۇلايىم شولىسى .
سەن شىرداق ئۈستىدە تەبەسسۇم قىلدىڭ ، ئېغىر تىندىڭ ، كۆزۈڭگە ياش ئالدىڭ .
مەن بەزىدە ئاق رەنا گۈلدەك ئاقىرىپ ، بەزىدە قىزىل ئەتىرگۈلدەك قىزىرىپ كەتتىم .
سەن ئاينىڭ مۇھەببەت ھېكايىسىدىن بىھوش ئىدىڭ .
مەن ئاي شولىسى ئاستىدىكى شېرىن چۈشۈڭدىن مەستۇن ئىدىم .

14

گۈل بەرگىدە قان شەبنىمى تۇراتتى .
رەشك ئۇنىڭ قەلبىنى كۆيدۈرەتتى .
سۆيگۈ ۋە ھەسەت گۈزەللىك ئۆلگىسىنى دەۋر قىلاتتى .

15

كۆپ ئەجىر قىلدىڭ ، ئۇزۇن يوللارنى كەزدىڭ ، ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى ياراتتىڭ ، ھەشەمەتلىك قامۇسلارنى يازدىڭ ...
ئادەم ئۆز پەرزەنتلىرىگە پەخىرلىنىپ شۇنداق پىچىرلىدى .
ئالدىڭغا قارا ، ئالەم مۇمكىنلىكلىرى ، كامالەت غايىلىرى ساڭا ئىلھام

بېغىشلىماقتا . قىلغانلىرىڭ تېخى بوۋاقنىڭ سۈتتىن
ئاجرالغىنىچىلىكقۇ ...
ھاۋا ئۆز پەرزەنتلىرىگە يىراقنى كۆرسىتىپ شۇنداق دېدى .

**16**

باھار _ تەبىئەتنىڭ گۈزەل پەسلى .
باھار _ جانلىق تەبىئەتنىڭ مۇھەببەت مەۋسۇمى .
سەن قوزغايسەن ، ئۈمىد ـ ھەۋەس ، مۇھەببەتنى ،
قوزغايسەن دەردلىك دىللاردىكى جاراھەتنى ...

**17**

سەن بۇلبۇل ، ئاۋازسىز ، تىنچىق كېچىدە سايرىغان تەنھا بۇلبۇل .
سەن يۇلتۇز ، ئايسىز ، بۇلۇتسىز كېچىنى يېرىپ چىققان يۇلتۇز .
ئاي چىقتى ، دېڭىز تاشتى ، قۇلۇقلىلەر لەرزىگە كەلدى ، ياپراققا شەبنەم مارجانلىرى چۈشتى .
تاڭ ئاتتى ، لالە يۈزىدە ھەرە ۋە كېپىنەك ماجىرالىرى قوزغالدى .
مانا بۇلبۇل نامسىز دەريا لېۋىدە گۈل ھەققىدە مەرسىيە ئوقۇدى .
يۇلتۇزلارمۇ يىقىلغان چىنار بىلەن بىللە يەرگە سىيرىلغاندۇ ...

**18**

سەن مۇھەببەتنىڭ مۇناسىپ مەشۇقى ، ئۇنىڭ تەمەنناچىسى ئەمەس .
خۇشاللىقنىڭ يېنىك تەبەسسۇمى لېۋىڭنى سۆيۈپ ئۆتكەندە نىمىلەرنىدۇر ئويلىدىڭ ، كۆز يېشىڭ ئوماق مەڭزىڭگە چۈشۈپ تىترەپ كەتتى . تەبەسسۇم ۋە كۆز يېشىڭ ئۇچراشقان جايى تېڭىرقاشنىڭ تۆت كوچا ئېغزى . تاغ سۈيى شەھەر ئارىسىدىن ئۆتكەندە كۆۋرۈك ئۈستىدە تۇرغانلىقىڭنى كۆردۈم . خۇشاللىقلىرىڭ ئاخىر كۆز ياشلىرىڭ ئىچىگە غەرق بولدى .
مەن مۇھەببەتنىڭ مۇناسىپ ئاشىقى ، ئۇنىڭ خۇشامەتچىسى ئەمەس .
پەرىشتەم ، كۆز ياشلىرىڭ يۈزۈڭنى ياشارتىدۇ . ئۇ خۇشاللىقلارنىڭ خەۋەرچىسى !

**19**

زەھەردەك سۆزلىرىڭ ئىسلار دىلىڭنى ،
بال بىلەن يۇساڭمۇ ھەتتا تىلىڭنى .
ئىزگۈلۈك جەۋھىرى بەخت دەپ بىلمەس ،
مىنسەڭمۇ ئالتۇندا قاپلاپ پىلىڭنى .
ئادەمنىڭ ھايۋاندىن بەخت بويىچە پەرقى مەئىشەتتە ئەمەس ، مەنىۋى لەززەتتە . ئۇ ۋىجدان ساپلىقى ھەققىدىكى ئىشەنچ ، ئۇ ۋىجدان يۈكسەكلىكى توغرىسىدىكى خاتىرجەملىك ، ئۇ ۋىجدان ئازادىلىكى

خۇسۇسىدىكى شاھىت ، ئۇ ۋىجدان ئازادلىقى ھەققىدىكى جىمجىت مەمنۇنىيەت .
سەن بەختسىزلەرنى نوقۇل ساخاۋەتكەشلىك بىلەنلا بەختىيار قىلالمايسەن .

20

ئېھ ، گۈزەلىم !
سەن گۈزەللىكنىڭ نادىر ئۈلگىسى ! سېنىڭ قەددى ـ قامىتىڭ ، ھۆسن ـ چىرايىڭ ، چاچ ۋە زىننەتلىرىڭ ، سۆز ۋە سۆلكەتلىرىڭ ، كۈلكە ۋە تەبەسسۇملىرىڭ گۈزەل ، گۈزەل .
سەن گۈزەللىكنىڭ نادىر ئۈلگىسى ! سېنىڭ قەلبىڭ ـ زېھنىڭ ، ھېس ۋە تۇيغۇلىرىڭ ، مىجەز ۋە رىتىملىرىڭ گۈزەل ، گۈزەل .
سەن تىنىق ئاسماندەك روشەن ، تەلپۈنۈپ تۇرغان گۈلدەك سۆيۈملۈك .
سەن مەنىۋى گۈزەللىكنى ھاجەتسىز كەمتەرلىكى بىلەن يوشۇرۇپ تۇرغان سىپايە ئاددەمدەك ۋە ياكى ئۆز گۈزەللىكىدىن تەمەننا قىلىپ كىرپىك ئوقىدا كىبىر ئوينىتىپ تۇرغان سەتەڭلەردەك ئەمەس ، بەلكى بۇژغۇن چېچىپ تۇرغان تاغ سۈيىدەك ئوچۇق ـ يورۇق گۈزەلسەن .
مېنىڭ يارىتىۋاتقىنىم ھەيكەل ئەمەس ، سېنى ئەنداز قىلغان تەسۋىري ئىلاھ .
مېنىڭ سۆيگىنىم تەسۋىري ئىلاھ ئەمەس ، ئۇ ماڭا ئۈلگە بولغان ھەقىقىي ئادەم .

21

سۇمۇرغلار ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈپ ئۆلگىنىدە ئەسىرلەرگە شاھىت بولىدۇ .
سۇمۇرغلار ئوت ئىچىدە قايتىدىن تۇغۇلغىنىدا ئەسىرلەرنى شەرھلەيدۇ .
سۇمۇرغلارنىڭ ماكانى ئەقىل ئورمانلىقى ، تەپەككۇر تاغلىقى ...

22

كەل مېنىڭ سۇمۇرغىم ، زامان ئىچىدە ئۇچۇپ ، ماكان ئىچىگە نەزەر سالايلى .
سېنىڭ قاناتلىرىڭ توزدىن كۆركەم ، سېنىڭ گەۋدەڭ ئاقۇۇدىن گۈزەل ، سېنىڭ قەلبىڭ مەغرۇر سفىنكىس ( سىرى ئېچىلمىغان قەدىمكى مىسىر خارابىلىرى )تەك دەھشەتلىك تېپىشماقلاردىن خالىي ، سېنىڭ ئىرادەڭ شىر سۆڭىكىدىن مەھكەم .
كەل سۇمۇرغىم ، بىز ئۇچايلى ، تەپەككۇر ئاسمىنىغا ، سېنىڭ كارامەتلىك ئۇۋاڭغا قاراپ ئۇچايلى !
سەن مېنى كىشىلەر تەپەككۇرىدا ساقلانغان تارىخ قامۇسىغا ئېلىپ كۆتۈرۈلگىنىڭدە كەلگۈسىنى ئۇنتۇماي ...

سەن مېنى ساما بوشلۇقى قەھرىگە ئېلىپ ئۇچقىنىڭدا ئانا سەييارىنى ئۇنتۇماي ...

مەن ئىنسانىيەتنى نەزەردە تۇتىمەن . ئۇ مېنىڭ جىسمىمدا تىنىمسىز سوقۇۋاتقان ھەقىقىي يۈرەك . مەن زېمىننى نەزەردە تۇتىمەن . ئۇ مېنىڭ يۈرىكىم جايلاشقان جىسىم .

23

مانا تارىخنىڭ چىن ئەپسانىسى !

مانا تارىخنىڭ تۇنجى سەھىپىسى !

ئاھ ، ئادەم ! ۋاھ ، ھاۋا !

مەن مىلتون ( غەرب ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر شائىر )نىڭ داستانىنى سۆزلىمەيمەن ، تەۋرات ۋە ئىنجىل ئەپسانىلىرىنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن .

سەن يىلان شەكلىگە كىرگەن ئىبزىتقۇنىڭ ئاداشتۇرۇشى بىلەن ئېرەم بېغىدىن زېمىنغا سۈرگۈن بولغىنىڭغا سەۋەب بولغان ئالما ھېلىمۇ ئالدىمدا تۇرۇپتۇ .

بۇ يىلاننىڭ ئىسمىنى سەنمۇ بىلمىدىڭ ، مەنمۇ بىلمەيمەن .

مۇشۇ ئالمىغا ئالتۇن يالىتىپ تروۋيا ئۇرۇشىغا سەۋەب ، ئىلاھلار ئارىسىغا رەشك سالغان پىتنىخورلۇق ئىلاھى ئېرىدا شۇ يىلاننىڭ ئۆزى ئەمەسمىدۇ ؟ ھىندى دەريا ۋادىسىدا گۈزەل مەلىكە شىدۇنى ئۆزىگە جەزب قىلىپ ، ئۇنى رامادىن ئايرىپ مايمۇنلار پادىشاھىغا ئەسىر قىلغان زۇمرەت مۈڭگۈزلۈك كېيىك قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئالۋاستى مارىچۇ ئاشۇ ئېرىدانىڭ ئۆزى ئەمەسمىدۇ ؟

«ئاۋىستا» دەستۇرىدىكى ئەخرەمەن دىۋە ، « مىڭ بىر كېچە » ھېكايىلىرىدىكى ئاق دىل ئامانىنى تايغان قىلىپ قويغان جادۇگەر ۋەزىر ، فائۇست ( نېمىس شائىرى گېيوتېنىڭ «فائۇست» داستانىدىكى قەھرىمان )نى ئازدۇرغان موفىست ( «فائۇست» داستانىدىكى قەھرىمان ) ، رۇستەم بىلەن ئاتىسى زالنى بىر - بىرىگە خەنجەر ئويناتقۇزغان ئازغىن ھەسەت ، مېنى ساڭا خۇنۇكلەشتۈرۈپ تەسۋىرلىگەن غەرەز ھېلىقى ھاۋانى ئالداپ كەتكەن يىلاننىڭ ئۆزى ئەمەسمىدۇ .

بۇ يىلاننىڭ ئىسمىنى بىلمەيمەن . ئۇنى سەن بىلمىگەندەك ئەۋلادلىرىڭمۇ بىلمەيدۇ .

كىشىلىك ئۆيىقۇسىدا ئۇنىڭ زىيانكەشلىكلىرىدىن كۆپ قېتىم داغدا قالغان . كىشىلىك ئۇنى ئىزدەيدۇ . ئۇنى چۈشەنمەيدۇ ، ئۇنى يەڭمەيدۇ ، خاتىرجەم بەختنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس .

ئېھتىمالىم ، ئۇ كىشىلەر ئارىسىدىدۇر . كىم بىلسۇن ، ئۇمۇ ھېس بىلەن

تەپەككۇر ، نىيەت بىلەن قىلمىش ئارىسىدىدۇر ...

24

يەھۋەنىڭ ئېرەم بېغىدا ئاجايىپ ئىككى تۈپ مېۋە دەرىخى كۆزگە تاشلىنىدۇ . ئۇنىڭ بىرى « بىلىم» دەرىخى ، ئۇنىڭ مېۋىسىنى تېتىساڭ ياخشى ـ يامانىنى پەرق ئېتىسەن . ئۇنىڭ يەنە بىرى « ھايات»دەرىخى ، ئۇنىڭ مېۋىسىنى يېسەڭ ئۆلمەيسەن .

يەھۋە ئۆزى ياراتقان ئادەم بىلەن ھاۋاغا بۇ دەرەخكە يېقىنلاشماسلىقنى بۇيرۇدى . ھاۋا « بىلىم» ئالمىسىنى يېدى ، بىلمەكلىك ئىقتىدارىغا ئېرىشتى . ئادەممۇ ئۇنى يېدى ، چىنلىق ، ياخشىلىق ، گۈزەللىك ھېكمىتىنى سەزدى .

يەھۋە غەزەپلەندى ، ئۇلار زېمىنغا ھەيدەلدى .

يەھۋە ئەندىشە قىلدى : ئۇ «ھايات» دەرىخى ئەتراپىغا تىكەنلىك قاراۋۇل قويدى .

ھەيرانمەن : تەپەككۇر كورلۇقى ، ئەرك قۇللۇقى ، كۆڭۈل بەندىلىكى ، جەننەت پاراۋانلىقىنىڭ شەرتىمىدۇ ؟

مەن روھلىنىمەن : ئۇلار جەننەتتىن ئايرىلدى ، بىراق مۇھەببەتلىرىدىن ئايرىلمىدى . ئۇلار ئاپىرىدە بولۇپلا ئىنسان مەشئىلىنى يېقىپ ، ئەقىل تۇغىنى كۆتۈرۈپ ، ئەرك تۇلپارىغا مىنىپ ، ۋىجدان ئىپتىخارىنى جاسارەتلەندۈرۈپ ، ئەرشتىن چۈشتى . زېمىن ئۇلارنىڭ جەڭ مەيدانى !

25

ئاھ ، نۇھ ! ئىنسانىيەتنىڭ ئىككىنچى ئاتىسى .

سەن ئادەمنىڭ بىرىنچى ئەۋلادلىرىنىڭ قازا نامىزىنى ئۇزاتتىڭ ، ئۇنىڭ ئىككىنچى بوغۇنىنىڭ ئىسمىنى قويدۇڭ .

بوي ئەگمىگەنلەردىن شۇنچىلىك بىزار بولۇپ ، ئۇلارغا تويان ھالاكىتى تىلىگىنىڭدە يۈرىكىڭ تىترىمىگەنمىدۇ . تىترىمىگەن بولسا ، ئۆزۈڭ ياسىغان كوزىلارنى بىر ـ بىرلەپ چېقىشقا ئەجەبا كۆڭلۈڭ قىيماي بىئارام بولدۇڭ . ئۆز ئىجادىيىتىڭگە قىيماي ئۇنى سۇندۇرۇشقا پېتىنالماي تۇرۇپ، تەڭرى ئىجادىيىتى بولغان ئادەم ئەۋلادىنى غەرق قىلىشقا بەل باغلىغان سەزگۈلىرىڭگە ھەيران بولىمەن .

مانا _ سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ _ ساپال ۋە تۈچ ياساپ پىشقان _ يېڭى ئىنسانىيەت . ئەمدى دەھشەتلىك تويان ئىچىدە سېنى ساقلىغان كېمە ، ھەيۋەتلىك ئوتلۇق دېڭىز ئاستىدىن ئەمىنلىك تاپالارمۇ ؟ مەن ۋەھىمە قىلىمەن . ئېھتىمال يەھۋە ئۆزىلا بۇ كوزىلارنى چېقىۋاتقان بولسا كېرەك .

مەن ۋەھىمە قىلىمەن . ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن بالايىئاپەت ئالدىدا بۇ ئوت

ئۈچقۈنلىرىنى يەھۋە ئىلكىدىن ئوغرىلاپ قاچىدىغان پرومىتۇس چىقماسمۇ .
ئېھ ، پرومىتۇس ! گەرچە سەن تەۋراتتا يېزىلمىساڭمۇ ئىنسانىيەت سېنى ئۇلۇغلايدۇ .

**26**

ئەنە ، سېرىق دەريا بويىدىكى ئەزىمەت گۈڭ ـ گۈڭ (خەنزۇ خەلق ئەپسانىلىرىدىكى قەھرىمان) . ئۇ ئاسمان تاۋىقىدا يۇلتۇزلارنى بىر تەكشى كۆتۈرۈش غېمىنى يەۋاتامدىكىن .
ئەنە ، ھىندى ۋادىسىدىكى شەپقەتلىك راما . ئۇ ئىنساننىڭ غېمىنى يەپ ئاجايىپ مايمۇ پادىشاھى كىنۇمان بىلەن سۆزلىشىۋاتامدىكىن .
ئەنە ، قەھرىمان رۇستەم ، سىياۋۇش ، ئەپراسىياپ ۋە بۇغرا قاراخان . ئۇلار تەقدىر سەھىپىلىرىگە يېڭى ئىرىگلىفلار سىزىۋاتامدىكى .
ئەنە ، گىراكىل ، يازون ، ئودىسسا . ئۇلار ھىلىمۇ زەھەرلىك يىلاننى سىقىملاپ ، ئايەت ئۈرۈقلىرىنى تازىلاپ ، ئېزىتقۇ ئالۋاستىلارنىڭ ھىيلىسىدىن ئىنساننى مۇھاپىزەت قىلىۋاتامدىكى .
ئەنە ، يەھۇدىيلارنىڭ مۇساسى تەۋراتقا تۇتۇنۇپ ، مۇزىكانت سۇلايمان ئۆز قەسىدىلىرىنى بېزەپ ، داۋۇت ئاجايىپ مەخلۇقنى يىقىپ ، ئىنسان بەختىنىڭ ئۇلىنى قوغداۋاتامدىكى .
سۇمۇرغ ئىتتىك ـ ئىتتىك ئۇچۇپ كەتتى .
تەئەججۇپ قىلدىم، ئۇنىڭ كۆڭلى يەنىلا غەش .
يىراقتىن كۈلكە ئاۋازى ، رومكا جاراڭلىشى ، يىغا ـ زار ، مۇناجات نالىسى ئاڭلاندى .
ئەزىمەتلەر ماكانى بولغان گۈزەل زېمىندا ئىنسان غېمىنى قىلىش پەقەت تىلاۋەت مۇئەككەللىرىنىڭ ئىقتىدارسىز نامىغىلا مەنسۇپ بولۇپ قالغانمىدۇ ...
ئەزىمەتلەرگە ئىنسانىيەت موھتاج .
ئەزىمەتلەرنى ئىنسانىيەت ياساپ چىقىدۇ .
ئەزىمەتلەرنى ئىنسانىيەت نۇھنىڭ كۆزىنى ئۇرۇپ چاقىنىدەك ئۇرۇپ چاقىدۇ .
ئەزىمەتلەرنى ئىنسانىيەت كىچىكىپ مەدھىيىلەيدۇ .

**27**

قېنى ھاراق پىرى باللوس (گرېك ئەپسانىلىرىدىكى ھاراق ـ شاراب ئىلاھى) . توشقۇزۇپ قۇيغىن ، يۈرتۇمنىڭ مەيزىپىنى سىغىندىم .
گانگى دەرياسىنىڭ گۈزەل ئۇسسۇزلۇقۇمنى قاندۇرمىدى. جامىمغا قۇيۇلغىنى «ماخاپخاراتا» ( ھىندىلارنىڭ قەدىمكى داستانى ) جەڭلىرىدىكى

ھېسابسىز قانلارنىڭ تامچىلىرى بولدى .
چۈيىيۈەننىڭ «ماندارىن قەسىدىسى»دىن زوقلىنىپ مەيگە تەلمۈرسەم، گۈيخۇا شارابى (چۈيىيۈەننىڭ شېئىرلىرىدا تىلغا ئېلىنىدىغان بىر خىل شارابىنىڭ نامى)نى كۆتۈرۈپ چىققىنى شياڭجۈن (خەنزۇ ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى قەھرىمان) بولمىدى ، مەن دەريا ئىلاھىنىڭ كۆزىدىن ئاققان مۇلۇجياڭ ئۆركەشلىرىدىن بىئارام بولدۇم .
يىراقتا ، ئولۇمپىيە تېغىغا ئۇچۇپ كەتتىم . كۈلكىلىرىدىن مۇزىكا ياراتقان ئىلاھلار ئارىسىدىكى ھەسەت مېنى سەسكەندۈردى .
مىسىرغا بېرىپ كىلوپاتېرا (قەدىمكى مىسىر مەلىكىلىرىنىڭ بىرى)نىڭ زىبا جامالىنى كۆرمەكچى بولدۇم . بىراق ، سفىنكس تېپىشماقلىرىدىن خاۋاتىر قىلمىسامۇ ، زىبانىڭ يۈزىدە پىتىراپ يۈرگەن ھۆسن ھەرىلىرى رايىمدىن قايتۇردى .
يەنە سۇمۇرغ بىلەن تارىخنى ياقىلاپ ئۇچتۇق . زېمىن خۇددى تارىخنىڭ سۈرەت ئالغۇسىدەك ئۆزىنى نامايان قىلىشقا باشلىدى . تارىخ ئالدىدا شەيتاننىڭ ھىيلىگەرلىكى ، سۇلايمان تىلسىمى ئۆزىنى يوشۇرالمىدى .
قېنى ھاراق پىرى باللوس ، ماڭا ئۈزۈم شەربىتى قۇي . شېئىرىيەت ئىلاھى مۇسي مېنى ئافىنا شەھىرىنىڭ ئوچۇق تىياتىرىغا چىللاپ تۇرۇپتۇ . يىپېق دەھشەتلەردىن يەتكۈدەك تويدۇم .

28

مەن قانۇن ئىلاھى ئافىنا ( گرېك ئەپسانىلىرىدىكى باش قەھرىمان ) ئالدىدا تۇرىمەن .
ۋاپاسىز كىلىتمىنسترا ( گرېك ئەپسانىلىرىدىكى باش قەھرىمان ) خۇپپىيانە مۇشتىقى ئېگىس ئۇچۇن قەھرىمان مەھبۇبى ئاگامىنۇن ( كىلىتمىنستىرانىڭ ھامىيسى )نى ئۆلتۈردى . كىلىتمىنسترا ئاگامىنۇننىڭ ئوغلى ئورىست تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى .
ھامىيلاردىن ئېرىن (گرېك ئەپسانىلىرىدىكى باش قەھرىمان) كىلىتمىنسترانى ، ئاپوللو ئورىستنى ئاقلاشتى .
ئىسخولىس ( قەدىمكى گرېك پەيلاسوپى ، درامىچىسى ، غەرب دۇنياسىدا تراگېدىيىنىڭ ئاتىسى دەپ قارىلىدۇ )نىڭ تراگېدىيىلىرى ھاياجانغا سالسا، سۇفىكلىس ( دۇنياغا داڭلىق « ئورىپىئوس»درامىسىنىڭ ئاپتورى، قەدىمكى گرېك پەيلاسوپى )نىڭ «ئورىپىئوس» درامىسى مېنى مەيۈسلەندۈرىدۇ . ئىرۇفىدۇس ( قەدىمكى گرېك شائىرى ، دراماتورگى، داڭلىق ئەسەر «مىدۇيا»نىڭ ئاپتورى ) «مىدۇيا»سى كۆزۈمدىن يامغۇردەك ياش تۆكىدۇ .

ئوچۇق تىياتىر ئالدىدا تۇرىمەن . تەقدىرنىڭ خۇپىيانە سىرلىرىدىن ھەسرەتلىنىمەن .
ئافىنادىن رىمغا كەتتىم . قەيسەر ( رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىمپېراتورى ) زامانىدىمۇ ، ھەتتا ئاتىللا ( ياۋروپانى ئىستېلا قىلغان ھونلارنىڭ مەشھۇر ئىمپېراتورى ) قوشۇنلىرى بېسىپ كىرگەندىمۇ يەنىلا قولۇمدا ئىنسانىيەت تەقدىرى كۆتۈرگەن چۇقان تىترىكى ئاڭلىنىدۇ . چوڭقۇر زېھىن سالغىنىمدا ئۇنىڭ يەنىلا ئاناكرىئون بىلەن ھومېرنىڭ ، ۋېرگىل بىلەن فىلاكۇسنىڭ شېئىرىيىتى ، يۇنانلىق ئورىپىئوس بىلەن رىملىق مىنېرۋا ( يۇقىرىقىلار ئىنسانىيەت تارىخىدا ئۆتكەن داڭلىق سەنئەتكارلار )نىڭ مۇزىكىسى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىمەن . ئۇنىڭدىن پرومېتۇس بىلەن ئاتلاسنىڭ زارى كېلىدۇ .
ئۇنىڭغا قانۇن ئىلاھى ئافىنا نېمىشقىدۇر پەرۋاسىز .
تەبىئەت قانۇنى ، تەبىئىي ھوقۇق قانۇنى توغرىسىدا خىيال سۈرىمەن .
سولۇن ۋە مانۇ سوتى ھەققىدە ئويغا چۆكىمەن .
پرومېتۇسنىڭ قانۇنى قاچان سامادىن چۈشەركى ، ئۇنىڭسىز مۇسىي ئۆز ھۈنىرىنى كۆرستەلمەيدۇ .

**29**

مەن سۇمۇرغقا مىنىپ قەدىمكى بابىل ئۈستىگە كەلدىم .
قىزىل دېڭىزدا ئاسورىيىلىكلەرنىڭ تۇلۇم قېيىقلىرى جاھانكەچتىلىك غېمىدىكى ئادەم بىلەن ھاۋانىڭ جاسارىتىنى كۆرسەتتى .
ئەنە ئورارتو . خورما يوپۇرمىقى ئاستىدىكى ئەرەبلەر ئىبراھىمنىڭ ھېكايىلىرىنى ئاڭلىماقتا . بابىل خۇددى زېمىندىكى ياقۇتتەك تاۋلاندى . ھەشەمەتلىك بابى قەلئەسى بىر دەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى . ئۇنىڭ خارابىسىنى مىسسوپوتامىيە ئورمانلىرىنىڭ پاجىئەسى تېزلەتتى . قەيەردىندۇر يەھۇەنىڭ نىداسى كەلدى : پولات قورغانلارنىڭ ۋاقىت مىزانىدىكى مۆھلىتى نازۇك چېچەكلەرنىڭ قەرەلىدەكلا مەزگىللىك .
بىردىن غەمكىنلەشتىم . ئالدىمدا مىدىيىلىكلەر بىلەن پىرسىيىلىكلەرنىڭ تۆرەلمىگەن چېغىدىكى روھىي ئەۋرىشكىلىرى يالىت قىلىپ قالدى .

**30**

مانا خارەزم ، مۇقەددەس « ئاتار خۇررا» ئوتى ( زوروئاستىر دىنىدىكى مۇقەددەس ئوت )نىڭ ماكانى .
ئەنە زوروئاستىر . مەن ئۇنىڭ«ئاۋستا »كىتابىنى ۋاراقلىدىم . زوروئاستىر ھېلىمۇ ئىلگىرىكىدەك كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان كۈنگە قاراپ سۆيۈنۈپ سۆزلىمەكتە :

«ئېھ ، قۇياش ! ئەي سەلتەنەت يۇلتۇز ، ئاخرۇمازدا ( زوروئاستىر دىنىنىڭ مەھبۇبى )نىڭ ئۇلۇغ سىيماسى ! نۇرۇڭنى چاچىدىغان زېمىن بولمىغىنىدا بەختىيار ھېسابلىنارمىدىڭ . ئەگەر سېنى ئۇلۇغلىغان مەن ، مېنىڭ بۇركۇتلىرىم ۋە ھەسەن ـ ھۈسەنلىرىم بولمىغاندا ، سەن ئۆز قامىتىڭ ۋە نۇرۇڭدىنمۇ بىزار بولاتتىڭ ـ ھە ! ... »

زوروئاستىر ئۆز غارىغا كىرگەندە قۇياشمۇ ئۇپۇق ئارقىسىغا پاتتى . قۇياش قىزىرىپ ھۇپپىدە زورايدى ، ئۇ مۇلايىم كۈلۈپ : « خەير ، ئوت دىنىنىڭ ئەنبىياسى . مەن ھارارەت تۇپەيلى ھالىمدىن كەتتىم ، دېڭىزغا غەرق بولۇشۇم كېرەك . بۇنىڭسىز ھالىمغا كېلەلمەيمەن ... خەير ، خەير» دېدى . دېڭىز شەلپەردەك قىزاردى ، قۇلۇلىلەر ئىچىدىكى مارجانلار تاۋلاندى ، ئۇلار قۇياش بىلەن تەك ئۆرلىيەلمەيدۇ ، ئۇلارنى ئېغىر ئوكيان دولقۇنلىرى بېسىپ تۇرىدۇ .

زوروئاستىر « ئاتار خۇررا » گۈلخانلىقىغا كەلدى . يېنىۋاتقان ئوت ، سۇمۇرغنىڭ قايتا تۇغۇلىدىغان جايى .

**31**

سۇمۇرغ بىلەن قەدىمكى ئارچا ، مامونت ، دۇپ دەرەخلىرىنىڭ ئۈستىدىن ئۇچتۇم . نەچچە مىڭ يىل ئۆمۈر سۈرىدىغان بۇ دەرەخلەر ھېرىدۇتۇسنىڭ بوۋىلىرى ئىدى . سۇمۇرغ بىلەن سەيلە قىلىۋاتقىنىمدا مېنىڭ ئالدىمغا «تەڭرى كومېدىيىسى»دىكى دانتى ئالېگىرىغا ئوخشاپ شېئىرىيەت مۇرەببىسى ۋېرگىل ياكى سۆيگۈ ئىلھامچىسى بىدىلس رەھنەمالىق قىلغىنى يوق . مېنىڭ رەھنامەيىم تارىخنىڭ تۇنجى شاھىتى سۇمۇرغ ! ئۇ تۆۋەنلىدى، زېمىن ئۈستىگە چۈشتى . كەچقۇرۇنلۇقى ، خورما يوپۇرمىقىدىن مەست بولۇپ خۇددى فائۇستتەك چۈشەكەپ ئۇيقۇغا كەتتىم . چۈشۈمدە ئارچا، مامونت ، دۇپ دەرەخلىرىنىڭ ياشارغان سالنامىچىلاردەك ئۆز پوستىلىرىغا تارىخ پۈتۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم .

تاڭ سەھەر . يەنە ئۇچۇپ كەتتۇق . سۇمۇرغ مېنى ھېلىمۇ ياشىرىپ تۇرغان بۇ مىڭ يىللىق «سالنامىچىلار»ئۈستىدىن ئېلىپ ئۆتتى . ئۇلار ئۇچۇن جاۋلىن ۋاڭنىڭ ئاتلىق قوشۇن تۈزۈشى ، ئىسكەندەرنىڭ ھىندى دەرياسىدىن ئۆتۈشى ، ھونلارنىڭ دونايدىن ئۆتۈشى مامونت دەرىخىنىڭ پوستىدا تېخى يېقىنقى ئىشلار . كۆكفۈزىنىڭ جەستى قاچانلا توپىغا ئايلىنىپ كەتكەن ، ئەمما چۈيپۇدىكى كۆكفۈزى ئىبادەتخانىسىدىكى ئارچىلار ھېلىمۇ ياشىرىپ : بىز ئۇنى كۆرگەن ، دەپ كۈلمەكتە .

نۇھ كېمىچىلىك بىلەن كونا دەرەخلەرنى مېيىپ قىلدى ، قالغانلىرىنى توپان ئېقىتىۋەتتى .

لى سى كىتابلارنى كۆيدۈرگەن ، ھەقىقىي يىلنامىلەر رىۋايەت ، ئەپسانىلەرگە ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئىنسانىيەت پائالىيىتىنىڭ يورۇق سايىسى بولغان تارىخ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كۆيۈپ تۈگىگىنى يوق .

ۋالاقتەگكۇر تارىخ ياسىغۇچىلارنىڭ ساختا ھۈنىرىگە كەلگەندە بىز يەنە سۆمۈرغ بىلەن بىللە كىنايە قىلىمىز .

**32**

يەنە ھېلىقى ئافىنا قەلئەسى .

دار ياغىچى ئالدىدا سوقرات ( قەدىمكى گرېك پەيلاسوپى ، مۇتەپەككۇرى ) ھېكىمنىڭ دەرغەزەپ ئاۋازى : ... « ئافىنالىقلار ! سىلەر ئۆز مۇتەپەككۇرۇڭلارنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغىنىڭلاردا قانچىلىك تەپەككۇر قاراڭغۇلۇقىغا پاتىدىغانلىقىڭلارنى تەسەۋۋۇر قىلمىدىڭلار . بۇ ئادىشىش دۈشمەنلىرىڭلارنىڭمۇ مەسخىرىسىنى قوزغايدۇ . مەن ئۆلۈم ئالدىدا سىلەرگە ئېچىنىمەن . چۈنكى ، ئۇۋال قىلماق ، ئۇنىڭغا دۇچار بولماقتىنمۇ ئېغىر ھەسرەتنىڭ توغىنىنى بۆسىدۇ ... »

سوقراتنىڭ سۆزلىرى شىكايەتچى مىلىپسس ( گرېكلەرنىڭ قەدىمكى تارىخىدىكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنى ، تالانتلىقلارنى كۆرەلمەيدىغان ، دائىم ئۇلارغا ھىيلە ـ مىكىر ، سۈيىقەست ئويلايدىغان ئادەم )نى يەرگە قاراتتى . سوقرات يېنىك كۈلدى . ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزى : « ئاق كۆڭۈل ئادەمگە داغ تەگكۈزۈشتە ھايات قانداق لاياقەتسىز بولسا ، ئۆلۈممۇ شۇنداق ئىقتىدارسىز . خەير ، ئافىنالىقلار» دېگەندىن ئىبارەت بولدى .

ئەپلاتون ئاگاسىن ئۆيىدىكى بىر قېتىملىق سوقراتنىڭ مەشھۇر سۆھبىتىنى ئەسلىتىپ ئۆتتى .

سوقرات ئۆلمىدى ، ئۇ ئۆلۈمنى تالىلىۋالدى .

**33**

ساھىبخانا مەشھۇر تراگېدىيە ئاكتيورى ئاگاتىن ( قەدىمكى گرېك تارىخىدا ئۆتكەن تىياتىر ئاكتيورى ) ئىدى . مېھمانلار قاتارىدا تراگېدىيىچى ئارستوفان ، ئېرىشمۇك ( قەدىمكى گرېك تارىخىدا ئۆتكەن دراماتورگ ) ، سوقرات ۋە ئۇنىڭ مۇرىتى ئارستوتىماس ( سوقراتنىڭ شاگىرتى ) بار ئىدى . ئەنە يازغۇچىلار تراگېدىيە ۋە كومېدىيە ھەققىدە مۇنازىرىلەشمەكتە . ھەممە نەرسىنىڭ مەنبەسى بولغاندەك ، سۆھبەت ئۆز بۇلىقىغا _ گۈزەللىك ، مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭ مۇئەككىلى ئافرۇدىتاغا يۆتكەلدى . ئېرىشمۇك سۆزلىمەكتە .

مەن خىيالغا چۆكتۈم . گۈزىلىم ، سەن مۇھەببەت شارابىنىڭ ھەقىقىي ساقىيسى . سەن مېنىڭ مۇئەككىلىم ، مەن سېنىڭ شەيدالىقىڭ

شاراپىتىدىن سېنى سۆيىمەن ، سەن ئۇچۇن كۈلىمەن ، يىغلايمەن . مەن ئۇلۇغ ھاياتنى مۇشۇ شەيدالىق بىلەن كۈيلەيمەن . چۈنكى ، ئۇ مېنى شۇنداق ياراتقان ، شۇنداق ئۆستۈرگەن ، شۇنداق ئۆگەتكەن .

مەن خىيالدىن ئۆزۈمنى يىغدىم . كۈلكە _ ئەقىل چېچەكى ، يىغا _ زېھىن شەبنىمى .

**34**

ياھ ، غەمكىن ئىلاھ _ ئافرودىتا !

قايسى مەرتىۋە ھەققىدە ھەسرەت چېكسەن ، ئۇنى خالاش ھاماقەتلىك ، ئۇنى كۈيلەش بىمەنىلىك . ئاگۇستۇسنى كۈيلەپ سپارتاكنى روھلاندۇرالمايسەن ، كاتو ( يۇقىرىقىلار غەرب ئەدەبىياتىدىكى تارىخىي قەھرىمانلار )نى مەدھىيىلەپ « يۇكسەكنامە »گە مۇئەللىپلىك قىلالمايسەن . ئۇ بارغانسېرى قېرىۋاتقان ھەم ھەمىشە ياشلىق ئۆركىشى بىلەن مەڭگۈ ئۇرغۇپ تۇرغان چەكسىز ۋاقىت دەرياسى ئالدىدا ئۆز ـ ئۆزىگە قىلىنغان بىر مەسخىرىۋازلىق .

قايسى بايلىق توغرىسىدا غەمگە چۆكسەن . ھاراق پىرى باللوسنىڭ ۋەدىسىگە ئاساسەن تۇتقانلىكى نەرسە ئالتۇنغا ئايلىنىدىغان ھېكمەتكە مۇيەسسەر بولغان مىراس ئېسىڭدىمۇ ، ئاڭلا ، ئۇنىڭ ئالتۇن دۆۋىسى ئىچىدىكى ئاچلىق نالىسىنى ، ئاندالوشىيا ( گرېك ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىدىكى قەھرىمان )نى خەتەرگە ئىتتەرگەن سەركەردە قاسىمنىڭ تىلەمچىلىكتە ئۆز مەھەللىسىدە ئۆلگەنلىكىنى ئۇنتۇدۇڭمۇ .

قايسى شۆھرەت خۇسۇسىدا ۋەسۋەسە قىلىسەن . تروۋيادىكى يانغىن ، كىرىت ئارىلىدىكى ۋابا ، ھونەر ئۇستىسى دىدالوس ( گرېك ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىدىكى قەھرىمان )نىڭ سىڭلىسى قىزىدىن قىزغانغانلىقى تۈپەيلى ئۇچۇشتىن دېڭىزغا غەرق بولغان ئوغلى سېنى ئويلاندۇرمامدۇ . شۆھرەت شەخسنىڭ خەلقتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنىڭ بېشارىتى . ئىشەنمىسەڭ تۆمۈرلەڭنىڭ ئادەم بېشىدا ياسىغان مۇنارىغا قارا .

ئىلاھىم ، غەمكىنلەشىسەڭ ئاشىق ۋە مەشۇقلىرىڭنىڭ پاجىئەلىرىدىن بېئارام بول .

مەن ھومېر داستانلىرىدىن ، سافۇ لىرىكىسىدىن ، سۇلايمان قەسىدىسىدىن ، چۈيىۋەنىنىڭ « توققۇز نەزم »سىدىن ، ئۇۋىدنا سونىڭ «مۇھەببەت سەنئىتى» ، « سۆيگۈ شىپاسى» دىن كۆز ياشلىرىنىڭ يەنە بىر قىزىل دېڭىزىنى ئۇچرىتىمەن .

سەن ياخشى كۆرۈشكەنلەر تەقدىرىنى قايتىدىن ئەش ...

**35**

مەن مۇھەببەتكە ھامىيلىق قىلىمەن ، مۇھەببەت بىلەن ھامىيلىق قىلىمەن . چۈنكى :

ئۇ تۇنجى ئەركىنلىك تۇغىنى تىكلىدى ! ئىختىيار مەشئىلى ، قارشىلىق نەيزىسىنى كۆتۈردى !

ئۇ تۇنجى قېتىم پىداكارلىق _ باشقا بىرسى ئۈچۈن قۇربان بولۇش ئۈلگىسىنى تىكلىدى !

ئۇ تۇنجى ئەخلاق ۋە پەزىلەت پەردىسىنى ئورناتتى !

ئۇ نومۇس ۋە غۇرۇر ، ئار ۋە پەخىرنى پەيدا قىلدى ! باشقا جايدا خارلىنىشقا، تىل ـ ھاقارەتكە تاقەت قىلغان ئىنسان ئۆز سۆيگىنى ئالدىدا تاقەت قىلالمايدۇ .

ئۇ تۇنجى قېتىم يۈكسەكلىك تۇيغۇسىنى ئوماقلىق تۇيغۇسىغا قوشتى !

مۇھەببەت ئەڭ گۈزەل ، ئەڭ كۆڭۈللۈك ، ئەڭ نۇرانە قۇدرەت . ئۇ ئەڭ شېرىن، ئەڭ خۇشال ، ئەڭ مۇنەۋۋەر ئارزۇ .

ئۇ ئەزەلدىن زوراۋانلىققا يۈلەنگەن ئەمەس !

ئۇنى زوراۋانلىق ئەزەلدىن ئۆزىگە قۇل قىلالىغان ئەمەس !

ئۇ بارلىق زوراۋانلىقنىڭ دەھشەتلىك تىغىنى قايرىغان ، قۇدرەتلىك قوشۇنى چېكىندۇرگەن ، شاھى تاجلارنى يەرگە رۇكۇ قىلدۇرغان ، مەغرۇر قەلبلەرگە ھەسرەت دېغى سالغان ، چەۋەنداز قولىغا قەلەم ئېلىشقا ئىلھام بەرگەن قۇدرەت !

ئۇ ئادالەتنىڭ كىنايىسى ! بارلىق تاقەتسىزلەر ، تەكەببۇرلار ، زورلۇق غالىبلىرى ئۈستىدىكى ئىنسانىيەت قەلبىنىڭ ئاچچىق مەسخىرىسى !

ئۇ ئەڭ ئۇلۇغ ئىلھام مۇئەككىلى ، شېئىرىيەت مەكتىپى ، ئەڭ بىرىنچى شېئىرىيەتنىڭ تارىخىي خاتىرىسى !

ئۇ دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى دوختۇر ! ئۇ ئىلىمشۇك ، لوقمان ، بەقرات ( ھىپوگرات ) ، گالىن ، ئەررازى ، ئىبىن سىنا ( يۇقىرىقىلار ئىنسانىيەت تارىخىدا ئۆتكەن ئەڭ مەشھۇر دوختۇرلار )دىنمۇ ماھارەتلىك ھېكىم . ئۇ ئىنسان كۆزىدىن تىكەننى ، يۈرەك قېنىدىن ئارماننى ئالىدۇ . كۆڭۈل قاينىمىغا چۆككەن گۆھەر سىرىنى ئاچىدۇ . ئۇنىڭ شەپقىتى ھايات دۇنياسىغا كىچە ـ كۈندۈز ئۈمىد چىرىغىنى يېقىپ تۇرىدۇ .

ئۇ بەخت قامۇسىنىڭ مۇئەللىپى ، ھاراق ئىلاھى ۋە توققۇز مۇسىنىڭ ئۇستازى .

ئۇ ئادەم بىلەن ھاۋا ئېرەم بېغىدا يېگەن ئەقىل مېۋىسىنىڭ ھەقىقىي جەۋھىرى !

ئۇ تارتالوس غارى ( جۇغراپىيىلىك نام ، ھازىرقى ئورال تېغىدا دەپ رىۋايەت

قىلىندۇ)نىڭ تۆپىسىدە تاشلىق قىياغا زەنجىرلەنگەن پرومېتۇس (ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئاسماندىن ئوت ئوغرىلاپ چۈشكەن قەھرىمان)نىڭ ئۆلمەس يۈرىكى ! ئۇ ئەپسانە تونى كىيگەن ھەقىقىي ھايات ئېقىمىنىڭ زاھىر گەۋدىسى !
مۇھەببەت بولمىغاندا ئىدى ، زېۋس نەزىرىدە جازا لاگېرى ھېسابلانغان يورۇق زېمىن ماڭا مۇنچىلىك قەدىرلىك بولماس ئىدى . مۇھەببەت تۆپەيلى ، پرومېتۇس جىگىرىنى چوقۇپ ھارمىغان قاراقۇشمۇ ، ئاخىر زېۋسقا قارشى ئىسيان ئىلھامى بىلەن چېنىقىدۇ .
مۇھەببەت ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغۋار تېمىسى ۋە سەنئىتى !
36
قۇياش يۈت ـ قوللىرىمنى چارچىتىپ ، ئاي ئۇيقۇلۇق ئارامى بەرگىنىدە مەن سېنى سېغىندىم .
تەۋرات سەھىپىلىرى قولۇمغا چىقتى . ئالەمنىڭ بىنا قىلىنىشى ؛ ئالتە يۈز ياشقا كىرگەن . نۇھنىڭ بىر يۈز ئەللىك كۈنلۈك توپاندىن كېيىن تۇر تېغىغا چىققانلىقى ، مۇسانىڭ پىرئەۋىن بىلەن قىلغان مۇنازىرىسى ، سۇلايمان نەزمىسى كۆزۈمگە چۈشتى .
تەئەججۈپلەنمەك ، مانا بۇ تەۋراتنىڭ ئۇزۇندىلىرى .
كىشىلەر مىڭ يىللاپ ئىبادەت قىلغان ئىبراھىمدىن يەھۇە قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئافرودىتانىڭ سۈرىتىنى ، ھېلىمۇ سېنىڭ تار كوچاڭدىن كۈندىلا ئۆچرىتىمەن .
تەۋراتنى ۋاراقلايمەن ، سېنى سېغىنىمەن .
37
مەن ئۇنى ، ئۇنىڭ قەلبىنى ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى ، ئۇنىڭدىكى ۋىناسنىڭ ئىپادىسىنى سۆيىمەن .
مەن ئۇنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان كىرپىكلىرىگە ، ئۇزۇلۇپ ـ ئۇزۇلۇپ چۈشكەن قىسمەتلىك كۆز ياشلىرىغا ئۆلمالار مۇقەددەس كىتابلارغا ، زەرپۇرۇشلار ئۈنچە ـ مارجانلارغا بېرىلگىنىدەك زېھىن ۋە ئېھتىيات بىلەن نەزەر سالىمەن .
ئايالىنىڭ كۆز يېشىدا بىچىرىم بەدىنىم شىكەستىلىنىدۇ .
قىزنىڭ كۆلكىسىدىن ئۆز رەنجىمىنىڭ شىپاسىنى تاپىمەن .
ئۇلارنىڭ ھاياتىدا ئالەم ھاياتىنىڭ چوغلۇق يۈرىكى يوشۇرۇنغان . ئۇلارنىڭ كۆز يېشى ياكى كۆلكىسىدە پەلەك رايىنىڭ سىرلىرى ئاشكارىلانغان .
ئاھ ، ھاۋا ! پاھ ، پاندورا ! ئېھ ، ۋىناس !
38

يازنىڭ سالقىن كېچىسى . بۇلۇتلار زېمىنغا ئۇنچە تۆكتى .
تاڭ سەھەر . ئېتىز ئارىلاپ ئۇنى ئىزدەپ كەتتىم . نەمخۇش ، ئىزغىرىن شامالدا قىچىلىق ئېدىرغا چىقتىم . قىچىنىڭ ئالتۇندەك سېرىق چېچىكى مېنى مەھلىيا قىلىپ خۇددى زېمىندىن يىراقلاشتۇرغاندەك بولدى . مەن ساپسېرىق گۈللۈك ، مىليون ـ مىليون گۈل پايىلىرى ۋە مىلياردلىغان گۈل تاجىلىرىدىن ئۆركەشلىگەن گۈللۈك دېڭىزغا غەرق بولدۇم . كۆكسۈمنى ئېچىپ ، شامال ئۇرغان تەرەپكە يۈزۈمنى قىلدىم . يامغۇردىن كېيىنكى ئىزغىرىن شامالدا دولقۇنلىغان قىچا دېڭىزى ئۆزىنىڭ مىسلىسىز خۇش پۇرىقى بىلەن مېنى بىھوش قىلدى .
ئاھ ئىپار دولقۇنى ! كېپىنەكلەر قىچا چېچىكى رەڭگىگە كىردى ، ئۇلارنىڭ قەلبى خۇش پۇراق بىلەن تولدى .
مەن كۆركەم مەنزىرىدىن ھۇزۇرلاندىم ، ھۇزۇر لەززىتى مېنى ئىلھام بۇلاقلىرىدىن يىراقلاشتۇردى !
قەلبىمنى چېچەك ، چېچەك ھىدى قاپلىۋالدى . سەھىپىلىرىم چېچەكسىز قالدى !
پەسىللەر ئالماشتى . بورانلىق كۈز كۈنلىرىدىن كېيىن ئەندىشىلىك قىش تەختكە چىقتى . مەن سوغۇق قېتىش بوراندا ھەيدىلىپ تاشلانغان ھېلىقى قىچىلىققا چىقتىم . كۆزۈمگە كۆرۈنگىنى كەڭ كەتكەن ئاختامىلىق ! ئۇنىڭدا سېرىق چېچەك دېڭىزى ، نە قىچا پۇرىقىنىڭ دولقۇنى ...
يالغۇز بىر كېپىنەكنى ئۇچراتتىم . ئۇمۇ قىچىلىق دېڭىزىدىكى ئىپار دولقۇنىنى ئىزدەيدۇ ، بوراندا قېقىلىپ ، ئۆز قىسمەتلىرىگە ئىشەنمىگەندەك يەنىلا ئاختامىلىققا چۈشۈپ ، سۈسىز دەريادا قالغان بېلىقتەك ئازابلىناتتى .
ئۇ بارغانسېرى چىلان تۈپراق رەڭگىگە كىردى . ئۇنى تونۇيدىن پەرق ئېتىش قىيىن ئىدى . ئۆز مەشۇقىدىن ئايرىلغان كېپىنەك بۇگۈن قەھرىمان ئىدى . ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى ئاختامىلىق تېگىگە سىڭدى .
ئۇنىڭ نەزمىسى _ كېلەر يىلى ئۆركەشلىنىدىغان ئىپار دېڭىزىدىن ھۇزۇرلىنىدىغان ھەممە كېپىنەكلەرنىڭ « ھايات قەسىدىسى» . دىلىمنى ئۇنىڭ قىسمىتى ئېرىتتى . ئىلھام شامى ئوت تاجىنى قادىغاندا ، قەلبىمدە شامدىن چاچرىغان مايدەك سېنتىمېنتال ( ھەسرەتلىك ، قايغۇلۇق ) يىغا دولقۇنى كۆتۈرۈلدى . ئەنە ، قىچىلىق ئىپار دېڭىزى ، ئەنە كېپىنەكلەر بەيگىسى ...
سەھىپىلىرىم تىخچە تىرىلمىغان قىچا ئۆركەشلىرى ئارىسىدا چېچەكلىدى .

39

يەھۋە _ « ھايات »دەرىخىدىكى ئۆلمەسلىك مېۋىسىنى يېگەن تەبىئەت .
ئەگەر ئۆلمەسلىك مېۋىسىنى يەھۋەدىن باشقا يەنە بىرى يېگەندە ئىدى ، ئىنسانىيەت ۋە ئۇنىڭ خىيالىي ھەم ئىلمىي تەپەككۇرى ، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر سەمەرىسى بولغان يەھۋەمۇ بولمىغان بولاتتى .

40

موھتاجلىق !
مەن ساڭا شۇىرلاپ سۆزلەيمەن . سەن ماڭا سۆرەن سىلىپ قاقشايسەن . مەئىشەتتە بەھرەم گۆردەك ، راھەتتە جەمشىتتەك ، كەيپ _ ساپادا پىرئەۋنىدەك ، شۆھرەتتە ئىسكەندەردەك بولغىنىڭنىڭ ماڭا ھۇزۇرى يوق . ئۆلمەسلىك دەرىخىدىن مېۋە ئۈزمىسەڭمۇ ، ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرىدىن كىيىم كىيىپ ، پۇلنىڭ ئالتۇن ھارۋىسىغا چۈشۈپ مەغرۇرلانما ! مەن بۇنىڭغا قىزىقمايمەن .
مەن پىرامىدىنىڭ ئاستىدا ياتقان مىسىر پىرئەۋنىنىڭ مۇمىياسىغا قىزىقمايمەن ؛ قىزىقىدىغىنىم ، پىرامىدانى ئىشلەشكە كەتكەن ئەقىل ۋە سەنئەت .
مەن ئۇلۇغ چىن سېپىلى قەلئەلىرىگە قىزىقمايمەن ؛ قىزىقىدىغىنىم ، ئوغۇزخان ھەققىدىكى تەسىرلىك خەلق داستانى .
مېنىڭ قىزىقىدىغىنىم ئورالتۇ شاھى ساردورى ئىككىنچىنىڭ تاش ماۋزۇلى ئەمەس ، بەلكى پۈتۈن ئابىدىنى قاپلاپ ئويۇلغان خەتلىك تارىخ .
موھتاجلىق !
گەرچە سەن ئۆلمەسلىك دەرىخىدىن يىراق تۇرساڭمۇ ئەقىل مېۋىسى بىلەن تويۇنغان ئىكەنسەن ، ئادەم بىلەن ھاۋانىڭ تەنتەنىلىك ئىشلىرىغا مۇناسىپ سەن !

41

يېشىل زېمىن ، گۈزەل سەييارە . سېنىڭ باغرى ھايات گۈلىستانى ؛ سېنىڭ ھەمراھىڭ چىرايلىق ئاي نىگارى . سەن كۈندۈزى قۇياشتىن ، كېچىسى ئايدىن يورۇقلۇق ئالىسەن . سەن ھەمراھسىز سەييارىلەر ، تۇمانلىق يۇلتۇزلار ، يالقۇنلۇق ئاسمان جىسىملىرى ، مۇزدەك پلانېتىلاردىن بەختلىك .
يېشىل زېمىن ، گۈزەل سەييارە . مېنىڭ پېشانەمدىكى ئىروگلىفلارغا قاراپ نېمىشقا قايغۇرىسەن . مەن نېمىشقا سېنىڭ ھۇزۇرۇڭدا يىغلايمەن .

42

ۋاھ ، رەھىمسىز تارىخ ! ئالەمنىڭ شەپقەتسىزلىكىگە سېنىڭ

رەھىمسىزلىكىڭ نېمىدېگەن تەققاس ! سەن سېنى رەھىمسىزلىكتە دەبدەبە قىلغان كىشىلەرگىمۇ خۇددى سېنى رەھىمسىزلىكتە مەسخىرە قىلغان كىشىلەرگە ئوخشاشلا رەھىمسىز !

سېنىڭ ۋاقىت توزانلىرىڭ شاھانە پىرامىدالارنى ، چويۈن ھەيكەللەرنى ، زەر يوپۇق مۇمىيالارنى ، شۆھرەتلىك قەلئەلەرنى غەرق قىلدۇ .

سېنىڭ زامان توپانلىرىڭ ھەممىنى چىرىتىپ ئۇنتۇلدۇرىدىغان پايانى يوق تىلسىم .

سېنىڭ رەھىمسىزلىكىڭنى بىلگەن كىشىلەرنىڭ ئىچىدە دەرىجەڭنى راسا چۈشەنگەنلىرى ئاز .

سەن ، ئەي ۋاقىت زومىگىرى ، ھېچ نەرسىگە شەپقەت ئورنى قالدۇرمايسەن . مەئىشەتلىك دۇردۇن داستىخىنىدا پاقلان قۇيرۇقى بىلەن ياپىلاقلانغان جىگەر تائامىنى يەۋاتقان بەختىيار ئادەم قانچىلىك مەغرۇر بولمىسۇن ۋە ياكى گۈل دەستىلىرىنى ئوينىتىپ مەشۇقلار باغرىغا رەشك پەيدا قىلىپ يۈرگەن گۈزەل سەتەڭلەر قانچىلىك تەمەننالىق بولمىسۇن ، ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ خۇددى بوغۇزلانغان پاقلان ۋە ئۈزۈلگەن چېچەكنىڭ نام ـ نىشانسىز ئۇنتۇلغىنىدەك رەھىمسىز ۋاقىت دەرياسىدا غايىب بولىدۇ ! ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ ، تىرىشچانلىقلىرىمۇ خۇددى بىر تال چۈمۈلىنىڭ ۋە ياكى بىر تال گىياھنىڭ ئالەمگە كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنىڭ ئېتىبارى بولمىغىنىدەك ئۇنتۇلىدۇ .

تارىخنىڭ رەھىمسىزلىكىنى سەن تېخى راسا چۈشەنمەيسەن . سەن پەقەت ئونلاپ ئەسىر ئىچىدە ، ھەر قانداق تەنتەنىلىك سەلتەنەتلەر ياكى پاجىئەلىك ھېكايەتلەر بىردىنلا ئۇنتۇلغاندىن كېيىنلا ، بۇنىڭدىكى رەھىمسىزلىكنىڭ ئىنتايىن ئاددىي ، تولىمۇ تەبىئىي ، ناھايىتى قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى تەخمىن قىلالايسەن .

ئۇنتۇلمايدىغانلار توغرىسىدا نېمە دېسەم بولار ... ھېس قىلالىغىنىم شۇكى ، ئۇلارنىڭ تولىسى ھايات ۋاقىتلىرىدا ئۇنتۇلغان ...

**43**

قەدىمكى ئافىنادا گراكلىت ، سوقرات ، ئەپلاتون ، ئارستوتىل ... بارمىدى . شۇنچە پاراغەتتىن رىمنى چۈشكۈنلۈككە پاتۇرغان ، شۇنچە ھەسەت ۋە جەڭگى ـ جېدەللىرى بىلەن سېرىق دەرىيانى قانغا بويىغان ، شۇنچە دەھشەتلىك سېلىپ يۈرۈشلىرى بىلەن ئالەمنى دەپسەندە قىلغان مەغرۇرلارنىڭ نام ـ نىشانى قېنى ؟!

ئۇلار ئۆز دەۋرىدىكى ئەرزىمەس ھايۋانات ۋە چوقچىيىپ تۇرغان تاشلار بىللە ئەسىرلەر ئۇيۇقىدا يوقالدى .

مەن ھەيرانمەن . نوپۇس تاشقىنىدەك تېشىپ تۇرىدىغان زېمىندىن ئەسىرلەر

مابەينىدە ئىنسانىيەت خاتىرىسىگە كىرگۈزۈلگەنلىرى تولىمۇ ئاز . ئۇنتۇلماس كىشىلەردىن مىڭ رەقەمنى تولۇق ۋە ھەقىقىي تولدۇرۇش ئۈچۈن قېرى زېمىن ئون مىڭ قېتىم ھامىلدار بولۇشى ۋە ھەر قېتىمى يۈز مىليون رەقەمگە ھامىلدار بولۇشى لازىم .
تارىخ مىسلىسىز رەھىمسىز !
ئۇنىڭ تاللىشى ئىختىيارسىز .

44

مەن سېنى سۆيىمەن . سەن تېخى بۇنى چۈشەنمەيسەن . مەن ئۇنتۇلۇپ كېتىمەن .
مەن سېنى سۆيىمەن . سەن تېخى بۇنى چۈشەنمەيسەن . مەن يۈرەك ـ دىلىمنى قەغەزگە پۈتۈپ ساڭا تاشلاپ كېتىمەن .
مەن سېنى سۆيىمەن . سەن بۇنى چۈشەنگىنىڭدە ، مەن ئۆزۈمنى بەختىيار ھېس سېزىمەن . ئۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا ئىشقىمنى ئىزھار قىلىدىغان جىمىكى مۇشەققەت ياكى راھەتنى قەدىرلەيمەن .

45

تەئەججۈپ قىلىمەن . نەپەس دەرگاھىغا _ ھايات بوسۇغىسىغا چىرقىراپ چۈشكەن بوۋاق ، نېمىشقا ئەقىل پەيدا بولغىنىدىن كېيىن موھتاجلىق ۋە پىرقەتچىلىك دەشتىدە قاقاقلاپ كۈلۈشنى ئۆگىنىۋالدى .
تەئەججۈپ قىلىمەن . چىرقىراپ تۇغۇلغانىدىم ، ئەقىل شەربىتىنى ئىچكىنىمدىن كېيىن يىغلاپ كۆرمىدىم . كۈلكىلىرىمگە قاراپ مېنىمۇ بەختىيار دەيدىغانسەن ـ ھە !

46

گۈزىلىم چەش باغلىدى . مەن سول تارتتىم .
شادلىق ئىچىدە كۆزۈمگە كۆرۈنگىنى : ئوتتەك ئاپتاپ ، مۇزدەك بۇلاق سۈيى ، ئالتۇندەك بۇغدايلىق ، ئۇنىڭ تەبەسسۇملۇق كۆزلىرى ، ھاياتنىڭ گۈزەللىكى . . .
ئۆزۈمچىلا غودۇڭشىدىم : ھەي بۇغداي ! مەن سېنىڭ تۇپەيلىڭ جەننەتتىن ھەيدەلگەن ئادەمنىڭ ئەۋلادىمەنغۇ . ئەمدى مېنى قاغجىراق ئالەمگە تاشلاپ قويۇپ نېمانچە كەم ھوسۇل بولۇپ كەتتىڭ ياكى مېنى تاشلاپ جەننەتكە كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتامسەنا ؟
گۈزىلىم چۆچۈپ كەتتى . ئەنە يىلان ، ئەنە يىلان ! چۆپ ياقىلاپ قاچتى . . .
مەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم . ئۇ ماڭا ئېلىپ كېلىۋاتقان بىر كوزا بۇلاق سۈيىنى كاھىش ئاھاڭىدا يەرگە تۆكتى ـ دە ، غودۇڭشىدى : يىلان چېقىۋالسا مەيلىمىدى ، نېمىدېگەن كۈلكە بۇ . . .

مەن تېخىمۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم . مۇشۇ بوغداينى ئادەم بىلەن ھاۋاغا يېگۈزۈپ ئۆلارنى جەننەتتىن سۈرگۈن قىلدۇرغان بۇ چار يىلان _ ئىبلىسنىڭ بېشارىتى بولمىسۇن يەنە . ئۇنىڭ قېچىپ كەتكىنى ياخشى ، كىم بىلىدۇ ، ئۇ ھېلىمۇ بىزنى دوزاخ ئازابىغا سېلىشنىڭ قەستى بىلەن يۈرگەندۇ ...

ئۇمۇ كۈلۈۋەتتى ، ئارقىدىن قاقاقلاپ تەڭ كۈلۈشتۇق . ئۇ نېمىگىدۇر خىجىل بولغان چېغى ئارقىسىغا يېنىپ بۇلاقتىن ئۇرغۇپ چىققان يېڭى شەربەتتەك سۇ تولدۇرۇلغان كوزىنى كۆتۈرۈپ كەلدى . ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ قوشۇلغان شولىسى كىچىككىنە كوزا يۈزىدە ھاياجانلىقتا تىترەپ تۇراتتى .

47

قەلبىڭدە مەڭگۈ ھاياتلىق قىممىتى سۆيۈنىدىغان جاۋاھىر بولمىسا ، سېنىڭ ھەر قانچە پاراغەتلىرىڭمۇ يەنىلا پاجىئەدىن ئىبارەت .

پاراغەتلىرىڭدىن مەغرۇرلانغۇچە ، مەنىسىزلىكىڭدىن نومۇس قىل .

48

سېنىڭ كۆز ياشلىرىڭ تاراملاپ چۈشكەن بۇ گۈل سېۋىتىدە مېنىڭ كىچىككىنە يۈرىكىم ياشىرىپ تۇرۇپتۇ . بۇ مېنىڭ بەختىم . قەلبىمدىكى پۆچەكلىكلەرنى چىقىرىۋېتىشكە ئالدىرايمەن . ئۇنىڭسىز يۈرىكىمدە ھەقىقەت مەشئىلى يورۇمايدۇ .

پاكلانغان قەلبىم سېنىڭ كۆز ياشلىرىڭنى بەخت ۋادىسىغا ئېلىپ بارىدىغان ئۈمىد سۇمۇرغى ...

49

دۇئا قىلغانلارنىڭ ئالىقانلىرىغا زەن سېلىپ قارىدىم . قوللارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئۇنىڭ ھالىدىن روشەن ئىدى .

دۇئا قىلغانلارنىڭ ئۇستىۋېشىغا زەن سېلىپ قارىدىم . قوللىرى قانچە قاپارغانلارنىڭ كىيىملىرى شۇنچە ۋەيرانە ...

دۇئا قىلغانلارنىڭ رەڭگىرويىغا زەن سېلىپ قارىدىم . خاراباتلىرىنىڭ تەڭرىدىن تىلەيدىغانلىرى شۇنچە ئاز ، شۇنچە تۆۋەن ئىدى .

نىجادىيەت ئۈمىدلىرىمىز ئوخشىمىسىمۇ ، ھاياتلىق سەرگۈزەشتىلىرىمىزنىڭ بىردەكلىكىنى سېزىۋاتىمەن . مۇشۇ تاپتا بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۆزۈمدىن ئامەتلىكلەرگە خۇشامەت قىلىشنى ياكى ئۆزۈمدىن ئاپەتلىكلەرگە كىبىر كۆرستىشنى نومۇس بىلىمەن . بېشىمنى چۆكتۈرۈپ خىيال سۈرگىنىمدىن باشقا نېمە نېسۋەم بولسۇن .

50

بارلىق شۆھرەت ۋە پاراغەت خاھىشلىرىم كۆيۈپ تۈگىدى . ئۇنى كۈل قىلغان سېنىڭ نۇرانە يۈكسەكلىكىڭ .

بارلىق نادانلىق ۋە تېخىرقاشلىرىم نومۇس ئىچىدە ئۆلدى . ئۇنى نابۇت قىلغان سىنىڭ ئادالەتلىك ئۇلۇغلۇقۇڭ .

## تۆتىنچى باب .جاھاننامە

1

كاككۇك شەپەق ئوتقىشىدا جەۋلان قىلدى .
مارجانلار سۇ يۈزىدە بۆزغۇنلىدى .
سۇمۇرغ مېنى ئەڭگۈشتەر تېغىدىكى ھېكمەت غارى ئالدىغا تاشلىدى .
مەن جاھاننامە ئەينىكىنى قولۇمغا ئالدىم .
بۇ ئەپلاتوننىڭ « غايىۋى دەۋلەتنامە »سىدىكى تەقلىدىيەت ئەينىكى ئەمەس .
بۇ «مىڭ بىر كېچە» قىسسىسىدىكى سۇلايمان سۈرىسى پۈتۈلگەن ھېكمەتلىك ئۈزۈكنىڭ يىراقنى زاھىر قىلغۇچى ئەڭگۈشتەر كۆزىمۇ ئەمەس .
بۇ « پەرھات ـ شېرىن» داستانىدىكى جاھان ئەينىكى ئەمەس ...
بۇ ماھىيەتلەر جەۋھىرى ... مەن ئۇنىڭدىن ئادەمزاتنىڭ خۇلق ـ مىجەزىنى ، روھىي ئالامەتلىرىنى ، سۆيۈملۈك ۋە يىرگىنچلىك خاسىيەتلىرىنى كۆرىمەن .
دوزاخ ئىشىكى ئالدىدا « بۇ يەردە ئۈمىدكە ئورۇن يوق» دېگەن خەتلەر يېزىلغىنىدەك جاھاننامە ئەينىكىنىڭ ئۈستىگە « ئۆزىنى بىلمەك ئەلا» دېگەن شولا چۈشۈرۈلگەن .

2

قۇياش كۆتۈرۈلدى ، ئۇنىڭ زەر شوللىرى ئۈپۈقنى بېزىدى ، ئالەمدە نۇر ۋە سايىلەر قەد كۆتۈرۈپ چىقتى ...
قىلىچ قىنىدىن سۇغۇرۇلدى ، ئۇنىڭ ھەيۋىتى كۆزنى چاقنىتىپ كىبىر ۋە قورقۇنچ پەيدا قىلدى ، جاھاندا ھاكىم ۋە مەھكۇملار زاھىر بولدى ...
ئالتۇن يوللار جاراڭلىدى ، ئۇنىڭ پارقىرىشى ھەسەت ۋە ھىيلىگەرلىك ياراتتى . دۇنيادا كامىرانلىق ۋە غۇربەتچىلىكنىڭ غەلىتە قىسمەتلىرى تۆرەلدى .
يىرقىراپ تىنمىغان زېمىن سەييارىسىدىكى تىنىق جاھاننامە ئەينىكىدە نۇر ۋە سايىلەردىن ياسالغان سۇفىكىل ۋە ئىسخولىس ، ھومېر ۋە ۋېرگىل ، چۈييۈەن ۋە ساگوندىرا ، دانتې ۋە سەئىدى ، رافائىل ۋە سېرۋانتېس ، شېكىسپىر ۋە بالزاك ، بايرون ۋە گېيتې ، ساۋشۆچىن ۋە تولستوي ، تاگور ۋە لۇشۈننىڭ كۆلكە ۋە يىغا ، مەدھىيە ۋە مەسخىرە ، مۇھەببەت ۋە نەپرەت

قوزغايدىغان ئاجايىپ قەھرىمانلىرىنىڭ كىشلىك سەۋدالىقىنى ۋە دانالىقىنى ئەكس ئەتكۈچى ئوبرازلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى .
يەھۋەدىن ئاپىرىدە بولغان ئىنسانىيەت يەھۋەنى دورىغاندەك ئوبراز ياراتتى ... ئەپسانىۋى ئېرەم بېغىدا ئەمەس ، زاھىر زېمىن كۆكسىدە ، لايدىن ئەمەس ، نۇر ۋە سايىلەردىن ...

3

مەن ئىنسانىيەتتىن ئېلىپ ئىنسانىيەتكە ئۆزىنى كۆرستىدىغان بۇ مۆجىزىگە تەئەججۈپلىنىپ زوقلاندىم . ئىنسانىيەتكە يورۇقلۇق ئىشىكىنى ئاچقان بۇ ئىككىنچى قۇياشنىڭ نۇرانە ئاپتىپىدىن يۈكسەك پەشتاق ياساپ، روھىيەت دۇنياسىدىكى پەزىلەتلەرنىڭ مۆشۈ ئاجايىپ ـ غارايىپ پاراتىغا كۆز تىكتىم . ھەركىم ئۆز مېڭىسىنى ، ئۆزىنىڭ يۈرىكىنى ، ئۆزىنىڭ خاراكتېرىنى ياپيالىڭاچلاپ كۆتۈرۈپ ماڭماقتا . ئۇلارنىڭ ساخاۋەتلىك لوزۇنكىلىرى قەيەرلەردىدۇر يىغىشتۇرۇلۇپ قالغان .
ئېچىنىمەن ، يىنىپ ـ يىنىپ ئېچىنىمەن . غۇرۇرلىنىمەن ، زوقلىنىپ ـ زوقلىنىپ غۇرۇرلىنىمەن . كۈلكىلىرىمۇ ، مەسخىرىلىرىمۇ ، نەپرەتلىرىمۇ ئىنسانىيەتكە بولغان شەكسىز ۋە شەرتسىز مۇھەببەت بىلەن تولغان .
بىردىنلا يىغلايمەن . نومۇس ـ ئۇيات مېنى ئۇن ـ تىنسىز ئازابلايدۇ .

4

كۆپ نەرسىلەرنى ئاڭلىدىم : گۈلدۈرلىگەن توپ ئاۋازى ، چىرايلىق سايرىغان قۇش ناۋاسى ، پەرياد چەككەن نالە ، قاقاقلىغان مەسخىرە ، يىرىك كىبىر ، مۇغەمبەر مەدھىيە ، ئوماق بالىنىڭ چۈچۈك تىلى ، ئىزگۈلۈك ئەللەي ...
كۆپ نەرسىلەرنى ئۇچراتتىم : ھارغىن ئەمگەك ، مەجرۇھنىڭ دەلدۈگۈنۈشى، تەنتەنىلىك يالغان ـ ياۋىداق ، نۇرانە ساختىپەزلىك ، ئىبزىتقۇ ، پەند ـ نەسىھەت ، قائىدىلىك قاراقچىلىق ، مەنىسىز مەئىشەت، چاياندەك ھەسەت ، تېتىقسىز پاراكەندىچىلىك ...
كۆپ ئويلىدىم ، ھەممىسى ئۇنتۇلۇپ كەتتى ...
يامغۇرلۇق تۇندىكى ئەمگەكتىن ، تۇمانلىق سەھەردىكى سەپەردىن ، گۈگۈملۇق قىرغاقتىكى ماتەمدىن قايتىپ كېلىپ سۈزۈلۈۋاتقان ئاسمان قەھرىگە كۆز تىكتىم : چالا شەپەق ، تۇگۈن ، تۇگۈن ـ تۇگۈن بۇلۇت قاينىمى ... تۆيۇقسىز زوقلىنىپ كەتتىم . كۆزۈمگە كۆرۈنگىنى بايراق جىلۋىسىمۇ ئەمەس ، مەشئەل يالقۇنىمۇ ئەمەس . ئەنە ، پىرقىرىغان ئوتقاشلىق بۇلۇت پارچىسى . ئۇ ئېغىر ھىجران ۋە بىقەرەل خارلىقتىن كېيىن ئۆز ئاشىقى بىلەن

ئۈچراشقان قىزدەك چاچلىرىنى ئۈچۈرۈپ ، غۇلاچلىرىنى كېرىپ پىرقىرىماقتا ... قاقاقلاپ كۈلگەن قىزنىڭ پاك كۆلكىسى ئاڭلاندى ! مۇشۇ سادا ، پەقەت قەلبىمنى تىترەتكەن مۇشۇ سادالا ئېسىمدە !
مەن ئۇنى پۈتۈن تەنتەنىلەرنىڭ ئەۋجى دەپ قۇۋاندىم .
كۆپ ئويلىدىم ، ھەممىسى ئۇنتۇلۇپ كەتتى .
ئىنسانىيەت كۈلكىسى !

**5**

مەسخىرە ۋە ھاقارەت مېنى ئۇيالدۇردى .
مەسخىرە ۋە ھاقارەت مېنى روھلاندۇردى .
مەسخىرە ۋە ھاقارەت مېنى ئورنۇمدىن تۇرغۇزدى .
مەن ئۇنىڭدىن غۇرۇر ۋە شەرەپ ئېلىپبەسىنى ئاچتىم .

**6**

ئۇ كىبىرلىنىپ كەتتى ، قىن ــ قىنىغا پاتمىدى . ئۇنىڭ يۇمران مەسۇم قەلبىنى شەيتان تۇيغۇلىرى قامال قىلدى ، كىبىرلىك سەلدەك ئېقىپ ئۇنىڭ ئەتراپىنى باستى ، ئۇ يېگانە خادىدەك يالغۇز قالدى ، دوستلىرى غەرق قىلىندى .

ئۇ كىبىرلىنىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئوغۇز سۈتى ئىچكەن بىغۇبار لېۋى ۋە شېرىن تىلىدىن كىبىرنىڭ ئېھتىياتسىز ، يۈگەنسىز قوتازلىرى چاپچىپ چىقىپ ، ئار ــ نومۇس ، مىزان ۋە قائىدە خاسىيەتلىرىنىڭ لەۋھەلىرىنى پېتىقلىدى . ئۇنىڭ دوستلىرى جاراھەتلىنىپ ، ئۇمىد يولىدىكى كۆچەتلەر ، ئىشەنچ بېغىدىكى مېۋىلەر ، ئەقىدە ئېتىزىدىكى چېچەكلەر نابۇت قىلىندى .

ئۇ كىبىرلىنىپ كەتتى . ئۇنىڭ يۇمران ئۆسكىلەڭ چاچلىرى ئارىسىدىكى گۆدەك مېڭىسىنى ھاكاۋۇرلۇق ۋە سالقىن نەزەرنىڭ ئەجدىھاسى ئىگىلىۋالدى . ئۇنىڭ جۇدۇنلىرى ، شەپقەتسىز غەزەپلىرى كۈھقاپ بورانلىرىدەك قۇتراشقا چۈشتى . ئۇنىڭ ھايات كېمىسى ئاقىۋەت قۇمغا چۈشتى ...

قىلىچ ۋە ئالتۇنغا ئىقتىدا قىلىدىغان بۇ راھىبنىڭ كېيىنكى ئوبرازىنى ئۇچراتتىم . ئۇ دەريا ساھىلىدا كۆكۈم ــ تالقان بولۇپ كەتكەن غىدىر تاۋۇقىنى سىغىز لاي بىلەن يەملەۋاتاتتى . ئۈستىدىن ئۆزىنى ئەۋرەت قىلغۇدەك چۇپۇرىسى كۆرۈنمەيتتى .

مەن ئۇنىڭ ئۇياتچان ، كەمتەر ، ئويلىنىپ باسىدىغان يېڭى قىياپىتىنى ئۇچراتتىم . ئۇ توختۇپ دۆگدەيگەن چېغىدا قۇياشنىڭ پاتراق چىقىشىنى ، ئۇنىڭ ئۆزىنمۇ ئوماق پەرزەنتىم دەپ ئىللىق نۇرانە مېھرى بىلەن پەپىلىشىنى كۈتەتتى .

كۆپ ئويلاندىم ، كۆزۈمگە كۆپلىگەن تونۇش چىرايلار كۆرۈنگەندەك بولدى . ئۆزۈمچە پىچىرلىدىم : بۈزغۈنچى زورلۇقنىڭ ياراتقۇچى ئەھمىيىتى بولغىنىدەك ، پاجىئەلىك ھادىسىنىڭمۇ سەمىمىي يادنامىسى بولىدۇ .

مەن ئۇنى ھۆرمەتلەيمەن ، ئۇنىڭ ئېرىشكىنى يوقاتقىنىدىن ھۆرمەتلىك . ئۇنىڭ يېڭى قەلبىدە نەپرەتلىك كىبىرنىڭ ھەشەمەتلىك خاقانلىقى يوق .

7

ئۇلۇغ ئىنسانىيەت پەرزەنتىنى خار قىلىدىغان نەرسە نىمە ؟ ئۇ مەغرۇرلۇق . پايانسىز كەڭ جاھاننى تار قىلىدىغان نەرسە نىمە ؟ ئۇ مەغرۇرلۇق .

مۇستەھكەم قورغاننى يىمىرىدىغان ھەممە سۈيىقەستلەرگە شەرت ھازىرلايدىغان نەرسىمۇ مەغرۇرلۇق .

مەغرۇر شاھ زەپەر ھارپىسىدا دارغا ئېسىلىدۇ . مەغرۇر يىگىت توي بوسۇغىسىدا ئەرۋاھقا ئايلىنىدۇ . مەغرۇرلۇق سۇلتاننى ئۇلتان ، ئۆلىما ئىبلىسنى شەيتان قىلىدىغان نەرسە .

پىكىر ، يۈز يۈيۈش ، ئۆي سۈپۈرۈش ، زىننەت تاقاش مەغرۇرلۇق ، تازىلىغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىمىقى لازىم .

8

« ئىنسانىيەت » _ ئۇلۇغۋار ھەم گۈزەل ئاتالغۇ . ئۇلۇغ ئىنسانىيەت گۈزەللىكلىرىگە كائىنات قايىل . ئۇنىڭ ھۆسنىگە گۈللەر ، ناخشىسىغا بۇلبۇللار ، ئەقىل ـ ئىدراكىغا ئولۇمپىيە ئىلاھلىرى ھەيران . ئۇ ياراتقان مۆجىزىلەرنى بەرپا قىلالايدىغان ھېچقانداق غەيرىي قۇدرەت يوق .

مېنى زوقلاندۇرغان مۇشۇ ئىنسانىيەتنى جاھاننامە ئەينىكىدە كۆرۈپ ، بىردىنلا چۆچۈدۈم : قىيا ـ چىيا ، ئوت تۇتەكلىرى ، كىبىر ۋە قۇللۇق خۇشامىتى ، ھەسەت ۋە رەشك ، پىتنە ۋە قەست ـ كۈللەم ، ئۇۋاللىق پاجىئە بىلەن لىق تولغان قاباھەت ئىچىگە بۇ گۈزەل مەلىكە قاچان ئەسىر بولدىكىنە ...

ئادەم بىلەن ھاۋانىڭ ئالتۇن ئەجدىھاسى قىلىچ تىمساھلىرىغا تۇتقۇن بولغانلىقىنى كۆرۈپ قۇياش قارايدى . ئۇنىڭ ھەسرەتلىرىدىن يامرىغان تويان كەلكۈنى بۇ قاباھەتلەرنى تازىلىيالمىدى . ئۇنىڭ غەزەپلىرىدىن ئوت چاقناپ زېمىن كۆكۈم ـ تالقان بولمىغىيتتى ...

9

بۇ ناتىۋان يىگىتنى قەدىرلەيمەن . خۇددى گۈلباھار ياشلىقىمنى قەدىرلىگەندەك .

مەن بۇ مويسىپىت چالنى ھۆرمەتلەيمەن . خۇددى كېلىۋاتقان قېرىلىقىمنى ھۆرمەتلىگەندەك .

ئۇنىڭدا زوقلىنىدىغان ۋە ئېيتىخارلىنىدىغان ئالامەتلەر تولا .
10
باغ ئۆز سەيلىچىسىگە ئالدى بىلەن گۈزەل يوپۇرماقلىرى بىلەن چىرايلىق چېچەكلىرىنى كۆرسىتىدۇ . ئاندىن كېيىنلا ساڭا مېۋىلىرىنى سۇنىدۇ .
مېھمان قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى داستىخان ئەمەس ، ھېسسىيات .
11
ئۇچۇملىرىڭ چوڭ ، كۆكسى - قارنىڭ چوڭ بولسۇن . ساخاۋەتنى تاپاۋەتتىن ئەلا بىل .
چېلەكلەپ ، چېلەكلەپ تۆككىن . بېغىڭ ھەممىتىڭگە باقىدۇ . قوشۇق بىلەن سۇ تۆكۈشنى مەزھەپ قىلغان ئادەمنىڭ سۇغىرىدىغىنى باغ ئەمەس ، بەلكى بىر تەشتەك گۈل .
بىر تەشتەك گۈلدىن گۈل سەيلىسى قىلالمايمەن .
مەردلىك كۆكرەر ، نامەردلىك يۇگۇرەر ، تۆكۈلەر ...
12
ئېھ جاھاننامە . ئەنە ئايالار دۇنياسى ...
ماڭا دەسلەپ يالتىراپ كۆرۈنگىنى گۈزەل ئېلىنا . ئۇنىڭ گۈزەللىكى مۇھەببەت ئىلاھى ئافرودىتنى مەھلىيا قىلىپ تروۋيا ئۇرۇشىغا سەۋەب بولغان . ئەمما ، ئېلىنا ئىككى ئاشىقى تروۋيا سېپىلى ئاستىدا يەكمۇيەك نەيزىلەشكەندە سېپىل دەرۋازىسى ئۈستىدە تېخىرقاپ يىغلىغان .
ئاندىن كېيىن ماڭا چاقناپ كۆرۈنگىنى كىلىتمىنىسترا . ئودىسسانى ئون ئىككى يىل كۈتكەن ۋە ئۆز مۇشتەرىلىرىگە ئودىسسانىڭ ئېغىر ئوقياسى بىلەن ئودىسسادەك چىنەشنى شەرت قىلغان بۇ ساداقەت سىيماسى ، تېخى قەھرىمانلىق ئۆلگىسى بولالمىغاندى .
مانا ئىئۆش بېزەك كىلوپاتىرا . گۈزەل ئايال شاھقا رىم سەركەردىسى قەيسەر مەپتۇن بولغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ پەزىلەتسىزلىكى دانتى يازغان « جاھەننەمنامە»دە ھېلىمۇ ئۆرتىنىشكە سەۋەب بولغان . ئۇ پەزىلەتسىز گۈزەللەرنىڭ ئۆرنىكى .
ئەنە سۇلايمانىنى مەپتۇن قىلغان تۆتىنچى خانىش بىلقىس ( تەۋراتتا تىلغا ئېلىنىدىغان بىر خانىش ، ئۇ كېيىن تەقۋادارلىق يولىنى تۇتقان ) گۈزەلىنىڭ ئوماقلىقى ھېلىمۇ ئايالىق خۇش پۇراقلىرى بىلەن سېھىرلەنگەن قۇدرەت بىلەن كۆڭۈللەرنى ئېزىقتۇرۇپ تۇرۇپتۇ . ئەمما ، ئۇ ھەسەت ۋە كۆنچىلىكنىڭ ئەسىرىسى ئىدى .
ئەنە ، ئايال ساك شاھى تۇمارىس . رەيىقى ۋە پەرزەنتى ، ئېلى ۋە خەلقى ئۈچۈن جەڭ تۇلپىرىغا مىنگەن ئايال قەھرىمان . كىيانىدىتلار شاھى

كەيخسراۋنىڭ بېشىنى قان تولغان ئىدىشقا چۆمۈلدۈرگەن بۇ جەسۇر جەڭچىنىڭ قانچىلىك گۈزەللىكى خاتىرىلەنمىگەن .
ئەنە ، رامانىڭ ئاشقى گۈزەل شىدۇ مەلىكە . مايمۇنلار پادىشاھى تەربىيىدىن ئوغرىلىنىپ كېتىلگەن بۇ گۈزەلنىڭ پاك قەلبىنى ئىلاھىيەتلىك ئىقتىدارغا ئىگە راما رەشك بىلەن خارلىدى .
پاھ ، ئىسكەندەرنى تىترەتكەن رۇخسانە . ئوتتۇرا ئاسىيا گۈزىلى ئۆز ئىستىلاچىسىغا تۇتقۇن بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئىسيان قىلمىدى ، ئۇنىڭ ئىشرەت خانىشى بولدى .
زىلەيخانىڭ يۈسۈپكە مۇھەببىتى بەگ ئاغىچىسىنىڭ ئەقىدىسىزلىكى بىلەن باشلانغان .
شېرىن ھەققەتەن گۈزەل خرىستىئان قىزى ئىدى . داستانچىلىقتا گۈزەللەشتۈرۈلگەن ۋە چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ ئىستىلاسىغا قارشى ھېس - تۇيغۇنى خسراۋغا قارىتىلغان نەپرەت بىلەن نىقابلاشتۇرۇلغان ھېكايىلەرنىڭ ئەكسىچە ، شېرىن يېرۈسالېمدىكى ئەيسا ئوبرازىغا پىداكارلىق بىلدۈرگەن ۋە رۇخسانىدەك ئاقىۋەتكە مۇپتىلا بولغان ئايال ئۈلگىسى ئىدى ...
ئەنە ، لەيلى ، سەنەم ، زۆھرە ، ژۇلىتتا ...
ئەنە ، دون جۇئان كۆزلەشكەن جەنۇبىي ياۋروپا ، كىچىك ئاسىيا ، برىتانىيە سەتەڭلىرى .
ئەنە ، شاھى جاھان ، ماھى تابان ، زىبۇ ناتىۋان ، زىلۋا نەۋقىران نامىدىكى گۈزەل ئايالىق جىنسى ...
ئىھ ، جاھاننامە ئەينىكى ، ئەنە ئايالار دۇنياسى .
مەيلى ئىنسانىيەت ئادەم بىلەن ھاۋادىن ياكى پاندۇرادىن ، ياكى براخمادىن ، ياكى نىگۇدىن ، ياكى نېمىدىن يارىتىلغان بولمىسۇن ، ئىنسانىيەت ئىچىدىكى ئايال جىنسى ئىچىدە ئاشۇ « شەرق گۈزىلى» ( ئاپتور ئىپارخاننى دېمەكچى بولسا كېرەك )نى قەدىرلەيمەن .
ئۇ گۈزەللىكتە شەرق ئېلىناسى ئىدى .
ئۇ شېئىرىيەتتە شەرق سافۇسى ئىدى .
ئۇ جەڭدە يىگىرمە بەش ئۆرۈملۈك بىر جۈپ قۇندۇز چېچىنى چىشلەپ ، ساۋۇت كىيىپ قىلىچ ئويناتقان چەۋەنداز جەڭچى ئىدى .
ھۆسنى شاھىنشاھنى ، ھەتتا بۇزرۇكۋار خاقانى مەھلىيا قىلغان بۇ ئىپار بويلۇق شەرق گۈزىلى ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارىنى نامايەندە قىلىپ ، جەڭ ئىچىدە تۇتقۇن بولدى ۋە ساۋۇت لىباسلىرى ئىچىدە ئۆز - ئۆزىنى ئۆلتۈردى .
مەن ئويلىنىمەن : ھومىر ، سوفىكىل ، نىزامى ۋە نەۋائى ، شېكىسپىر ۋە

بايرۇنلار قولىغا قەلەم ئالغاندا ئۇ تۇغۇلمىغان ، ئۇ تۇغۇلغاندا بۇ ئالەم مۇئەللىپلىرى ئۇيقۇغا غەرق بولغانمۇ يا ؟

ئۇ ئىسكەندەر ئۇزۇكىدىكى گۆھەرگە مۆكۈنگەن پەريدەك ئاياللىقنىڭ ئەرلىك ئۇستىدىكى ، مەھكۇمىنىڭ ھاكىم ئۇستىدىكى ، مەغلۇپنىڭ غالىب ئۇستىدىكى ، ئەركىنلىكنىڭ زورلۇق ئۇستىدىكى ، ئاۋامنىڭ خاقان ئۇستىدىكى تارىخىي مەسخىرىسىنى شولىلاندۇرۇپ غۇرۇر بىلەن چىچەكتەك تۆكۈلدى . ئۇنىڭ قېنى ئون مىڭ يول مۇساپىسىگە ئون ئىككى يىل ئاققان .

ئىلھاملىنىمەن : يۈكسەكلىك بىلەن قوشۇلغان قەلب گۈزەللىكىڭ بولمىسا ، تەڭرى ئاتا قىلغان ھۆسن زىبالىقىڭ خاقان ۋە ئالدامچىلار قولىدىكى ئويۇنچۇق ئەرمىكى !

13

كىچىككىنە نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئەرزىمىگىنىدەك ، ھەممىسىمۇ ئەرزىمەس ئەمەس . يەھۇە ئادەمنىڭ تېنىنى بىر سىقىم تۇپا ، جېنىنى بىر قەترە سۈيۈقلۇقتىن بىنا قىلغاندا ئۇمۇ كىچىككىنە نەرسە ئىدى .

ئەڭ كىچىك ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك نەرسىگە ئورنىتىۋالغان ئالەم سىرلىرىنى تېخى بىلمەيمەن ، بەلكى تەڭرىنىڭ دەرگاھى ئاشۇ كۆرۈنمىگەن زەررىچىلەرگە يوشۇرۇنغاندۇ .

بىلىدىغىنىم جاھاننامە ئەينىكىدە زاھىر بولغان غارايىپلار .

ئامەت بىلەن ئاپەت ، مەدەت بىلەن خۇسۇمەت ، ھايات بىلەن ماماتنىڭ كىچىككىنە نەرسىدىن ـ تۈزۈلگەن قوشۇما ، بۇزۇلغان ئۆڭ ، ئېچىلغان سىر ، قىلىنغان سۆزدىن ئاپىرىدە بولغانلىقىنى كۆپ كۆزەتتىم . ئۇ بىلىنەر ـ بىلىنمەس ، ئەمما كومزەكتىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان تۇتەكسىمان دىۋىدەك ئاپىرىدە بولىدۇ .

14

ئويلىمىغان ئادەمنى ئوي قىيىتىدۇ ، لاي تۇتمىغان قولۇڭنى لاي چىرىتىدۇ . كىشى نېمىدە بەختلىك بولۇپ پەخەس بولمىسا ، دەل شۇنىڭ ئۆزىدە بەختسىزلىككە يولۇقىدۇ .

15

يىغلىما سىڭلىم ، سېنىڭ ئۇچۇن تارىخ يىغلىسۇن .
تىلەنمە سىڭلىم ، سېنىڭ ئۇچۇن ئەل تىلەنسۇن .
بۇ بولۇر شاد كۆلكىلىرىڭنىڭ ئەڭ چوڭ تەرەددۇتى .

16

يىكىر قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن . ھەيران ـ ھەيران بولۇپ ، چۆچۈپ ئەندىكىپ ، ھاياجان ۋە ھارىكاللا ئوقۇپ ، قاقشاپ ۋە كۆز يېشىمنى تۆكۈپ

پىكىر قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن .
پىكىر قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن . خۇدالار قۇدرەتلىرى ، ئەۋلىيالار ھېكمەتلىرى توغرىسىدا ئەمەس ، جانلىق ئادەمنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ قىسمەتلىرى ھەققىدە رەڭسىز ، ياسالمىسىز پىكىر قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن .
ئېزىقىش ماڭا نادانلىق ، ئالدىنىش ماڭا گۇناھ ، پىكىر قىلماسلىق ماڭا ياسىقلىق .
جاھاننامە ئەينىكىگە نەزەر سالغىنىمدا گۈزەل مەلىكە شىرىننى ياكى خاسىيەتلىك رەناگۈلنى دېرەكلەۋاتقىنىم يوق . كۆزۈمگە چېلىقىقىنى : يالاڭ ئاياغلار ، توڭۇپ دۇغدايغان گەۋدىلەر ، موھتاج چىرايلار ، نىجادىيەت تىلەكلىرى ...
مەن خىزىر ئەمەس ، ئۇلار مېنىڭ خىزىرىم . مەن پەقەت يۈرەكنى كۆرۈپ تۇرىدىغان ئاشىق ، تەڭرىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان راھىب .
17
كۆزۈمگە ئالەم ساماسىغا پىرقىراۋاتقان يەر سەييارىسى كۆرۈندى . بەخت ئىستەكلىرى ئېچىدىكى بەخت تەسەۋۋۇرلىرى بىلەن بەختسىزلىك تۇمانلىرى ئارىسىدىكى بەخت تۇيغۇلىرى يېنىدا زاھىر بولغىنى : گۈزەللەر ئايىغىدىكى رەشك ، شۆھرەتلەر ئىزىدىكى خۇسۇمەت ، ئىجادىيەت كەينىدىكى ھەسەت ، مەئىشەت ئارقىسىدىكى ئىغۋا ، ھوقۇقلار يېنىدىكى قەست ـ كۈنەم .
ھەيران بولدۇم : بۇ تېخى تىنچ ـ ئىناقلىقنى ، ھالاللىق ۋە ساداقەتنى مەڭگۈ ئىستەيدىغان ھەم ئۇنىڭغا مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدىغان بەختمىدۇ ؟
ھودۇقۇپ قالدىم : بۇ بەختنىڭ ھەر مىسقالىدا بىر قانچە قاداقتىن بەختسىزلىكنىڭ خەۋپ ـ خەتىرى ياندىشىپ تۇرىدۇ ـ يا !
ئەنە ، قولىدا كۆمەچ ، ئۇچىسىدا بوز ، قەلبىدە ئىنساپ ، ھېچنېمىدىن ئارتۇقچە تەمەسى بولمىغان ئاددىي كىشىلەر . ئۇلارنىڭ ھەر بىر مىسقال بەختسىزلىكىگە بىر قانچە قاداقتىن ئىناقلىق ، ھالاللىق ، ساداقەت ھېسسىياتلىرى چېچەك تاقاپ تۇرۇپتۇ .
ئالەمنىڭ نىسبەتلىكىگە ۋە ئەكسەرىيەتلىكىگە ئەجەبلىنىمەن ...
18
ئاسمان ئۇپۇقى زېمىن بىلەن كائىنات ئارىسىدىكى بىر چوڭ ئەينەك .
زېمىن پەرياد چېكىپ تۇمانلاشقاندا قايغۇرۇپ سارغىيىمەن . قۇياش كۆلگەندە شەپەق بولۇپ قىزىرىمەن .
مېنىڭ بىلىدىغىنىم راستچىللىق ، مېنىڭ ئىقتىدارىم يوپۇقسىز ئەكس ئېتىش .

**19**

جاھاننامە ئەينىكىگە ئۇزمەي قارايمەن ، ھادىسىلەرنىڭ قاسىراقلىرىنى شۇپۇڭدايمەن . مېنىڭ ئىزدەيدىغىنىم ماھىيەتلەرنى يوشۇرىدىغان دەلىللەر ئەمەس . چۈنكى ، چاكىنا قىمىرلاشلار ، ئەرزىمەس پاكىتلار ماڭا ھېچنېمىنى چۈشەندۈرەلمەيدۇ . مېنىڭ ئىزدەيدىغىنىم ماھىيەتلەرنىڭ ئاچقۇچى . پاكىتلارنىڭ كۈچى ئۇنىڭ جەمئىيىتىدە ، ماھىيەتلەرگە باغلىنىشىدا ، ۋالاقتەگكۈرلۈكتە ئەمەس !

**20**

تاڭ شەپىقى يۈزۈمنى قىزارتقاندا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدىم ، ئۇنىڭغا ھېسسىياتلىق پىچىرلىدىم : ئوماق ئوغلۇڭنىڭ كۆزلىرى ئىنسانىيەتنىڭ ئۈمىدى ؛ چىرايلىق قىزىڭنىڭ قىلىقلىرى ئىنسانىيەتنىڭ خۇشاللىقى ؛ ئۆزۈڭنىڭ قاپقارا ، ساپسېرىق ، قوڭۇر چاچلىرىڭ كىشىلىكنىڭ سۆيۈنچى . ئاھ ، مىسلىسىز ئىنسانىيەت !

كەچكى گۇگۇم غۇۋاسىدا كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىدۇ ، لام ـ جىم دېمەي خىيال سۈرىمەن : ئالەم تۇتەكلەشمەكتە ، بورانلار ئۇپۇق يۈزىنى تىلغاپ ، بۇلۇتلار ساما پەردىسىنى قاپساپ ئالەم تۇتەكلەشمەكتە . چىغىر يوللۇق باغلار ، دۇخاۋا پەردىلىك تىياتىرخانىلار نېمىگە ئەرزىيدۇ . توپلانغان يېقىلغۇلار ، تىكلەنگەن زەمبىرەكلەر ، قاچىلانغان ئۇچقۇر بومبىلار ، ئۆتكۈرلەنگەن تىغلار ئالەمنى قاراڭغۇلاشتۇردى . زېمىن ئېغىر پىرقىرايدۇ ، شاماللار ئېغىر تىنىدۇ . ئادالەت تۇمارلىرىنى تاقاشقان ناتىقلار ۋارقىراشماقتا ، سەركەردىلەر پىچىرلاشماقتا ، ئالدامچىلار پايپېتەك بولماقتا ، جاسۇسلار خۇپىيانە سايىدەك سوزۇلماقتا .

ئىنسانىيەت گىرىپتار بولغان ئالجىش كېسىلىگە ھەسرەتلىنىپ ، ئۇنىڭ غېمىدە پىچىرلايمەن ، پرومېتۇس بىلەن بىللە پىچىرلايمەن .

**21**

باراۋەرلىك ئىنسانىيەتنىڭ تۇغما ئىقتىدارى .
باراۋەرلىك ئىنسانىيەت ئىززىتى ۋە ئىپتىخارىنىڭ جەۋھىرى .
باراۋەرلىك تۇيغۇسى ئادالەت ۋە يۈكسىلىشنىڭ مەشئىلى .
ئىنسانىيەت ھاياتىدىكى خۇنۇكلۇكلەر باراۋەرسىزلىكتە .

باراۋەرلىك ھەققىدە مېنى ئەپسانە مەستانىسى قىلمىغىن . مۇتلەق باراۋەرلىك ھەققىدىكى تەرسالىقلىرىڭدىن چۆچۈيمەن . ئاسمان بىلەن زېمىن مۇتلەق باراۋەر بولغىنىدا قىيامەت بولمامدۇ ؟! ئوكيانلار بىلەن تاغ ـ ئېدىرلار مۇتلەق باراۋەر بولغىنىدا جاھاننى توپان باسمامدۇ ؟! ھايات بىلەن مامات مۇتلەق باراۋەر بولغىنىدا مەن نېمىنى تەپەككۇر قىلىمەن ؟! ...

ئالەمنىڭ گۈزەللىكى باراۋەرسىزلىكتە ئوخشىمامدۇ ؟

22

ئىزغىرىن شاماللار ئارىسىدا ، سەلكىن يوپۇرماقلار تىترىشىدە ، مەيىن گۈللەر جىلۋىسى ئارىسىدا ماڭا كىمدۇر پىچىرلاپ سۆزلەيدۇ . مەن ئۇنى كۆرەلمەيمەن . مەن ئۇنىڭ تىۋىشلىرىدىن ئۇنىڭ گويا جاھاننى قولىدا ساقىدەك ئۆرۈپ – چۆرۈپ تۇرغان قۇدرەتلىك ئۇلۇغ كۈچىنى ھېس قىلىمەن . ئۇ يەر تېگىدىن ، ئەرۋاھلار تىلىدىن ئۈزۈپ – ئۈزۈپ سۆزلىگەندەك قىلىدۇ ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئېسىمدە قالغىنى تولىمۇ ئاز :

... تارىخ تۇمەن – مىڭلىغان جەڭ ماجىرالىرى بىلەن تويۇنغان ، خەلقئالەم زامان سەھنىلىرىگە چىققان ھەر خىل ئەزىمەتلەرنى كۆرگەن . ۋەز – نەسىھەتلەرمۇ ، كىتاب – قامۇسلارمۇ ، ۋەدە – توختاملارمۇ ، شىكايەت ۋە ماختىنىشلارمۇ نۇرغۇن ... گاڭگىرىماسلىق ئۇچۇن سەن ئۇلارنى نەتىجىلىرىدىن كۆرە ئىككى ئېقىمغا بۆلگىن . ئومۇمەن ھەر بىر ئەمەلىي قەدىمى ، ھەر بىر يۈكسەك تەپەككۇرى ، ھەر بىر ھېس – تۇيغۇسى ، ھەر بىر مىجەز – خۇلقى ئۆزىنى ئەمەس ، ئۆز مۇرىتىنى ئەمەس ، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى يورۇقلۇققا ، كەڭ – كۇشادىلىككە ، پەزىلەتلىككە باشلايدىغانلارلا نۇرانىلىككە ۋە زەپەرگە ئىگە . يالغان – ياۋىداق لەۋھەلىرىگە ، ۋەھشەتلىك دەررىلىرىگە پىسەنت قىلما . تارىختا ئۆتكەن ئەزىمەتلەر يەنە تارىخقا قايتىپ كېلىدۇ . جەننەت بىلەن دوزاخ ، ئاپىرىن بىلەن مەسخىرە پەقەت باقىي ئالەم قىرغاقلىرىدا ، قىلسىراتنىڭ بېشىدا ، ئەرشنىڭ تۆپىسىدە ، زېمىنىنىڭ تەكتىدە ئەمەس ، ئۇ قىيقاس – چۇقانلىرى بىلەن تولغان پانىي ئالەم داۋىنىنىڭ تەمكىن تەپەككۇرىدا ...

ئۇ داۋاملىق پىچىرلىدى . ئالەمچە نەپەس ئېلىپ ، ئۇنىڭ ھېكمەتلىرىنى مۇھاكىمە قىلدىم . ھاياجانلىق بىلەن جىمجىتلىق مېنىڭ دەرسخانام .

23

جاھاننامە ئەينىكىدە شۇنداق گۈزەل مىسرالار ئىبرەت بىلەن جۇلالىدى : ئىنسانىيەت تارىخىنى بىرەر زامان ، بىرەر ئەل ، بىرەر كىشى خۇلاسىلەيدۇ دېيىشتىنمۇ ئارتۇق ھاماقەتلىك يوق . چۈنكى ، پايانى يوق تارىخ ئۆز خۇلاسىچىلىرىنى خۇلاسىلەپ ئىلگىرىلەپ بارىدۇ .

24

چۈمۈلىلەر ھەرىكىتىگە ھەيرانمەن . ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلغۇم كېلىدۇ . ئۇلارنىڭ پائالىيىتىنى راۋان قىلغان ئۈيۈشما نوپۇزى ، ھاياتلىق مەجبۇرىيىتى ياكى ئۆزگەرمەس تۇغما ئادىتى ، نېمىدۇ ...

پەقەت ئىنسانىيەتنىڭ خەلقئارا تارىخىنى ، ئۇنىڭ بىرەر مىللىي تارىخىنى

ئەمەس ؛ پەقەت ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتىنى ، ئۇنىڭ بىرەر تەنتەنىسىنى ئەمەس ؛ پەقەت ئىنسانىيەت تارىخىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مەنتىقىگە ئۇيغۇن جاسارىتىنى ، ئۇنىڭ بىرەر ھېكايىسىنى ئەمەس ئىپادىلىگەن شەخس بىلەن ئۇ ئىپادىلىگەن تۈپ ئېقىملا ئىنسانلار پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان نوپۇز بولالايدۇ . بۇنىڭ ئالدىدا ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈشى ، ئاتىللانىڭ غەربكە يۈرۈشى ، مانۇ قانۇنى، ئافىنا كونستىتۇتسىيىسى ( ئىشغالىيىتى ، قورشاۋى ، ئىستىپلاسى ، قانۇنى ) . يېرۇسالېم ئىبادەتخانىسى ، روبىسپېر نۇتۇقلىرى ، تۆمۈر لەڭنىڭ جازا مەيدانى ، ئەشتەرخاننىڭ دارى ئەرزىگۈدەك نەرسە ئەمەس . چۈمۈلىلەرنىڭ مۇقەددەس ھەرىكەت نوپۇزىغا ھەيرانمەن . ئۇلارغا ئىچىم سىيرىلىدۇ .

25

ئۇنىڭ زىلۋا بەدىنىنى ئەجەللىك كېسەل چىرمىۋالغان . ئۇنىڭغا ئارام بەرمىگىنى نەپسانىيەت تەلۋىلىكى ، ساختا شۆھرەت ھېرىسى ، شۇملۇق قىچىشىشلىرى ، ھىيلىگەرلىك قىزىقىشى ، رەشك يالانلىرى ... ئۇنىڭ مېڭىسى يىلان چۇشكەن بىر قۇمرا قېتىق ، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىبلىس مۆكۈنگەن سېھىرلىك غار ، ئۇنىڭ كۆكسى قاباھەت دەرگاھى ، ئۇنىڭدا مىڭلىغان مەلئۇنلار ، ساتقۇنلار ، مۇناپىقلار ، نامەردلەر ، كاززاپلار ، خۇشامەتچىلەر ، بىدىكلەر ، كىبىرلىكلەر ، پەسكەشلەر تىقما ـ تىقما بولۇپ ، پېتىشماي كۆتۈرۈلۈپ ـ كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ .

يېقىنلاپ نەزەر سالدىم : ئۇلارنىڭ قىلىدىغىنى ئىنسانىيەت ئورنىنى باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن بىر ـ بىرلەپ ھالاك قىلىش يولىدا پىچاق چاقلاش ھەم يۈزىگە پەرىزاتنىڭ زىنىنىتىنى سىزىشتىن ئىبارەت .

قاتتىق سەسكەندىم : ئۇلارنىڭ ئۆلۈمى زەھەر ياسىغۇچىلارنىڭ زەھەرلىنىپ ئۆلۈشى ...

ئەتىرگۈل بىلوگىدىن ئېلىندى

# تەبەسسۇم

تەبەسسۇم ، ئۇ ، تاۋار ئەمەس ، ئالدى - ساتتى قىلىدىغان ياكى پۇل ئورنىدا بانكىغا قويۇپ ساقلايدىغان.
تەبەسسۇم ، ئۇ ، مۆغەمبەر كۆلكە ۋە خۇشامەت ھجىيىشى ئەمەس ، ناپاك نىيەتنى بېزەپ جۇلالاندۇرغان ۋە بىر پاشكا ئالىي ماركىلىق تاماكىدەك يانچۇققا سېلىپ يۈرىدىغان.
تەبەسسۇم - ئىنسان قەلبىنىڭ سىرتلاشقان نادىر گۈل - چېچىكى ، ئىنسانىي ھېسسىياتنىڭ خۇشبۇي ئىپار - ئەنبىرى . تۇغۇت ئازابىدا پەرياد چەككەن ئانا ، دۇنياغا كۆز ئاچقان بوۋىقىنىڭ تۇنجى يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا تەبەسسۇم قىلىدۇ ، مەيلى ئۆز ياكى ئۆزگە پەرزەنتىنىڭ تۇنجى قېتىم تاپتاڭلاپ ماڭغىنىنى كۆرگەن كىشى تەبەسسۇم قىلىدۇ . ئۇ پاك ھېسداشلىق روھىنىڭ ئىقتىدارى ، تەلپۈنۈشى ۋە جۇلاسى سۈپىتىدە ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ بىباھا ئەڭگۈشتىرى بولۇپ مەيدانغا كېلىدۇ.
تەبەسسۇم - ھۆرمەت ۋە ئىپتىخار يادنامىسى تەرىزىدە كىشىلىك مۇناسىۋەتتە چاقنايدىغان مەرۋايىت . بىز مېھمانلىرىمىزنى تەبەسسۇم بىلەن كۈتۈۋالىمىز . ئۇسۇل - تانسىلاردا ھۆرمەت ۋە زوق تەبەسسۇملىرى ئىپادىلەيمىز . تەبەسسۇم ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى پەقەت ئۆز ھېسسىياتىنىڭ چىنلىقى بىلەنلا گەۋدىلەندۈرەلىشى مۇمكىن.
ئىككى ئىش ئېسىمدە - 1950 . يىلى يازدا مەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر قانچە ۋىلايەت ئوقۇغۇچىلىرىغا ۋەكىل بولۇپ ئۈرۈمچىگە كەلگىنىمدە ئۈچ ۋىلايەتتىن تېيىپجان ئېلىيوف قاتارلىق بىر قىسىم باشلار ۋە ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى . ئۈرۈمچى ۋە شىئەندە تېيىپجان ئېلىيوف بىر قانچە قېتىم تەبەسسۇم قۇچقان ئىللىق چىراي ۋە مېھرىبان سۆزلەر بىلەن پاراڭلاشتى . بۇ ، ئۇنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە يولى ئېتىلگەن ۋە ئازاب ئىچىدە ئىڭرىغان جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىگە بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقى ئۆملۈك ئارزۇسىنىڭ بەھرىمەنلىك ئۇچقۇنلىرىدىن بىرى ئىدى.
1988 - يىلى ئاخىرقى تىنىقلىرىنى تىنىۋاتقان شائىر ئابدۇكېرىم خوجايېفنى يوقلاپ كېسەلخانىغا چىقتىم . خوجايېف كارىۋىتىدىن ئايرىمچە قوزغىلىپ ئولتۇرۇپ ئاجىزلاپ كەتكەن ئاۋازى بىلەن : مەن باشقىلار تاقاپ قويغان رەڭلىك كۆزەينەك بىلەن سىزگە يىگىرمە يىل

خاتا قاربدىم . ئىككى - ئۈچ يىل بولدى ، بۇ كۆزەينەكنى چۆرۈۋېتىپ قارىسام سىز ... ئۇ ھاياجان ۋە مەردانە سۆزلىرىنى ئېيتىپ كۆكسىدىن بىر ئېغىر تاشنى ئېلىۋەتكەندەك يېنىكلەپ تەبەسسۇم قىلدى . بۇ تەبەسسۇم ئۇنىڭ كۆزىدىمۇ ، سۆزىدىمۇ بەرق ئۇرۇپ تۇراتتى . مەن ئىختىيارسىز كۆزۈمگە ياش ئالدىم . ئۆلۈم بۇ ئىككى ئەزىمەت شائىرنىڭ تەبەسسۇمىنى ئاخىرلاشتۇرغان بولسىمۇ ، ئۇلارنى ئەسلىگەندە ، يازغاندا ، ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندا قايتا پەيدا بولىدىغان ھالال تەبەسسۇم دولقۇنلىرىنى ئاخىرلاشتۇرالىغىنى يوق.

تەبەسسۇم - تەلمۈرگەن كۆڭۈل بۇلبۇلى ئۈچراشقان گۈل جىلۋىسى ، تەلپۈنگەن يۈرەك كېيىنكى ئېرىشكەن گۈل شىرنىسى.

ئۇ ، ئىنساننىڭ يوقاتقان ۋە ئىزدەپ يۈرگەن ئۆز قەلبى ، ئۆز مەھبۇبى، ئۆز مەبۇدى . مەن يىگىرمە ئىككى يىلغا سوزۇلغان تەبەسسۇمسىز دۇنيا ئازابلىرى بىلەن ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كېيىنكى چىمەندازلىقىنى سېلىشتۇرغىنىمدا تەبەسسۇم ئىنساننىڭ تاشقى ھېسسىياتى ، ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى بەختى ئىكەنلىكىنى سېزىمەن.

تەبەسسۇم - ئىجتىمائىي مۇھەببەت ، ئۆزى بىلەن ئۆزگىنىڭ قەلبىنى بىر رىشتىدە سۆيۈندۈرگەن . تەبەسسۇم - ئالىي خەيرخاھلىق ، ئۆزى بىلەن ئۆزگىنىڭ ھېس - تۇيغۇسى ، زوق - ئىپتىخارى ، رىغبەت ۋە ھۆرمىتىنى بىر ئوبرازغا مۇجەسسەم قىلغان .تەبەسسۇملۇك تۇرمۇش بەختلىك ، تەبەسسۇملۇك ئائىلە ئىناق ئائىلە . ئۇيلايمەنكى ، تەبەسسۇم پەقەت ئائىلە سىرتىدىكىلەرگە قارىتىلغان قىزىل سىرلانغان دەرۋازا ياكى توز شەكلى چىكىلگەن پەردە بولمىسا كېرەك . ئائىلىدە ئەر - ئايال تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە تەبەسسۇمغا موھتاج . تەبەسسۇمسىز مۇھىت كېسەلچان مۇھىت . ئۇنىڭ خىزمىتى تېز قېرىتىش تېز ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت . « گۈلنى سىرتقا ، تىكىننى ئائىلە ئىچىگە »بەختسىز ئائىلىلەر يوقىتىۋاتقان تەبەسسۇم گۆھىرىنى تۆمەنلەپ پۇل ياكى زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن قايتا تېپىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس . بۇنداق تەبەسسۇم مۇھىتى بولمىغان ئائىلىدە ئاتالمىش «تەقۋالىق »، ئەدىپىنى بېرىش ، ۋايىساش ۋە ئاقىۋەتتە پەرزەنتلىرىنىڭ توك - قوپال ، كۆكەرمە ، ھەتتا ئاتا - ئانىنى سىلكىشلىشى ھۆكۈمران مۇھىت بولۇپ قالىدۇ . «يازغا بۇلبۇل ، قىشقا توك قاغا »مانا بۇ ئىككى خىل ئائىلە مۇھىتىنىڭ يارىشىقى!

تەبەسسۇم - رىقابەتكە تولغان دۇنيادا ئەڭ پاك ، ئەڭ ئىزگۇ ئىنسانىي ئاڭ - پىكىر ، ھېس ۋە ھېسداشلىقنىڭ مەشئىلى.

ئۇ ئوكياندىكى ماياك ، دانكو قولىدىكى يالقۇنلۇق يۈرەكتەك ئىنسان ئەۋلادىنى ئۈمىدلەندۈرۈپ ، ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ . ئۇنىڭ لەۋھەسى : « سەن ھامان ئىنسان! » دېگەندىن ئىبارەت . دەرھەقىقەت ، ئىنسان ھامان ئىنسان ، ئۇ ئۇنچە جاۋاھىرلار غارىغا ئىگە بولغىنىدىمۇ ، دۈلدۈل تۇلپارغا مىنگەندىمۇ ، ياپىراقسىز يالغۇز دەرەخ تۈۋىدە ھەسرەتلىنىۋاتقىنىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقىنى ئۇنتۇماسلىقى كېرەك . ئۈمىدسىزلىك مۇز دەرياسىغا تەۋەككۈل قىلغان ئادەم «ئىنسان» ئىبارىسىنى تاكى ھاياجانلانغىچە تەكرارلىسا ، ئۈمىد ۋە جاسارەت ساھىلىغا قايتىشى مۇمكىن . ئۇنى كۈتۈۋالىدىغان تۇنجى مەلىكە باشقا نەرسە ئەمەس ، يەنىلا ھېلىقى ئالتۇن چىراغ ــ تەبەسسۇمدىن ئىبارەت . پىتنە ــ ئىغۋا كۈلكىلىرى ، قەستۇ ــ كۈنەملىك ھىجىيىشلىرى ، مۇغەمبەرلىك نېزىقاشلىرىغا كەلگەندە شۇنى ئېيتىش كېرەككى ، ھەقىقىي ئىنسانىي قەدىر ــ قىممەتنى خارلىغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تاپاۋىتى تارىخنىڭ ئاچچىق مەسخىرىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس . تارىخ ئىنسانىيەتنى يارىتىپ ، تاكامۇللاشتۇرۇپ كەلمەكتە . بۇ ئۇلۇغۋار ئانا بۈركۈت چۈجە ئوغرىلىغۇچىلارنى كەچۈرمەيدۇ . ئىنسانىيەت بەخت ــ سائادىتىنى ھۆددە ئالغان تارىخ دولقۇنلار يېرىپ ئىلگىرىلەيدۇ . تەبەسسۇم ئۇنىڭ مېلودىيىسى!

سەييياھ بىلوگىدىن ئېلىندى.
http: //seyyah.blogbus.com/logs/35515031.html

# سۈكۈنات

سۈكۈنات ـ ئۇ سۈكۈت قىلىش ئەمەس!
سۈكۈت قىلىش ـ يولسىزلىقتا شېرىكچىلىك ۋە ئۇنىڭغا قارشى كۈرەشتە جۈرئەتسىزلىكتە ئىپادىلىنىدىغان ۋىجدانسىزلىق ئىپادىلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى ھەممىگە روشەن. سۈكۈنات ـ ئۇ تاقەت جۇملىسىدىكى ئەقلى ھادىسە، ئېنىقراق ئېيتقاندا سۈكۈنات ـ تەپەككۇر ئۆركىشىدە شەكىللەنگەن، ئىرادە ئارقىلىق تورمۇزلانغان بىر مەزگىللىك ئالاھىدە روھى كەچۈرمىشتىن ئىبارەت.
سۈكۈنات مىللەت ئۈچۈنمۇ، شەخس ۋە دۆلەت ئۈچۈنمۇ ئالاھىدە قىممەتلىك تەپەككۇر ۋە تەدبىر پەيتى بولۇپ ، ئۇ مول مېۋىلىرى، ھېكمەتلىك بېشارەتلىرى، تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى بىلەن خاتىرىلەنگەن.
سۈكۈنات تۈرلىرى ۋە سۈكۈنات سەمەرىلىرى ھەرخىل. لۇشۈن ھەم ئىچ ئاغرىتىپ ھەم نەپرەتلىنىپ كەلگەن ئىجتىمائىي ئوبيېكتلىرىنى « ئاكيۇ » ئوبرازىغا مۇجەسسەملەش ئالدىدا سۈكۈنات ئازابىدا پىكىر ئۆركەشلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن.
ئابدۇقادىر داموللام چەتئەلدىن ئوقۇشنى تاماملاپ ئۆز يۇرتىغا قايتقاندا، مىللىي زۇلۇم ۋە جاھالەت تۇمانلىرى ئۈستىگە قوشۇلغان ئەجنەبىي جاھانگىرلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ مىللىي تونىغا ئورىنىۋالغان مالايلارغا قارشى ۋولقاندەك پارتلاپ چىقىش ئالدى ـ كەينىدە كۆپ قېتىم سۈكۈنات خىلۋىتىگە چۆككەن.
«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نوقۇل تەلۋە دەبدەبىلەر بىلەن تېتىقسىز ۋايساشلار مەزگىلى بولغىنى يوق. ئۇ، ئۆز نۆۋىتىدە جۇڭگو تارىخىدىكى ئۇلۇغ سۈكۈنات دەۋرى ھەم بولدى. جۇڭگودىكى ئىلغار كىشىلەر كۆپ جەھەتلىمە، مول بىلىش، چۈشىنىش، پەرق ئېتىش، ئويغىنىش، ئىزدىنىش، پىكىر تەلقىنلىرى بىلەن يېڭى دەۋر تەسەۋۋۇرىنىڭ كارتىنىسىنى سىزىشتى.
سۈكۈنات ـ شەخسنىڭ ئۆز ئىرادىسىدىن ھالقىپ كەتكەن تەبىئىي ياكى ئىجتىمائىي كۈچلەر ئالدىدىكى ئىنسانىي تەپەككۇردىمۇ، شۇنىڭدەك ئۆز ـ ئۆزىنى تىزگىنلىگەن ئاڭلىق ئىرادە ئاستىدىكى قايتا ئويلىنىشتىمۇ، جۈملىدىن جەمئىيەتتىكى ھەرخىل يالغان ياۋىداق، بوھتان ياكى بىر مەزگىل چۈشەنمەسلىكتەك روھى بۇرۇقتۇرمىلىقتا ئۆچرىغاندىمۇ يۈز بېرىدۇ.
نەتىجىدە، تەبىئىي ياكى ئىجتىمائىي كۈچلەر مۈشكۈلاتلىرىدىن غەلبە

قىلىش ئۈچۈن ئۆز ئوبيېكتلىرىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى كونكرېت مۇھاكىمە قىلىدۇ. ئۆز پائالىيىتىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئەۋزەل پائالىيەت ئۇسۇللىرىنى ئويلىنىدۇ. بوھتان ۋە چۈشەنمەسلىكلەرنى جەمئىيەتشۇناسلىق ، سىنىپى كۈچلەر سېلىشتۇرمىسى ۋە كىشىلەردە ھەقىقى ئەھۋالنى بىلىش شەكىللەنگۈچە سۈكۈنات يوللىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

سۈكۈنات ـ ئۆزىگە قارىتا ئالغاندا، ئۆزىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى، تارىخ ـ ئۆتمۈشى، ۋىجدان مەجبۇرىيىتى، ئىرادە ـ جاسارىتى، ئۇتۇق ـ سەۋەنلىكلىرى ئۈستىدىكى ئەقلى ئويلىنىش شەكلىدىمۇ غايەت قىممەتلىك كامالەت شەرتىدىن ئىبارەت. مۇنداق سۈكۈنات خۇددى ئايروپىلاننىڭ ئايروپورتقا قونۇش سىياقىدىكى «قايتا ئويلىنىشى» (ئۆز مەجبۇرىيەتلىرى، ۋىجدان ئىجراسى، قەتئىيلىكى، تەدبىر پاكلىقى ۋە تەدبىر ئاقلانىلىكى) ۋە قايتا بايقىشى (ئۆز خەلقى ۋە پۈتكۈل كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ سەۋىيىسى ۋە ئالاقە قۇرۇلمىلىرىنىڭ ھازىرقى رېئال ھالىتى) بولۇپ كىتابىتىن ئالالمىغان دانىشمەنلىك سەمەرىلىرىگە مۇيەسسەر قىلىدۇ. سۈكۈنات قىلىشنى بىلىش چوڭ بەخت ۋە كاتتا ئىقتىدار بولۇپ ، بۇ ئومۇمەن ھايۋانلاردا بولۇشى مۇمكىن بولمىغان ئىنسانىي خاسىيەت ۋە كامالەت ھېسابلىنىدۇ.

بۇنداق سۈكۈناتنىڭ شوئارى «مېنى ئاسارەتكە سالغان نەرسە ئۆز ئەقلىم، تەپەككۇرۇم، روھىمدىكى كىشەنلەر» دېگەن بولمىقى لازىم.•

سۈكۈنات باشقىلارغا قارىتا ئۇلارنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى، چىن ـ ساختىلىقىنى، جىددىي ـ يەڭگىلتەكلىكىنى بايقاشتا تېپىك كۆزىتىش ۋە ئويلىنىۋېلىش مومېنتىدىن ئىبارەت.

ئۇ ساختا قەھرىمانلارنى ۋە ۋاپاسىز دوستلارنى پۇرسەتپەرەسلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق ئېچىپ بېرىدۇ.

سۈكۈنات ـ ئۆز مىللىتىنىڭ، ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ شۇ بىر دەۋردىكى سىۋىلىزاتسىيە قۇرۇلمىسى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى، ئۇنىڭ ئۇتۇق ۋە زەئىپلىكلىرىنى ئەستايىدىل ئويلىنىشتىمۇ مۇھىم تەپەككۇر شەكلىدىن ئىبارەت. ۋەھالەنكى، « تەپەككۇر قىلىدىغان » مىللەتنى يېتىشتۈرۈش بارلىق ھەقىقى تەلىم ـ تەربىيىنىڭ ئەڭ ئالى مەقسىتى ھېسابلىنىدۇ. « ئۆز ـ ئۆزىگە ماختىنىپ يۈرگەن» مىللەت بىلەن «تەپەككۇر قىلىدىغان» مىللەت بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان تارىخى ئىستىقبالغا يۈزلەنگەن مىللەتتۇر،خالاس.

سۈكۈنات ـ شەخسىنىڭ ھاياتىدا كۆپ قېتىم دۇچ كېلىدىغان روھى ھالەت بولۇپ ، ئۇ ئۆز مەزمۇنى، پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ساپاسى يەكۈن ۋە

تەدبىرلىرىنىڭ ئاقىلانىلىكى بىلەن بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىدۇ.

سۈكۈنات ـ ئۈمىدۋار، يىراق كۆرەر، قەيسەر قەلبىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئاڭقىرىش، ئۆز ـ ئۆزىنى كۈچەيتىش ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى «مىراج»ى دۇر. بۇ « مىراج » دا ئۇ رېئاللىق بىلەن تويۇنغان تەپەككۇر بىلەن ئۈچرىشىدۇ ! ئەگەر قورقۇش كەلسە تەلۋىلەرچە لاپخورلۇق قىلىۋاتقان دۈشمەندىن ئەمەس، زەئىپلەرچە سۈكۈنات قىلىۋاتقان رەقىبتىن قورقۇش لازىم.

چوغدىل بىلوگىدىن ئېلىندى.

http://choghdil.blogbus.com/logs/55863176.html

# ئۆزلۈك ئەينىكى

ئىنسان تۇپراقتىن ئۈنگەن گىياھ ، گىياھتىن قەد كۆتۈرگەن ھايۋاننىڭ ئاخىرىغا قوشۇلغان كارامەت مۆجىزە سۈپىتىدە يارالغان پۈتكۈل كائىناتنىڭ ئۇلۇغ ئەۋرىشكىسىدىن ئىبارەت . ئۇ ـ ئەينەككە موھتاج . ئۇ ـ ئاشۇ ئەينەك ئۆزلۈكتە ئۆزىنى كۆرگەندىن كېيىن ، ئۆزگىلەرنى كۆرۈش ئىشقىغا ، ئىنساننى ئىنسانىي كامالەتكە كۆتۈرۈش ۋە ئىنساننى بىر ـ بىرى بىلەن قوشۇش مۇھەببىتىگە مۇيەسسەر بولىدۇ . ئۆزىنى كۆرمەسلىك ـ ئۆزلۈكنى بىلمەسلىك ئىنساننىڭ ھايۋانلىق زىندانىدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق غاپىللىق ئۇيقۇسىدىن ئىبارەت . بۇنداق غاپىل ، مەغرۇر ، تەنتەك ، ئەخمەق ۋە جاھىللىقنى « سەگەكلىك » ۋە بەخت ھالاۋىتى دەپ قاراشقا ئىجىلىراقتۇر . بۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئىنسانلىق ماھىيەتلىرىگە تولمىغان پۈچەك ئىنسانلىق سۈرىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس . ئۇ ـ ئىنسان ئىقتىدارىنى ، ئۇنىڭ كامالەت مۇمكىنلىكىنى ھالاك قىلغۇچى ـ يەڭگىلتەك غاپىللىق . ئىنسان ئۆزىنى چەكلەش ۋە ئۆزىنى كونترول قىلىش ئارقىلىق ، رەقىب ۋە كۈشەندىلىرىنىڭ تەھدىتى ، مۈشكۈل ۋە يېڭىلىشلارنىڭ روھىيەتتە تاۋلىشى ، ئۆلۈم تەھدىتى ۋە كىشىلىك ئۈمىدى ئارقىلىق ئۆزىدە ئىرادە ۋاراقلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ ، نۇرانىلىق ھاسىل قىلىدۇ . بۇ نۇرلار ئۆز ـ ئارا قوشۇلۇپ ، ھېكمەت ئىلھامى ئاستىدا ئۆزلۈك ئەينىكى ھاسىل قىلىشى مۇمكىن ! ئۆزلۈك ئەينىكى ئىنسانىي كامالەتنىڭ قەلبتىكى ماھىيەتلىك قۇياشى . ئۇنىڭدا ئىلگىرىكى مەقسەتلەرنىڭ پەقەت ۋاستە ئىكەنلىكى ، مەيلى مەئىشەت ، مەيلى مەدەنىيەت ، مەيلى ئىلىم ۋە ئىمان، سەنئەت ۋە شېئىرىيەتنىڭ ۋاستە ئىكەنلىكىنى ، ھەقىقى مەقسەت بولسا خۇددى قۇدۇقتا تاشلاپ ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ئەسىرلەپ كىشىلىك تەسەۋۋۇردىن يوقالغان شەمسىدىن ئەتتاردەك بىرلا نەرسە ـ ئىنسان ۋە ئۇنىڭ كامالەتلىك ئىجتىمائىي ـ مەنىۋى بەخت ـ سائادىتى ئىكەنلىكىنى كۆرىسەن . ئۇ چاغدا ئۇلۇغ قۇلدارلارنىڭلا قورچاق ۋە خار كۆرگەن قۇللارنىڭ نۇرانە مالائىكە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىڭ ، كىشىلىك يولدا مەسلەك يۆتكىشىڭ ھېچقانداق سىر بولماي قالىدۇ . ئۆزىنى چۈشەنگەن كامىل ، ئۆزۈمچىلىكنى ئۇنتۇغان ئالىمدۇر ، ئۇ ئۆزىنى ئۆزى ئۇنتۇيدۇ ۋە بارلىق ئىنسانىيەت ئالىمى بىلەن قوشۇلىدۇ . بۇ ئارىدا ھەقىقەتنى يوشۇرغان پەردىلەر ، چېگرالار ، سېپىللار ، ھېلىقى لاي قورچاقلارنىڭ كىشىلەرنى

ئۆزىگە سەجدە قىلدۇرۇش كويىدا ياراتقان ئەپسۇنكەش رىسالە ۋە سېھرىگەر نىزاملار بولۇپ چىقىدۇ . سەن تەڭرىلىك مۇقامىدا تۇرۇپ ئىنسانغا چوقۇنىسەن ، بۇ ئۇلۇغ ياتلىششتىن ئۆزلۈك ۋە ۋەھدەت دۇنياسىغا قايتا كۆز ئېچىش دېمەكتۇر . سەن شۇ چاغدا ئىستىغپار ئوقۇيسەن ؛ ئاددىي كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلمىگەن ، ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ھايۋانىي تەرىپىنىلا تەن ئېلىپ ، كامالەت تەرىپىگە ئەقلىڭ يەتمىگەن ياكى ئۇنى تەن ئېلىشنى خالىمىغان ، ھەتتا چەتتىن ئۇلۇغۋار ئەللامە ئىزلەپ ، ئۇنىڭغا مۇرت بولۇپ ، ئۆز ئۇلۇغلىرىڭنى ئىغۋا كۆھىقاپىنىڭ تاش بورانلىرىدا يىقىتىپ ، ئەيسادەك دارغا مىخلاپ ، ئۆزگىلەر قولى بىلەن قەتلى قىلىپ ، كونا جۇۋىغا پۈركۈنۈپ يۈرگەن كۈنلىرىڭگە توۋا قىلىسەن . دەرھەقىقەت ، دانىشمەنلىكنىڭ دەردى نۇرغۇن ، ئۇ ھاياتنىڭ ساختا لەززىتىدىن كېچىپ ، ھەقىقى ئازابلىرىدا ياشايدۇ .ياشاشنىڭ قىسقىلىقىنى بىلىپ ، كېچە ـ كۈندۈز ئەجىر ـ ئەمگەك قىلىدۇ .ئۇ ئالدىن دىل يۇرۇتقاچقا قەلبى ھەقىقەت ، لەۋزى ئادالەت ئوتىدا كۆيۈپ ، كىشىلەر بىلگەن ئامەتلەرنىڭ ئىللەتلىكىنى ئېغىزىدىن چىقىرىشتىن ئەيمىنىپ ، ئېغىر ـ دىلكەشسىز ـ تەنھالىق ئىچىدە دەرد يۇتىدۇ ؛ ئۇ ئۆمۈربويى رەشك ۋە جاھالەت ئىللىتىدىن نەپرەت ۋە مەيۈسلۈك چېكىدۇ . ئۇ ئۆز ھاياتىدا قايتا ئويغىنىش، ئۇلۇغ بۇرۇلۇش بىلەن ئىككىنچى قېتىم قايتا تۇغۇلغان تەپەككۇر بايراقدارىنىڭ دەل ئۆزى !ئۇ قۇياش ! تەنھا ، بىراق مىليون ـ مىليون يورۇق يۇلتۇزلارنى ياراتقۇچى قەلب كامالىتىنىڭ ئىنژېنېرى ، ئۇلار دوزاخ ئوتىدا كۆيۈپ تۇرسىمۇ جەننەت دەرۋازىسىنى ئاچقۇچىلارنىڭ سىماھى بەستى ۋە زاھىرى ئەسلىدۇر . ئۆزلۈك ئەينىكى ـ مىراجى ئەلاكى ، ئۇنىڭسىز تەڭرىنى ، ئۆزۈڭنى ، ئاشىقىڭنى ، مەشۇقىڭنى ، مەھبۇبىڭنى ، مەقسىتىڭنى كۆرەلمەيسەن . ئۆزلۈك ئەينىكى كامىل ئىنسانىنىڭ قەلبىدىكى ۋەھدەتتۇر . ۋەھدەت ـ مۇھەببەتنىڭ ۋىسال تويى . «ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيتى » ناملىق كىتابتىن

سەيياھ بىلوگىدىن ئېلىندى.

# ئۆزلەت _ ئۆزۋېڭنى تونۇ !

ئىنسان يىغلاپ تۇغۇلۇپ ، جاپا بىلەن ياشاپ ، ھەسرەت بىلەن ئۆلىدۇ ! ئىنسانىنىڭ سىرلىرى ، مۇئەمماللىرى مۇناجات قۇبىبىسىدە ئەمەس ، بەلكى ئۆزلۈك بىناسىدا !تىلەكلىرىڭنىڭ نىجادىيىتى ئۆزۋېڭدە ئىكەنلىكىنى بىل ! تىلەكلىرىڭنىڭ سەۋەبكارى _ ئاجىزلىقىڭدۇر ! ئاجىزلىقىڭ سەندىكى گۇماننى ئارقىغا ياندۇرالايدىغان ئۇلۇغ كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ تاغ ھالىتىدىن قۇم ھالىتىگە پارچىلانغانلىقىدىندۇر . ئۇنى پارچىلىغان _ ئۆزۋېڭ ! نەپسىڭ،تەمەخورلۇقۇڭ ، رەشكى ـ ھەسەتلىرىڭ ، نادان ۋە تەرسالىقىڭ ۋە ئۆزۋېڭ ياساپ ، ئۆزۋېڭ ئىقتىدا قىلغان تۆمۈرمۇش قورچاقلىرىڭ ! پارچىلانغانلىقىڭ ۋەھدەتتىن چەتنىگەن ، ئۆز ماھىيەتلىرىڭگە نىسبەتەن ياتلاشقان قەلبى ھىجرانىڭدىن ئىبارەت . سەن پارچىلانغاچقا ، نىيەتلىرىڭ بۇزۇلغان ، ئۆزلۈك ئەيىنىكىڭ سۇنغان ، ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىڭمۇ تالقاندەك پارچىلىنىپ بىر ـ بىرى بىلەن جەڭگى ـ جېدەل جەڭگاھى تۈزگەن . نەيزە ـ ئاپتوماتلىرىڭ ئۇنىڭ تەرسا چۇقانلىرى . قارا ، سەن ئاقىۋەت ھايۋاندىنمۇ بەتتەر يىرتقۇچلۇق ، خەستىنمۇ تۆۋەن قەدىرسىزلىك ئىچىدە جاپا ۋە ھەسرەت داشقازىنىدا ئىڭرايسەن . سەن ئىنسانلىقىڭنىڭ ئاسىيسى، كامالەتنىڭ قاتىلى ، تۇرمۇشنىڭ ئەخلىتى ، بۇ تەقدىرىڭنى ئۆزۋېڭ تۈزگەن، ئاتەشتىن ، ئەمما نەپسانىي ئۈمىد تەنتەكلىرىڭگە مەھلىيا بولۇپ تۈزگەنسەن !

تەقدىرىڭ ئەزەلىكتە ياكى ئىلاھىيەتنىڭ رەھىم ـ شەپقىتى ، قەھرى ـ غەزىپىدە ئەمەس ، بەلكى مۇھەببەت ـ نەپرەتكە تولغان بۇ ئالەمدە ، ئۆزۋېڭ يوقاتقان ، ئۆزۋېڭ ئىزدەپ يۈرگەن ، ئۆزۋېڭ يەنە كۆتۈرۈپ يۈرگەن نەرسىدە _ ئىنسانىي قىممىتىڭدە !

ئىنسانىي قىممەت ئاتقا مىنگۈچىنىڭ ماھىيەت قىممىتى ! ئاتنىڭ سۈرەت باھاسى ئەمەس ! ئۇنى زەڭگى ئات باھاسىدا قاراپ تەمەننا قىلما ، بەلكى ئاتقا مىنگۈچى قىممىتىدە قاراپ نەپرەتلەن ! ئۆزىدىن نەپرەتلىنىشنى بىلمىگەن ئىنسان ئۆزىنى بارغانسېرى نەپرەتلىك سىماھقا ئايلاندۇرۇۋاتقان ئىنساندۇر . مېنىڭ ئاخىرقى «ئىنسان» ئىبارىسىنى دىلىم غەش ، قەلىمىم تىترەپ يېزىۋاتقانلىقىمنى پەقەت ئۆزلۈك ھېسسىياتىدىلا ھېس قىلالىشىڭ مۇمكىن . ئات پېتىقلىۋەتكەن بۇ ئىنسانىي قىممەتتىن ساڭا قانداق تەقدىر نېسىپ بولاتتى ، ئەي نادان !

سېنى جاھان بىلمەك ، ھېس قىلماق ، مەقسىتى مۆتىلەق قىلىپ يوقلۇقتىن ياراتتى . سەن بارلىقنىڭ گۈللىنىشى ، سىرلارنىڭ ئاچقۇچى . ئاللا ھەممە ئىقتىدارىڭنى ئۆز ئىلكىڭگە بەرگەن . سەن ئەقىل ئىزدە ! ئۇ كىتاب سەھىپىلىرىدە ، تەجرىبە جەريانلىرىدا ، تۇرمۇش تۇزانلىرىدا ، تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ تەلقىن ۋە قاناتلىرىدا . ھەسەل ھەرىسىلا بال يىغالايدۇ ، بال يەشىكىدىن ئەمەس ، مۆھتتىن . ھەسەل ھەرىسى بول . بىلگىنكى ، ئەقىل يېنىڭدا _ نادانلىقىڭنىڭ لاچىن قارىچۇقلىرىغا ، غەزەپلىرىڭنىڭ يىلان تىلى تېگىگە ، تەرسالىقىڭنىڭ ئات تۇۋقى ئاستىغا كۆمۈلگەن !
ھەممە نەرسىنى كۆمگەن ۋە ئۇنىڭ موھتاجلىقى سەھراسىدا ئېچىرقاپ يۈرگەن ئىنساندا نېمە بايلىق ـ ئاۋاتلىق ، بەخت ـ گۈزەللىك ، كامالەت _ سۆيلىزاتسىيە بولاتتى ! ئۇ ، تار نەزەر ئوچىقىدا ، داچەن تۆشۈكىدە چاشقان كۈتۈپ ياتقان مۈشۈك ، ئەڭ مۆبالىغە قىلغاندىمۇ مولۇندۇر .
ۋەھىمى ۋە بىخۇدلۇق ، تەمەخورلۇق ۋە تەكەببۇرلۇق ، پەلەمپەي سىياقىدىكى مەنىۋى قۇللۇق ۋە قۇلدارلىق ، ئاچ كۆزلۈك ۋە ئىسراپخورلۇق _ قىسقىسى ، كامالەت مىزانىدىن چەتنىگەن غەلىتە روھىيەت ، مانا ئۇنىڭ ئۆمۈر مۆھتى ! ئۇ قاتىل ۋە ئۆلگۈچى ، ئوغرى ۋە جاللات ، قۇل ۋە زوراۋان . ئۇنى ئۆلگەن ياكى كىشىلىك دۇنياسىغا تېخى كەلمىگەن ، دەي دېسەڭ ئۇنىڭ تاشلىغان زەھەرلىك قالدۇقلىرى ھايات چىمەنزارلىقىنى بۇلغىغان . غەلىتىلىكى شۇكى ، ئۇنىڭ قالدۇقلىرى ئاداشتۇرغۇچى كرىستاللدەك ، قەلبى ئاجىز كۆزلەرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ !

چوغدىل بلوگىدىن ئېلىندى :
http://choghdil.blogbus.com/logs/55161381.html

# « ۋەتەن » دېگەن نېمە ؟

«ۋەتەن » چۈشەنچىسى ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ھەرخىل مەنىلەردە بولۇپ كەلدى . ئۇ كېيىنچە ھۆكۈمرانلىق سەلتەنەتلىرى تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرى دەخلىسىز بولغان دۆلەتلەر ياكى دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەرخىل خەلقلەر ۋە مىللەتلەرگە ئورتاق رىشتە سۈپىتىدە تەكىتلەندى . شۇنداق بۇلىشىغا قارىماي پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى شۇ نەرسىنى ئېتىراپ قىلىدۇكى ، « ۋەتەن » ئىككى قاتلاملىق مەنىدىكى ئېتنوگېيىلىك تامغا ۋە ئاڭدۇر . بىرىنچى ، ھەربىر كىشىنىڭ ئۆز ئەجداد ۋە ئەۋلادى بىلەن ياشاپ كەلگەن ماكان ـ جۇغراپىيىلىك چەمبىرىكىدۇر . بۇ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ، تارىخىي جۇغراپىيىلىك ، رېئال ـ ئىجتىمائىي جۇغراپىيىلىك ماكان چەمبىرى بولۇپ، « ۋەتەن » كاتېگورىيىسىنىڭ تاشقى شەرتىنى كۆرسىتىدۇ . ھەر بىر تۇغۇلغان پەرزەنت مۇشۇ ماكان چەمبىرىدە كۆز يورۇتىدۇ . ئىككىنچىدىن ، ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆز ئەجداد ۋە ئەۋلادى بىلەن ياراتقان ، ۋارىسلىق قىلغان مىللىي مەدەنىيەت تىپى ، ئېتنىك روھىيەت خەزىنىسى ــ تىل ، فولكلور ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ، ئۆرۈپ ـ ئادەت ، ئىقتىسادىي تۇرمۇش رىجىسى ، مىللىي تارىخى ، ئەقىدە ـ مىزانلىرى ، پەخىر ـ ئىپتىخارى ۋە ئار ـ نومۇس ئادەتلىرىدىن ھاسىل بولغان مىللىيەتلىك چەمبىرى بولۇپ ، بۇ «ۋەتەن » كاتېگورىيىسىنىڭ ئىچكى شەرتلىرىنى كۆرسىتىدۇ . ھەر بىر تۇغۇلغان پەرزەنت مۇشۇ مىللىيەتلىك چەمبىرىدە تۇغۇلىدۇ ، ئۇنىڭدىن ھالقىپ چىقىپ كېتەلمەيدۇ .

ھەربىر ئادەم مۇئەييەن « ۋەتەن » ۋە « مىللىيەتلىك » كە تەۋە بولۇپ ، بۇ ئۇنىڭ پۈتۈن بىئولوگېيىلىك تۈزۈلمىسى ، ئىجتىمائىي خاراكتېرىگە يوشۇرۇن ئاڭ ــ تۇغما جىسمانىي ۋە ھېسسىي تامغا باسقان بولىدۇ . ئۇنىڭ قانداق ۋە قانچىلىك ئادەم بولالىشى ئومۇمەن ئۇ ياشىغان تارىخ مەزگىلىدىكى « ۋەتەن » ۋە «مىللىيەتلىك » قىممىتىگە باغلانغان .

«ۋەتەن » خۇددى ئانا قېلىپتەك ئۆز پەرزەنتلىرىنى يارىتىدۇ : ئوخشاشلا ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ئانا « ۋەتەن » نىڭ ھال ـ ئەھۋالى ، قىممەت ـ ئېتىبارى ۋە تەقدىر قىسمەتلىرىنى يارىتىدۇ . ھەركىم ، ھەر ئائىلە ئۆز ھال ـ پەزىلەتلىرىگە يارىشا ياشىغىنىدەك ، ھەربىر مىللەتمۇ ھەممىدىن ئىلگىرى ئىچكى سەۋەبلىرى ــ ئۆز تۇركۇمىنىڭ ھال ـ پەزىلەتلىرىگە يارىشا تەقدىر قىسمەت كەچۈرىدۇ .

« ۋەتەن » نى تەشكىل قىلغۇچى تاشقى ماكان ۋە ئىچكى مىللىيەتلىكتىن ئىككى ئامىلدا ھەل قىلغۇچ ئامىل ئىچكى مىللىيەتلىكتۇر . ئەگەر بۇ ئامىل تارقاق ، نادان ۋە جاھالەت ئىچىدە قالغان بولسا ، تاشقى جۇغراپىيىلىك ماكان ئامىلى ئىستىپلا ۋە دەپسەندە پەنجىسىدە ئۆز پەرزەنتلىرىگە زىت ۋاستىگە ئايلىنىدۇ . روشەنكى ، مىللىيەتلىك تىپىك خاسلىققا ۋە شۇ سەۋەبلىك باشقا مىللىيەتلىك تۈركۈم تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىشتىن ئۆزگە تەقدىرگە دۇچ كەلسىمۇ ، ماكان ۋە ئۇنىڭ بايلىقلىرى ھەرقانداق ئېتنىك تۈركۈم تەرىپىدىن چەتكە قېقىلماي ئۆزلەشتۈرىلىدىغان ئوبيېكتتۇر . « ۋەتەن » نى تەشكىل قىلغۇچى ئىككى ئامىلنىڭ بىر بىرىدىن ئاجرىلىپ كېتىشى بىر بىرىگە قارشى قىممەتكە ئىگە بولۇشى ، تارىخنى بۇرمىلاش ۋە يەرلىك مىللەتنىڭ ئېتنىك مەدەنىيىتىنى ھاقارەتلەشتىن ئىبارەت غەيرىي نورماللىقنى جەزىملەشتۈرىدۇ . تەنتەنىلىك ئىبارىلەر بىلەن بىزەندۈرۈلگەن بۇ تارىخى يۈزلىنىشنىڭ پاجىئەلىك ماھىيىتىنى كۆرمەسلىك ھەقىقەتتىن مەھرۇملۇقتۇر . بۇ پاجىئە ئۈچۈن پىداكارلىق قىلىش ساتقۇنلۇقتۇر .

«ۋەتەن» تارىخى ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىش ، ئۆز ماھىيەتلىرىنى ئىزدەش ، يورۇقلۇق ۋە ھەقىقەت ئىچىدىكى ھۆرلۈك ئۈچۈن كۈرەش قىلىش تارىخىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلالمايدۇ . بۇ ئۇلۇغ ئىنسانىيەت بىلەن بىللە « ۋەتەن » ۋە مىللەتنىڭ نۇرانە ئىستىقبالىدىن غايەت زور مۇمكىنلىكلەرنى يوققا چىقارمايدۇ . روشەنكى ، ھەرىكەت ئالەمنىڭ تىنىقى ، ئۆزگىرىش جاھاننىڭ بىقارار قىياپىتىدۇر . مۆجىزە _ شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرنىڭ چېكىگە يەتكەندىكى قايرىلىپ تەبەسسۇم قىلىشىدۇر . تارىخ ھەرقانداق پەيدا قىلغۇچى سەۋەبنىڭ ھالاك قىلغۇچى سەۋەبلىكىنى ئەزەلدىن نامايىش قىلىپ كەلگەن . شۇنىڭ ئۈچۈن براخمان دىنىدىكىلەر كۆپ قوللۇق سىۋا ئىلاھىنى ھەم ئالەم بىنا قىلغۇچى ھەم ئالەمنى ھالاك قىلغۇچى مۇئەككەل دەپ ئېتىقاد قىلغان ئىدى.

ھەرقانداق مىللەت مىللىي تارىخىنى ، ۋەتەن تارىخىنى بىلىش ۋە بۇنىڭدىن ئېيتىخارلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە . بۇ تولىمۇ نورمال ئىنسانپەرۋەرلىككە ئۇيغۇن ئىنسانىي ھوقۇق قارىشىدۇر . ھەرقانداق ۋاستىلەر بىلەن بۇ ھوقۇقنى بوغماق ، ھاقارەتلىمەك ۋە بۇرمىلىماق زېمىن كىشەيمىچىلىكى ۋە مىللىي شوۋىنىزم ئالامىتى بولۇپ ، ئومۇملۇق جەھەتتە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ۋە مەدەنىيلىككە زىت زوراۋانلىقتۇر . مىللەتلەرنى مىللەتلەرگە ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى بىر ـ بىرىگە قارشى قويۇش بىلەن مىللەتلەرنى ، ئۇلارنىڭ قىرىنداشلىق ۋە مەدەنىيەت تۈركۈملۈك

ئالاھىدىلىكلىرىنى ، بۇلاردىن تەبىئىي يوسۇندا كېلىپ چىقىدىغان ھوقۇقى مۇمكىنلىكلىرىنى ئىنكار قىلىش ۋىجدانسىزلىق ، ئادالەتسىزلىك ۋە قەستىكارلىق ھېسابلىنىشى لازىم . بۇ قائىدىلەر ئۇچۇق - يورۇق كۆچكە ئىگە بولمىغان جايدا سۆزلەنگەن مۇقەددەس ئىبارىلەر سۇئىئىي ياساندۇرۇلغان ساختىلىقتىن ۋە بۇ ساختىلىقنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئاشكارىلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس . خەلقلەر ئارىسىغا ئۇنىڭ مەلۇم قىسمى بىلەن بىرلىشىۋېلىپ ، ئۇنىڭ مەلۇم يەنە بىر قىسمىغا قارشى تۇرۇشنى ئىدىيە ، روھىيەت ۋە دىپلوماتىك سىياسەت قىلىۋېلىش ئاتالمىش « يىراقتىكىلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ ، يېقىندىكىلەرگە ھۇجۇم قىلىش تاكتىكىسى » دۇر . بۇنداق قىلىش ئىنسانىيەتنىڭ جاھالەت دەۋرىگە خاس بولۇپ ، بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ھازىرقى زامان جاھالىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس .

تارىخ تولىمۇ ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى . ئۇنىڭ كەلگۈسىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن . ئىنسانىيەت تېخى ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەر ئىنسانىيەتكە ئايلىنىپ بولالمىغان بولسىمۇ ، بۇ جەريان ئۇچقۇر ۋاقىتقا ئەگىشىپ تەدرىجىي يۈز بەرمەكتە . ئاقىلانە ئىنساننىڭ بۇرچى ئۆتمۈش بىلەن كەلگۈسى ئارىسىدىكى ھازىرقى تارىخنى تېخىمۇ ئىنسانىيلىككە ، ئۇنىڭ ئەركى ۋە كىشىلىك قىممىتىگە لايىق قىلىپ يارىتىشتىن ئىبارەت . كەلگۈسىنىڭ كۈچلۈك مەسخىرىسى ۋە مەدھىيىسى خۇددى قىيامەت كۈنىدىكى ھۆكۈم لەۋھەلىرىدەك ئەبەدىي تەكرارلىنىدىغان ھۆكۈمدۇر . ھەرقانداق ھاكىمنىڭ سەلتەنەت تەختى - تاجى ، ھەرقانداق پېقىر مەھكۇمنىڭ گادايلىق ھاسا - تاۋىقى ، ھەر قانداق مەدىھىيات ياكى ھاقارەت سالنەملىرى بۇ ئەبەدىي تەكرارلىنىدىغان يەكۈننىڭ ھەقىقەت نۇرى ۋە مۇقەددەس كۈچى ئالدىدا ئاجىزدۇر .

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ « قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا » ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى

# «قۇلىقىڭنى تارت » توغرىسىدا

بۇ ـ ئېغاڭلاتسا يوپۇرماقلىرىدىن گۇل تۆكۇلىدىغان ، تىكەنلىك دەرەختىن باشقا ھېچنەرسە يىلتىز تارتالمايدىغان مەدەنىيەت چۆللۇكىدىكى ھازىرقى زامان ئەپسانىسى. . .

بۇ ـ يۇرىكى زەرگەرنىڭ ئېرىتىش ئوچىقىدا سۇغا ئايلىنىپ ، يالجىراپ تۇرغان چوغقا سىڭىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرسىمۇ ، نىگاھىنى ساختا تەكەللۇپ يوپۇرماقلىرى بىلەن بېزەندۇرۇپ تۇرغان شۆھرەت قەھۋەخانىسىدا ئۇقۇلغان كېچىلىك ناخشا. . .

بۇ ئەتىرگۇل بەرگىگە سىغىز تۇپراق چاڭ توزانلىرىدىن لاك سۇركەلگەن ، ئەقىل ـ ئىدراك ئەينىكىگە ھودۇققان تەلۋىنىڭ ئېغىر مۇشتىدىن دەز كەتكەن ، قىرائەتچى قارىينىڭ كۆز قىرى مۇقەددەس كىتاب سەھىپىلىرىدىن لېپاپىغا قاچىلانغان ، ئاقچىنىڭ ۋەزنىگە سىيرىلىپ كەتكەن تومۇز ئاپتىپىدىكى غەلىتە رىۋايەت. . .

بۇ « كېچىسى قەتلى قىلىنىپ ، كۇندۇزى ھازا ئاچقان » ھىيلىگەر بەگزادىنىڭ قارا قەلبىدىن تامغان قارا بوتقىدا بويالغان ھىيلە ياغلىقىنى كۆزىگە تاقىۋالغانلىقىنى ئۇنتۇلغان سەبىينىڭ قاتىلغا ئەگىشىپ ، ياقا يىرتىپ ۋارقىرىغان ھاماقەت نالىسى . . .

بۇ ـ يوپۇرماقلىرىنى بوران سوققان ، قوۋزاق پوستىنى ئېشەك غاجىلىغان، تۇۋىنى سەلەپىنىڭ قارا سوقماقلىرى بوشاتقان پەرۋىشسىز دەرەخنىڭ بىگۇناھ يولۇچىنى بېسىۋېلىپ ، ئادا قىلماقچى بولغان پىغانىدىن چىققانلىق غۇرۇرى . . .

بۇ ـ بىر ئاپەت ، ھاقارەت ، ئاچلىق ، قورقۇش گىردابىدا تەمتىرەپ ھودۇققان بەختسىز ئەرۋاھنىڭ ئۆز تەقدىرىگە ئىز بېسىپ كېلىۋاتقان خۇبىن تىرىك چۈشىدىكى مەجنۇن پىرىسىدەك ئەسەبىي چۇش . . .

بۇ ـ رۇستەمنىڭ ئۆز دادىسى زالنى تونۇۋېلىشتىن ئىلگىرىكى ، ئۇنىڭ كۆكسىگە قاداپ قويغان بەھەيۋەت خەنجىرى. . .

بۇ ـ گۇل بىلەن نەۋرۇزنىڭ يۇزلىرىگە زەنجىر تور تاقىۋالغان دەقىقىلەردە بىر بىرىگە قارشى شىلتىشقان قىلىچلىرىنىڭ ئىدراكسىز ساداسى . . .

بۇ خۇرسىنغانلىق يىغا ، ھاقارەتلىك نالە ، شۇنىڭدەك قاقاقلاپ ئاڭلانغان كۇلكە ، ئۆز ئۆزىنى قايتا بىلىشنىڭ جىمجىت سۇكۇناتى . . .

مەن ئويلايمەن :ساغلام بەدەندىن ساغلام ئەقىل تۇغۇلىدۇ . مىللىتىمىزنىڭ

نادىر گەۋدىسى بىتابلىق خەستەلىكتىن خالىي ئەمەس !
مەن ئويلايمەن : بۇزۇلغان مۇھىتتىن بۇزۇقلۇق ئۆملەپ چىقىدۇ .
مىللىتىمىزنىڭ نادىر گەۋدىسى بىتابلىق خەستەلىكتىن خالىي ئەمەس!
مەن ئويلايمەن : بۇزۇلغان مۇھىتتىن بۇزۇقلۇق ئۆملەپ چىقىدۇ .
مىللىتىمىزنىڭ ئىللىق قوينىدا يۇقۇملىنىش پەيدا قىلىدىغان كېسەل سۇغۇرلار يوق ئەمەس ! مەن ئويلايمەن : ئەقلىنىڭ بىر قانىتى ۋىجدان ، يەنە بىر قانىتى ئار نومۇس . مىللىتىمىزنىڭ ئەقىل ئىگىلىرى پاك ۋىجدانىنى ئۇلۇغلاپ ، ناپاك قاباھەتنى قامچىلاشنى ئىنسانى بۇرچ دەپ بىلىدۇ . بۇنداق ئۆتكۈر ئەقىل ئىدراك مۇنبىرىدە سۆيىقەست ئۇستىكاسىنىڭ ، ھىيلە يېلىملىرىدا يەملەنگەن زىيانكەشلىك دەۋالىرىنىڭ «ئادالەت مۆھرى» بىلەن پېچەتلىنىپ ، بەر قارار تېپىشىدىن ئىبلىسنى خۇشال قىلىدىغان پاجىئەلەرنىڭ چىقماسلىقىغا يەنە ئەقىل ئىدراك ، ئادىل ۋىجدان، ئىزگۈلۈككە بولغان ئىشەنچ ـ ئىماندىن باشقا قايسىبىر قۇدرەت كاپالەت بېرەلەيدۇ ؟ ! ئادىشىپ ئىشىنىپ قېلىش خۇددى بىۋاستە ئەمەلىيەتتە ، بىۋاستە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ئىشىنىشتەك بەرقارار بولمىسىمۇ ، ھەر ھالدا كۆڭۈلدىن كۆزگىچە دولقۇن چېچىپ تۇرىدىغان ئىشەنچتۇر . بۇ ئىنساندا بولۇپ تۇرىدىغان بىلىش جەريانىدىكى ھەقىقەتكە ياندىشقان غەيرىي ھەقىقىي ھادىسە . ئۇ ئۆز ئۆزىنى ئىنكار ۋە سالاۋات قىلىشقا تەييار بولغان « سۆيۈملۈك ئادىشىش . » مەن گىرىكلەر دارغا ئېسىۋاتقان سوقراتنى ، قۇندۇز ھاكىمى دارغا ئاسقان مەشرەپنى ، بۇرھانىدىن خوجا چاپقان ئەرشنى ، تاز مەزىن بوغۇزلىغان ئابدۇقادىر داموللامنى ئۆز خەلقىدىن چىققان دۈشمەنلەر ياتلارغا ئالدىنىپ قەتلى قىلغان، دەپ قاراپ كېلىۋاتىمەن . بىر زامانلاردا خەنزۇلار ئالدىدا ۋاڭ جىڭۋېي ئەمەس ، بەلكى لۇشۈن ئەپەندى مىللەت خائىنى دېيىلگەندى . كېيىنچە ئويغانغان جامائەت لۇشۈن جىنازا يۆپۈغى ئۈستىگە « مىللەتنىڭ ئەرۋاھى» ( مىللەتنىڭ روھى ) دېگەن يوغان ئۆچ خەتنى يېزىشتى . يېقىندىلا قىرغىز ـ ئۆزبېك مىللەتلىرىنىڭ كالتە توقۇنۇشلىرىدا ، ئۆز خەلقىگە ھاي بەرگەنلىكى ئۈچۈن چىڭغىز ئايتماتوفنى ئۆز مىللىتى ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەر «مىللەت خائىنى » دەپ ۋاقىراشمىدىمۇ ؟ مانا بۇلار ، بىۋاستە ئەمەلىيەتتە سىنالمىغان ، كۆزنىڭ ھېچقانداق شاھىتلىقى ، مەنتىقىنىڭ ھېچقانداق غەيرىي زىددىيەتلىك ئىزچىللىقى ، سۆز ھەرىكەتنىڭ ھېچقانداق ئۆز ئۆزىگە مەسئۇلىيىتى بولمىغان قارا كەلكۈنى بولماي نېمە ؟
دەرەخنى ئۇنىڭ ئۆز شېخىنى سايە قىلىپ ، ئۇلارنىڭ بىر بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرغانلىقىدىن پايدىلىنىپ ۋەيران قىلىش مۇمكىن بولغىنىدەك ، ئەقلىنىمۇ

گەپ سۆز بىلەن ، تەپەككۇرنىمۇ يالغان ياۋىداق بىلەن بىلەن شاخ شىخىدىن كەسلىۋېتىش مۇمكىن ئىكەن ! ھەيرانمەن : شەيتانىمۇ ھاۋا ئانىمىزنىڭ كۆزىگە ئەمەس ، قۇلىقىغا يالغان ياۋىداق سۆزلەپ ، قۇلاقنى كىرلەشتۈرۈپ «تۇنجى گۇناھ» غا باشلىغانىدى . شۇ يىراق ئەلمىساقتىن بىرى ئاداشقانلارنىڭ كۆپى كۆزدىن ئەمەس ، قۇلاقتىن كەتكەن ! بۇ قارىغۇ قۇلاق ، بۇ تەمىنى سىزىدىغان تىلى ، قاتتىق يۇمشاقنى سىزىدىغان چىشى ، چوڭ كىچىكنى پەرقلەندۈرىدىغان ئېغىز بوشلۇقى يوق قۇلاق زەررىدىن تاكى ئالەمگىچە بولغان ھەممە نەرسنى شۇ پېتى يالماپلا ئەقىل تەختىگە ياتداشتۇرۇپ قويىدۇ . قۇلاق تۇپەيلى يېقىلغان ئوت ، ئېتىلغان ئوق ئازمۇ؟! ئويلاپ قالدىم : قولۇقنى تارت ، تىلىڭنى تارت ، نەپسىڭنى تارت ! دېگەنلەرنى كۆپ قېتىم ئاڭلىدىم ، كۆپ كىتابلاردىن تەكرار ئوقۇدۇم ، «قۇلىقىڭنى تارت» دېيىش بىزگە ، مۇشۇ ئەۋلاد كىشىلىرىگە قالغان ئاچچىق ھېكمەتنامە بولسا كېرەك . . . «قۇلىقىڭنى تارت» ! شۇ چاغدىلا ئىبلىس تۇزىقى ، كىشىلىك كىرلىرىدىن پاكلانغان ئىنسانى ئەقىل بۇركۈتنىڭ ھەققەت دۇردانىلىرى چېقىنداپ تۇرغان ئىجادىيەت گۈلزارىغا قاراپ سۇزۇك تەپەككۇر ، يەڭگىل بەدەنلىرى بىلەن ئازادە پەرۋاز قىلالايدۇ . بۇنىڭسىز ئىللەت بوتقىسىدىن ئۆمىلەپ تۇرۇشۇڭ مۇمكىن ئەمەس . . .! مانا بۇ ، نەملىرى ئاياغلاشقان قەلبىمدىن تىزىلغان ئاخىرقى قەترىلەر . . .

چوغدىل بلوگىدىن ئېلىندى:
http://choghdil.blogbus.com/logs/55864173.html

# تارىخ ھەققىدە

تارىخ ئالدى بىلەن ئىنسانىيەت ھاياتلىق كۆرەشلىرى تارىخ بولۇشى بىلەن بىللە ، يەنە ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش تارىخىدىن ئىبارەت . ئىنسانىيەت ئۆز تارىخىنى تاكى يېزىق بىلەن ئىپادىلىگۈچە بولغان ئۇزاق زامانلار داۋامىدا تاش ، يېزىق ۋە مېتالدىن ، تاش ۋە ئۇستىخاندىن ياسالغان ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ، جۇملىدىن ئەڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە سەنئەت يادىكارلىقلىرىغا « يېزىپ » قالدۇرغان.

مەلۇمكى ، ئىنسان ئۇچۇر قالدۇرغۇچى زاتتۇر . ئەگەر بىز يېزىقنى ئۇچۇر دەپ قارىغىنىمىزدا ، ئۇچۇرنىڭ ئىنسانىيەت بىلەن بىللە مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەر بىر قەدىمى ئەگەر ئۇ ساقلىنىپ قالغان بولسا ، ئۇچۇر قىممىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىمىز . ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ بىۋاستە ، بىرىنچى قول ، ئەمەلىي ۋە كونكرېت چۆكمىلىرى ھەرقانداق تارىخچىنىڭ ، بولۇپمۇ ئۇردا تارىخچىلىرىنىڭ ھەرپ بىلەن يازغان تارىخىدىن چىنراق ئۇچۇر قىممىتىگە ئىگە . بۇ ھەقتە بىز مۇنداق قارايمىز :

بىرىنچىدىن ، تارىخنى ھەممىدىن ئىلگىرى ئۆزى ياراتقان خەلقنىڭ تارىخ ئىزى ، تارىخ چۆكمىلىرى ، تارىخ ئۇچۇرىنى ئاساس قىلىپ مۇھاكىمە قىلىش كېرەك . ئۇ ، باشقا ۋاستىلىك ، يازما مەلۇماتلارنىڭ ئەقىلگە ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكىنى ئۆلچەيدىغان مىزان.

ئىككىنچىدىن ، تارىخنىڭ ئۇچۇرى ئۆزى ياراتقان خەلقنىڭ تۇرمۇش ـ كەچۈرمىشلىرىدەك ئىزچىللىقتا ، سىستېمىلىقتا ، مەنتىقىلىقتا ۋە ئەنئەنىۋىيلىكتە ئىگە . ياسالما « ياكىت » لار ياتلىقى ، ياسالمىلىقى، تەنها ۋە تاسادىپىيلىقى بىلەن سىگنەيدۇ .

ئۈچىنچىدىن ، ئۇچۇر تارىخ ھېسابلىنىدىكەن ، ھەممە خەلقنىڭ تارىخى ئوخشاشلا تولىمۇ قەدىمدۇر . يازما تارىخى مەنبەلەر يېتەرلىك تويلىنىشى ، يېزىقتىن ئىلگىرىكى يېزىق ئورنىدا ئىشلىتىلگەن تامغا ـ بەلگىلەر روشەنلەشتۇرۇلۇشى ، پۈتۈن ئۇچۇر تارىخى ئېتىبارىغا ئېلىنىشى لازىم.

ئابدۇشۇكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ « قەدىمكى مەركىزى ئاسىيا » ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى

# قىپچاق ۋە ئۇيغۇر ـ ئوغۇز تىللىرى ھەققىدە

تۈركىي تىللار ئائىلىسى تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلى سىبىرىيە تىللىرى گۇرۇپپىسى(ياقۇت، دولگان، تۇۋا، خاكاس، ئالتاي، شور )، قارلۇق تىللىرى گۇرۇپپىسى(ئۇيغۇر ، ئۆزبېك)، بىلەن ئوغۇز تىللىرى گۇرۇپپىسى(تۈركىيە تۈركلىرى، ئەزەربەيجان، تۈركمەن، قىرىم تۈركلىرى، قاشقاي، سالجۇق، خۇراسان تۈركلىرى، سالار، گاگائۇز ) ۋە قىپچاق تىللىرى گۇرۇپپىسى(تاتار، باشقىرت، قازاق، قىرغىز، قارا قالپاق، نوغاي، قۇمىق، قاراچاي ـ بالقار) بۇلغار(چۇۋاش) تىللىرى گۇرۇپپىسىغا بۆلىنىدۇ. بۇلارنى چوڭ جەھەتتىن قىپچاق(قىپچاق، بۇلغار،) ۋە ئۇيغۇر ئوغۇز(سىبىرىيە، قارلۇق، ئوغۇز) ئىككىلا تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن . يەنە ئەسكەرتىشكە تېگىشلىكى قىرىم تۈركلىرى ئەسلىدە ئالتۇن ئوردا خانلىقى تەركىبىدىكى قىپچاق تۈركۈمىگە تەۋە بولسىمۇ 17 ـ ئەسىردىن كېيىنكى تۈركىيە تۈركلىرى بىلەن تەۋەلىك مۇناسىۋىتى تۈپەيلى ئوغۇزلىشىپ كەتكەن.

قىپچاق قەبىلىلىرى قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەر ئىدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى III ئەسىردە ھون قوشۇنىنىڭ باتۇر (مەتە، ؟) تەڭرىقۇت باشچىلىقىدىكى جەنۇبىي يۇرۇشلىرىدە دىڭلىڭ، جەنكۇن (قىرغىز)لار بىلەن بىللە چىنسا (؟) قەبىلىسىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغانىدى، بېرنىشتام قاتارلىقلارنىڭ پىكرىچە چىنسا ـ قىپچاق قەبىلىلىرىنىڭ قەدىمكى نامى بولغان. بىز قەدىمكى مەنبەلەردە قىپچاقلارنىڭناملىرىنىڭ كۆپىنچە قىرغىز، باسمىل، ئۇسكاك، سىرغۇچلار بىلەن بىللە يېزىلغانلىقىنى كۆرىمىز . تارىخچىلار ئانتوروپولوگىيىلىك مەلۇماتلار ئاساسىدا ئالتاي تۈركلىرىنى شىمالىي ئالتاي ۋە جەنۇبىي ئالتاي تارماقلىرىغا بۆلىدۇ، ھازىرقى زامان جەنۇبىي ئالتاي تۈركلىرى: چۇي ۋە ئارغۇت دەريالىرى ئېقىنىدىكى تىلېكتىللار (چۇي كرېلىرى)، باش كاۋوس ۋە ئولاگان دەريالىرى ساھىلىدىكى تېلسلار (ئولاگان كرېلىرى)، چېرىك دەرياسى بويىدىكى تېلىۋۇتلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن، قىپچاق تىلى گۇرۇپپىسى تەركىبى بويىچە قازاقلار، قىرغىزلار، باشقىرتلار، تۇبورلار، بارابىن تاتارلىرى، قىسمەن (ئەمما دەشتى قىپچاق ئۆزبېكلىرى چوشەنچىسىدىكى) ئەسلىدىكى ئۆزبېكلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما، ئۆزبېك خان نامىنى قوبۇل قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆزبېك مىللىتىنى بۇ چوشەنچىدىن

پەرقلەندۈرۈش لازىم.

هازىرقى زامان شىمالىي ئالتاي تۈركلىرى، سۇرلار، كەركەنلەر، كوشتىنلار ۋە تۇبالارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تۇبالاردا شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئارىلاشمىچىلىقى خېلىلا روشەن، تىل گۇرۇپپىسى نۇقتىسىدىن ئالغاندا مانا مۇشۇ شىمالىي ئالتاي تۈركىي خەلقلىرى تىللىرى ئۇيغۇر-ئوغۇز تىل گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئانتروپولوگىيىلىك جەھەتتە ئۇلاردا موڭغۇلوئىد ئالامەتلىرى تولىمۇ سۇس. ئۇلار فىن-ئۇگۇر ۋە سامويېدلار بىلەن بىللە ئاسىياچە ئاق جىنس ئالامەتلىرى ئۈستۈن بولغان خەلقلەردۇر. مېنىڭچە، قىپچاق قەبىلىلىرى ئەڭ دەسلەپ تۈركلەشكەن يايلاق قەبىلىلىرى ياكى موڭغۇلوئىد تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچرىغان تۈركىي خەلقلەر بولۇپ، ئۇلار دىڭلىڭ ۋە باشقا ئۇيغۇر-ئوغۇز تىل گۇرۇپپىسىدىكى خەلقلەرگە بۇ تەسىرنى يەتكۈزۈش جەريانىغا قاتناشقان .

قىپچاق قەبىلىلىرى «خەننامە»نىڭ 94- جىلدى بىلەن «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى»نىڭ 30- جىلدىدا تىلغا ئېلىنىپ قالماستىن، ئورخۇن مەڭگۈ ئابىدىلىرىمۇ باشقا قەبىلىلەر قاتارىدا تىلغا ئېلىنغانىدى. قىپچاق قەبىلىلىرى قانداق شەكىللەنگەن. ئۇلار مەركىزىي ئاسىيادا ئەسلىدىن بارمىدى ياكى دەشتى قىپچاق دالاسىدىن بۇياققا كەلگەنمۇ دېگەن مەسىلىلەرگە كەلگەندە بۇ ھەقتىكى نۇرغۇن كونكرېت تارىخىي تېمىلار تېخى روشەن ئەمەس. شۇنداقمۇ قىپچاق قەبىلىلىرىنىڭ موڭغۇلوئىد تەسىرىگە يېقىن ياشىغانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. دەشتى قىپچاق قەبىلىلىرىگە كەلگەندە شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى، شىمالىي ئالتاي تۈركىي قەبىلىلىرى يەتتە سۇ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا سۈرۈلگەندە جەنۇبىي ئالتاي تۈركىي قەبىلىلىرى قىپچاق دالىسىغا (قەدىمكى ئوغۇز دالىسىغا) سۈرۈلگەنىدى.

لوبلوك (Loblok) مەيلى ئورخۇندا ياكى جەنۇبىي ئالتايدا بولسۇن قىپچاق قەبىلىرىدە دېيىنە قىلىش ئۇسۇلىنىڭ بىر خىل قائىدە بويىچە ئورۇنلانغانلىقىنى، قەبرە توپىسىغا ئۇدۇل قىلىنىپ ياغاچ قونچاق قادىلىپ، بىر دۆۋە توپا ئىچىدە شەرققە قاراپ ياتقۇزۇلغان جەسەتنىڭ قولىدا بىر تاۋاقنى تۇتۇپ ياتىدىغانلىقىنى ئېنىقلىغان. لوبلوكنىڭ ئېيتىشىچە، قىپچاقلار بىردىن «قاپچاق» (قاپچىق) ئېسىۋالىدىغان بولۇپ، بۇ خىل تېرىدىن ياسالغان قاپچۇقنى بىر كىچىككىنە تاش ھەيكەل سىيلىنغان. بۇ ئادەت كېيىنچە ئالتايدىكى باشقا ئوۋچى قەبىلىلەر ئارىسىدىمۇ كېڭەيگەن. شۇڭلاشقا كۆپلىگەن تارىخچىلار «قىپچاق» دېگەن نام «قاپچۇق»، «قاپچىق»، «قاپچاق» سۆزىدىن كېلىپ چىققان دەپ ھېسابلىشىدۇ.

مۆلدوس ‹؟›لارنىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا، قىپچاقلار ئۇرۇقداشلىق جامائەسىدە بىر قىز ئاغزىغا ئۈچ پارچە مۆلدۈرنى ئېلىشى بىلەن تەڭلا هامىلدار بولۇپ مۆلدۈسلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىنى تۇغقانمىش، ماركوپولونىڭ «ساياھەتنامە»سىدە يېزىلىشىچە، قىپچاقلاردا ناتىگەي (؟؟؟) ئىسىملىك ئىلاھ بولغان. ھەربىر تۈتۈندە بىردىن ناتىگەي نامىغا ياسالغان قونچاقلار ساقلانغان. ناتىگەينىڭ بىر خوتۇنى ۋە بىر قانچە ئوغۇللىرى بولغان. قىپچاقلار تاماق يېگەندە بىر پارچە گۆشنى ئېلىپ بۇ قونچاقلارنىڭ ئاغزىغا سۈركەپ قويۇشنى ئۇدۇم قىلغان. تىلكت قەبىلىسىدىمۇ كىگىزدىن ياسالغان مۇشۇنداق قونچاقلار بولغان VIII ـ .ئەسىردە قىپچاق يايلاقلىرىغا كەلگەن غەربىي ياۋروپا ساياھەتچىسى لوتانىن مۇشۇنداق ناتىگەي قونچاقلىرىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ يەنە «ئەمىدگىل» (ئاتا ـ بوۋىلار) ناملىق باشقا ئاتىلىشىنىڭمۇ بارلىقىنى يازغان XI ـ .ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ئەرەب جۇغراپىيىچىسى ئىبن خەلدات بىگانىڭ يېزىشىچە، بىر قىسىم قىپچاقلار كەلمەك (؟؟؟) دەپ ئاتىلىدىكەن. گەردىزى VIII ـ ئەسىردىلا كەلمەكلەرنى قىپچاقلارنىڭ غەربىي تارمىقى بولۇپ، قوي ـ كالا باقىدىغان، قىمىز ئىچىدىغان خەلق دەپ يازغان .

«موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخى» دا كەرەي ۋە ئۇنىڭ غەربتىكى قوشنا قەبىلىسى بولغان قەدىمكى نايمانلار موڭغۇل قەبىلىلىرى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان، «نايمانلار موڭغۇل قەبىلىلىرى ئىچىدە ئەڭ مەدەنىيەتلىك بولغان... ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان» دەپ قەيت قىلىنغان. «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» ناملىق كىتابتا ئالتايغا كىرگەن نايمان قەبىلىلىرىنىڭ تۈركلەشكەنلىكى، ئۇلارنىڭ تۈرك تىلىنى قوبۇل قىلىپ ئالتايغا يەرلىكلەشكەنلىك جەريانى تەپسىلىي سۆزلەنگەن. مەنبەلەردە بۇ بىر قىسىم موڭغۇللار تۈرمۇش جەھەتتە تۈركلەشتى، ئىلگىرى قوينى ياكى قورساقتىن يېرىپ، ياكى قان تومۇرىنى كېسىۋېتىپ ئۆلتۈرەتتى، كېيىن ئالتاي تۈركلىرى يوسۇنىدا قوي بوغۇزلايدىغان بولدى، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى ۋە ئوغۇزلارنىڭ غەربكە سۈرۈلۈشى بىلەن بۇ قىپچاقلاشقان خەلقلەر ئارال دېڭىزىدىن كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان هازىرقى قازاقىستان دالىسىغا قەدىمكى ئوغۇز دالىسىغا يۆتكەلدى، دەپ كۆرسىتىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ چوڭ بىر قىسىم رايونلىرىدا ئۇيغۇر ـ ئوغۇز ۋە ھەرقايىسى قىپچاق قەبىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى تەرەققىيات گەۋدىلىنىشكە باشلىدى.

X ـ XVئەسىرلەر ئارىسىدا تۈركىي خەلقلەر بىر پۈتۈن تۈرك مىللىتى بولۇپ شەكىللىنىشكە كىرگەن بىر جەريان ئۆزىنى كۆرسەتكەندى. ئەمما

چىڭگىزخان قوشۇنلىرىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى بۇ جەريانىنى توختاتتى، ئارقىدىنلا ئالتۇن ئوردا خانلىقى ۋە چاغاتاي ئۇلۇسلىرىنىڭ ئايرىم - ئايرىم هالدا شەكىللىنىشى بۇ جەريانىنى پارچە - پارچە هاكىمىيەتلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ شەكىللىنىش جەريانىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. بۇ جەرياننىڭ تارىخىي ئاقىۋىتى نەتىجىسىدە موڭغۇلىيىدە تەسىرىگە زور كۆلەمدە ئۇچرىغان ۋە يېڭى ئېتنىك ناملار بىلەن ئاتالغان بىر قاتار قېرىنداش تۈركى مىللەتلەر كېلىپ چىقتى. موڭغۇلىيىدە تەسىرىگە ئەڭ كەم ئۇچرىغان خەلقلەرمۇ (مەسىلەن: قەشقەرىيە ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى) كېيىنچە جۇڭغارلارنىڭ بۇنداق تەسىرىدىن خالىي قالالىغان ئەمەس. موڭغۇل ۋە تاتار قەبىلىلىرى موڭغۇلىيىدە تەسىرىنى يەرلىك تۈركىي خەلقلەرگە ئۆتكۈزۈش بىلەن بىللە، ئاقىۋەت يەرلىك خەلقلەر تەرىپىدىن تىل، مەدەنىيەت ۋە ئېتنىك جەھەتتە ئۆزلەشتۈرۈۋېتىلدى ۋە ھەتتا ۋولگا - قىرىم بويىغا كەتكەن موڭغۇل - تاتارلىرى ئۆز يىلتىزىدىن پۈتۈنلەي باشقىچە بولغان ئېتنىك ئالامەتلەرگە ئىگە بولدى. بۇ رايونلاردا ئەينى زاماندا تۈركىي خەلقلەرنىڭ كۈچلۈك تەسىرى تۈپەيلى، ئۇلار يەنىلا تۈركىي ئالامەتلەردىن هالقىپ كېتەلمىگەندى XVI .ئەسىردە ياشىغان ئەرەب تارىخچىسى جەلىل ئۆمەر ئالتۇن ئوردا خانلىقى ھەققىدە توختىلىپ: قەدىمدە بۇ قىپچاقلار دۆلتى ئىدى. تاتارلار بېسىپ كىرىپ قىپچاقلارنى بېقىندۇرۇۋالدى. كېيىنچە قىپچاقلار بىلەن تاتارلار ئۇرۇقلىشىپ، موڭغۇللارنىمۇ قىپچاقلاشتۇرۇۋەتتى، دەپ يازغان.

ئۇيغۇر - ئوغۇزلارنىڭ ئېتنىك گەۋدىسى ۋە تارىخىي قىسمەتلىرىگە باغلىق هالدا تىل گۇرۇپپىسىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ كەلدى. ئۇيغۇر - ئوغۇز تىللىرى ئەڭ دەسلەپ تۈركلەشكەن ئاندرونوپ - ئارىيان تىلىنىڭ بىر تارمىقى بولۇشى ئېھتىمال. ئاندۇرونوپ دىڭلىڭلىرى ئەۋلادلىرى سىماچىيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» ناملىق كىتابىدا تىلغا ئېلىنغان. بەن گۇنىڭ «خەننامە» ناملىق كىتابىنىڭ «سۇئۇ شەجەرىسى» قىسمىدا: «دىڭلىڭلار هونلارنىڭ شىمالىدىكى دېڭىز (بايقال كۆلىنى كۆرسىتىدۇ - ئاپتور) ساھىلىدا ياشايدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن، «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى» نىڭ 30 - يىلدىلا شىمالىي دىڭلىڭلاردىن باشقا يەنە يارىش يازىقى (جۇڭغارىيە) ۋە يەتتە سۇدا ياشىغۇچى دىڭلىڭلار توغرىسىدىمۇ بىر قەدەر ئېنىق جۇغراپىيىلىك مەلۇمات بېرىلگەن. «ۋېي خانلىقى تەزكىرىسى» (؟؟؟) «غەربىي بەدەۋىلەر شەجەرىسى» قىسمىدا كانگيىنىڭ شىمالىدا، يېنسەي دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىدا دىڭلىڭلار بار، بۇ «غەربىي دىڭلىڭلار» دەپ يېزىلغان. چاۋاننېس (chavannes)

دىڭلىڭلارنى شىمالىي دىڭلىڭلار ۋە غەربىي دىڭلىڭلار دەپ ئاتاش سۈنئىي بولۇپ، ئەسلىدە ئۇلار بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ كۆرسەتكەندى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگلىرى جەنۇبىي سىبىرىيىدە ئېلىپ بارغان خىزمەتلىرى ئارقىلىق شۇنى ئىسپاتلىدىكى، يېڭى تاش قورال دەۋرىدىن باشلاپ ئۇگلا دەرياسىدىن يېنسەي دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىغىچە بولغان جايلاردا دىڭلىڭلار ياشىغان بولۇپ، جۇڭگونىڭ تارىخىي مەنبەلىرىدىكى «شىمالىي دىڭلىڭ» ۋە «غەربىي دىڭلىڭ» قەبىلە ناملىرى ئەسلىدىن بىر خەلقنىڭ نامىدىن ئىبارەت ئىدى. ئامېرىكا تارىخچىسى مىككوۋېرنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئېگىز هارۋىلىقلار خۇيخېلار (؟؟؟) دەپ ئاتالغان خەلقنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى بولغان دىڭلىڭلار «هىندى ياۋروپا تىلى» دا سۆزلىشىدىغان ئارىيانلاردىن ئىدى. ئۇلار كېيىن تۈركىي تۇس ئالغان. «خەننامە» نىڭ 94 ـ جىلدىدا گۇاجۇ (؟؟؟ داش ئاتا) نىڭ غەربىي شىمالىدا خۇجيە (قوجۇ ئۇيغۇرلىرى)، ئۇسۇندىن ئىبارەت ئۈچ ئەلنى بېسىۋالغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. بۇ ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ئوتتۇرا ئاسىيادىن چېكىنىپ ئانچە ئۆتمىگەندىن كېيىنكى ئىش. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» نىڭ 98 ـ يىلىدىلا دىڭلىڭلار بىلەن خۇجيەلەرنىڭ بىر پۈتۈن خەلق ئىكەنلىكى تەكىتلىنىپ ئېگىز هارۋىلىقلار دەپ ئاتالدى. «يېڭى تاڭنامە» نىڭ 217 ـ جىلدىدا گاۋجۇي گاۋگۈي (ئېگىز هارۋىلىقلار)نىڭ VII ئەسىردىكى مەشهۇر ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

هازىرقى كۇندە ئۇيسۇن قەبىلىلىرىنى هونلار تەسىرىدىكى «هىندى ـ ياۋروپا تىلى» دا سۆزلەشكۈچى خەلق ئىدى دېگۈچىلەر كۆپەيمەكتە. كىرائۇس، چارپېنتىر قاتارلىقلار «خەننامە» دە ئۇسۇنلار «كۆك كۆز، قوڭۇر چاچ» ئىدى دېگەن مەلۇماتقا ئاساسلىنىپ، ئۇلارنى كاۋكاز تىپىدىكى ئاق جىنس خەلق بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلىشماقتا. «خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە ئۇسۇنلار ئۇلۇغ ياۋچىلار بىلەن بىللە دۇنخۇاڭ (دەشت ئاتا) ئەتراپىدا ياشىغان دەپ يېزىلغان. شۇ كىتابنىڭ «هونلار تەزكىرىسى» قىسمىدا ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرىدە ئۇسۇنلار گۇاجۇ (دۇنخۇاڭ) دا ياشىغان دەپ تەكىتلەنگەن. ئۇسۇنلارنىڭ بىر قىسمى كېيىنچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كانگىيە، ئوغۇز ۋە ئۇيغۇر تۈركلىرىگە سىڭىپ كەتتى. بىر قىسمى كاڭئەيسەن تاغلىرى بىلەن كىنتى تاغلىرى ئارىسىدىن، ئورخۇن ۋە تورا دەريالىرى ساھىلىدىن جەنۇبىي ئالتايغا يۆتكەلگەن كەرەي، نايمان ۋە باشقا قەبىلىلەر بىلەن قوشۇلۇپ هازىرقى قازاق مىللىتىنىڭ ئېتنىك مەنبەلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى.

ياۋچىلار «خەننامە»دە كۆرسىتىلگەن «ئورا كۆزلۈك، بومبا ساقاللىق،

ئاق يۇزلۇك» غەربىي يۇرت تىپىدىكى خەلق ئىدى. بەزىلەر ياۋچى ـ توخارلارنى ئۇلارنىڭ «توخرى» دەپ ئاتىلىشىغا قاراپ «تۇغلى» ئىبارىسىگە ۋە ئۇنى دىڭلىك ـ «تۇغلۇق» ئىبارىسىگە باغلايدۇ. ياۋچىلارنىمۇ ئاندرونوپ ـ ئارىيان تىپىدىكى خەلق دېگەن كۆز قاراش ھېلىمۇ ئۇستۇنلۇككە ئىگە. كۇشان ئۇلۇغ ياۋچى ئىمپېرىيىسىنىڭ ئالتۇن ئاقچىلىرىدا ئىپادىلەنگەن كۇشان خانلىرىنىڭ تۇسىگە قاراپ گاردنېر ۋە كېنېدىلار كۇشانلارنى «تۈرك قىياپەتلىك كاۋكاز تىپىدىكى خەلق» دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرۈشتى. لېكوك تۇرپان يارغۇل قەدىمكى شەھىرىدە ساقلىنىپ قالغان بۇددا تام رەسىملىرىگە قاراپ ئۇنىڭدا «كۆكۈش كۆزلۈك، ئاق يۇزلۇك» كىشىلەر تەسۋىرلەنگەن، دېگەنىدى .

بېرنىشتام ياۋچىلار بىلەن ئۇيغۇر ـ ئوغۇزلارنى بىر خەلق دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇ تۈركمەنلەر ۋە قىرغىزلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئائىت ماقالىلىرىدە تۈركمەنلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى مەسىلىسىنى ئۇيغۇر ـ ئوغۇزلار بىر مىللىي ئېتنىك گەۋدە دېگەن قاراش ئاساسىدا ئىزاھلىغان. ئۇ كاۋكاز قەدىمكى قەبرىلىرىدىن تېپىلغان ھون ئادەم سۆڭىكىنىڭ تۈركمەنلەرگە يېقىنلىقىنى، ھونلاردا باش سۆڭەكنى كىچىكىدە زاكىلاپ ئۆزگەرتىش ئادىتىنىڭ بارلىقىنى، مۇنداق ئادەتنى بولمىغان ئۇيغۇرلار كېيىنچە بۇ ئادەتنى قوبۇل قىلغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. بېرنىشتام تۈركمەنلەر ـ ئوغۇزلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ياۋچىلار ۋە ساكلارغا باغلايدۇ. ئۇ تۈركمەن رىۋايەتلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئېپوسى «ئوغۇزنامە» ئۇستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، جۇملىدىن «سۇينامە» 84 ـ يىلىدىكى ئوغۇزلارغا ئائىت خاتىرىلەر بىلەن VIII ئەسىردىكى ھۆججەتلەرگە ئاساسلىنىپ، تۈركمەنلەرنىڭ كونا يۇرتلىرى ئىسسىقكۆل بويىدا بولغانلىقى، تۈركمەنلەر بىلەن ئۇيغۇرلاردا ئورتاق ئىسىم ۋە ئورتاق خان _ ئوغۇزخان بولغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بېرنىشتام تۈركمەنلەرنىڭ بىۋاستە ئاتا ـ بوۋىسى تۈركلەشكەن ئۇيغۇر ـ ئوغۇزلار دېگەن پىكىرگە كېلىدۇ. بېرنىشتام ئوغۇزخان ئوبرازىنى باتۇر تەڭرىقۇت ۋاقتىدىمۇ مەۋجۇت بولغان قەدىمكى ئوبراز ئىدى، دەپ كۆرسەتسە، تولستوف «ئوغۇز شەھەرلىرى» دېگەن ماقالىسىدە سىر دەريا بويىدا ئوغۇزلار ھون _ ياۋچىلار زامانلىرىدا (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى VI ـ III ئەسىرلەر) پەيدا بولغان دەپ كۆرسىتىدۇ.

شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، ئورخۇن ـ يېنسەي ئابىدىلىرى ئۇيغۇر ـ ئوغۇز تىل گۇرۇپپىسى لەھجىسىدە يېزىلغان. كۆكتۈرك خانلىرى ھەشەمەتلىك شەھەر ـ قەلئە مەدەنىيىتى مۇھىتىدا تۇرغان زامانلىرىدا

ئۇيغۇر ـ ئوغۇز تىلىنى خانلىق تىلى قىلغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار سەلتەنەت سۈرگەن ۋاقىتلاردىمۇ ئەھۋال مۇشۇنداق ئىدى. مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق تىل خەزىنە كىتابىنىمۇ ئاساسلىقى ئۇيغۇر ـ ئوغۇز ـ تۈركمەن تىللىرىنى سېلىشتۇرۇپ يازغان. «ئوغۇزنامە»، «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» داستانلىرىمۇ ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر ـ ئوغۇز تىلى بويىچە، باشقىچە ئېيتقاندا ئۇيغۇر ـ قارلۇق تىلى بويىچە يېزىلغان. بىز تەڭرىتاغلىرى ئېتىكىدىكى قەدىمكى قەبىلىلەر ئارىسىدا ئۇيغۇر ـ ئوغۇز ـ قارلۇق ئېتنىك ناملىرىنىڭ بىردەكلىكىنى كۆرۈمىز . يۈتكۈل چاغاتاي دەۋرى ئەدەبىياتى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى تەرەققىياتىنىڭ بىر دەۋرىنى تەشكىل قىلدى. بۇ دەۋردە ئالتۇن ئوردا تۈركىي ئەدەبىياتىدىمۇ «ئۇيغۇرىزىم» (سامايلوۋىچ سۆزى) ئۈستۈنلۈكنى ئالغان بولۇپ، مۇھەممەت خارەزمىنىڭ «مۇھەببەتنامە» داستانى، رابغوزىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» نەزمە ـ نەسرى ئەسىرى، ئەھمەد يەسەۋىنىڭ «ھېكمەتنامە» ناملىق ئەسىرى ئۇنىڭ ناماياندىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن. موڭغۇل خانلىرى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىغا ھېرىسمەن بولغانىدى. بۇنىڭ ئاقىۋىتى سۈپىتىدە بىر قىسىم موڭغۇل ئەۋلادلىرى تۈركلىشىپ كەتتى. تۈركلەشمىگەن موڭغۇللار تاكى كەڭ موڭغۇل يايلاقلىرىغىچە ئۇيغۇر يېزىقىنى قوبۇل قىلىشتى.

تېلى بىلەن تولۇس ئىبارىسىنىڭ بىر ياكى بىر ئەمەسلىكى ھېلىمۇ ئېنىقلانمىغان بىر سىر. رادلوف ۋە يامسۇنلار ئۇنى بىر دېسە، بارتولد ۋە مىلۇرانسكي مۇنداق دېيىشتىن شۈبھىلىنىدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ماچاڭشۇ «كۆكتۈركلەر ۋە كۆكتۈرك خانلىقى» ناملىق كىتابىدا: «دىڭلىڭ، سۇلى (؟؟؟)، ئېگىز هارۋىلىقلار، تېلىلار دېگەن ناملار بىر نەرسىنى كۆرسىتىدۇ» دەيدۇ. «سۈينامە، پېيجۇ (؟؟؟) تەزكىرىسى» دا ئېگىز هارۋىلىقلار دۆلىتى «تېلى دۆلىتى» دەپ ئېلىنغان. ئورخۇن ئابىدىلىرىدە «تېلېس» سۆزى ئىشلىتىلگەن .

هازىرقى ئۆزبېك مىللىتىنىڭ ئېتنىك نامى موڭغۇل نەسەبىدىن بولغان ئۆزبېك خاننىڭ نەۋرىسى مۇھەممەت شەيبانىخان باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم قورالىق دەشتى قىپچاق ئۆزبېكخان قوۋمىنىڭ ماۋرەئۇننەھىر ۋە شىمالىي خوراساننى ئىستېلا قىلىشى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزبېك مىللىتىنىڭ ئېتنىك گەۋدىسى يەنىلا قىسمەن سوغدى ـ توخار ، ئاساسەن ئوغۇز ـ تۈركىي خەلققە مەنسۇپ ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ تىلى ئۇيغۇر ـ ئوغۇز تىلى گۇرۇپپىسىغا تەئەللۇق ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ تۈركى

خەلقلەر ئارىسىدا ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن يېقىنلىقى روشەن. ئەگەر كېيىنكى زامانلاردا يەتتە سۇ ۋە قىپچاق دالاسىدىكى قىپچاق تىللىرى موڭغۇل ۋە ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ تەسىرىگە كۆپ قېتىم ئۇچرىغان بولسا، ئۆزبېكخان قىپچاقلىرى ئېتنىك جەھەتتە پۈتۈنلەي يەرلىك «كونا ئۆزبېك» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇيغۇر - ئوغۇز تىلىدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرگە سىڭىپ كەتتى. دەرۋەقە، مۇستەقىل ئۆزبېك خانلىقى ۋە قازاق خانلىقىنىڭ شەكىللىنىشى، خۇددى ۋىلادىمىرزوف ئېيتقاندەك چىڭگىزخان ئىستېلاسىدىن كېيىنكى ھادىسە بولدى .

شۇ نەرسىنى تەكىتلەش ھاجەتكى، قىپچاق ۋە ئۇيغۇر - ئوغۇز تىللىرىلا ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئېتنىك گەۋدىسى ھېچقانداق ئەۋزەللىككە ئىگە ئەمەس. ئۇ تارىخي يوسۇندا ئۆزگىرىپ بارغان كۆپ قاتلاملىق ئۇزاق جەريانىنىڭ مەھسۇلى. بۇ خەلقلەرنىڭ ئاساسىي ئورتاقلىقىنى، قىسمەن پەرقلىرىنى، مۇنداق ئورتاقلىق ۋە پەرقلەرنىڭ ئۆتمۈشتىكى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك. مىللەتلەر تارىخى، بولۇپمۇ قېرىنداش مىللەتلەر تارىخى ئۆزگەرمەس قېلىپتىن چىققان خىش بولماستىن، بەلكى ھەمىشە ئارىلىشىپ تۇرىدىغان كۆپ قاتلاملىق تارىخي ئېقىندىن ئىبارەت .

مەنبە: ئوكيان قامۇس تورى

# ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى

## 1

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يىراق ئاتا - بوۋىلىرى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى بوستان ۋە يايلاقلارنى ئاساس قىلىپ، پەرغانە ۋە يەتتىسۇ، ئورخۇن ۋە سېلىنگا ئەتراپىدا ياشىغان. ئوغۇزخان، ئاپراسىياپ، بۆكۈخان ۋە بۇغراخان قەھرىمانلىق داستانلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشقان خانلىق جەمەتى ياغلا قار_ياغما قەبىلىلىرىدىن تەشكىل تاپقان. ئون ئۇيغۇر، شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تەشكىل قىلغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى غۇلاپ، ياغلاقارلار گەنجۇ سېرىق ئۇيغۇرلىرىغا ئايلانغاندىن باشقا، ئادىئىز، ياغما قەبىلىلىرى خانلىق جەمەتىنى تەشكىل قىلغان توققۇز ئۇيغۇر - غەربىي ئۇيغۇرلار بەشبالىق - ئىدىقۇت ئارسلان خانلىقى، قەشقەر - قۇز ئوردا بۇغرا قارا خانلىقى بىلەن ئۇنىڭغا تەۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلىكخانلىقىنى تەشكىل قىلىپ شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى مەشھۇر يىپەك يولى ئالاقىلىرى بىلەن ئالەمشۇمۇل تارىخىي شۆھرەتكە ئىگە بولغان ئىسلام مەدەنىيىتىگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا مىللەتلىرى ئارىسىدا ياشىغان تېررىتورىيىلىرىنىڭ كەڭلىكى، ئولتۇراقلىشىش ۋە تېرىقچىلىقتا ئەڭ دەسلەپ قەدەم قويغانلىقى، كۆكتۈرك قاغانلىقىنىڭ دېھقانچىلىق ۋە ھۈنەرسازلىق ئىشلىرى ئۇيغۇرلارنى جەلپ قىلىش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەنلىكى، شەھەر - قەلئە ھاياتى ۋە مالىيە سودىغا بولغان ماھارىتى، يېزىق ۋە ئەدەبىي تىل جەھەتتە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغانلىقى، ئىپتىدائىي ئانىمىزم - توتېمىزم ۋە شامان ئەقىدىلىرىدىن ئاللىبۇرۇن ئالاقىنى ئۈزۈپ، ئاتەشپەرەسلىك، مانى ھەم بۇددىزم مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشقانلىقى، ئۆز تارىخىدا بىر قاتار شەھەر - قەلئە مەملىكەتلىرى ۋە بىر قانچە خاقانلىقلار بەرپا قىلغان كۈچلۈك سىياسىي ئەربابلار، سەركەردىلەر، مۇتەپەككۇر ئالىم - شائىرلار، تەرجىمىشۇناسلار ۋە كۆرۈنگەن سودا - ئىقتىسادى خوجىدارلىرىنىڭ يېتىشىپ چىققانلىقى بۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىنىڭ بايلىقى، ئەۋزەللىكى ۋە ئۆزىگە خاس تەرەققىيپەرۋەر خاسىيەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. خۇددى قەدىمكى سۈرىيىلىكلەر ئۆزىگە خاس مىللىي مەدەنىيەتتىن تاشقىرى گرېك، مىسىر، مىسسوپوتامىيە ۋە ھىندى

مەدەنىيەتلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىنى بېيىتقاندەك، ئۇيغۇر مىللىتىمۇ ئۆزىگە خاس مەھەللىۋى مەدەنىيەتتىن تاشقىرى ئوتتۇرا دىيار، گرېك ـ رىم، ئەرەب ـ ئەجەم ۋە ھىندى مەدەنىيىتى تەسىرى بىلەن ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتقان ۋە يۈكسەلدۈرگەن. بۇ ھال ئۇيغۇر خەلقىنى پۈتكۈل ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا مىللەتلىرى ئارىسىدا ئەڭ مەدەنىيەتلىك مىللەتلىك سالاھىيىتىگە مۇيەسسەر قىلدى.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى نوقۇل ئىسلام ئېتىقادى بىلەن چەكلەنمەستىن، بەلكى پۈتكۈل بىر پۈتۈن دۇنياۋى مەدەنىيەت تىپىنى قوبۇل قىلغانلىقى بىلەن خاراكتېرلەنگەن. بۇ ئىككى نۇقتىنى، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇنداق بىرقەدەر يۇقىرى مەدەنىيەت تىپىنى شەكلەن ئەمەس، بەلكى پائال ئۆزلەشتۈرۈش يەللىسىدە تۇرغان. مەدەنىيەت ئىقتىدارىنى، شۇنىڭدەك ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەت تىپلىرىدىن يۇقىرىراق سىنكرېتىك قاتلامدىكى دىنىي مەدەنىيەت شەكلى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى ئىران ـ تاجىك تىپىدىكى سامانىيلار سۇلالىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا تۈركىي خەلقلەرنىڭ بۇ دىنىنى قوبۇل قىلىشىنىڭ مۇقەددىمىسى ۋە ئۈلگىسىنى تىكلىدى. باشقا تۈركىي خەلقلەر بىلەن تۈركلەشكەن موڭغۇل قەبىلىلىرى ئۇيغۇرلار ئارقىلىق ئىسلامىيەت نى قوبۇل قىلغان.

ئىسلامىيەت ـ دىنىي شەكىلدە مەيدانغا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان مەدەنىيەت ھادىسىسىدىن ئىبارەت. ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش ۋە تەپەككۇر تارىخىنى، تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت تارىخىنى دىن ۋە دىنىي مەدەنىيەت تارىخىدىن ئايرىۋېتىدىغان، دىنىي مەدەنىيەت تارىخىنى ياكى مەدەنىيەتنىڭ دىنىي تىپىنى قانداقتۇر غەيرىي تارىخىي، غەيرىي مەدەنىي ھادىسە سۈپىتىدە ئىزاھلايدىغان قاراش ۋە ئۇسلۇب ئىلمىگە زىت. تارىخىي ھەقىقەتكە زىت قاراش ۋە ئۇسلۇب. تارىخ ئىسپاتلىدىكى، دىن تارىخىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ ئىنسانىيەت روھىنىڭ تارىخىنى ۋە روھىيەتتىكى ئىنسانىيەت تارىخىنى تولۇق چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق تارىخ ئاخىرلاشقىنى يوق. ئۇ تېزدىن بىراق ئاخىرلىشىشى مۇمكىن ئەمەس. ھەقىقىي تارىخ خۇددى گرېك ئەپسانىلىرى گرېك سەنئىتىنىڭ بالىياتقۇسى (ماركس)بولغىنىغا ئوخشاش، دىنىي مەدەنىيەتنىڭ ئىلىم ـ پەن مەدەنىيىتىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقى، رىقابەتكار ئىلھامچىسى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا بىر ـ بىرىنى تولۇقلىغۇچىسى بولۇشلۇقىنى ئىسپاتلىماقتا. ھازىرقى ئېنفورماتسىيە ۋە يېڭىچە ئاڭ تەپەككۇر ئىزدىنىشى بىزدىن «دەھرىيلىككە قارشى» ياكى «ئىلاھىيەتچىلىككە قارشى» جەڭگاھنى كۈچەيتىشنى ئەمەس بەلكى

مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئىنسانىيەت ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش يولىدا، ھەقىقەت، ئىنسانىيەت ۋە بەخت ـ سائادەت ئۈچۈن بولغان كۈرەشتە ئۆزئارا گارمونىلىشىشنى تەلەپ قىلماقتا.

**2**

ئىسلام دىنى دۇنياۋى دىنلار ئىچىدىكى ئەڭ كېيىنكى دىن، ياش دىن. ئەگەر بۇددىزم، خرىستىئان دىنلىرى قۇل ئىگىلىكى دەۋرىنىڭ خاس شەكلى سۈپىتىدە شەكىللەنگەن ۋە ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتى تەلەپلىرىگە ئۇيغۇنلاشقان بولسا، ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيىتىنىڭ ئورىگىنال بىر تۈرى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان. ئەگەر بۇددىزم، خرىستىئان دىنلىرى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى دىن ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلمىلىرى ئاساسىدا مەيدانغا كېلىپ بىر يۈرۈش بۇددىزملىق ۋە خرىستىئانچىلىق مەدەنىيەت شەكىللىرىنى بەرپا قىلغان بولسا، ئىسلام دىنى ئۆزگىچە بولغان دىن ۋە مەدەنىيەت سەمەرىلىرىنىڭ ئىسلامغا مۇۋاپىق ئالمىلىرىدىن پايدىلىنىپ بىر پۈتۈن ئىسلام دىنى تەلىماتى، تۇرمۇش شەكلى ۋە مەدەنىيەت تىپىنى روياپقا چىقارغان. ئىسلام مەدەنىيىتى ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىغانلىقى ئەمدى ھېچقانداق سىر ئەمەس.
ئىسلام دىنى گەرچە باشتىلا بىر خىل مەدەنىيەت شەكلى سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان بولسىمۇ، ئابباسىيە خەلىپىلىكى دەۋرىدە يۈز بەرگەن «شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى» ئارقىلىق 9 ـ 12 ـ ئەسىرلەر ئىچىدە يېپيېڭى بىر خىل دۇنياۋى تارىخىي خاراكتېرلىك مەدەنىيەت تىپىنى ئىسلام مەدەنىيىتى شەكىللەندۈرۈپ چىقتى. بۇنداق مەدەنىيەت نوقۇل ئىسلام ئېتىقادچىلىقى مەزمۇن قىلغان دىنىي مەدەنىيەتتىن تاشقىرى، يەنە ئىسلام قانۇنچىلىقى، ئىسلام ئەدەپ ـ ئەخلاقى، ئىسلام بىناكارلىقى، ئىسلام ئەدەبىياتى، ئەرەب يېزىقى ۋە خەتتاتلىقى، ئىسلام مەدەنىيىتى تەركىبىدىكى پەلسەپە، تېبابەتچىلىك ۋە تەبىئەت ئىلىملىرى، كالېندارچىلىقى قاتارلىق ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت سىستېمىسىدىن ئىبارەت بولدى. ئىسلام مەدەنىيىتى ئۆزىگە خاس دىنىي ياكى تارىخىي ئالاھىدىلىكلەردىن تاشقىرى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئەينى زامانىدىكى ئومۇمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ دۇنياۋى قىممەت ياراتتى. ئەگەر مۇنداق بولمىغاندا ئىدى ئىسلام مەدەنىيىتى مىڭ يىللاردىن بۇيان مىلياردلىغان كىشىلەرنى ئۆزىگە مۇنداق جەلپ قىلمىغان بولاتتى.
ئىسلام دىنى ئۆمەرىيە سۇلالىسى (750 ـ 661) دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىياغا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. خەلىپە ۋەلد (715 ـ 705) ۋاقتىدا سەركەردە

قۇتايبىيە ئىبىن مۇسلىم باشچىلىقىدىكى ئەرەب مۇسۇلمان قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىشغال قىلىش يۈرۈشىنى باشلاپ كۆپ يىللىق جىددىي جەڭلەردىن كېيىن 712 ـ يىلى بۇ ئىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ پەرغانە ۋە قەشقەر ۋادىسى، تالاس ـ يەتتىسۇ بوستانلىقلىرى ھەتتا بەشبالىقتا ئىسلام مۇخلىسلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىغان بولسىمۇ، سامانىيلار بىلەن قاراخانىيلار ئارىسىدىكى كەسكىن ھەربىي زىددىيەتلەر تۈپەيلى ئىسلام دىنى توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئارىسىدا قاتتىق تەقىب قىلىندى، پەقەت سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان 935 ـ يىلى ئاتۇشتا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنى ئىگىلىگەندىن كېيىنلا ئىسلامىيەت قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىقى يەتكەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىدېئولوگىيىلىك مەدەنىيەتنىڭ ئۇيغۇرچە مىللىي تۈسكە كىرگەن ئالاھىدە ئېتنىك شەكلى بولۇپ قالدى. ئۇيغۇرلارنىڭ سوغدى قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۆزلەشتۈرۈشى، ئوتتۇرا ئاسىياغا بايقال، ئېرتىش ۋادىسىدىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن يۆتكىلىپ كېلىشى، قاراخانىيلارنىڭ سامانىيلارنى مۇنقەرز قىلىپ ماۋارائۇننەھردە ئىلىكخانلىقلارنى بەرپا قىلىشى، قاراخانىيلارنى ئاساس قىلغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەرەب خەلىپىلىكىدە تۇتقان ئورنىنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي رايونلىرىدا ئۇيغۇر تۈركىي شەكلىدىكى ئىسلام مەدەنىيىتى ئالامەتلىرى شەكىللىنىپ ئىسلامىيەت شەكلىدە يەنىمۇ راۋاجلىنىشىغا ۋە دۇنياغا يۈزلىنىشكە ئېلىپ كەلدى. ئىسلامىيەت مەدەنىيىتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى بېيىتتى. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىمۇ ئىسلام مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشقان باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىدەك ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئۆچمەس تۆھپىلىرى بىلەن بېيىتتى.

ئالەم ۋە ئۇنىڭ مەنبەسى، ئادەم ۋە ئۇنىڭ تەڭرى ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرى توغرىسىدىكى شامانىزملىق، ئاتەشپەرەسلىك، بۇددىزملىق ۋە مانىزملىق دىنىي تەسەۋۋۇر ۋە ئەقىدىلەر ئورنىغا «ئاللانىڭ بىلىكى» ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرى، ئادەمنىڭ يارىتىلغانلىقى ۋە مۇسۇلمانچىلىق مەجبۇرىيەتلىرى توغرىسىدىكى يېڭى ئەقىدە ۋە قاراشلار ئورۇن ئالماشتۇردى. ئىسلام دىنى تەشەببۇس قىلغان مۇسۇلمانچىلىق پەرھىز لىرى ـ ئىمان، ناماز، روزا، ئۆشرە ـ زاكات، ھەج قىلىش شەرتلىرى ئۇيغۇر روھىيىتى ۋە ئېتىقاد تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە تىرەن ئورنىشىپ غايەت زور ۋە دائىمىي ئېتنىك دىنىي پائالىيەت تۈسىنى ئالدى.

ئىسلامىيەتنىڭ ئەخلاق ۋە قانۇن (شەرىئەت) قاراشلىرى ئىلگىرىكى

ئىجابىي، ئەنئەنىۋى قاراشلار بىلەن قوشۇلۇپ، تەڭرىگە ۋە ئىنسانغا ھالال مۇناسىۋەتتە بولۇشنىڭ يېڭى ئۆلچەملىرىنى شەكىللەندۈردى. ۋىجدان نازارىتىدىن تاشقىرى پەزىلەت كۆزەتكۈچى، ياخشى ـ يامانلارنى ھېسابلاپ تۇرغۇچى غايىب پەرىشتىلەر، نازارىتى ئىسلاملاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ نىيەت ۋە پائالىيەتلىرىنى تىزگىنلەيدىغان بولدى. ئىسلام قانۇنى جازالىرى، جامائەت پىكرى ئەيىبلەشلىرى، ۋىجدان ئازاب ئۈستىگە يەنە قىيامەت سورىقى بىلەن دوزاخ ئازابى تەشۋىشلىرى قوشۇلۇپ، شەخسنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تىزگىنلەش مەسئۇلىيىتى ۋە تەسەۋۋۇرىنى كۈچەيتتى.

ئۇيغۇرلاردا مەخسۇس دىنىي تەبىقە ـ شەيخۇلئىسلام، ھەر دەرىجىلىك قازى ۋە مۇپتىلا، ھەر دەرىجىلىك جامە ـ مەسچىت ئىماملىرى، مەزىنلەر، مازار ـ ماشايىخ شەيىخلىرنى، دىنىي مەدرىسە ـ مەكتەپ مۇدەررىس ـ ئۆلىمالىرى، دىنىي ئىلىم بويىچە دەرىجىلىك ئالىملىق مەرتىۋىلىرى مەيدانغا كەلدى. ئىسلام مەدەنىيىتى ئائىلە، يۇرت ـ مەھەللە، شەھەر قۇرۇلۇشلىرىدىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە خاس بىناكارلىق ئۇسلۇبى شەكىللەندۈردى. ئوردا ـ قەسىر، جامە ـ مەسچىت، مەقبەرە، قەبرە ـ گۈمبەزلىرىنىڭ ياسىلىشى ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ ئەڭ نەپىس شەكلى ۋە نۇسخىلىرىنى قوبۇل قىلدى. بۇ، ئەسلىدىمۇ ئىسلامىيەتكە ئۇيۇشقان ياكى تەسىر كۆرسەتكەن ھەر قايسى ئەللەر ۋە خەلقلەر بىناكارلىق تەجرىبىلىرىدىن جەملەنگەنىدى.

ئەرەب يېزىقى تەدرىجىي ئۇيغۇر يېزىقى شەكلى بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا ئاساس بولغان نەرسە مەيلى ئورخۇن دەۋرىدىكى «رونىك» شەكلىدىكى يېزىق بولسۇن، مەيلى سوغدى يېزىقى ئاساسىدىكى كونا ئۇيغۇر يېزىقى بولسۇن، يالغۇز ھەرپىنى ئاساس قىلغان سېمىت يېزىقى سىستېمىسىغا تەۋە يېزىق بولغاچقا ئالماشتۇرۇش ئاسان ئىدى. ئەرەب يېزىقى كۆپ قېتىم ئىسلاھ قىلىنىپ ئۇيغۇر تىلى ئىملا قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلدى. ئەرەب يېزىقى بىلەن بىللە بىر قىسىم ئەرەبچە سۆزلۈكلەر بىلەن مەلۇم سالماقتا پارس سۆزلۈكلىرى ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىگە كىرىپ كەلدى. ئاتالمىش «چاغاتاي» تىلى ئۇنىڭ تىپىك ئىپادىسى بولدى. ئەرەب يېزىقى شەكلىدە ئۆزگەرتىلگەن ئۇيغۇر يېزىقى خەتتاتلىق سەنئىتىنى يېڭىچە شەكىل ۋە نۇسخىلار بويىچە ئۆزگەرتتى.

ئىسلام مەدەنىيىتىدىن ئىلگىرىلا ئۇيغۇرلار باي ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە تەرجىمە ئەدەبىياتى ئەنئەنىسىگە ئىگە ئىدى. يىپەك يولى مەدەنىي ئالاقىسى ئۇيغۇرلارنى خەلقئارا سودىگەر ۋە تەرجىمان مىللەت قىلىپ قويغانىدى. كلاسسىك ئەدەبىياتى پۈتكۈل تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ئۇيغۇرلاردا بىخلىنىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇر

ئەدەبىياتى نادىر كلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى بىلەن تونۇلۇشقا باشلىدى. ئەسلىدىكى «ئۇركىي ئارۇز» بەھرىدىن تاشقىرى ئەرەب كلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى باشقا ئارۇز ۋەزىنلىرى بىلەن غەزەل، رۇبائىي، قىتئە، تەرجىبەند، مۇرەببە، مۇخەممەس قاتارلىق بېيىت شەكىللىرى ئۇيغۇر ئارۇز شېئىرىيىتىنىڭ يېڭى نەۋائىلىرىنى شەكىللەندۇردى. ئىستېداتلىق ئۇيغۇر شائىرلىرى بۇ خىل بەھر شەكىللەر ئارقىلىق ئارۇز شېئىرىيىتى ۋە شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىغا يېڭى تېماتىك مەزمۇنلار ۋە بەدىئىي ئوبرازلار بېغىشلىدى.

ئەرەب خەلىپىلىكىدىن تۇپلىغان كالېندارچىلىق، ماتېماتىكا ۋە تېبابەتچىلىك ئۇتۇقلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، مائارىپى ۋە ئىلىم ـ پېنىنى يېڭى ئۆچۈر ۋە سەۋىيە بىلەن بېزەندۈردى. ئۇيغۇرلار ئەرەب مەدەنىيىتى ئارقىلىق گرېك ـ رىم، ئىسكەندىرىيە ۋە مىسىر، سۇرىيە، ئىران ۋە ھىندىستان ئىلىم ـ پەن نەتىجىلىرى بىلەن قايتا تونۇشتى. قەمەرىيە كالېندارى، ھەندەسە ۋە ئالگېبرا (گېئومېترىيە ۋە ئالگېبرا) ماتېماتىكلىرى، خارىس ئىبىن كەلدا، ئەبۇبەكرى مۇھەممەد زەكارىيە ئەررازى قاتارلىق ئاپتورلارنىڭ تېبابەتچىلىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا تەسىر كۆرسەتتى. ئۇيغۇرلار ئەرەب مەدەنىيىتى ئارقىلىق يەنە بىر قېتىم ئارستوتىل، ئەپلاتون، بۇقرات، ئوقدىلىلۇس قاتارلىق قەدىمكى گرېك مۇئەللىپلىرى بىلەن تونۇشتى. ئۇيغۇرلار ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈشى ۋە گرېك ـ باكتېرىيە دۆلىتى داۋام قىلغان قەدىمكى زامانلاردىلا گرېك ئاپتورلىرى بىلەن تۇنجى قېتىم تونۇشقانىدى. ئىسلامىيەت مەدەنىي مۇناسىۋەتلىرىگە ئەگىشىپ ئەرەب ساياھەتچىلىرىنىڭ توققۇز ئۇيغۇرلار ھاياتى توغرىسىدىكى يازما خاتىرىلىرى ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا مەنبەئەتلىك مەنبە بولدى.

## 4

ئۇيغۇرلار ئىسلام مەدەنىيىتىگىمۇ كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ ئەرەب مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن. ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ئارقىلىقمۇ، بىۋاستە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئارقىلىقمۇ ئەمەلگە ئاشقان.

جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئۇتۇقى ھېسابلانغان قەغەزچىلىك ۋە يىپەكچىلىك تېخنىكىسى ئۇيغۇر زېمىنى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئابباسىيە خەلىپىلىكىگە تارقالغان.

جۇڭگو تېبابەتچىلىكى بىلەن ئەرەب ۋە گرېك تېبابەتچىلىكىنىڭ ئۇتۇقلىرى ئۇيغۇرلار ئارقىلىق ئىبىن سىنا ئەسەرلىرىگە ۋە ئەرەب تېبابەتچىلىكىنىڭ

داۋاملىق راۋاجلىنىشىغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن. يورۇخىنىڭ ئەرەب دۇنياسىدا كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىشى ئاقساق تۆمۈردىن باشلانغانىدى.

ئىسلامىيەت دۇنياسىدا توققۇز ئۇيغۇر پەيلاسوپى ۋە ئالىمى ئەبۇ نەسىر فارابى ناتۇرال پانتېزملىق پەلسەپىۋى سىستېمىغا ئاساس سېلىپ ئارىستوتېلدىن كېيىنكى «ئىككىنچى ئۇستاز» دەپ شۆھرەت قازانغان، فارابى ئەرەب پەلسەپىسىگە ئەرەبلەرگە گرېك پەلسەپىسىنى تونۇشتۇرۇشقا، ئەرەب پەلسەپىسىدىكى ئىلمىي ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇشقا، ئەرەب ماتېماتىكىسىغا، ئەرەب مۇزىكىسىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ئەبۇ ئېلى ئىبىن سىنا فارابى قاراشلىرى، بولۇپمۇ فارابىنىڭ «تۆت زات» قاراشلىرىدا چىڭ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ «تۆت تادۇ» ، «تۆت ئاناسىر» ئاساسىدىكى تېبابەتچىلىك قاراشلىرىنى پۈتكۈل ئىسلام شەرقىگە، ھەتتا غەربىي ياۋروپاغا تارقاتقانىدى.

مەھمۇد قەشقىرى ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى تەقدىم قىلىپ ئەرەب- ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئالمىشىشىغا ھەسسە قوشقان. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق چوڭ تىپتىكى ئەسىرى ئىسلام شەرقىدە خەلىپە ھارۇن رەشىد ۋە خەلىپە مەئمۇندىن باشلانغان مەدەنىيەت ئويغىنىشى يېڭى باسقۇچنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئېچىپ، ئەينى زامان تەپەككۇر مۇنبىرىدە يېڭى بىر ئېگىزلىكنى پەيدا قىلدى. ئەخمەت ئىبىن تولۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ھۇمارابا قاتارلىق توققۇز ئوغۇز سىياسىيونلىرى مىسىردا قۇرغان تولۇن خانلىقى (905 ـ 868) مىسىر ئەرەب مەدەنىيىتى ۋە خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشۇش بىلەن ھەربىي فىلوت تەشكىللەپ ئاكا دېڭىز بازىسىنى بەرپا قىلغانىدى. غوجا ئەخمەت يەسەۋىي ۋە باھائىددىن نەقشبەندى مۇخلىسلىرىدىن مەۋلانە سەددىن قەشقىرى (ئابدۇراخمان جامىنىڭ ئۇستازى) ئىسلامىيەت تەسەۋۋۇپچىلىقىنىڭ خىلمۇ خىللىقىنى بېيىتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئەلشىر نەۋائى ۋەكىللىكىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى روھىيەت ئالاھىدىلىكلىرى تۈپەيلى ئىسلامىيەتنىڭ تۈركىي تۈردىكى كلاسسىك ئەدەبىياتىنى بېيىتتى. فارابى مۇزىكا نەزەرىيىسى ۋە مۇزىكىشۇناسلىق پائالىيىتى ئىسلام مۇزىكا مەدەنىيىتى تەرەققىياتىغا نەزەرىيىۋى جەھەتتە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى.

مىڭ يىللاپ داۋام قىلغان شەرق مۇزىكا سەنئىتىدىكى ئاجايىپ كاتتا بايلىق «ئون ئىككى مۇقام» ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرى سالجۇقلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە تۆمۈرلەڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ـ يېقىن شەرقتە 14 ـ ئەسىردىن كېيىن پەيدا بولغان «ماقام» ،«مۇقام»ھادىسىسىگە

كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتتى.

**5**

ئىسلام مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئەسىر شەرقىدىكى ئالەمشۇمۇل تارىخىي مەدەنىيەت تىپى سۈپىتىدە ئىسپانىيە (ئاندالۇسىيە) دىن جۇڭگوغىچە ئەزەربەيجاندىن شىمالىي ئافرىقىغىچە كەڭ تېررىتورىيىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. سىلىپ ئۇرۇشلىرى ئالدى ـ كەينىدە ياۋروپاغا تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىشى (رەنسانىس) ئۈچۈن مۇھىم ئاساس سالدى.
ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن بۇيان ئون ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتتى.
ھازىرقى كۈندە ئىسلام مەدەنىيىتى پەن ـ تېخنىكا ۋە سانائەتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ئۆزىنى زامانىۋىلاشتۇرۇپ ئۆزىگە خاس ئىسلام دۇنياسى ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرمەكتە. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئىلىم چىندە بولسىمۇ ئۇنى ئىگىلەش لازىم»،«ئالىملارنىڭ سەھىپە بەللىرىگە يازغان سىياھى شېھىتلەرنىڭ قەبرە تاشلىرىغا ئويۇلغان يېزىقلار بىلەن ئوخشاشلا قەدىرلىنىدۇ»، «مۇسۇلمانلار مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇشتا باشقا خەلقلەردىن ئارقىدا قالماسلىقى كېرەك» دېگەن سۆزلىرى ھېلىمۇ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتە يېخچە ئاڭ ـ پىكىر، ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيەتنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى تەكىتلەشكە ئىلھامبەخش كۈچىنى يوقاتقىنى يوق.

نازىم بىلوگىدىن ئېلىندى

# ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتى توغرىسىدا

ئۇيغۇرلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا توپلىشىپ ياشايدىغان غوللۇق، يەرلىك مىللەت ۋە ئاپتونومىيە هوقۇقى يۈرگۈزگۈچى مىللەت. ئۇيغۇرلار پارچە هالەتتە، جۇڭگونىڭ بىر قاتار چوڭ شەهەرلىرىدە خىزمەت ۋە تىجارەت قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار جۇڭگودىن باشقا، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان (ئاساسلىقى بايرام ئېلى رايونى)، پاكىستان، ئەرەبىستان، تۈركىيە، ئاۋستىرالىيە، گېرمانىيە، رۇسىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردە كۆرۈنەرلىك نوپۇستا، مۇئەييەن جامائەت تۈركۈمى شەكلىدە ياشايدۇ.

ئۇيغۇرلار هازىر دېهقانچىلىق، باغۇەنچىلىك، هۈنەرۋەنچىلىك، سودا ـ سېتىق، مەدەنىيەت ـ مائارىپ قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلار هازىر بازار ئىگىلىكىنى مەركەز ۋە تەۋشىگۈچ قىلغان هازىرقى زامان ئىقتىسادىي تۇرمۇشىغا بارغانسېرى ئۆزلەشمەكتە. ئۇيغۇرلار نۆۋەتتە تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ يېڭى قاتلىمىنى هاسىل قىلماقتا.

ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيا تىپىدىكى قەدىمكى قەبىلە ۋە خەلقلەردىن تەشكىل تاپقان. جۇڭگو ۋە چەتئەل ئالىملىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت مەنبەسى توغرىسىدا كۆپ ئىزدەندى. ئۇلار مىلادىيەدىن 3000 ـ 2000 يىل ئىلگىرى شىمالىي ئالتاي دالاسىدىكى ئاندرونوۋ ـ مىنوسىنىك رايونلىرىدا ياشىغان ئارى (ئارىيان) قەبىلىلىرى، سكتاي ـ ساك خەلقلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ۋە ئاسىياچە ئاق جىنسلىق (ئاق تەنلىك) ئەجدادلىرى دەپ قاراشماقتا. قەدىمكى جەسەتلەرنىڭ باش سۆڭەك ئانالىزى، قان تىپى، قەدىمكى ئارىيان ـ سكتاي ـ ساك ئەپسانە فولكلورى، كىيىنىش ۋە مۇزىكا، ئۇسسۇل، بايرام، سەيلە ـ مەرىكىلىرى بۇ مۇهاكىمىگە كۈچلۈك ئىسپات هازىرلاپ بەردى. ئەينى زاماندىكى «ئات مەدەنىيىتى» بۇ كەڭ ماكاندا جۇڭگونىڭ رەسمىي يىلنامىلىرىدە «ئۇلۇغخور» دەپ ئاتالغان ئارىيان ـ سكتاي ـ ساك خەلقلىرىنىڭ زور يۇغۇرۇلۇشىنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئارىيان ـ سكتاي ـ ساك قەبىلىلىرى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىللاردىن تاكى 6، 5 ئەسىرلەرگىچە غەرب، جەنۇب ۋە شەرققە يۆتكىلىپ، ئىران ئېگىزلىكى، هىندىستان زېمىنى ۋە چىلەن تاغلىرى ئەتراپىغا كېڭەيدى ۋە ئىرانى خەلقلەر، هىندىستان ئارىيان ـ ساكلىرى، تارىم ساكلىرى ۋە توخار قەبىلىلىرىنىڭ مىللەت تەركىبىگە سالماقلىق

تەسىر كۆرسەتتى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىلا ساكلارنىڭ ئاسنا قەبىلىلىرى بىلەن موڭغۇللۇئىد (موڭغۇل ئىرقى) تىپىدىكى ئاشىد قەبىلىلىرى ئاسنا ئۇرۇقىنى ئاساس قىلىپ قوشۇلدى. نەتىجىدە مەركىزىي ئاسىيا ئۇلۇغخورلىرىنىڭ 2-تۈركۈمى-تۈركلەر مەيدانغا چىقتى. ئۇيغۇرلار ئەنە شۇ ئارىيان-سىكتاي-ساك خەلقىنىڭ يىراق ئەۋلادى، تۈركىي تۈركۈمىنىڭ يېقىن ئەۋلادى ھېسابلىنىدۇ.

جۇڭگو يىلنامىلىرىدە غەربىي جۇ سۇلالىسى زامانىدىكى ھازىرقى گەنسۇ (كەڭ ساي) ۋە ئوردۇس ئوتلىقى ئەتراپىدا ياشىغان گۇيفاڭ، دى-زەي قەبىلىلىرىنى كېيىنچە بايقال كۆلى ئەتراپىدا ياشىغان دىڭلىڭ (دەنلەن) خەلقىنى ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە مەنبەلىرىدىن بىرى دەپ قارىغۇچىلارمۇ بار. ئۇلار دىڭلىڭلارنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي دىڭلىڭلارغا ئايرىپ، بايقالدىن يېنسەيگىچە، يېنسەيدىن يەتتە سۇ ۋە سىر دەرياسى ساھىللىرىغىچە ياشىغان دەپ قارايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دىڭلىڭلاردىن باشقا، قەدىمكى تۇرپان، كروران ئاھالىلىرى بولغان ئۇجىيې، ئۇخۇ ۋە قوش قاڭقىل قەبىلىلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت مەنبەسى دېگەن قاراشلارمۇ مەيدانغا چىقتى.

ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيادىكى قەدىمكى مىللەت، ئارىيان-سىكتاي-ساك-تۈركىي خەلقلەر تۈركۈمىدىكى مەدەنىيەتلىك خەلق. ئۇلارنىڭ جىسمانىي خۇسۇسىيىتى ۋە قان ئالاھىدىلىكى، تىل ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئېتنوگرافىك تۇرمۇش ئادىتى ۋە تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى يىراق تارىخىي قاتلاملىرىنى، تارقىلىش ماھىيىتىنى، مىللەت مەنبەسى ۋە ھەرخىل تەركىبلەرنى، ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىدارىنى، ئەجدادلىرىنىڭ بارلىق مۇنەۋۋەر فولكلورى ۋە تۇرمۇش مەدەنىيىتىگە تولۇق ۋارىسلىق قىلىش سالاھىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئوتلاق مەدەنىيىتى، ئاتلىق كۆچۈش قىسمەتلىرى، بوستان مەدەنىيىتى، يىپەك يولى ئالاقىلىرى، كۆپخىل دىنىي مەدەنىيەت باسقۇچلىرىنى باشتىن كەچۈردى.

ئورخۇن ۋادىسىدىن تارىم ۋادىسىغىچە كۆچكەن ۋە بۇ يەردىكى ساك، توخار، سوغدىلارنى ئۆزلەشتۈرۈپ مەيدانغا كەلگەن دېگەندە، يەنىلا ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى بىلەن تارىم ۋادىسىدىكى ساك، ئورخۇن سوغدىلارنىڭ قايسى تارىخىي قاتلامدا قانداق تىلدا سۆزلەشكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، ئورتاق ھالدا مەركىزىي ئاسىيا ئۇلۇغ خورلىرى بولغان ئارىيان تۈركۈمى ۋە تۈركىي تۈركۈمىگە بولغان تېرەن يىلتىزداشلىقىنى ئالدىنقى شەرت قىلىش كېرەك.

بۇ خەلقلەر كۆچمە چارۋىچىلىق ۋە «ئات مەدەنىيىتى» تۈپەيلىدىن مەركىزىي ئاسىيا رايونىغا ـ مۇھىمى تارىم ۋە سىر دەريالىرى ۋادىلىرىغا، بايقال ۋە موڭغۇل ئوتلاقلىرىغا كەڭ تارقىلىپ ياشىدى. ئۇلار جۇڭگو ۋە ئىران (ئاخمانى) ئىمپېرىيىلىرىگە يېقىن جايلاردا ھاكىمىيەت مەركەزلىرىنى بەرپا قىلغان ھون ۋە ساك ئەنئەنىلىرىگە دېيەرلىك ۋارىسلىق قىلدى. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىپ، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىنمۇ خان ئۇرۇقى بولغان ياغلاقارلار گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغاندىن باشقا، ئادىزلار باشچىلىقىدىكى باشقا ئۇيغۇر قەبىلىلىرى قوچۇ، كۇسەن، قەشقەر، سۇياب ـ سىر دەرياسى ۋادىسىغا يۆتكىلىپ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، كۇسەن ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار ھاكىمىيەتلىرىنى بەرپا قىلدى. خوتەن ياغلاقار قالقالۇخانى داۋاملىق گەنجۇ ياغلاقار ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قۇدىلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلىدى. بۇ، ئورخۇن ۋە گەنجۇ، خوتەن ياغلاقارلىرىنىڭ قەبىلىۋى يېقىنلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بۇ خۇددى ئۇيغۇرلار قەدىمكى سەمەرقەنت ھاكىمى ئاپراسىياپنى ئۆزىنىڭ قەھرىمان پادىشاھى دەپ ئىزچىل ھۆرمەتلەپ كەلگىنىگە ئوخشاش ئەھۋال.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنونىمى (مىللەت نامى) قاچان كېلىپ چىققانلىقى نامەلۇم. بىرىنچىدىن، بۇ ئېتنونىمنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتىنى ئۇيغۇرلارنىڭ دەسلەپكى ئېتنىك تۈركۈمىنىڭ مەيدانغا كەلگەن ۋاقتى قىلىپ بېكىتىۋالغىلى بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر دەپ ئاتالغان قەبىلە دەسلەپ ياغلاقار باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر ئىتتىپاقىغا قاتناشقان بىر قەبىلىنىڭ نامى بولۇپ، بۇ خاسىيەتلىك نام پۈتۈن ئۇيغۇر ئىتتىپاقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئورتاق نامى قىلىپ قوبۇل قىلىنغان، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىنمۇ گەنجۇ، ئىدىقۇت، كۇسەن خانلىقلىرى ئۆز سەلتەنەت ناملىرىغا ئۇيغۇر ناملىرىنى قوشۇپ ئىشلەتكەن. ھازىرقى يۇگۇ ـ سېرىق ئۇيغۇرلارمۇ ئۆز نامىنى ياغلاقار ياكى باشقا قەبىلە نامىدا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر نامىدا ئىشلەتتى.

« ئۇيغۇر» ئىبارىسى ئومۇمى مەنىدە «ئۇيۇشۇش، ئۇيۇشماق» مەنىدە ئىزاھلانماقتا.

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتى ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر نامىنى قوللىنىشى ۋە سىياسىي ھاكىمىيەت ئورنىتىشىدىن خېلى بۇرۇنلا تەدرىجىي شەكىللەندى ۋە ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي قاتلاملىرىدا داۋاملىق راۋاجلىنىپ، تۇرمۇش مەدەنىيىتى ئىزچىللىقى بىلەن تارىخىي قاتلاملىقى زەنجىر ھالقىسىنى ھاسىل قىلدى. بىز ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتىگە نەزەر سالساق، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇكەممەل ئېتنولوگىيىلىك

تۇرمۇش مەدەنىيىتىگە ئىگە ئىتتنىك مىللەت ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرىمىز.

ئۇيغۇر تارىخىدا جەڭگىۋار ئايالار، ھاكىمىيەتكە قاتناشقان تۇركەن خاتۇندەك ئايالار، شائىرە ۋە مائارىپچىلار خېلى كۆپ بولغان. تۇغۇت مۇناسىۋىتى بىلەن ئانا ـ بالىلار مەبۇدىسى ئۇماي ئانىغا (ئىسلامىيەتتىن كېيىن بۈۋى پاتىمەگە) سېغىنىش، بالىنىڭ قىرىق سۈيى، ئات قويۇش مۇراسىمى، بۆشۈك تويى، ئوغۇل بالا يەتتە ياشقا توشقاندا خەتنە قىلدۇرۇپ مۇراسىم ئۆتكۈزۈش، پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە ياكى ھۈنەرگە بېرىش ئادەتلىرى ئىزچىل ساقلىنىپ كەلدى.

ئۇيغۇرلاردا نىكاھ مۇناسىۋىتى بىلەن چاي ئىچكۈزۈش، توي ئالدىدىكى مەسلىھەت چايلىرى، نىكاھ ئوقۇپ قىز ـ يىگىتنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش، توي مۇراسىمى، يىگىت ـ قىزلار ئولتۇرۇشى، قۇدىلار چىللاقلىرى ئىزچىل ساقلىنىپ كەلدى. ئۇيغۇرلاردا دەپنە مۇراسىمى ھەرقايسى دىنىي مەدەنىيەتلەر تەسىرىدە ھەرخىل بولسىمۇ، ئەمما مېيىتنى پاكىزە يۇيۇپ كېپەنلەش، ھازىدارلار ئاق رومال سېلىپ، ئاق بەلۋاغ باغلاپ يىغا ـ زارە قىلىش، مېيىتنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش، جىنازىنى ئالمىشىپ تالىشىپ كۆتۈرۈپ قەبرىستانلىققا ئېلىپ بېرىش، لەھەتتە مېيىتنىڭ يۈزىنى قىبلە (غەرب) تەرەپكە قىلىپ ياتقۇزۇش، ئىچ گۆرنىڭ ئېغزىنى كېسەك بىلەن ئېتىپ، تاش گۆرنى توپا بىلەن كۆمۈش، قەبرە بېشىدا مېيىتنىڭ ئىجابىي تەرىپىگە گۇۋاھلىق بېرىش، قەبرە تېشى ـ گۈمبەز ئورنىتىش، مېيىتنىڭ يەتتە، قىرىق، يىل نەزىرلىرىنى ئۆتكۈزۈش ئادەتلىرى بىردەك ئىزچىل بولۇپ كەلدى. ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى مېيىت سۆڭىكىنى كاھىش (ساپال) ساندۇققا سېلىپ يەرلىككە قويۇش، مېيىتنى تاش گۆرگە كۆمۈش، مېيىتنى ئاستىغا ياغاچ شادا قويۇلغان گۆرگە ياتقۇزۇپ، ئۈستىگە قىزىل تۇپراق ۋە قۇم تۆكۈپ كۆمۈش، شام گۆرگە قويۇش قاتارلىق دەپنە قىلىش ئۇسۇللىرىنىمۇ قوللاندى.

ئۇيغۇرلاردا ھېيت ـ ئايەملەر قەدىمكى تەقۋىم (كالېندار) قائىدىلىرى بويىچە ئۆتكۈزۈلۈپ كەلدى. «نەۋرۇز» (نورۇز) بايرىمى، «كۆك مەشرىپى»، «سۇ مۇلەك» ئايەملىرى باھار ـ نورۇز بايرىمىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ بايرام يىراق قەدىمكى زامانلاردىن بېرى ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭغا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ يېڭى يىل بايرىمى بولۇپ كەلدى. ئۇيغۇرلار يەنە «قىزىل كۆل سەيلىسى»، «قوغۇن سەيلىسى» قاتارلىق يازلىق ـ كۈزلۈك بايراملارنى ئۆتكۈزىدۇ. بۇددىزم مەزگىلىدە بەش يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان «بۇرھان (بۇت) يۆتكەش» مۇراسىملىرى بولغان ئىدى. ئىسلامىيەتتىن

كېيىن، قۇربان ھېيت، روزا ھېيت ئايەملىرى نورۇز بايرىمى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق بايراملىرى بولۇپ قالدى.
ئۇيغۇرلاردا يېقىنقى يىللارغىچە (يېزىلاردا ھېلىمۇ بار) قورۇ ئىگىلىكى ھەر بىر چوڭ ئائىلىنىڭ تۇرمۇش ھۆجەيرىسى بولۇپ كەلدى. چۆللۈكلەر بىلەن قورشالغان ھەرقايسى بوستانلىقلار قويۇق دەرەخلەر، ئېقىن سۇلار، ئۆم ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر بىلەن قاپلىنىپ قالماستىن، بەلكى ھەرقايسى قورۇلارمۇ مېۋىلىك باغ، ئۈزۈم باراڭلىرى بىلەن قاپلىنىدۇ، ئۇيغۇر قورۇلىرى نەقىشلىك دەرۋازا، پېشايۋان، ئايۋان ـ ساراي، ئوغۇل ـ قىزلار ئۆيلىرى، قازناقلار بىلەن بىر يۈرۈش قىلىنىدۇ. بەزى قورۇلار بالىخانا ئۆيلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كۆپىنچە ئۆيلەر گەجلەنگەن ۋاسا بىلەن جۈپ قىلىپ يېپىلىدۇ. ھەرخىل نەقىشلىك مېھراب (مەرەپ) ، تەكچە ۋە مورىلار بىلەن بېزىلىدۇ.
ئۇيغۇرلار ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكىغا ئەزەلدىن ھېرىسمەن مىللەت، ئۇلار قەدىمكى مۇراسىملار، مىلىس ـ مەشرەپلەر ئاساسىدا يەرلىك خەلق مۇقام ـ مەشرەپ ـ سەنەملەرنى شەكىللەندۇردى. مىلىس ـ مەشرەپلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېتنوگرافىيە مەكتىپى، ئەخلاق ـ ئەقىل مەكتىپى، ناخشا ـ ئۇسسۇل مەكتىپى بولۇپ كەلدى. شۇ ئاساستا ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» شەكىللەندى.
ئۇيغۇرلار خەلق فولكلورى ـ ئېغىز ئەدەبىياتىغا باي خەلق. ئەڭ يىراق شامانىزم ئەپسانىلىرىدىن بۇددىزم دەۋرى ھېكايەتلىرىگىچە، قەدىمكى قەھرىمانلىق رىۋايەتلىرى، ئەجداد سېغىنىش رىۋايەتلىرى بولغان، «بۆرە ھېكايىسى»، «ئوغۇز نامە»، «ئاپراسىياپ رىۋايىتى»، «چىستانى ئىلىك بەك رىۋايىتى»، «دەدە قورقۇت»، «تۇمارىس»، «غېرىب ـ سەنەم» قاتارلىقلار بىلەن مىخلىغان تارىخىي قوشاقلار، لەتىپە ۋە ئەقلىيە سۆزلەر ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئۇلىنى سالدى. ئۇيغۇرلار خەلق ئەدەبىياتى ئاساسىدا يازما ئەدەبىيات ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات دۇردانىلىرىنى ياراتتى. ئۇنىڭ ئەڭ بۈيۈك سەمەرىسى «قۇتادغۇ بىلىك» تىن ئىبارەت. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئۇيغۇرلاردىكى پەلسەپىۋى، دىنىي، ئەخلاقىي، تارىخىي، ھوقۇقى كۆز قاراشلارنى شېئىرىي تۈستە ئىپادىلەپ، ئۇيغۇر روھىيەت تارىخى ۋە تەپەككۇر تارىخىنىڭ باي، رەڭدار خەزىنىسىنى ھاسىل قىلدى.
ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ تەسۋىرىي سەنئەت ھېرىسمەنلىرى ئىدى. ئۇلار قىيالارغا تۇرمۇش ئوبرازلىرىنى چېكىپ، بالباللار ۋە تاش پۈتۈك (ئابىدە) لەرنى ئورنىتىپ، ئالتۇن، مىس ـ

كۇمۇشلەردىن زىبۇزىننەتلەرنى ياساپ، كاھىش، قاش (قاشتېشى) تىن گۈزەل تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساپ، تاشكېمىر سەنئىتى بىناكارلىق، ھەيكەلتىراشلىق، تام رەسساملىقى، ياغاچ ئويما، تاختا سىزما، مېتال ۋە توقۇلمىلارغا رەسىم ئىشلەشتە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى. شىنجاڭدىن تېپىلغان زورو ئاستېر (ئاتەشپەرەسلىك)، بۇددا ۋە مانى دىنىغا ئائىت تەسۋىري سەنئەت يادىكارلىقلىرىنىڭ قالدۇقلىرى ھېلىمۇ جاھان تەتقىقاتچىلىرىنى مەپتۇن قىلماقتا.

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ تاماق مەدەنىيىتىدە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا ئالدىنقى شۆھرەتكە ئىگە. تاماق مەدەنىيىتى بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتىنىڭ يىراق تارىخىي قاتلاملىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ئېرىشكەن كامالەت دەرىجىسىنى كۆرسىتىدۇ. قايسى بىر تەتقىقاتچى: ئۈزۈپ تاشلاپ ياكى پىچاقتا كېسىپ ئېتىلىدىغان سۇيۇقئاش بىلەن ئىنچىكە سوزۇلغان ئەشمە (لەغمەن) ئارىسىدا بىر مىڭ يىللىق مۇساپە ياتىدۇ، دەپ توغرا ئېيتقان ئىدى. تونۇردا ھازىرلىنىدىغان ھەرخىل تائاملار، ئۆپكە، ھېسىپ، پېتىر مانتا ۋە مۇرابا قاتارلىق ئۇيغۇر تائاملىرىغا ئاپىرىن ئېيتمايدىغان كىشى بولمىسا كېرەك. قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئىشلەپ چىقارغان ھەرخىل مەيزاب ۋە ھاراقلار ھەتتا تاڭ تەيزۇڭنىمۇ ھەيران قالدۇرغانىدى. ئۇيغۇر تائاملىرى يىپەك يولى ئوتتۇرا بەلۋېغىغا جايلاشقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پىداكارانە مېھماندوستلۇق ئەنئەنىسىگە ھەسسە قوشتى. ئۇيغۇر تائاملىرى، ئۆز نۆۋىتىدە ئوزۇقلۇق ۋە تېبابەت قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن بولۇش بىلەن يەنە شەرق ـ غەرب خەلقلىرىنىڭ ئورتاق ئىشتىھا تەلىپىگە ئۇيغۇن بولدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش مەدەنىيىتى يىراق تارىخىي ئىزچىللىققا ئىگە بولۇپ كەلدى. بىز بازىرىق، قاراسۇق، ئەسكى قەلئە، كونا كروران، قەدىمكى قۇمۇل قارا دۆۋە قاتارلىق قەبرىستانلىقلار بىلەن سىكتاي ـ ساك سىزما يادىكارلىقلىرى، بۇددا تاشكېمىرلىرىدىكى تام رەسىملىرى، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چەت ئەل ئېتنوگرافلىرى سۈرەتكە ئالغان ئۇيغۇر كىشىلىرىنىڭ كىيىنىشلىرىدىن ئۇيغۇر كىيىم مەدەنىيىتىنىڭ تۇرمۇش، ئاتلىق يۈرۈش، جەڭ ئېھتىياجىغا لايىق بولۇشتىن تاشقىرى، يەنە غايەت زور ئېستېتىك ئالامەتلىرىگە، ھەتتا مانىرىزملىق (زىننەتۋازلىق) ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە بولغانلىقىنى بايقايمىز. بۇ ھال مىلادىدىن ئىلگىرىكى جاۋلىن ۋاڭنىڭ، مىلادىنىڭ بېشىدىكى شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ، شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ، ئوتتۇرا تاڭ زامانىنىڭ «خۇركىيىمى» قىزىقىش دولقۇنىنى شەكىللەندۈردى. ئۇيغۇرچە

كىيىنىش، زىبۇزىننەت، ئاتقا مىنىش ۋە ساز ـ ئۇسسۇل، ھەتتا مەي مەدەنىيىتى نۇرغۇن شائىرلارنىڭ شېئىرىي مىسرالىرىغا ئىلھام بەردى.
ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتىدە ئۇيغۇر سادا ـ تىجارىتى كۆرۈنەرلىك سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئەڭ يىراق ئەجدادلىرىدىن سكتايلارنىڭ ئاتلىق ـ تۆگىلىك جاھانكەچتىلىك ئەنئەنىسىنى ئۆزلەشتۇردى. ئۇلار قاشتېشى ۋە ئالتۇن سودىسى، يىپەك يولى سادا تىجارىتىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ئىران، ۋىزانتىيە ئارىسىدىكى سودىنى تىزگىنلىدى. مەشھۇر سۇدا ئاھالىسى دەپ ئاتالغان سوغدىلارنى ئۆز مىللىي تەركىبىگە سىڭدۈرۈپ، ئىران سودىگەرلىرىنى سۇندۇردى ۋە سۇڭ سۇلالىسىنىڭ سودا ۋازارىتىنى بىكار قىلىپ، ئۇيغۇر سودا سارىيى قۇرۇشقا ئىقتىسادىي جەھەتتىن بېسىم كۆرسەتتى. ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ياسىداق سودا دۇكانلىرى، مەيخانا ئېچىپ، ئۆز زېمىنىدا مال سېتىش ۋە يەرمەنكە بىلەن شۇغۇللانغۇچى «ئەتتار» لاردىن پەرقلىق ھالدا، دۆلەت، رايون ھالقىپ، يىڭنە ۋە قىممەت باھالىق بۇيۇملارنى ئېلىپ يۈرىدىغان خەلقئارالىق سودا كارۋانلىرى تۈزدى ۋە دۆلەت ـ رايونلار ئىتىراپ قىلىدىغان ئالتۇن ئاقچا بىرلىكىنى ياراتتى.
ئۇيغۇر تۇرمۇش مەدەنىيىتىدە تەنتەربىيە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئوقيانى ئات ئۈستىدە ئارقىغا ئېتىپ نىشانغا تەگكۈزۈش، چېلىشىش، ئات ئويۇنى، ئات توپ (چەۋگەن توپ)، ئوغلاق تارتىشىش، ساغاردى ئويناش، دارۋازلىق، سېھىرگەرلىك، موللاقچىلىق، ساقا ئويناش، شاھماتۇازلىق، گاگا توقماق، لەگلەك ئۇچۇرۇش ۋە نۇرغۇنلىغان باللار ئويۇنلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرادە چېنىقتۇرۇش، ماھارەت يېتىلدۈرۈش تىپىدىكى تەنتەربىيە مەدەنىيىتى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى.
ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن ھەممە شەرتلىرى مۇكەممەل ئېتنولوگىيىلىك مىللەت ئىكەنلىكى شۈبھىسىزدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە تۇرمۇش مەدەنىيىتى بۇ ھۆكۈمنى ھەر تەرەپلىمە ئىسپاتلايدۇ. ئۇيغۇرلار تېخى ئىجتىمائىي مىللەت ۋە سىياسىي مىللەت كاتېگورىيىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئەمەس.

چوغدىل بلوگىدىن ئېلىندى :
http://choghdil.blogbus.com/logs/53051495.html

# ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا

ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا ياشىغان ئەجدادلىرى ئۇزاق ۋە ئالاھىدە تارىخىي مۇھىت ئىچىدە مول ، رەڭگارەڭ ماددىي ، مەنىۋى مەدەنىيەت ياراتقان . ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىناكارلىقى ، تاش كېمىر سەنئىتى ، ھەيكەلتىراشلىقى ، رەسساملىق سەنئىتى ، مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل سەنئىتى ، تەرجىمىشۇناسلىقى ، بولۇپمۇ مول ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك يازما ئەدەبىيات بايلىقى _ يىپەك يولىدىكى بىباھا بايلىق بولۇپ ، بۇ خىل مەنىۋى بايلىق بىلەن تونۇشماي تۇرۇپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى خەزىنىسىنى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قاتلاملىرىنى ، شۇنداقلا شەرق ۋە غەربنىڭ تەرەققىيپەرۋەر ئەنئەنىۋى پىكىرلىرىنىڭ ئۇيغۇر روھىيىتىدىكى ئىزچىل ئىپادىلىرىنى يورۇتۇش مۇمكىن ئەمەس .

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى _ يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا لىنىيىسىدىكى ئۆلگىلىك ئەدەبىي تىل _ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن يارىتىلغان ، خەلق ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ باي ۋە رەڭگارەڭ ژانىرلىرى بىلەن ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرگەن ، ئۆز ئالدىغا ئىزچىل بىر سىستېما ۋە ئۇسلۇب شەكىللەندۈرگەن .

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھۆلى ئەڭ قەدىمكى ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتى بولۇپ، ئۇ ھەر خىل تىپتا ، ھەر خىل بەھىردىكى خەلق قوشاقلىرى ، خەلق داستانلىرى ، چۆچەك ، لەتىپە ، تېپىشماق ، رىۋايەت ، ئەپسانە ، ماقال ـ تەمسىل ، ئەقلىيە سۆزلىرى قاتارلىق ژانىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بىز ئۇيغۇرلاردا ئىپتىدائىي جامائە ۋە ئۇنىڭ ئاخىرقى دەۋرىنى ئىپادىلەيدىغان ئەپسانىلەر ، رىۋايەتلەر ، قەھرىمانلىق دەۋرى ھېكايەتلىرى ، ھەر خىل جەڭ ، ئەمگەك ، مەرسىيە ، مەدھىيە ، مۇھەببەت ، تەنبىيە ، بايرام ـ مەشرەپ قوشاقلىرىنىڭ بارلىقىنى ، ھەر خىل تارىخىي قوشاقلارنىڭ تارىخىي قاتلام ھاسىل قىلغانلىقىنى كۆرىمىز . بۇ قوشاقلارنىڭ كۆپچىلىكى كۆچلۈك رىتىمدارلىقتا ئىگە بولۇپ ، ناخشا ـ ئۇسسۇل ، لەتىپىلەرگە تېكىست قىلىنىدۇ . ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتى ئۇزاق تارىختا يىپەك يولىدا كەڭ تارقالغان ، غەرب ، شەرق خەلق ئەدەبىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئۇنىڭدىن تەسىر ئالغان . مەسىلەن ، قۇياش ئىلاھى مىترا ، سۇ ئىلاھى خۇببى ، جەڭ ئىلاھى مىررىخ قاتارلىق خەلق ھېكايىلىرى ، كرىستال كەش، بېلىق قىز قاتارلىق ماقال ـ تەمسىللەر باشقا خەلقلەر ئارىسىدا ساقلانماقتا . يازما ئەدەبىيات _ ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئىش قوشۇش ،

ئۆنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ، ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى خەلقپەرۋەر ۋە ئالغا ئىنتىلگۈچى روھىنى قايتا گەۋدىلەندۈرۈش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن . ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى خەلقنىڭ ئۆلمەس ئارزۇ ۋە غايىلىرىنى تېخىمۇ يۇقىرى بەدىئىي ۋاستىلەر بىلەن گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ ، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ مەھسۇلىدىن ئىبارەت .

يازما ئەدەبىيات ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سىستېمىسىدا ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ . ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى ئوتتۇرا ئاسىيا كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ، ئەڭ ئاساسلىق ۋە ئەڭ تەسىرلىك بىر تارمىقىدىن ئىبارەت . ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى «ئوغۇزنامە» ، «چىستانى ئىلىك بەگ» قەھرىمانلىق داستانى ، ئورخۇن – يەنسەي ئابىدىلىرى ، ھەتتا مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە مىسال كەلتۈرۈلگەن ئاجايىپ مول ئەدەبىي پارچىلار ھازىرمۇ بىر قاتار ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخىنى ئىزاھلاشتا بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇپ خىزمەت قىلماقتا . ئۇيغۇرلاردا يازما ئەدەبىياتنىڭ قاچان باشلانغانلىقى ئېنىق ئەمەس ، شۇنداقتىمۇ بۇددا سۇترالىرى ، بۇددا ھېكايىلىرى ، بۇددا شېئىرلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى تەرجىمىسى ، ئىجادىي شەرھى تەرجىمىسى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدا كۆرۈنەرلىك ئىپادىسىنى تاپقان . بىز كۆسەن ۋە بېزەكلىكتىكى بۇددا تاش كېمىرلىرىغا سىزىلغان كۆپلىگەن رەسىملەردىن ئەينى زاماندىكى تەسىرلىك ھېكايە ۋە چۆچەكلەرنى كۆرۈۋالايمىز . ئەدەبىياتشۇناسلار «ئالتۇن يارۇغ» نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى ئەنە شۇ خىل ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ بىر ئۆلگىسى دەپ قارىماقتا . يېقىندىن بېرى ئەدەبىياتشۇناسلار « مايترى سىمىت» دىرامىسىنى ئەنە شۇنداق يازما ئەدەبىياتنىڭ دراما ژانىرىغا مىسال قىلىپ مۇھاكىمە قىلماقتا . كۆلتېكىن ، تونيۇقۇق ، ماخلىئان ، بىلگە خاقان ، كۆلىنچۇر ، مويۇنچۇر مەڭگۈ تاشلىرىنى ، يازما ئەدەبىيات شەكلىگە ئېلىنغان «ئوغۇزنامە» ئېپوسىنى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر قاتلام ئۇتتۇقى دېيىش مۇمكىن . ئاپرىنچۇر تېكىن ، ئاسىخ تۇتۇڭ ، چىسۇيا تۇتۇڭ ، قالىم كەيشى ، پىراتيا ياشىدى ، كىكى ، جۇملىدىن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە تىلغا ئېلىنغان بىر قاتار يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئىسلامىيەتكىچە كۆرۈنەرلىك راۋاجلانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ .

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئالەمشۇمۇل تارىخىي ئەھمىيەتلىك يېڭى تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىنى نامايان قىلدى . قارا خانىلارنىڭ « خاقانىيە

تىلى» دەپ ئاتالغان قەشقەرىيە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بۇ چاغدا ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىياتىنىڭ ئۆلچەملىك تىلىغا ئايلانغان ئىدى . بىر قاتار ئىلمىي ئەسەرلەر ، جۇملىدىن ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ دىداكتىك داستانى « ئەتەبەتۇلھەقايىق »مۇ خاقانىيە ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان .

چاغاتاي تىلى نامى بىلەن مەشھۇر بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى خاقانىيە تىلىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى . ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ، بولۇپمۇ يازما ئەدەبىيات 13 ـ 14 ـ ئەسىرلەردە غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى . بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتى شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى .

نەسىردىن رابخۇزى « قىسسەسەئى رابخۇزى» ناملىق ئەسىرى بىلەن ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدا نەسرى ـ رومانچىلىقنىڭ ئۇلگىسىنى تىكلىدى . ئاتايى ، سەككاكى ، لۇتفى ۋە ئەلشىر ناۋايى قاتارلىقلار ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە شېئىرىي گۈزەللىكنىڭ مىسلىسىز يۈكسەك دەرىجىسىنى ياراتتى . لۇتفىنىڭ «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانى شېئىرىي رومانچىلىقنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى .

ئەلشىر ناۋايى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدا تەڭداشسىز ئەزىمەت ، هازىر 15 تومغا سىغدۇرۇلغان ناۋايى ئەسەرلىرى ئۇنىڭ كۆپ تەرەپلىمە تالانتىنى ۋە بىلىم دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىنى كۆرسىتىدۇ . ناۋايى لىرىك شائىر سۈپىتىدە 4263 غەزەل ( سونېت ) ، كۆپلىگەن مۇستەھزاد ، مۇخەممەس ، مۇسەددەس ، تەرجىبەند ، قىتئە ، رۇبائىي ، لۇغىز ، چىستان ، مۇئەمما ، تۇيۇق فەردلەر يازغان . ناۋايى شەرق خەمسىچىلىكىنىڭ ئەڭ ئالىي ۋە شۆھرەتلىك ۋەكىلى سۈپىتىدە 57 مىڭ مىسرالىق بەش چوڭ داستان ياراتقان ، ئۇنىڭ بىرى « ھەيرەتۇل ئەبرار»دىن ئىبارەت دىداكتىك داستان بولۇپ ، قالغان تۆتى «پەرھات ۋە شىرىن» ، «لەيلى ـ مەجنۇن» ، «سەبئىي سەييار» ، « سەددى ئىسكەندەر» قاتارلىق تۆت چوڭ شېئىرىي روماندۇر . ئەلشىر ناۋايى تىل ، ئەدەبىيات، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ، ئەدەبىيات تارىخى توغرىسىدا خاس ئەسەرلەر قالدۇرغان . ئەلشىر ناۋايى يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە پەلسەپىۋى پىكىر تەرەققىياتىدىكى يەنە بىر جاھانشۇمۇل نامايەندە .

ئەلشىر ناۋايىدىن كېيىن ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاساس سالغان ، ئەلشىر ناۋايى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرغان ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي ۋاستىلەرنى بويلاپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ ، ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئۈزۈلمەس دولقۇنلۇق ئېقىمىنى ھاسىل قىلدى . سەئىدى ،

رەشىدى ، ئامانىنساخان ، قېدىرى ، ئايازبېك ، خىرقىتى ، زەلىلى، نوّبىتى ، مۇھەممەد سادىق كاشغەرى ، خامۇش ئاخۇن ، ئابدۇرېھىم نىزارى، زىيائى ، غېرىبى ، سۇبۇرى ، بىلال نازىمى ، تەجەللى ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق ئەدىبلەر مانا مۇشۇ ئۇزۇلمەس دولقۇنلۇق ئېقىننىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئاساسلىق ۋەكىللىرى .

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى جۇڭگو كوّپ مىللەتلىك ئەدەبىياتىدىكى نادىر تارماق ئىكەنلىكى ، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرق ئەدەبىياتى مۇنبىرىدىكى قىممەتلىك بايلىق ئىكەنلىكىنى كوّرۇۋالغىلى بولىدۇ . ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خەزىنىسىنى كوّپ تەرەپلىمە تونۇشتۇرۇش ۋە تەتقىق قىلىش ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى مەركىزىي ھالقا .

ئەتتىرگۇل بىلوگىدىن ئېلىندى.

# ئىككى مەدەنىيەت ۋە تارىخنىڭ دىئالېكتىكىسى

ئىنسانىيەت تارىخى ماددىي مەدەنىيەتتىن مەنىۋى مەدەنىيەتنى يارىتىش ، مەنىۋى مەدەنىيەت ئارقىلىق ماددىي مەنىۋىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش تارىخىدىن ئىبارەت . مەيلى رەسمىي لەۋھە تەرىقىسىدە ئېغىزغا ئېلىنىغان بولسۇن ـ بولمىسۇن ئىككى خىل مەدەنىيەتتىن نوقۇل بىرى بىلەنلا كىشىلىك تۇرمۇشنى تەمىن ئېتىش مۇمكىن ئەمەس . ئىككى خىل مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا زىددىيەتمۇ بولىدۇ . ئۇ بەزىدە تۇتۇق بەزىدە روشەن، بەزىدە ھەتتا پاجىئەلىك ھالەتكە كۆتۈرىلىدۇ . ھازىرقى زامان جاھان مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدىكى پاجىئەلىك زىددىيەت ئۇنىڭ تىپىك بىر مىسالى .

بىر خىل كونا ئىقتىسادى تۈزۈلمە ۋە جاھالەتتىن يېڭى ئىقتىسادى تۈزۈلمە ۋە مەرىپەتكە ئۆتۈۋاتقان ، ئومۇمەن ئۈچ خىل سەۋەب تۈپەيلى بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەت ئارىسىدا زىددىيەت روشەن گەۋدىلىنىشى مۇمكىن . بىرىنچى ، يېڭى ـ كونا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە ھالەتنىڭ بىر خىل زىددىيەتنى ھەل قىلىپ ، ئۇنىڭ ئىككىنچى خىل شەكلىنى پەيدا قىلىشى ؛ ئىككىنچى ، ئۆتۈش مەزگىلىدىكى داۋالغۇشلار تۈپەيلى ئىككى خىل مەدەنىيەت زىددىيىتىنىڭ جىددىيلىشىشى ؛ ئۈچىنچى ، كىشىلەرنىڭ تارىخى تەجرىبە ۋە قانۇنىيەتلەردىن چەتنىگەن سۇبيېكتىپ قىزىپ كېتىشلىرى ۋە كونترول ئىقتىدارىنى ۋاقتىدا ئىشقا سالالماسلىقىدىن ئىبارەت . نەتىجىدە كەڭ ئاۋام قەلبىدە ئاڭ قاراش ، ئىستىل ، پوزىتسىيە ، مۇھاكىمە ، ئەدەپ ـ ئەخلاق، ئېتىقاد ۋە چارە ـ تەدبىر جەھەتلەردە بىر قاتار نورمالسىزلىق ، ھەتتا بۇزۇلۇش ، چىرىش ھادىسىلىرى يۈز بېرىدۇ. بەزىدە ماددىي مەدەنىيەت ، ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتتىكى تەكشىسىزلىك ، مەسىلەن نوقۇل ھالدا ماددىي تاپاۋەتنى ياكى نوقۇل قانۇنىي جازالاشنى مىقدارى جەھەتتە ئۇتۇق ـ نەتىجە دەپ قاراش ۋە ئەكس ھالدا بۇ جەھەتتە ئۈمىدسىزلىككە بېرىلىدىغان ئەھۋاللار خېلى كەڭتاشا ھاۋاغا ئايلىنىدۇ . رېئال تۇرمۇشىمىزدا ، كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىمىزدە كۆرۈلۈۋاتقان بەزى بىنورمال ئەھۋاللار بىزنى پاكىتقا ئىگە قىلىدۇ .مەسىلەن ، ياشلاردىكى يۇقىرى ئىستېمال قىزغىنلىقى ، ھۆرمەتسىزلىك ، ئوقۇغۇچىلاردىكى ياسانچۇقلۇق ، ئويۇن تاماشىغا بېرىلىپ كېتىپ كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇماسلىق ، ئوقۇتقۇچىلارغا ئوقۇتۇش ، ئىلمىي تەتقىقات سىرتىدىكى كىرىم بېسىمى ، ئۇلار دۇچار بولۇۋاتقان

ھۆرمەتسىزلىك ۋە كەمستىشلەر ، نەشرىياتچىلىق قىينچىلىقى ، نەشر ئەپكارلىرىدىكى ئىقتىسادىي ئۇنۇم قوغلىشىپ سەلبىي خاھىشتىكى باسما بۇيۇملىرىنىڭ يامراپ كېتىشى ، دوست تارتىشلار ، داۋالىنىش قىينچىلىقى، « ئېتى ئۇلۇغ سۇپرىسى قۇرۇق» دورىلارنىڭ كۆپلۈكى ، سەھىيە ئەخلاقىدىكى نورمالسىزلىق ، ئائىلىلەردىكى ماددىي پاراۋانلىقنى ئۆلچەم قىلىپ ، قايتا تەشكىللىنىش خاھىشى ، كۆپ قىرلىق سىرتقا بېرىلىش ھادىسىسى ، كىرىم - چىقىم ئالدىدا تەمتىرەپ قېلىش روھىيتى ۋەھاكازالار بۇ خىل ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى بۇزۇلۇشنىڭ بىر قىسمى.
قارىغاندا ماددىي پاراۋانلىق قوغلىشىش ، مەنىۋى تۇرمۇشنى تولۇقلاشقا سەل قاراش ، ماددىي مەدەنىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ ، ئۆز - ئۆزىنى نەزەردە تۇتالماسلىق ، ماددىي مەدەنىيەت رىقابىتىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش ، ئۇنىڭ نېگىزى بولغان مائارىپ رىقابىتىگە ئاخىرقى ساھە قاتارىدا مۇئامىلە قىلىش ، رېئاللىقنى كۆرۈپ ، تەجرىبە ساۋاقلارنى ۋە يىراقنى كۆرەلمەسلىك ھادىسىلىرىنى بىر ۋارقىراپلا ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغاندەك قىلىدۇ . بۇ ۋاقىتلىقلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ھادىسە بولۇپ بىر مەزگىل ئەۋجىرەپ كەتسىمۇ ، لېكىن بەرىبىر تۈزۈلۈشكە يۈزلىنىدىغان ھادىسە . تارىخ - ئىككى خىل مەدەنىيەتنى ئارقاق ۋە ئۆرۈش قىلىپ توقۇلىدىغان ئۆزۈن ھېكايە . ئۇنىڭدا يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان ئەبەدىيلىك ئابىدىلىرى بولۇشى ناتايىن . سىزگە ئېغىر ئاپەتلەرنى كەلتۈرۈشى مۇمكىن.

چوغدىل بلوگىدىن ئېلىندى :
http://choghdil.blogbus.com/logs/55899581.html

# گۆھەرگە دەسسەپ تۆرغان كور گاداي

ئىنسان يىغلاپ تۇغۇلۇپ، جاپا بىلەن ياشاپ، ھەسرەت بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ! ئىنساننىڭ سىرلىرى ئۇنىڭ مۇناجات ئىلاھىيەت قۇببىسىدا ئەمەس، بەلكى بەشەرىيەت ئوقياسىدا! ۋەھدەتتىن تاشقىرى ھېچ نەرسە يوق.بىر بولمىغاندا، تۇمەن بولمىغان بۇلاتتى. بارلىق بولمىغان بولسا يوقلۇق ھەققىدە ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. دېمەك، يوقلۇق ـ بارلىقنىڭ كۆز ئالدىدا يوقلۇقى، ھىجران ـ ۋىسالنىڭ شۇ دەقىقىدە يوقلىقى، ئاچلىق ـ توقلۇقنىڭ شۇ چاغدا يوقلۇقى، خەستەلىك ـ سالامەتلىكنىڭ تەندە يوقلىقىدۇر. ئىنسان گۆھەرسىزلىكتىن گاداي ئەمەس!چارىسىزلىكتىن بىچارە ئەمەس! ئۇ قۇل، ئەمما بۇنىڭ ۋەجى ئەركنىڭ مەۋجۇت بولمىغانلىقىدىن ئەمەسقۇ، ئاخىر! ئىنسان ھاۋا گۇلدۇرلىگەندە ئولىشىپ ـ تۇۋلىشىپ مۇناجات ئوقۇشتى . ئۇ ئەمدى كۆكتە پەرۋاز قىلىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى بىلدى. ئىنسان يۇقما كېسەللىككە زار يىغلاپ قۇربانلىق قىلىشتى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنى داۋالاشنىڭ ئىمكانىيەتلىرىنى كۆردى. ئالاھەزەل مۇمكىنلىكنىڭ مۇقەررەرلىك بىلەن بولغان ئالاقىلىرى ئۇنىڭغا پىچىرلىماقتا. بۇ ئۇلۇغ ئۆزلۈكنىڭ پېشايۋانىدا سادىر بولۇۋاتقان ھادىس تېخى ئىنساننى ئۆزلىك سارىيىغا ئېلىپ كىرگىنى يوق .

چۈشەن، ھەممە تەقەززالىرىڭ تەقەززا قىلغۇچى خاسىيەتلىرى بىلەن تەقەززا بولغۇچىنىڭ يېنىدا. تىلەكلىرىڭنىڭ نىجادىيتى سەن رۇكۇ قىلغان مېھرابتا ئەمەس، سەجدە قىلىۋاتقان چەۋەنداز ئىلىكىدە! تىلەكلىرىڭنىڭ سەۋەبكارى ئاجىزلىقىڭدۇر. ئاجىزلىقىڭ دېڭىز سۈيىنى ئارقىغا ياندۇرالايدىغان ئۇلۇغ كۈچ ـ قۇدرىتىڭنىڭ تاغ ھالىتىدىن قۇم ھالىتىگە پارچىلانغانلىقىدىندۇر. ئۇنى پارچىلىغان سەن ئۆزۈڭ! سېنىڭ نەپسىڭ، تەمەخورلىقىڭ، ئۆزگىنى ئانىي تېپىش نىيىتىڭ، ئاچكۆز ھەسەتىڭ، نادان ۋە تەرسالىقىڭ ئۆزۈڭ ياساپ، ئۆزۈڭ ئىقتىدا قىلغان لاتا ـ پۇرۇچ قونچاقلىرىڭغا بولغان خۇپىيانە قۇللىقىڭ! پارچىلاندىڭ، پارچە ـ پارچە «ئات» نەپسىڭنى ئەلا بىلىپ، بىر پۈتۈن قەلبى كامىل «ئات مىنگۈچى» ماھىيەتلىرىڭنى تىلىم ـ تىلىم قىلىۋەتتىڭ! ئۆزلۈك ئەينىكىڭنى سۇندۇرۇپ، ئىنسانىي بىردەكلىككە كىرپىدەك نەشتەر سانجىپ، «سەن ئۆل، مەن تىرىلەي» يولىغا چۈشتۈڭ. ئۆلىمالىرىڭ ئۇزۇن بويلۇق قاتىل ئىبلىس تەلەتىدە تەرلىمەكتە. ئۇمىد ئارزۇلىرىڭ تالقان بولۇپ ، قۇمدەك

دەرغەزەپ غىچىرلىشىپ، جەڭ ـ جېدەل جەڭگاھىغا ئۇچۇشتى. نەيزە ـ ئاپتوماتلىرىڭ ـ ئۇنىڭ تەرسا چۇقانلىرى !

قارا، ئى ئالەمنىڭ نۇرانە گۈلتاجى ـ ئىنسان، ئىش ئەمەلىڭگە قارا :يىرتقۇچلۇقتا گۆشخور ياۋايى هايۋانمۇ سەندىن ئۆزىنى تۇتقان. ئۇ، توقلۇقتا مۇلايىم، سەن ئەسەبىيسەن. ئاخىرى هەسرەت داشقازىنىنىڭ ئاستىغا تاشلانغان تاشلانغان ئاستىغا خەشەكتىنمۇ قەدىرسىز كۆيۈۋاتقانلىقىڭنى كۆرۈپ نالە قىلىسەن. سەن ئىنسانلىقىڭنىڭ ئاسىيسى، كامالىتىڭنىڭ قاتىلى، تۇرمۇشۇڭنىڭ بۇلغانغان بىنەزەر ئەخلىتى! بۇ قۇدرىتىڭنى ئۆزۈڭ تۇزدۇڭ، ئاتەشتىن، ئەمما نەپسانىي ئىستەك بىلەن، تەنتەكلىكلىرىڭدە ئالىقانات چىقىرىپ تۇزدۇڭ! تەقدىرىڭدىن زارلانما! تەقدىرىڭ ئەزەللىك لەھەسىدە، يۇلتۇزلار سەيلىسىدە ، پېشانەڭ سەھىپىسىدە ۋە ياكى تەڭرىنىڭ رەھىمى ـ شەپقىتى، قەهر ـ غەزىپى ئۇچقۇنلىرىدا ئەمەس، ئۇ، مۇھەببەت ـ نەپرەتكە تولغان بۇ ئالەمدە!

بىلكى، ئۇ سەن يوقاتقان ، سەن ئىزدەپ يۈرگەن، سەن كۆتۈرۈپ يۈرگەن نەرسىدە ـ ئىنسانىي قىممىتىڭنىڭ قىسمەنلىرىدە، قەلب دەرىخىنىڭ مېۋىلىرىدە. جاهان سېنى ئەقىل ـ ئىدراك گۈلى قىلىپ ئېچىلدۇرغۇچە قانچە ـ قانچە يۇلتۇز ئۆمرى كەتتى. سەن جاهاننىڭ ئۆزىنى تېپىش يولىدىكى بىر پارچە هېكمەت ئەينىكى بولمىقىڭ جائىز ئىدى. سەن بارلىقنىڭ گۈلشىنى، سىرلارنىڭ ئاچقۇچى نەسىبىسىدە ئالەمگە كەلدىڭ. ھەممە ئىقتىدارىڭنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ، ئۆز تىزگىنىڭنى ئۆز ئەركىڭگە بەرگەن. ئەقىل ـ ئىزدە! ئۆزلۈك كامالىغا باشلا! ئەقىل ـ كىتاب سەھىپىلىرىدە تاۋلانغان ئۆلمەس روھلار قاتارىدا، تەجرىبە جەريانلىرىدا پىچىرلىغان دۇنيا ئۇچۇرلىرىدا، تۇرمۇش تەكرارلىقىدا نىگارىنى كۆرسەتكەن هېكمەت جۇلالىرىدا، تەپەككۇر بىلەن تەسەۋۋۇر قانالىرىدا. بىلگىنكى، ئۇ، يېنىڭدا، نادانلىقىڭنىڭ لاچىن كۆز قارچۇقلىرىغا، غەزەپلىرىڭنىڭ يىلان نەشتەر تىلى ئاستىغا، تەرسالىقىڭنىڭ ئات تۇۋاقلىرى تېگىگە كۆمۈلگەن! ھەممە نەرسىنى كۆمگەن ۋە ئۇنىڭ موھتاجلىقى سەھراسىدا ئېچىرقاپ ـ چاڭقاپ يۈرگەن ئىنساندا نە باياشاتلىق ـ ئاۋاتلىق، نە گۈزەللىك ـ بەخت، نە سېۋىلىزاتسىيە ـ كامالەت بولسۇن! ئۇ، تار نەزەر ئۇيۇقىدا، پۇچۇق يارماق تۆشۈكىدە چاشقان كۈتۈپ ياتقان مۈشۈك، مۇبالىغە قىلغاندىمۇ مولۇن، خالاس! ئەي گۆھەرگە دەسسەپ تۇرغان ۋە گۆھەرنى پەرق قىلالمىغان ئەما بىچارە تىلەمچى. سېنى گۆھەر زېمىنگە، گۆھەر سېزەر ئىقتىدارغا قىلغان دۇنيا، سېنى ئىنسان، گۆھەرنى تاش، دەپ ئاتىمىغانمىدى ؟ ئەمدى

مۇھەببەتتىڭغا قارا :ۋەھىمە بىلەن بىخۇدلۇق، تەمەخورلۇق بىلەن بېسىمخورلۇق، قۇللۇق سۇكۇتى بىلەن قۇلدارلىق كىبىرى ھاۋاسى، ئاچكۆزلۈك بىلەن ئىسراپخورلۇق...

قىسقىسى، كامالەت مىزانىدىن چەتنىگەن غەلىتە روھىيەت ، مانا سېنىڭ ئۆمۈر مۇھەببەتتىڭ! بۇ مۇھەببەتتىكى سەن قاتىل بىلەن ئۆلگۈچى، ئوغرى بىلەن بۇلاڭچى، يالغانچى بىلەن زوراۋان، جىنايەتكار بىلەن راھىب ! سېنى ئۆلگەن ياكى كىشىلىك دۇنياسىغا تېخى تۆرەلمىگەن دەۋالاي دېسەم، سېنىڭ تاشلىغان زەھەرلىك قالدۇقلىرىڭ ھايات چىمەنزارلىقنى بۇلغىۋەتتى! غەلىتىلىكى شۇكى، بۇ تاشلاندۇقلار ئاداشتۇرغۇچى ساختا كرىستالدەك، قەلبى ئاجىز كۆزلەرگە جىلۋە قىلىپ، ئۇنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ! كۆزۈڭنى ئاچ! ئۆز مۇھەببەتىڭنى ۋە ئۆز قۇدرىتىڭنى بايقا !

ئوكيان قامۇسى توربىدىن ئېلىندى.

مەنبە ئادرېسى : http://qamus.okyan.com/View.aspx?ID=8410

# روھنى ساغلاملاشتۇرۇش ـ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى

ھەسەتخورلۇق ـ مىللەتنى خارابلاشتۇرىدىغان خەتەرلىك ئىللەت نادانلىقتىن ئۆچ بىخ ئۈسۈپ چىققان ،ئۇلار :قارا نىيەت ،ساختا شۆھرەت ۋە ھاكاۋۇرلۇق.

ــــ شۇپىنخاۋئېر

نادانلىقنىڭ مەرىپەتكە زىتلىقى ھەممىگە ئايان .نادانلىقنىڭ ئىككى خىل تارىخىي شەكلى مەۋجۇت :بۇنىڭ بىرى،مەرىپەت ( سىۋىلىزاتسىيە) تىن ئىلگىرىكى نادانلىق ( ۋارۋارلىق ) ،ئىپتىدائىي ئىنسان گۇرۇھىدىكى نادانلىق ۋە قېپىنغان نادانلىق . بۇنىڭ ئىككىنچىسى ،بىكىنمە ھالەتتىكى جەمئىيەت چەمبىرىكىدىكى نادانلىق ،ساختا شۆھرەت بىلەن كىيىندۈرۈلگەن نادانلىق ،ھەسەتخورلۇق ۋەسۋەسىسى بىلەن تولغان نادانلىق .

ئەقىلنى رەت قىلىش ( ئىراتسىئونالىلىق ) بۇ ئىككى خىل نادانلىقنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى .ۋەھالەنكى ،ئەقىل ،پەقەتلا ئەقىل ئىنساننىڭ غەيرىي ھايۋانىي ئەۋزەللىكى ۋە ئىنسانىي تاكامۇللىشىش مۇمكىنلىكىنى تەشكىل قىلغان .ئەقىلنى رەت قىلغان ،نادانلىققا چۆكۈپ كېتىۋەرگەن مىللەتنىڭ ئارقىدا قېلىش،پارچىلىنىش ،تۈزۈپ كېتىشتىن ئىبارەت « ھالاكەت ترىلوگىيىسى» نىڭ ھەر بىر باسقۇچىغا ھەسەتخورلۇقتىن ئىبارەت روھىي كېسەللىك سىڭگەن .

ھەسەتخورلۇقنىڭ بىز تونۇپ يەتكەن «كۆرۈنۈش» لىرى مۇنداق :

بىرىنچى ،قارانىيەتلىك ۋە قۇلى يەتمەسلىك ــــ ھەسەتخورلۇقنىڭ باشلىنىشىدىن ئىبارەت .ئومۇمەن ،بىلىمنى پەزىلەت كۇرىسى ۋە كامالەت كۇرسىغا يەتكۈزمىگەن ئاتالمىش «ئۆلىما ـ زىيالىي» لار ئۆز مىللىتىدىن ھېقىقى تەپەككۇر ۋە بىلىم ئىگىلىرىنىڭ چىقىشىنى كۆرەلمەيدۇ .

ئابدۇقادىر بېدىل ھەسەتخورلۇقنىڭ قارانىيەتلىك بولىدىغانلىقىنى مۇنداق سۆككەن :

دىلى ھەسەتكە تولغان ئىچى قارا،
دائىم پاك ئادەمگە چاپلايدۇ يالا .
تورۇسقا ئېسىپ كۆر ئاپئاق پاختىنى ،
جىمى ئىس چاپلىشار شۇ ئاق پاختىغا

سەئىدى شىرازى ھەسەتخورلۇقتىكى قارانىيەتنىڭ قولى قىسقا، تىرىشماس، قابىلىيەتسىز، نامەرد ئادەملەر قەلبىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇنداق پاش قىلغان :

قولى قىسقا ھەسەتخور قىلار غەيۋەت ،يوق ئامال ،
ئەگەر ئۇدۇل يولۇقساڭ بولۇر تىلى كالۋا ـ لال .

ھەم قۇلى قىسقا ـ ناقابىل ،ھەم قارانىيەت ـ غەيۋەتخور بولۇش بىر خىل زىددىيەتچان روھىي كېسەللىك بولۇپ ،ئىبلىس تەسۋىرىگە ئوخشايدۇ .ناقابىل بولغان ئىكەن قابىل بولۇشقا تىرىششى ،قابىل بولالمىسا ،قابىللارنى قوللىشى لازىم بولغان نورمال روھىي ھالەتنىڭ زىددىيەتچان روھىي كېسەللىككە ئايلانغانلىقىنى ھەسەتخور قەلبىنىڭ ئىبلىسلىقى ئەمەسمۇ ؟

ئىككىنچى ،ئۆزگىنى كەسلەپ ،ئۆز شېخىنى كۆتۈرۈش ھەسەتخورلۇقنىڭ مۇھىم ئالامىتىدىن ئىبارەت .مىللەتنىڭ نادان ھەسەتخورلىرى دۇنيادا قانداق يېخىلىقلارنىڭ بولغانلىقى،قانداق كىتابلارنىڭ يېزىلغانلىقى،قانداق كەشپىياتلارنىڭ مەيدانغا چىققانلىقى بىلەن كارى بولماي ،ئۆز مىللىتىدە بىر يېڭىلىق باش كۆتۈرسىلا « يۇرىكى يارا ،يۈزى قارا» بولۇپ كېتىشىدۇ .

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ «باردۇر» ناملىق غەزىلىدە مىللىتىمىزدىكى بۇ ئىللەتنى مۇنداق سۆككەن :

تەئاۋۇنۇ ـ تەناسۇر ئورنىغا بىزلەردە بىر ئادەت ،
يېڭى باشنى كۆتەرگەننى ئۇرۇپ يېقىتقانىمىز باردۇر

قىزىل كۆزلۈك ،كۆرەلمەسلىك ۋە يا ئۆزى قىلالماسلىق ،
قىلاي دەپ باغلىسا بەلنى تۆمەن بوھتانىمىز باردۇر.

ھەسەتخورلۇقنىڭ شۇنداق بىر تىپى باركى ،ئۇلار ئۆزلىرى ئۇچرىغان بەختسىزلىكنى« ئەڭ ياخشى ئالىي مەكتەپ» ( بىلىنسكىي ) دەپ بىلىپ، ئۇنىڭدىن ئەقلىي ۋە ۋىجدانىي خۇلاسە چىقارماستىن، «سۇنغان ئاقسۆڭەكلەر» چە ئەسەبىي قىساسكارلىق پىسخىك كېسەللىكى بىلەن ئالدىن كەتكەنلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ ،ئورنىنى كولاپ ،شېخىنى كېسىپ، ئاسان يول بىلەن «قەھرىمان» لىق مۇنبىرىگە چىقىشنى قەستلەيدۇ .بۇنداق كىشىلەرنىڭ ھەسەتخورلۇقى ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدىغان تەرسالىق بىلەن تەنها ياكى تۈركۈم بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ .بۇنى « قىساسكارلارچە ھەسەتخورلۇق» دېگەن نام ئاستىدا

ئەيىبلەش لازىم .كامالىدىن بىنايى :

هەسەت ھەممە ئىللەت ،نۇقساندىن يامان ،
هەسەت ئەھلى بارچە ياماندىن يامان

دېسە ،ناسىر خۇسراۋ مۇنداق يازغاندى :

بېرىلمىگەيسەن ھەسەتكە زىنھار ،
هەسەتنىڭ چېكى يوق ،تۇگەنچە مىقدار .

ئۈچىنچى ،پىتنە تۇغدۇرۇپ ،تۆھمەت قىلىش ھەسەتخورلۇقنىڭ ئاسان چېلىقىدىغان شەكلىدىن ئىبارەت .ھەسەتخورلۇقنىڭ قورالى پىتنە بىلەن تۆھمەت ئىكەنلىكى شۈبھىسىز ،بۇنى ئۇلار جىنايى بىلەن «سېپستىش» دەپ ئاتىشىدۇ .تۇرمۇشنى ئالدىغىلى ،خەلقنى پۈتۈن بىر تارىخى جەريانىدا قايمۇقتۇرغىلى بولمايدۇ .قەيسەر ئىرادىلىك كىشىلەر ئۆز ئەجرى بىلەن ھەمىشە ياشناپ تۇرۇۋېرىدۇ.«سېپستقۇچىلارنىڭ سېپسىپ كېتىشى» مانا بۇ پاك ۋە ناپاكلىق كۈرىشىدىكى بىر ھەقىقەت .مانا بۇ تارىخنىڭ نۇرانە يۈنىلىشى .ئەگەر مۇنداق بولمىغاندا تەڭرىمۇ بولمىغان ،ھەقىقەتمۇ بولمىغان ،تارىخمۇ بولمىغان ،ئىستىقبالمۇ بولمىغان ،ئىشەنچ ۋە ئالىي ھىممەتمۇ بولمىغان بولاتتى!

بىزنىڭ ھەسەتخور پىتنە ـ تۆھمەتچىلىرىمىز «ئاقنى قارا قىلىش» ،«ئۆزى گۇناھ قىلىپ ،باشقىنى گۇناھكار كۆرسىتىش» ،« ئوغرى ئوغرىنى تۇت دەپ ۋارقىراش» ،« باشقىلار نامىدا قارا خەت يېزىش» ،«بىر ئادەمگە ئىككى خىل تون كەيگۈزۈش»،«كېچىسى ئادەم ئۆلتۈرۈپ ،كۈندۈزى ھازىدار بولۇش» قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىۋېرىدۇ .باشقىلار نامىدا خەت يازغانلار ئىچىدە ئايال كىشى سۈرىتىگە كىرىۋېلىپ خەت يېزىش ،تۆۋەننى قۇترىتىپ قويۇپ ئۆزى قازى بولۇۋېلىش ،ئولتۇرۇش ـ سورۇنلاردا ئاشكارا پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىش ،پىتنە ـ ئىغۋانى چەت ئەلگە كېڭەيتىش قاتارلىق ھادىسىلەرنى كۆرۈپ مىللىتىمىز ئىچىدە بۇ جەھەتتىكى « ماھارەت » نىڭ دۇنياۋى سەۋىيە ياراتقانلىقىدىن ئەپسۇسلانماي تۇرالمىدىم .

تۆتىنچى ،گۇرۇھۋازلىق قىلىپ ،باشقىلارنى چەتكە قېقىش ھەسەتخورلۇقنىڭ تۈركۈملەشكەن شەكلىدىن ئىبارەت .ھەسەتخورلۇق ئەسلىدە زەھەرلىك چاياندەك نەرسە بولسىمۇ ،ئۆزىنىمۇ كۆيدۈرىدىغان ،باشقىلارنىمۇ كۆيدۈرىدىغان خۇسۇمەتلىك ئوت بولسىمۇ ،ھەسەتخورلار تۈركۈملىشىپ، چاياندىن پىل پەيدا قىلىشقا ماقۇل بولۇشىدۇ .ئۇلار مەلۇم ھوقۇق ياكى تەسىر كۈچى بولمىسا ،بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدىغانلىقىنى

بىلگەنلىكتىن تۈركۈملىشىدىغان بولدى .ئەمما بۇ تۈركۈمنىڭ ھەر بىر ھەسەتخور ئەزاسى ھەمىشە ئۆز تۈركۈمىدىن يۇز ئۆرۈشكە تەييار ،بىۋاپا كىشىلەردىن ئىبارەت .ھەسەتخورلۇق گۇرۇھلىرى ئىككى شەر ئاستىدا، يەنى قۇدرەتلىك مۇخالىپلىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ،قۇللارچە دەرىجىلىك بويسۇنۇش مۇناسىۋەت تەرتىپى بويىچىلا ساقلىنىپ تۇرۇشى مۇمكىن .ھاپىز شىرازى مۇنداق دېگەنىدى:

كەت يامانلار سۆھبىتىدىن ،ئىزدىسەڭ گەر ياخشى نام ،
بەتنىيەتلىك ئۆل ئەقىلسىزلىقتا ئىسپاتتۇر تامام .

بەشىنچى ،خەلقنى پارچىلاش ،مىللەتنى خانىۋەيران قىلىش- ھەسەتخورلۇقنىڭ ھەرىكەت نىشانى ۋە تارىخى جىنايىتىدىن ئىبارەت . ھەسەتخورلۇق شۇنداق كېسەلكى ، بىرىنچىدىن ،ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن يۇقتۇرۇۋالغان كىشىلەرنى ھالاك قىلىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى تارقاقلاشتۇرۇپ ،روھىي ئۇيۇشتۇرغۇچى ئاقىل كىشىلەرنىڭ ئابرۇيى - نوپۇزىنى داۋاملىق قىرقىپ ،مىللەتنى ھالاك قىلىشنىڭ جەريانىنى تېزلەشتۈرىدۇ.ھەسەتخورنىڭ تەپەككۇرى، ھېسسىياتى ،تىلى ،قەلىمى خۇنۇكلۇك بىلەن تولغاچقا ،تىنىقى ۋە يۈرەك سوقۇشى ھەمىشە ھەسەت زەھىرى ،بوھتان ئوتى ۋە قورقۇش تەشۋىشىدە تۇرىدۇ ،ئۇنىڭ پىسخىك كېسىلى جىسمانىي ئاجىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ .ھەسەتخورلۇقنى يۇقتۇرغان كىشى ئۆزىگە يارىشا « جەڭگاھ » ئېچىۋالغان يەنە بىر ھەسەتخوردۇر .ھەسەتخورلۇق تەرىپىدىن چىرمىۋېلىنغان مىللەت گەرچە تىل بىرلىكى بىلەن بىرلىشىپ تۇرسىمۇ، قەلبى پارچىلانغان مىللەتتىن ئىبارەت .قەلبى پارچىلانغان مىللەتنىڭ تىلى بۇ قەلبنى پارچىلاشقا خىزمەت قىلىشتىن باشلاپ ،بۇ مىللەتنى ھالاك قىلىش بىلەن ئۆزىنىمۇ ھالاك قىلىدىغان تىل بولماي نېمە؟روشەنكى ،تىلنى تاشقى پوست ،قەلبنى ئىچكى ئۆزەك قىلغان مىللىي ئۇيۇشمىنىڭ ھەسەتخورلۇق ئىچىدە تەمتىرىشى ھالاكەت ھالقىسىنىڭ ئالامىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، خالاس .گۈللەنگەن مىللەتنىڭ ھايات يولى ئىسپاتلىدىكى ، مىللەتكە يېمەك - ئىچمەك ،ئۆي - ماكاندىن باشقا مۇھىمى مىللىي روھىيەت لازىم .بۇ مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچ مەنبەسى بولغان ئېتىقاد، مىللىي ئەنئەنە ،يېڭىلىققا ئىنتىلىش ،مەنىۋى يېتەكچىلىك نوپۇزى ئىبارەت .مۇنداق بىناكارلىقنى بۇزۇشتىن ھالاكەت ،تۈزەشتىن گۈللىنىش كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئاددىي ،ئەمما بىزدە ئەستىن چىقىرىلغان ھەقىقەت .مەنىۋى قەھرىمانلىق ۋە غايىۋى يولباشچىلىق لېگىندىلىرىنى ياراتقان خەلقنىڭ بىردىنلا ھەسەتخورلۇق ئۇچقۇنلىرى بىلەن بەند

بولۇشىنىڭ تەكتىدە تارىخ نېمىنى پىچىرلاۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرىش مۇشكۇل ئەمەسمۇ !گېرتسىن :« ھەقىقەتكە ھۆرمەت قىلىش زېرەكلىكنىڭ ۋە دانىشمەنلىكنىڭ باشلىنىشىدۇر» دېگەنىدى .ھەقىقەتنى سۆيىدىغان قەلب نۇرانە قەلب ،خەلقىمىزنىڭ تارىخي ئىستىقبالىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان قەلب ،مۇنداق قەلب ھەقىقەتنى ھۆرمەت قىلىدۇ ،ئۇنىڭغا جان پىدا قىلىدۇ . ھەسەتخورلۇقنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچرىغانلارغا كەلگەندە شۇنى ئېيتىش كېرەككى ،بۇ ئۇلار ئۇچۇن تېخىمۇ قەيسەر خاراكتېر يېتىشتۇرىدىغان شۇرىغان سىنىقى ! ھىراكلىت توغرا ئېيتىدۇ :« ساڭا شۇنىڭ ئۇچۇن رەشك قىلىشىدۇكى ،سېنىڭ زوقلانغۇچىلىرىڭ ھەقىقەتەن تولىمۇ نۇرغۇن !»

# ئەنئەنىۋى ئاڭ گۈگۈمىدىكى ئۆيقۇ ۋە زامانىۋى ئاڭ سەھىرىدىكى ئويغىنىش

كەچقۇرۇن پېتىۋاتقان قۇياش بىلەن سۇبھى سەھەر كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياش بىر قاراشتا ئوخشاش شەپەق چېچىپ ، ئوخشىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدۇ . ئەگەر بىز خىرامانلىق ئىلكىدىن قۇتۇلۇپ ، شەرق بىلەن غەربنى ، كېلىۋاتقان يېڭىلىق بىلەن كېتىۋاتقان كونىلىقنى پەرق قىلالىساقلا ، بۇنداق « ئوخشىشىپ »كەتكەن ھادىسىدىكى تۈپلۈك پەرقنى بايقىيالايمىز .
ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز تارىخىدىكى سەكرەتمىلىكلەر تۈپەيلى ، بەزىدە بەزى مىللەت ياكى خەلقلەر ئىجتىمائىي،ي ۋە ئىدېئولوگىيىلىك فورماتسىيىنىڭ بەزى خىللىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزمەيلا ئۇلارنى «ئاتلاپ ئۆتۈپ» ئىلگىرىلىشى مۇمكىن . ئەمما تاۋار ئىگىلىكى بىلەن ھازىرقى زامان قىممەت قارىشىنى مەركەز قىلغان زامانىۋى ئاڭنى «ئاتلاپ» ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس . بۇ ، ئوتتۇرا ئەسىر ھالىتىدىكى ئىنسان ۋە ئىنسان جەمئىيىتىنى كەلگۈسى ئىنسان ۋە ئىنسان جەمئىيىتىگە ئېلىپ بېرىشتىكى ماددىي ۋە مەنىۋى ئىككى تىرەك .
ئۇزۇن مۇددەت يېرىم مۇستەملىكە ، يېرىم فېئوداللىق ئاسارىتىدە تۇرغان، كېيىنچە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ »نىڭ سولچىل دىكتاتورىسى ۋە مىللىي ئىنكارچىلىقى ئاستىدا يەنچىلگەن خەلقىمىزنىڭ 1980 ـ يىللارنىڭ بېشىدا قايتا ئويغانغان مىللىي ئىپتىخارى ۋە كۆمۈلگەن ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە بولغان ئوتلۇق تەلپۈنۈشلىرىنى تارىخىي ماتېرىيالىزمچىلار تولۇق چۈشىنىدۇ . بۇنداق ھالەت مۇشۇ يىللاردا پۈتكۈل ئېلىمىزدە يۈز بېرىپلا قالماستىن ، تارىختىكى ھەر قانداق جاھالەتتىن كېيىنكى «قايتا ئويغىنىش» ، «قايتا گۈللىنىش» دەۋرلىرىدىمۇ يۈز بەرگەن قانۇنىيەتكە ، جۈملىدىن ئەقىلگە مۇۋاپىق ھادىسە ئىدى .
2000 يىللىق مەدەنىيەت تارىخى ئۇتۇقلىرىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىر قاتىلىۋەتكەن مۇشۇ ئەسىر ( 20 ـ ئەسىرنى كۆرسىتىدۇ ) ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يۈز بەرگەن ، يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەر ھەممە مەملىكەت ۋە مىللەت خەلقلىرىنى ئالدىرىتىپ قويىدى ! مىللىي ئىپتىخارنىڭ بۇ ئەنئەنىۋى ئاڭ شەكلى يېقىندىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياشتەك بىزنى سۆيۈندۈرگەنىدى ، مانا ئەمدى ئۇ ئۆز ئورنىنى ئېلىمىزدە ، ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانىيەت دۇنياسىدا قايتا شەكىللەنگەن ، بىر قىسىم مۇتەپەككۇرلار

پەرەزلىرىدىن ئومۇم جاھان ھادىسىسىگە ئايلانغان زامانىۋى ئاڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە توغرا كېلىپ قالدى . بۇ خۇددى ئاتا ـ ئانا ھۆزۈرىدىن يېڭى ئۇستاز ئالدىغا كەلگەندەك بىر قاراشتا «ياتسىراشقۇ» كۆرۈنسىمۇ ، ئۇنىڭ زۆرۈرلۈكى ، يەنىلا ئۇنىڭ مىللىتىمىزنىڭ يېڭى مىللىي ئېتىخارى بولۇپ قېلىشىدا گۇمان يوق .

كارل ماركس : «تارىخ ئۆز ـ ئۆزىنى ئىزدەپ يۈرگەن ئىنساننىڭ پائالىيىتىدىن ئىبارەت» دېگەنىدى . ماركسنىڭ بۇ سۆزى تولىمۇ كەڭ ، تولىمۇ چوڭقۇر ۋەزىندار سۆز ئىدى . ئىنسانىيەت ئۆز ـ ئۆزىنى ئىزدەپ كەلدى . بۇددىستلار ۋە سوپىزمچىلار ئىنساننى تەڭرى سۈپەتلىرىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن « رېئاللىقتىن ۋاز كېچىش» ۋە «نىرۋانا» ياكى «ۋەسلى ئىلاھىيە» ئارقىلىق تەڭرى بىلەن قوشۇۋېتىشكە ، تەڭرى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشكە ئۈمىد قىلىشتى . ئەلىشىر نەۋائى : سەن مېنى قانداق تاپۇرسەن، مەن ئۆزۈمنى تاپمىسام ، دېگەنىدى . فارابى ۋە ئوتوپىك سوتسىيالىستلار غايىۋى جەمئىيەت تەلىماتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى . بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابلىرىنىڭ «ئەركىنلىك ، باراۋەرلىك ، مېھرىبانلىق» غايىلىرى ئىنقىلاب خىتابنامىسىدىلا قېپقالدى . ئوت يالقۇنلىرى ۋە ئىلىم ئىختىرالىرى بىلەن تولغان مۇشۇ ئەسىرىمىز ئۆزىنىڭ زىددىيەتلىك ھادىسىلىرى ئارقىلىق ئومۇمەن 2000 يىل ياراتقان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدىن ئاللىقاچان ئېشىپ چۈشۈپ ، ئۈچۈر ، ئىرسىيەت قۇرۇلمىسى ۋە ئارىلاشما (سىنكرېتىك) مەدەنىيەت بوسۇغىسىغا دەسسەپ قالدى . مۇشۇنىڭغا ئەگىشىپ ، ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئېيتقاندا ، ئۇنىڭ تارىخىي ماھىيىتى سۈپىتىدە «ئىنسان زادى نېمە ؟» ، «ئىنسان قانداق بولۇشى لازىم ئىدى ۋە قانداق قىسمەتتە تۇرماقتا ؟ » ، « سانائەت ئۇتۇقلىرى ، پاراۋانلىقنىڭ ئوبيېكت ۋاستىلىرى بىلەن ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادىتىدىن ئىبارەت سۇبيېكت مەقسەتدارلىقنىڭ گارمونىك مۇناسىۋىتىنى قانداق قايتا تۈزۈش لازىم ؟ » دېگەن غايەت زور مەسىلە پۈتكۈل تەپەككۇر بوشلۇقىغا كىرىپ كەلدى . بۇ ، ئۆز ـ ئۆزىنى ئىزدەپ يۈرگەن ئىنساننىڭ تارىختىكى سوپىستىك ، ئوتوپىستىك ، گۇمانىزملىق شېرىن چۈشلىرىدىن پەرقلىق ھالدا ئۆز ئوبيېكتىنى تاپقان رېئال مۇمكىنلىك ئالدىدىكى ھەقىقىي ئويغىنىشى بولدى . بۇنداق زامانىۋى ئاڭ كىشىلەرنى لەرزىگە سالدى ، ئەسەبىيلىك چۈشەكەشلىرىدىكى داھىيلارنى ، سەركەردىلەرنى ، ھەتتا كۆپلىگەن ئىلىم ـ پەن ئەربابلىرىنى ، سەنئەت مۆتىۋەرلىرىنى ، كەڭ خەلقنى قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى . كۆپ كىشىلەر 21 ـ ئەسىر ئۇنداق ياكى مۇنداق ئەسىر بولغان كۆرە « ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تاپقان

ئەسرى» بولۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا باشلىدى . بۇ ، ئىنساننىڭ ئىنسان تۆرۈپ ئىنسانغا ئوخشماي قالغان ھالەتتىن قۇتۇلۇش يولىدىكى ئىنقىلابىي يېڭى تەپەككۇر ئىراسىنىڭ كۆز ئالدىمىزغا يېقىنلاپ كېلىپ قالغانلىقىنى ، پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى مۇشۇ ئۇلۇغۋار ئاڭنى كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى . ئەھۋالنىڭ دەل مۇشۇنداقلىقىدىن كۆزنى يۇمۇۋېلىپمۇ ، ئۇنى ئەيىبلەپ قول سىلكىپمۇ قۇتۇلغىلى بولماي قالدى . بۇ يۇقىرى قاتلاملىق ئاڭ ئۆزىنىڭ تارىخىي يىلتىزى ، رېئال ئىمكانىيىتى ۋە ئاجايىپ سېھرىي گۈزەللىكى بىلەن ئۆزىدىكى مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئېرىشەلىگەن ھالدا ئېخىمىزدا ، مىللىتىمىز ئارىسىدا قەد كۆتۈرۈپ چىقىشقا باشلىدى . ھازىرقى ئەھۋال خۇددى مۇشۇنداق بولماقتا :« ئۇنداقتا مىللىي ئەنئەنىلىرىمىز ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىز يوقىلىپ كېتەمدۇ ؟»، «بۇ ، مىللىي ئېھتىخارنىڭ يوقالغانلىقى ئەمەسمۇ ؟» ياق ، ئۇنداق ئەمەس ! تامامەن ئەكسىچە !

مەلۇمكى ، مىللىي ئەنئەنە شۇ مىللەتنىڭ كۆپ قاتلاملىق تارىخىي تەرەققىياتىدىكى ھەر بىر قاتلامدا قىسمەن ساقلىنىپ ، قىسمەن يېخىلىنىپ تۆرغان مىللىي پىسخىك ۋە مىللىي مەدەنىيەت ئالامىتى بولۇپ ، ئۇ ئەلمىساقتىكى « پۇتۇلمىش» ئەمەس . ھازىرقى مىللىي ئەنئەنىلىرىمىز ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى مىللىي ئەنئەنىلەرنى ئۆزگەرتىش ياكى ئىسلاھ قىلىش ئاساسىدا شەكىللىنىپ كەلگەن . بولمىسا بىز ئىپتىدائىي توتېم ياكى كۆپ خۇدالىق ئەنئەنىلىرىمىزنى ساقلىغان بولۇپ قالماسمىدۇق ؟ مىللىي ئەنئەنە ئۆزگىرىش ئىچىدە راۋاجلىنىدۇ ، راۋاجلىنىش ئىچىدە يۇقىرى قاتلاملىق تۇسكە داۋاملىشىدۇ . مىللىي ئېھتىخار دېگەنلىكمۇ شۇ مىللەتنىڭ ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ۋەتەن ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشۇشتىكى غۇرۇر ـ ئىززىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس . تەرەققىياتقا كۆز يۇمۇپ مىللىي ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە مىللىي ئېھتىخار ھەققىدە سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ . روشەنكى ، ھاياتنىڭ داۋاملىشىشى بىر شەخس ئۇچۇنمۇ ، بىر مىللەت ئۇچۇنمۇ بۈگۈنكى ۋە ئەتىكى زامان مۇھىتى ۋە زامان تەلىپىگە قانداق ئۇيغۇنلىشىش بىلەن ھەل بولىدۇ . چۈنكى ئۆتمۈش خۇددى تۆكۈلگەن يوپۇرماق ياكى ئۆتكەن جەسەتتەك جانلىق ھاياتتىن مەھرۇم بولغان زاماننىڭ نامىدىن باشقا نەرسە ئەمەس !

ئەلىشىر نەۋائى : ھەر دەۋرنىڭ سازەندىسى ئۆز بەزمىسىگە يارىشا ناۋا قىلىشى كېرەك ، دېگەنىدى .

زامانىۋى ئاڭ _ ھازىرقى زامان ئادىمىنىڭ ، مىللىتىنىڭ ، دۆلىتىنىڭ ئىنسانىيەت قاتارىدا داۋاملىق روناق تېپىشىنىڭ ئىدىيىۋى شەرتى .

مۇنداق ئاڭنىڭ تىكلىنىش ـ تىكلەنمەسلىكى تارىخي تەقدىرنىڭ قانداق بولۇشىغا بىۋاستە ئۆتكۈر تەسىر كۆرسىتىدۇ .

زامانىۋى ئاڭ سەھىرى يېتىپ كەلدى . زامانىۋى ئاڭ سەھىرى ئويغىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ . ئۇ ، بۈگۈنكى ئىنساني قەدىر ـ قىممەت ، ئىنساني ئەرك، باراۋەرلىك ۋە ئورتاق گۈللىنىشنىڭ ئەڭگۈشتىرى . ئۇ بىر قاتار كونكرېت مەزمۇنلاردىن تەشكىل تاپقان پائالىيەتچان ئاڭ . ئۇ : زاماننى بىلىش ۋە كەلگۈسىچىلىك ئىدىيىلىرىنى ، ئىنساننىڭ ئومۇمىي قىممىتى ۋە ئىقتىدار قىممىتى ئېڭىنى ، ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەنلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئارىلاشما تەتقىقات ساھەلىرىنى ئېچىشنى ، ۋاقىت كۆز قارىشىنى زامانغا لايىقلاشتۇرۇشنى ، هازىرقى زامان ئېڭى نۇقتىسىدا تارىخنى قايتا كۆزىتىش ۋە قايتا ئىپادىلەشنى ، شۇنىڭ بىلەن بىللە باشقا بىر قاتار ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇ مەسىلىلەر ئۆز نۆۋىتىدە مەخسۇس مۇهاكىمە قىلىنىدىغان مۇهىم تېماتىك نۇقتىلار .

ئەنئەنىۋى ئاڭ گۈگۈمىدا ئۇخلىماي ، زامانىۋى ئاڭ سەھىرىدە ئويغىنايلى، بۇ ئىنسانلىق قەلبىمىزنىڭ ھەقىقىي خىتابى بولسۇن !

( « شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2000 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن ئېلىندى )

چوغدىل بلوگىدىن ئېلىندى :
http://choghdil.blogbus.com/logs/53052180.html

# ياتلاشقان ئىنسان ۋە ياتلاشقان ئەقىل ـ پاراسەت

ئىنسان ـ كائىناتنىڭ مەنىۋى كامالەتكە ئېرىشكەن مېۋىسى. ئىنسان ـ پۈتكۈل گۈزەل تەسەۋۋۇر، ئىزگۈ ئىستەك ۋە مۇقەددەس مۇئەككەل ئوبرازلىرىنىڭ ئىجادچىسى. ئىنسان ـ ئۆزىدە تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى، ماددا ۋە روھىيەتنى، ھالاكەت ۋە ئىجادىيەتنى، مۇقەررەرلىك ۋە ھۆرلۈكنى، غايە ۋە تارىخىي ئەسلىمىنى، چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن مۆجىزىدار شەيئى! ئىنسان ـ زېمىن سەتھىدە مەدەنىيەت ئېكىنزارلىقىنى بەرپا قىلغۇچى، جۇملىدىن يەنە شۇ زېمىن سەييارىسىدە ئۆز ئىختىرالىرىنى پېتىقلىغۇچى ۋە ئاخىرىدا تېخى زېمىن ھالاك بولماي تۇرۇپ كىشىلىك قىيامىتىنى ھاسىل قىلغۇچى قەيسەر!

ئىنسان ـ بەخت توغرىسىدا چۈشەكەيدىغان، ئەمما ئانا زېمىنىنى چەيلەپ، ئەسەبىيلەرچە ئۈستۈنلۈككە، تەرسالارچە قاقاقلاپ ئۆلۈپ ئۆتۈشنى بەخت، دەپ چۈشىنىدىغان، بەخت ئارزۇسىدا زېمىندىكى بەخت بۇلاقلىرىنىڭ كۆزىنى تىندۇرۇپ يۈرىدىغان، تۈمەن يىللاردىن بېرى تېخى بەخت ئوبرازى ۋە بەخت قىياپىتىنىڭ مودېلىغىمۇ ئېرىشەلمىگەن، ئابستراكت بەخت ھەققىدە كونكرېت رىيازەت چېكىدىغان تەلۋە!

ئىنسان ـ ئىبلىس قاباھىتىگە قارشى جەڭ ئاچقان يەھۋى، ئىلاھىي مۇقەددەسلىكنى ئۆز نەپسىگە يەم قىلغان شەيتان! ئۇ ساختىلارغا قارشى ئىلىم ـ پەن ھەقىقەتلىرىنىڭ چىرىغىنى پەرلىگۈچى زېكى، شۇنىڭدەك، ئۆزىنى ئۆزى توقۇپ چىققان ئويدۇرمىلار بىلەن بەزلەپ يۈرگۈچى خۇدبىن! ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ئۇنىڭ نادانلىقىدىن ئىبارەت كرېست ياغىچىغا مىخلانغان.

دەر ھەقىقەت، ئىنسان ياتلاشقان، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ماھىيىتىدىن يۈز ئۆرۈگەن، ئۇ زۇلۇم قىلغۇچى ۋە زۇلۇم چەككۈچى، ھاكىم ۋە مەھكۇم، ئۈستۈنلۈك غۇرۇرى ۋە زەبۇنلۇق زالالىتى تۈپەيلى ئۆز ماھىيەتلىرىدىن ياتلاشقان بولۇپ قالماي، يەنە قۇدرەت ۋە بەخت، بايلىق ۋە ھوقۇق، بىلىم ۋە ئىجادىيەت مۇمكىنلىكلىرى تۈپەيلىمۇ ئۆز ماھىيەتلىرىدىن ياتلاشقان. قارا ئۇنىڭغا، ئۇ ئۆز ـ ئۆزىنى چەيلەپ، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئۆز نەپسىنىڭ ۋاستىسى، ياللانما، مالىيى، قۇربان تولغۇچىسى قىلىپ پۇچەك تۇرمۇشقا يۈزلەنمەكتە. ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانا باغى ئېرەمدىن ئىبلىسنىڭ دامىغا چۈشۈپ ئۆز ماھىيىتىدىن ياتلاشقانىدى. سىڭىللىرىنى تالىشىپ قابىل

هابىلنى ئۆلتۈرۈپ قويىدى. چېكىدىن ئاشقان ياتلىششىنى نۇھ زامانىدىكى توپان، سالىھ زامانىدىكى چاقماق، لۇت زامانىدىكى يەر تەۋرەش توختىتالىغىنى يوق. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەرخىل قىرغۇچى قوراللار، مەسخىرىگە مۇناسىپ تاج ـ پاگونلار، غەلىتە غادىيىش ۋە خۇشامەتگۈيلۇقلار، رەڭمۇرەڭ نۇرلاندۇرىدىغان ساختىپەزلىكلەر كىشىلىك تۇرمۇشقا سىڭىپ كىردى. ئالەمنى ياراتقان خالىقمۇ ئادەم ئاتا ئەۋلادلىرىنى تۇپراق تەكتى بىلەن ئۆزگىلەر قۇلىدىن ئالتۇن يىغىۋېلىشنىڭ ساراسىم كېسىلىگە گىرىپتار قىلىپ قويىدى. مەلۇم مەنىدە، ئىنسانىيەت ئالتۇن ئالمىنى تالىشىپ ئالەمشۇمۇل تىرۇيا ئۇرۇشىغا غەرق بولۇپ كەتكەن. ئىنسانىيەت ئۆز ـ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا «ئىلىنا» ئۈچۈن ئۆلۈم گىردابىغا خۇددى ئوتقا ئىنتىلگەن پەرۋانىدەك يېپىلماقتا. ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئاتالمىش زەپەر ـ ۋاستە ئۈچۈن مەقسەتنىڭ قۇربان قىلىنىشىدۇر. ئۇنىڭ ئەسەبىيلىكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئوغلى ئىسمائىلنى قۇربانلىق قىلىش ساخاۋىتىگە ئاتىغىنىدەك ھالاكىتىگە يەتتى. ئاللاھ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا قوچقار ئەۋەتىپ، مەقسەت بىلەن ۋاستىنىڭ چېكىنى ئايان قىلدى. ئەمما، ئىنسان ئۆز نەپسى ئۈچۈن كاتتا زەپەر تەنتەنىلەر ئىچىدە ئەگ ياتلاشقان تاج ـ پاگونلارنى تاقاپ، ھازىرقى زامان توتېم مەبۇدلىرى بولۇشۇۋالدى. «ئۇلۇغ» دەپ ئاتالغان تەنتەنىلىكتىن ئىبارەت ئىپتىدائىي ئىنسانىنىڭ ۋەھىمە ئالدىدا قورقۇپ تىترىشىدىن ھاسىل بولغانىدى. دەھشەتلىك كەلكۈن سۇلىرى بىلەن كىشىلەر يولىنى توسۇپ ياتقان ئېگىز تاغ، ئوتلۇق چۆللەر، گۈلدۈرماما، چاقماق ۋە بوران ئۇلۇغ ھېسابلىناتتى. ئاددىي ئىنسانىي جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە پايمال، ھەتتا ھالاك قىلىۋېتىدىغان قۇدرەت «ئۇلۇغ» ئىبارىسى بىلەن ئىزاھلىناتتى. ياۋۇز ۋە قان پۇراپ تۇرىدىغان بۇ ئىبارىگە مۇيەسسەر بولۇش ئۈچۈن ئاددىي ئىنسانلىقتىن ئالاھىدە ياخشى ياتلىششى كېرەك ئىدى. تارىخ «ئۇلۇغ» لۇق مۇقامى بىلەن ياتلىششنى توغرا تاناسىپ قىلىپ قويغان! چىڭگىزخاننىڭ ئۇلۇغلۇقى لىنا دەرياسىدىن دىنپىرگىچە، دەشتى قىپچاقتىن ئىلەم ئېگىزلىكىگىچە كەڭ كەتكەن زېمىننى قان بىلەن شەلپەر ماتادەك بويىغاندىن كېيىن بەرقارار بولدى، بۇ ئۇلۇغلۇق خارەزم سۇلتانلىقى، رۇس كىنەزلىكى ۋە ئەرەب خەلىپىلىكى زېمىنىدىكى ھەممە جانلىق، جۈملىدىن ئىنسانلار روھىيىتىنى مىڭ يول يىراقتىكى سۇرلۇك دەبدەبىسى بىلەن ۋەھىمىگە سېلىپ تىترەتكەن. ۋەھالەنكى، ياتلاشقان ئىنسانىيەت بۇنداق چوڭ ـ كىچىك «ئۇلۇغ» لارنى ھەمىشە ياساپ چىقىرىپ ئۇلارغا خۇددى ئۆز قولىدا ياسىغان لاي بۇتقا چوقۇنغاندەك سەجدە قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ

نەزىرىدە بۇنداق ياتلىشىش ئەدەپ، ئۇنىڭغا «ئۆزلۈك» شولىسىنى چۈشۈرۈش ئالجىغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

ئەقىل ـ پاراسەت ـ مەۋجۇتلۇقنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى سېزىش ۋە بىلىش مەلىكىسىدىن ئىبارەت. ئۇ ئىنساننىڭ ئىنسانلىق ئىقتىدارى ۋە خاسىيەتلىرىنىڭ ئۇلى ۋە ئاساسي خەزىنىسى. ئۇنىڭسىز ئىنسان توغرىدىن ـ توغرا ھايۋاندۇر. ئەمما، ياتلاشقان ئىنساننىڭ ئەقىل ـ پاراستىمۇ ياتلاشقان! ئۇ، ئىنسانىي ماھىيەتلەرنى كۆرەلمەيدىغان، ئىنسانىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە مەقسەتدارلىق قىممىتىنى ئاڭقىرالمايدىغان، نوقۇل ئىنساننىڭ كۆز ئالدىدىكى نەپسانىي مەنپەئەتلىرى بىلەن كېبىرلىك دەبدەبىلىرى ئۈچۈن تىنىمسىز ھەرىكەتلىنىدىغان ھېسابات چوتىغا ئوخشاش بىر خىل ئىقتىداردىن ئىبارەت. ئەقىل ـ پاراسەت ـ ئىنساننىڭ داۋاملىق ياتلىشىپ بېرىشىغا يول باشلىغۇچى ئېزىتقۇغا ئايلانغان. ئۇ، ھىيلىگەرلىك، ھەسەتخورلۇق، مۇغەمبەرلىك شەكلىدىمۇ، شۇنىڭدەك ئىختىرا ۋە ئىجادىيەت، سودا ۋە تىجارەت قانۇنىيەتلىرىنى ئىزدىنىش كۆرۈنۈشىدىمۇ، تەقۋادار سالاپەتلىك دىنىي ئىززەت ياكى دىپلوماتىك ماھارەت تەرىزىدىمۇ ياتلاشقان ئىنسانغا خاس ياتلاشقان! ئۇ، خۇددى ئەرەب تىلىدىكى «ئەقىل»ئىبارىسىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىگە ئوخشاپ قالغان. ئەرەب تىلىدا «ئەقىل» ـ تۆگىنىڭ چۈلۈكىنى ئۇنىڭ چۆككەن ۋاقتىدىكى پۇتىغا باستۇرۇپ باغلاپ، ئۇنى قوزغىلالماس قىلىپ قويۇشقا قارىتىلغانىدى. ئەبۇ رەيھان بىرونىنىڭ: «بۈگۈنكى تەدبىرى تۇپەيلى ئەتە يەنە تەدبىر قىلىشقا ھاجەتى قالمىغان كىشى ئەقىللىقتۇر» دېگەن بىر جۈملە سۆزىمۇ ئەقىلنىڭ ئۆزىگە مەنپەئەتلىك ئىشتىكى چېۋەرلىكىگە، ئۇستاتلىقىغا قارىتىلغان بولۇپ، يەنىلا ياتلاشقان ئىنساننىڭ ياتلاشقان ئەقىل ـ پاراستىنى كۆرسەتتى.

شۇنداق! ئىنسانىيەت تاكى ئۆز ـ ئۆزىنى پۈتكۈل تارىخىي پائالىيەتنىڭ مەركىزى ۋە مەقسىتى قىلمىغۇچە، تاكى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىنى ۋە ئۇنىڭ يەرشارىدا ياشاش شارائىتىنىڭ ئاساسى بولغان تەبىئىي مۇھىتنى ئۆزىنىڭ ساغلام، ئاقىلانە تۇرمۇشىغا لايىقلاشتۇرىدىغان تەپەككۇر، قۇرۇلما ۋە پائالىيەت تورىغا ئايلاندۇرمىغۇچە ياتلاشقان ھالەتتىن خالاس بولالمايدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا ئاقىلانە، نورمال، ساغلام، مەرىپەتلىك غايىۋى كىشىلىك تۇرمۇشىغا ئىگە بولالمايدۇ. بۇ يەردە ئىنسان روھىيىتىنىڭ ئىنسانلىشىشى، باشقىچە ئېيتقاندا، ئىنسان روھىيىتىنىڭ ساغلاملىشىشى، ۋە «ئىنسان روھىنىڭ پاكلىنىشى» (ئارستوتىل سۆزى) ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ئىنسان ئەقىل ـ پاراستىنىڭ پىكىر

شەكىللىرى، مۇھاكىمە ئۇسۇللىرى، خەلقئارا تەدبىر يىغىنلىرى، پەن ـ تېخنىكا كەشپىياتلىرى،كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرى، دىنىي ۋە مىللىي كۆز قاراشلارنى، شۇنداقلا پۇل ـ بايلىق، قورال ـ ياراغ، ھاكىممۇتلەقلىق ۋە بىر تەرەپلىمىلىك نىزالارنى چۆرىدىمەي، پەقەت ئىنسان قىممىتى ۋە ئۇنىڭ بىر پۈتۈن بەخت ـ سائادىتى بىلەن ئىجتىمائىي كامالىتىنى مەركىزىي ئوق ۋە ئەڭ ئالىي ئۆلچەم قىلىش لازىملىقىنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئېيتىش كېرەككى، ئىنسان ئۆز ماھىيىتىگە قايتىش ئارقىلىق ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەرلىك مەزمۇنغا تويۇنغان ئەقىل ـ پاراسەت ئارقىلىق «ئۆزىنى كونترول قىلىپ، ئەدەپكە قايتىپ» (كۇڭزى) ئىجتىمائىي كامالەتكە ـ پارلاق كەلگۈسىگە ئېرىشىشى مۇمكىن. ئۇ ئاددىي رېئاللىقتا ئۆسۈملۈكنى ئاسراش، ھايۋان تۈرلىرىنى ساقلاپ قېلىش، يەر، سۇ، ھاۋا مۇھىتىنى نورماللاشتۇرۇش، ھاكىممۇتلەقلىقنى بىكار قىلىش، ئىنسان نەسلى، ساغلاملىقى ۋە روھنى ئەۋزەللەشتۈرۈش، مائارىپ ۋە پەن ـ مەدەنىيەتنى نوقۇل ئىنسانىيەتنىڭ كامال تېپىشىغا خىزمەت قىلدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىشى لازىم. ئىنسان داۋاملىق ياتلىشىش ئارقىلىق ئۆز نەپسى مەنتىقىسنى بويۇنتۇرۇقىدا پىكىر ۋە پائالىيەت قىلىش ھېسابىغا شۇنداق ياتلاشقان «تەرەققىيات» لارغا ئېرىشىشى مۇمكىنكى، بۇ ئىنسان ھاياتىنىڭ جانسىز باشقا مۇھىتى ـ يەر، سۇ، ھاۋانىڭ بۇلغىنىشى ۋە ئىنسان ھاياتىنىڭ جانلىق تاشقى مۇھىتى ـ ئۆسۈملۈك، ھايۋانات دۇنياسىنىڭ ياشاشقا ئىلاجسىز ھالەتكە چۈشۈشى بىلەن يۈز بېرىدىغان ھەقىقىي قىيامەتتىن ئىبارەت.

ئالدىمىزدا بۇنداق ئىككى پىكىر قاتلىمى تۇرۇپتۇ: بىرىنچى، ئىنسان ئىككى قاتلام بولۇپ، بىرى ياتلاشقان، تىرىكچىلىك دالاسىدا تەمتىرەپ يۈرگەن ئىنسان، يەنە بىرى، شۇ ھالەتتىكى ئىنسانغا يۇشۇرۇيغان ئىنسانىي ماھىيەت. نۇرغۇن قېلىپ كۆزى ئېچىلمىغان كىشىلەر بۇ ئىنسان ئىچىدىكى ئىنسانىنى كۆرەلمەيدۇ. ھەتتا بۇ ھەقتىكى پىكىرلەرنى پەلسەپىلىك سۆز ئويۇنى، دەيدۇ. «ئەنەلھەق» تەلىماتىدىكى «جۇۋام ئىچىدە ئىلاھ مەۋجۇت» دېگەن چۈشەنچە دەل رېئال، ئەمما ياتلاشقان ئىنسان ئىچىدە ئىلاھىي مۇقەددەسلىككە ئىگە ئىنسانىي ماھىيەت يوشۇرۇنغان دېگەنلىكتۇر.

ئىككىنچى، ئىنساندا ئاڭ مېنىڭچە ( فىروئىدچە ئەمەس) ئۈچ قاتلاملىق بولۇپ، بىرى، ئۆز مەنپەئىتى، نەپسى، خاھىشى ئۈستىدىكى دائىمىي، ئالدىنقى ئاڭ، بۇ (ئات بوغۇزى) ھەققىدىكى پىداكار ئاڭ، يەنە بىرى، ماتېماتىكىلىق مۇلاھىزىلەر، پەن ـ تېخنىكا ئىختىرالىرى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئالاقىلەرگە خاس لوگىكىلىق (مەنتىقى) تەپەككۇر ئېڭى،

ئۈچىنچى، ئىنساننىڭ ئۆزى ـ ئۆزى ھەققىدىكى مەنپەئەت ياكى ئۇنۇمدارلىق تەرىپىدىن تىزگىنلەنمەيدىغان ئىنسانىي قەلب ئېڭى، باشقىچە ئېيتقاندا «ئارىپلىق» (ئويغانغانلىق) ئېڭى. ئالدىنقى ئىككى قاتلام ئاڭ ھەممىگە خاس. كېيىنكى ئارىپلىق ئېڭى ئىنساننىڭ ھەممىسىدە پەقەت مۇمكىنلىك ھالىتىدە ساقلانغان بولۇپ، پەقەت گۇمانىزمچى مۇتەپەككۇرلاردىلا زاھىر ھالەتكە يەتكەن. دەۋرنىڭ ۋە بىلىش جۇغلانمىسىنىڭ ھەر خىل بولۇشىغا ئەگىشىپ، بۇ خىل ئاڭ مانىزم، بۇددىزم، سوپىزم، گۇمانىزم ۋە ھازىرقى زامان كىشىلىك پەلسەپىسى شەكلىدە ئىپادىلىنىپ، بىر ـ بىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ كەلدى. ئىنسانىيەتنىڭ كېلەچىكى مايتىرى بۇرھان، ئىمام مەھدى ئاخىر زامان ياكى ئەيسانىڭ زېمىنغا قايتىپ 3 مىڭ يىل پادىشاھ بولۇشىغا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك «ئۆزىنى تونۇپ» ئارىپ بولۇپ، ئىجتىمائىي كامالەتكە يۈزلىنىشىگە موھتاج، ئۇنىڭسىز «قىيامەت» توسقىلى بولمايدىغان ئاقىۋەت، خالاس.

ياتلاشقان ئىنسان ۋە ھەقىقىي ماھىيىتىگە قايتقان ئىنسان، ياتلاشقان ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ھەقىقىي ئويغانغان (ئارىپ) ئەقىل ـ پاراسەت، مانا بۇ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ يېڭى ئەسىرگە ئېلىپ بارىدىغان بىرىنچى دەرىجىلىك مۇئەمماسى.

چوغدىل بلوگىدىن ئېلىندى. :
http://choghdil.blogbus.com/logs/53051950.html

# ئۇيغۇرلاردا ئىجادىيەتنىڭ قىممىتى ۋە ئىجادكارنىڭ قىممىتى مەسىلىسى

يالقۇن روزى

مەنبە:ئىشچىلار ۋاقتى گېزىتى، 1995 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ ـ 1 ـ كۈنى

(تەۋسىيە:بۇ ماقالىنى سوغۇققانلىق بىلەن ئوقۇپ چىقىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمىز. «كېسەلنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارا»، ئەمدىكى گەپ قانداق قىلىپ بۇ ئىللەتلەرنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىشتۇر.)

مەن ھەر كۈنى نەچچە قېتىم ئۆتىدىغان يول ئۈستىدە يەنى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئالدىدا ماڭا بىر تونۇش بوۋاي كۈندە دېگۈدەك ئۇچرايدۇ، ئۇ بوۋاينىڭ مەيلى قىش،مەيلى ياز بولسۇن ھەر كۈنى شۇيەردە ئاچچىق موخۇركىسىنى،قاتتىق شورىغىنىچە چىرايىدىن مۇز ياغدۇرۇپ،ھومايغىنىچە تۇرغىنى تۇرغان.بۇ بوۋاي بىز دائىم ئاڭلاپ تۇرىدىغان «مىنىڭ راۋابىم »، «كۈن ۋە تۈن »، «تاشۋاي » قاتارلىق مەشھۇر مۇزىكىلارنىڭ ئىجادچىسى،زامانىمىزدىكى ئەڭ مەشھۇر كومپوزىتورىمىز قۇربان ئىبراھىم.مەن بىر يىرىم يىلنىڭ ئالدىدا ئاشۇ جايدا بۇ غەلىتە بوۋاي بىلەن بىردەم مۇڭدىشىپ قالدىم،بۇ بوۋاي ماڭا ئۆزىنىڭ «نەۋرەم »ناملىق مۇزىكىسى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى .بۇ بوۋاي گەپنى بوم ئاۋازدا قىسقا،قوپال ھەم تۈز قىلىدىكەن.مەن سۆز ئارىلىقىدا «قۇربان ئاكا،كۈندە مۇشۇ يەردە تۇرغىچە ئۆزىڭىزنىڭ كۆڭلى تارتقان يەرلەرگە بېرىپ تۇرۇپ كەلسىڭىز بولمامدۇ؟ »دېدىم .بۇ بوۋاي ئادىتى بويىچە قوپال جاۋاب بېرىپ، «ۋاي ئۇكام،بۇ گۇيلار مىنىڭ مۇزىكامنى ئاپارمىغان يىرى قالمىدى، ئەمما مېنى ئۇلانبايدىكى ساناتورىيىگىمۇ ئاپىرىپ بىرەر ئاي دەم ئالدۇرۇپ قويمىدى ئەمەسمۇ!؟ » دېدى .

شۇ كۈندىن بىرى،مېنى بىزنىڭ ئىجادىيەت بىلەن ئىجادكارغا تۇتقان مۇئامىلىمىزدىكى ئاسمان ـ زېمىن پەرق كۆپ ئويلاندۇردى.بىزدە كۆپ ھاللاردا ئىجادىيەتنىڭ قىممىتى بىلەن ئىجادكارنىڭ قىسمىتى تەتۈر تاناسىپ بولۇپ قالىدىكەن. روشەنكى بۇ كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان، غەزەپلەندۈرىدىغان ھادىسە! نېمە ئۈچۈن بۇنداق غەلىتە ھادىسە بىزدە شۇنچە كۆپ؟بۇنىڭ جاۋابى ئىنتايىن ئاددىي ،چۈنكى بىز نادان ـ مىللەت!

كېيىپ ئېيتىش كېرەككى ، ئۇيغۇرلار 20 ـ ئەسىردىكى ئەڭ نادان مىللەت! دۇنيادا بۇ جەھەتتە بىزنى بېسىپ چۈشىدىغان مىللەت يوق بىز ئۆزىمىزنىڭ بۇ خىل ھالىتىنى ئېتىراپ قىلمىساق پاكىت بىزنى ماڭدامدا بىر مات قىلىدۇ.

قاراڭ،فرانسىيىلىك مەشھۇر ئوتتۇرا ئاسىياشۇناس،تارىخچى گراسىرت 1930 ـ يىللىرى يازغان «يايلاق ئىمپېرىيىلىرى» ناملىق كىتابىدا قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۈستىدە توختىلىپ،«ئۇيغۇرلار تۈركىي خەلقلەرنى مەدەنىيەت دەۋرىگە باشلاپ كىرگەن»، «ئۇيغۇرلار باشقا تۈرك ـ موڭغۇل خەلقلىرى ئىچىدە ئەڭ ئىلغار خەلق بولۇپ،چىڭگىزخان دەۋرىگە كەلگەندىمۇ ئۇلار يەنە تەربىيىلىگۈچىلەردىن ئىدى» دەپ يازغان.ئەپسۇسكى بىز ئۇيغۇرلار دەل شۇ 30 ـ يىللىرى «ئۇيغۇر »دېگەن مىللەت نامىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنى ۋە مەمتېلى ئەپەندىنىڭ مەرىپەت بايرىقى ئاستىدا ئاقارتىش ئىشىنى ئىلىپ بېرىۋاتاتتۇق.ئوتتۇرا ئەسىردە باشقىلارغا مەدەنىيەت ئۇستازى بولغان بۇ مىللەت بۇ كۈنگە كەلگەندە «ئۇيغۇر» دېگەن نامىنىمۇ ئۇنتۇپ ، ئۆزىنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە قالغانىدى!

1960 ـ يىللىرى ئامېرىكىلىق تەتقىقاتچى دىنىس سىنور «ئىچكى قۇرۇقلۇق ئاسىيا »ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ ئۇيغۇرلارنى «قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇلار مەركىزى ياۋروپا ـ ئاسىيادا ئوتتۇرا ئەسىردە بولۇپ باقمىغان تۇرمۇش سەۋىيىسىدىن بەھرىمەن بولغان »، «تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان مۇسۇلمان بولمىغان خەلقلەر ئىچىدە ھېچقايسىسى ئۇيغۇرلار يەتكەن مەدەنىيەت دەرىجىسىگە يېتىپ باقمىغان» دەپ يازغان بولسا شۇ 60 ـ يىللاردا بىز ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ بىلىمى، ئەقلى، ئېتىقادى ،غۇرۇرى بار بارلىق ئەزىمەتلىرىنى بىر بىرلەپ تۇتۇپ،بولىشىغا دۇمبالاپ، ئىت ـ ئېشەكتىن بەتتەر خار قىلىپ،پرولېتارىياتنىڭ پولات مۇشتۇمىنىڭ تەمىنى تېتىۋاتاتتى!...

ھايات سىرلىرىنى بىلىدىغان بارلىق مۇتەپەككۇرلار خۇددى پۈتۈشۈلىشقاندەك «ئىنسان ئۈچۈن نادانلىقتىن،بىلىمسىزلىكتىن چوڭ ئاپەت بولمايدۇ »دەپ ئېيتىشقان .بىزنىڭ بۇ تەپسە تەۋرىمەيدىغان ئەبگا مىللىتىمىز ھەممە خەق ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە تۈشمۇ ـ تۈشتىن ئىزدەنگەن ۋە داۋاملىق ئىزدىنىۋاتقان بۇ 20 ـ ئەسىردە نادانلىقتىن ئىبارەت بۇ رەھىمسىز ئاپەتنىڭ قارا پاتقىقىغا گەدىنىگىچە پاتقان ھالدا ياشاپ كەلدى ۋە ھېلىمۇ ياشاۋاتىدۇ .نادان مىللەت نېمە ئىش قىلىدۇ ؟نادان مىللەت جاھاندىكى ئەڭ ئەخمىقانە ئەڭ رەزىل ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىدۇ .كىچە

ـ كۈندۈز خەلقنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئەزىمەت ئوغۇللىرىنى خارلاپ، ئازابلاپ، تىللاپ سېستىپ ئىككى يۈزلىمچى مەككار ئادەملەرنى ئۇلۇغلاپ، ئەزىزلەپ،مازار غوجام قىلىۋالدۇ.ھەقىقەتنى ئۆلچەيدىغان تارازىسىنىڭ خاتالىقىدىن گۇمانلىنىپ باقمايدۇ .ھەممە نەرسىگە ئاڭلىۋالغىنى بويىچە ياكى شەخسىي مۇددىئاسى بويىچە قارىسىغا ھۆكۈم قىلىدۇ،توغرا ، ئادىل باھا بېرىشنى ئەسلا بىلمەيدۇ. سىيىت نوچىدەك ئەخمەق ،مۇناپىقىسمان ئادەملەرنى يۈز يىللاپ سېغىنىپ ، ئۇلۇغلاپ شۆلگەيلىرىنى .ئېقىتىشىپ ماختىشىدۇ. «مىللىي قەھرىمان » دەپ تەرىپلىشىدۇ.سىيىت نوچى ھاياتىدا خەلقنىڭ شىللىسىگە مىنگەن زالىملاردىن بىرەرسىنى ئۆلتۈرگەنمۇ؟بىرەر ئىش تەۋرەتكەنمۇ دېگەنلەرنى ئويلاپ باقمايدۇ؟ ئەجەبا ئۇ ئۇچتۇرپان ھاكىمىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ ئۇچتۇرپان خەلقىنىڭ قىنىنى شوراۋاتقان بىر زالىمنىڭ يېنىدا دوست بولۇپ تۇرۇشقا ماقۇل بولدىغۇ؟ شۇنىڭغا راۋاب چېلىپ بېرىپ شۇنىڭ كۆڭلىنى ئاچتىغۇ ؟قەشقەر دوتىيىگە .ئاپارساق ساڭا ئەمەل بېرىدۇ ،دېسە ئەمەل تاماسىدا مەست بولۇپ ئۆلۈم خېتىنى كۆتۈرۈپ كەلدىغۇ؟قەشقەر دوتىيى ئۇنى .ئەخمەق قىلىپ، «سېنى ئۆلتۈرەي دېسەم قولۇم بارمايدۇ، ئۆلتۈرمەي دېسەم خانىنىڭ ئۆلۈمگە بۇيرۇغان خېتىنى ئىلىپ كەپسەن »دەپ ئالدىسا، «خانىنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالما، ئىككىلەنمەي مېنى ئۆلتۈرگىن » دەپ ئۆزىنىڭ بىگۇناھ ئۆلۈمىگە قۇللارچە رازىمەنلىك بىلدۈردىغۇ ؟ياق مىنىڭ گۇناھىم يوق،مىنىڭ خۇدا بەرگەن ياشاش ھوقۇقۇم بار ،مەن سېنىڭ خالىساڭ ئۆلتۈرىدىغان ،خالىساڭ ياشىتىدىغان كۈچۈكۈڭ ئەمەس دەپ ئۆز ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئىسيان كۆتۈرۈپ،چۇقان سالمايدىغۇ؟مۇشۇغۇ بىزنىڭ مىللىي قەھرىمانىمىز ؟!تىللاردا داستان قىلىدىغان نوچىمىز؟!بۇ ئەڭ سادىق قۇل، ئەڭ ئىتائەتمەن مۇناپىقمۇ ياكى ئەزىزانە قەشقەردىن چىققان نوچىمۇ؟!بىز مۇشۇنداق بىر ئادەمنى ئالىي مەكتەپنىڭ دەرسلىكلىرىگە «مىللىي قەھرىمان» دەپ كىرگۈزۈپ ھازىرمۇ تېخى كاپىشىپ ئۆتۈۋاتىمىز .رادىئو ـ تېلېۋىزورلاردا ئۇنىڭ شەنىگە ناخشا ـ قوشاق توقۇۋاتىمىز...

ھەي... بىزنىڭ نادانلىقىمىز ، ئەقىلسىزلىكىمىز ،بىلىمسىزلىكىمىز، ئابدۇقادىر داموللام بىلەن مەمتىلى تەۋپىقتەك ئۇلۇغ مىللەتپەرۋەر زاتلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى كىتاب قىلىپ نەشىر قىلىشنى ئويلاشمىدۇق ، ئەمما تېيىپچان ئىلىيۇۋنىڭ خەت ـ چەكلىرىنىمۇ تېرىپ ـ تۆشەپ كىتاب قىلىپ نەشىر قىلدۇق .بىر پارچىمۇ شېئىرى خەقنىڭ ئېسىدە يوق ئەلقەم ئەختەمدەك قۇرۇق قەسىدىچى شائىرلارنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى مۇبارەكلەپ

تون كىيدۇردۇق ، ئەمما نىزامىدىن ھۆسەيىندەك ئىمانى ئەركەك قەلەمكەشلىرىمىزنى توپا بېسىپ قىلىۋاتسا پىسەنت قىلمىدۇق .ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنى ئەدەبىياتتىن زىرىكتۈرۈشكە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان ، سولچىل ئەدەبىياتنىڭ بايراقدارى بولمىش قېيۇم تۇردىدەك يازغۇچىلىرىمىزنىڭ «قىزىل تاغ چىراغلىرى » دېگەن كىتابىنى قايتا نەشىر قىلىشنىڭ تارىخي ئەھمىيىتىنى كاسىلداپ چۈشەندۈرۈپ قايتا نەشىر قىلدۇق، ئەمما ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىندەك ئۇلۇغ ئالىم «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى »دەپ كىتاب يېزىپ بەرسە «تىراژ تاپ » دەپ مەكتەپمۇ ـ مەكتەپ سوكۇلداتتۇق. «بېرىۋاتقان باھايىمىز مۇۋاپىقمۇ ـ ئەمەسمۇ؟» دەپ ئويلانماستىن،ساقلىنىڭ ئاقلىغىغا قاراپلا «فۇزۇلى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت يولى » دېگەن تونۇشتۇرۇش ماقالىسىدىن باشقا بىر پارچىمۇ ئىلمى ئەسىرى يوق شۈكۈر يالقۇننى «بۇلاق » ژۇرنىلىدا «كامالەتكە يەتكەن ئەدىب »، «ئەدەبىيات پېشۋاسى »دەپ ھاماقەتلەرچە ماختىدۇق.ئىلىمگە ئىلىمچە، ئادەمگە ئادەمچە مۇئامىلە قىلىشنى بىلمەيدىغان ژۇرنالىستلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرىنىمۇ ،باشقىلارنىمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان بۇ قىلمىشلىرىدىن نومۇس قىلماي ماختىنىشى تۇرغان گەپ...

ئويلاپ باقساق،ساناپ كەلسەك بىزدە ئىجادىيەتنىڭ قىممىتى بىلەن ، ئىجادكارنىڭ قىسمىتىنىڭ تەتۈرلىكىگە ئائىت مىساللار ساماندەك.بەلكىم مەرھۇم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن بۇ جەھەتتىكى ئەڭ تىپىك مىسال بولىشى مۇمكىن . ئۇ شائىرلىرىمىز ئىچىدە تۇنجى بولۇپ بىزگە مەخسۇس رۇبائىيلار توپلىمىنى تەقدىم قىلسا ،بىز ھەسەت قىلىپ ،رەزىللىك بىلەن «ياخشى رۇبائىدىن ئادەم ئۆمرىدە پەقەت بىر نەچچىنىلا يازالايدۇ » دەپ پەتىۋا چىقىرىپ كەم سۇندۇردۇق . «قاتلام نەزەرىيىسى »نى ئوتتۇرىغا قويسا ئىلمى رەددىيە بېرەلمەستىن بۇ نەزەرىيىنى چەت ئەللىكلەر بۇرۇنلا ئوتتۇرىغا قويغان، دەپ گەپ تارقاتتۇق .تارىخ پەلسەپە ، ئېستېتىكا تەتقىقاتى ۋە شېئىر ـ نەسر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ توم ـ توم كىتابلارنى يېزىپ بەرسە، خۇشال بولۇشنىڭ ئورنىغا «بۇ ئادەم ھەممە ساھەگە ئېسىلىۋالماي بىرلا ئىشنى قىلسا بولاتتى » دەپ ئەخمەقلەرچە ئەقىل كۆرسەتتۇق. ئويۇن تاماشىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ مىللەت ئۈچۈن تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانسا «ئادەم بولغاندىن كېيىن توي ـ تۆكۈنلەرگە بارمىسا بولامدۇ؟» دەپ ئۇنى ئەيىبلەپ ئۆزىمىزنىڭ كۈننى ھارام ئۆتكۈزىۋاتقانلىقىمىزنى ئويلىماي ھاماقەتلەرنى كۈشكۈرتۈپ ئۇنى ئالدى ـ كەينىدىن ھاقارەتلىگۈزدۇق.ئۆزىمىزنىڭ بىرەر نەشرىيات ياكى گېزىت ژۇرنالدا

تىگىپ قالغان چۆمۈچنىڭ سىپىچىلىك ھوقۇقىمىزنى ئۇنىڭ ئالىملىقىدىن ئالىي بىلىپ بىزگە يېلىنمىغىچە ئەسەرلىرىنى يېقىن يولاتمىدۇق.ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىپ كىچە كۈندۈز پۈچىلىنىدىغان ئەۋلىيا ـ ئەزەملەرنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلىپ ،شۇلارنىڭ نەزىرىگە نائىل بولۇش ئۈچۈن ،بۇ ئالىمنى قاغىدەك چوقۇدۇق .جەمئىيەتتە بىرەر يامان گەپ ـ سۆز تارقالسا ،دەرھال ئۇنى شۇ ئىشنىڭ ئىگىسى قىلدۇق .ئۇنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسكە ،كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالدۇق .ئۇ ئوغلىنى ئۆيلىمەك بولۇپ، ئۆيمۇ _ئۆي كىرىپ باغاق تارقاتسا ،بىز ئارقىدىن ئۆيمۇ ـ ئۆي كىرىپ «ئۇنىڭ تويىغا بارماڭلار »دەپ گەپ تارقاتتۇق .قان تۆكۈرۈپ قىينىلىپ ئەسەر يېزىپ مەتبۇئاتلارغا نەچچە ئون قېتىملاپ قاتراپ كىتاب چىقىرىپ ئازغىنە قەلەم ھەققىگە ئېرىشسە «شۇنچە قەلەم ھەققى ئېلىپ تۇرۇپ بىرەر ئادەمنى چاقىرىپ مېھمان قىلايمۇ دېمەيدۇ »دەپ ھارام تامادا كۆپۈپ ئۇنى تىللىدۇق.ئۇ يازغان ئىلمى ئەسەرلەرنى نەچچە ئونىمىز بىرلەشسەكمۇ يازالمايدىغانلىغىمىزنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە ئۇنى سۆكتۇق ، «ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىش ھەقىقى تەتقىقاتچىنىڭ بۇرچى » دەپ ماقالە يېزىپ بىزگە خانىقا ئىشىدا ساخاۋەتچى بولۇۋېلىپ مۇرىت توپلاپ ئىلىم ساھەسىگە نومۇس كەلتۈرىدىغان ئەسەرلەرنى يېزىپ ئالىملىرىمىزغا باش بولىۋالغان بىر ئىلىم زومىگىرىنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى تونۇپ بەرسە «ئاپىرىن » ئېيتماستىن ، «بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلسا بولاتتى »دەپ ھەقنى سۆزلىگەن ئادەمنى ئەيىبلىدۇق .قارىغاندا ھەقىقەت بۇ مىللەتنىڭ زەئىپلەشكەن تېنىگە رېئاكسىيە بېرىدىغان ئوخشايدۇ.مۇناپىقنى ئەڭگۈشتەر بىلىپ ياشاپ ئادەتلىنىپ قالغان بىر قىسىم زىيالىيلىرىمىز ئاق ـ قارىنى ئارىلاشتۇرۇپ بىزنى ھەر كويلارغا سالىدىغان ئوخشايدۇ.

مۇھەممەت ئىمىن مۇھەممەت ئىمىندەك ئالىمدا ھەقىقەتنى تونۇيدىغان ئۆتكۈر كۆز، ئاقىل بىلەن نادانىنى پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىدىغان دىت بار ئىدى. شۇڭا ئۇ:

مىڭ توخۇنىڭ تاقىلىشى،
سۇمرۇغ كەبى پەرۋاز ئەمەس.
چۇرقىراپ سايراشلىرى،
بۇلبۇل كەبى ئاۋاز ئەمەس.

دەپ غەزەل يېزىپ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىمىزگە مىيىقىدا كۈلۈپ قوياتتى.بۇ بەختسىز ، ئەمما ئۇلۇغ ئالىم ئاخىرى ئارىمىزدىن كەتتى .نۇرغۇنلىرىمىزنىڭ قەلبىنى ھەسەت ئوتىدا كۆيدۈرگەن،

نۇرغۇنلىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئېسىل ئەمگەكلىرى بىلەن كۆلدۈرگەن بۇ ئالىم تۇيۇقسىزلا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى ،خۇددى بىر قېتىم ماڭا «ئۆلۈم دېگەن ئۇ ،شۇنداق نېمە ، ئەزرائىل كېلىدۇ ئاپتوبۇسقا چىق دېگەندەك قىلىپلا ، ئېلىپ كېتىدۇ ».دېگىنىدەك غىپپىدە كېتىپ قالدى شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى ئەزرائىل ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ «ئاپتوبۇس»قا تارتىپ چىققىچە بىز بار كۈچىمىز بىلەن ئۇنى «ئاپتوبۇس »قا ئىتتەردۇق ... دەسسىگەن يېرىنى چوغ قىلىپ ،يېگەن ئىشىنى زەھەر قىلىپ ،كۆرگەن كۈنىنى هارام قىلىپ ،تۇغۇلغانغا تويدۇرۇپ ئۇ دۇنياغا ئۇزاتتۇق.
بىر تەڭدىشى يوق ئالىمىمىز ئۆلۈپ كەتسە بىز نېمە ئىش بىلدۇق ؟هەر بايرام كەلسە يۇزلەپ شېئىر يازىدىغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرەرسىمۇ مەرسىيە يازمىدىغۇ ؟ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىنىنىڭ ئەسەرلىرىنى سېغىن كالىنى ساغقاندەك سېغىپ سەمرىگەن تەتقىقاتچىلىرىمىز بىرەر ئەسلىمە يازمىدىغۇ؟ قىچىشقاقنىڭ دورىسىنى يىللاپ ئېلان قىلىپ هارمايدىغان رادىئو ـ تېلىۋىزورلىرىمىز بىرەر پارچىمۇ خەۋەر بەرمىدىغۇ؟ بىر ئادەمنىڭ خىزمەت كىنىشكىسى يىتۈپ كەتسە ئالىقانچىلىك يەرگە ئېلان بېرىدىغان «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى »بارماقچىلىك يەرگە كاۋاك چالمىسى قاتارىدا كىچىككىنە بىر خەۋەر بېرىپ قويدىغۇ ؟ ئەجەبا بىزدە ئالىم شۇنچە كۆپمۇ؟ ئەتىۋارى يوقمۇ؟ بىر نازىر ئۆلۈپ كەتسە ئورنىغا مەن بار دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ چىقىدىغان ئادەمدىن كۈرمىڭ چىقىدۇ ،قېنى «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىنىنىڭ ئالىملىق ئورنىغا مەن تەييار »دەپ ئوتتۇرىغا چىقىدىغان بىرەر ئەزىمەت بارمۇ؟شۇ هالىمىزغا ئاشۇ ئۇلۇغ ئالىمنى نېمانچە هاقارەتلىگەندۇق؟ نېمانچە ئازابلىغاندۇق ؟بىزدەك ئەزىزلەشكە ئەڭ ئەرزىيدىغان ئادىمنى خارلايدىغان نادان خەلق باشقا جايلاردىن تېپىلمىسا كېرەك .
شۇ هېكمەت .شۇ سىر ئىسىمىزدە بولسۇنكى ، ئەيسا كىرىستقا مىخلانغاندا، مەنسۇر هەللاجى،شاھ مەشرەپلەر دارغا ئېسىلغاندا ، ئابدۇقادىر داموللا، تەۋپىق ئەپەندىلەر قان ئىچىگە غەرق بولغاندا هەرگىزمۇ ئۆزلىرىنىڭ بەختسىز ئۆلۈمىدىن ئۆكۈنۈپ پۇشايمان قىلغان ئەمەس ،بەلكى هەقىقەتنى تونۇپ يېتەلمىگەن خەلقنىڭ نادانلىقىغا ئېچىنىشىپ هەسرەت چەككەن...
پەلەك بىزنىمۇ ئەقلىنىڭ بۇرچىدا ياشىتىپ باقار .ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتىشنى ئۆگىنىۋالارمىز،بۇ بەختسىز ئالىمىمىزنىڭ ئۆلۈمى ئۆزىگە خاس ئۇلۇغ مەنا بىلەن بىزنى ئەقىلگە ئۈندەيدىغان ،نادانلىقتىن ئويغىتىدىغان، قىرىنداشلارچە ئۆتۈشكە دالالەت قىلىدىغان خاسىيەتلىك كولدۈرما بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس!